# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

(41)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

# (41)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە (41)

## ئىنقىلابىي كۈرەشلەر


شائىنلىق سەھىپە ............ سەيدۇللا سەيپۇللايوف (1)

نەنجىڭگە سەپەر ............ خەمىد سۇلتان (67)

پۈجى ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى توغرىسىدا ............ مەمتىمىن شېرىپ (107)

بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىش ... توختى ھاشىم (118)


## سودا - ئىقتىساد


ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مال ئالماشتۇرۇشى ............ قادىر مەگىت (129)

شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قىلغان ئىئانىلىرى ............ قەمبەرنىسا مۇھەممەت ھاجى (131)


## قۇرۇلۇش - تەرەققىيات


چۆل - باياۋاندىكى ئۈچمەس ئىزلار ............ ئو. چولتۇم (141)

مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتى ............ ئادىل تۇران (167)





图书在版编目(CIP)数据

新疆文史资料选集 第41辑：维吾尔文/自治区政协文史资料编辑部编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，1999.5
ISBN7 —288—05152—1

Ⅰ. 新… Ⅱ. 自… Ⅲ. 文史资料—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. K294.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 19503 号


## 新疆文史资料选辑(41)(维吾尔文)


中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会编



新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001)
新疆新华书店发行 新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.875 印张 2 插页
1999 年 7 月第 1 版 1999 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—3,000

ISBN7—228—05152—1/K・704 定价：22.00 元

## مەدەنىيەت ـ مائارىپ

ئانا مەكتەپ (ئۇرۇمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن توغرىسىدا ئەسلىمە) ........................ ئەكبەر ۋەلى (175)
شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئىلى مائارىپى ۋە مائارىپپەرۋەرلەر ........................................ مۇختەبەر (185)

## پەن ـ تېخنىكا

كىنونىڭ قەشقەرگە كىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئېلان سەنئىتى ........................................ ئابباس بۇرھان (199)

## ئەدەبىيات ـ سەنئەت

خوتەن تىياتىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ........................................ ز. ئى. كازىم (203)

## تارىخىي شەخسلەر

ناتىقنىڭ جاۋابى .............. مۇھەممەت رەھىم (245)
ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىم داموللا ھاجى توغرىسىدا .................. ھۇسەن روزى تىرىك (248)
خەلقپەرۋەر ئابدۇقادىر ھاجى تۇغلۇك ........................................ سەدۇللا تاھىرى (263)
ياڭ زېڭشىننىڭ ئەسكەر باشقۇرۇش «تەدبىرى» ........................................ ئەركىن ئەرشىدىن (280)

## يۇرت تارىخىدىن

يەكەننىڭ 1910 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان يېرىم



ئەسىرلىك تارىخىغا دائىر ئەھۋاللار ........................................ ئى. ئەسقەرى (287)
1946 ـ يىلىدىكى بىر ۋەقەدىن ئەسلىمە ........................................ ياسىن زۇنۇن (314)
1933 ـ يىلى چۆچەكتە بولغان ۋەقەلەردىن ئەسلىمە ........................................ ئابدۇقادىر روزى (373)

## ئۆمۈر خاتىرىلىرى

بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە ئۆتكەن ھايات ..............
سۆزلەپ بەرگۈچى: رەجەپ مۇپتۇللا، قەلەمگە ئالغۇچى: ئىمىنجان سادىق ........................................ (390)

## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى .................. تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى (430)

# 新疆文史资料第 41 期(维文)目录

1、光辉的篇章 …………………………………… 赛杜拉·赛甫拉也夫
2、南京之行 …………………………………………… 哈米德·苏黎坦
3、甫吉金矿工人暴动 ………………………………… 麦麦提明·西黎甫
4、一场激烈的斗争 …………………………………… 托合提·哈西姆
5、解放前的温宿县与原苏联的物资交易 ……… 卡迪尔·麦格提
6、新疆妇女为抗日战争的募捐活动
…………………………………… 康巴尔尼莎·木合买提阿吉
7、戈壁荒漠不灭的足迹 ………………………………… 吾·乔尔东
8、麦盖提设县初期的政府机构和基层组织 ……… 阿迪黎·吐然
9、忆我的母校乌鲁木齐第二师范 ………………… 艾克伯尔·外黎
10、盛世才统治时期的伊犁教育状况与教育家……… 木合搭拜尔
11、电影之进入喀什及其广告艺术………………… 阿巴斯·包尔汉
12、和田歌剧的出现及其发展……………………… 兹·伊·卡兹姆
13、雄辩家的答复…………………………………… 木合麦特·赖也姆
14、忆爱国民主人士阿布都克黎姆大毛拉阿吉
…………………………………………… 玉山·肉兹·特莱克
15、民主人士卡迪尔阿吉统领……………………… 赛杜拉·塔希尔
16、杨增新的治兵办法…………………………… 艾尔肯·艾尔西丁
17、莎车县 1910 年至 1949 年的历史概况………… 伊·艾斯卡黎
18、忆 1946 年发生的一件事 ……………………………… 亚森·祖农
19、忆 1933 年在塔城发生的事件 ………… 阿布都卡迪尔·鲁兹
20、艰难的历程
口述:热吉甫·木甫吐拉,整理:伊明江·莎迪克
21、现代新疆史事记………………………………… 吐尔洪·吾买尔译

# شانلىق سەھىپە

## سەيدۇللا سەيپۇللايوف

شىنجاڭ خەلقى 1944 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۆرەشكە ئاتلانغان بولۇپ، ھازىر بۇنىڭغا 50 يىلدىن ئاشتى.

ھەممىگە ئايانكى، نەدە زۇلۇم بولسا شۇيەردە قارشىلىق بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى شىنجاڭدا زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش ئېغىرلىشىپ ئۇچىغا چىقتى. ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىقمۇ ئەۋج ئالدى. جاي ـ جايلاردا گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ ئاممىنى ئويغىتىش ۋە تەشكىللەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تېغىدىن باشلاندى. پارتىزانلار ئالدى بىلەن نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ ئاندىن غۇلجا خەلقى بىلەن بىرلىكتە 11 ـ نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدى. 2 ـ قەدەمدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋە مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇلۇپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ 27 ناھىيە دائىرىسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالىنىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گومىنداڭ تەرەپ

بىتىمنى بۇزغاندىن كېيىن تاكى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 3 ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى داۋاملىق كۆرەش ئېلىپ باردى.

1949 - يىلى سېنتەبىردە، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى گېنېرال تاۋ سىيۆ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ باشچىلىقىدا ھەقىقەتكە قايتىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىسىنى ئۈزدى. 3 ۋىلايەت خەلقى 7 ۋىلايەت خەلقى (ئۇ چاغدا شىنجاڭدا 10 مەمۇرىي ۋىلايەت بار ئىدى) بىلەن بىللە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەرىكىتى بولۇپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭچە ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ، بولۇپمۇ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۆھپە قوشتى. بۇ ئىنقىلاب نامدا «3 ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 3 ۋىلايەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى (تۇرپان قاتارلىق 3 ناھىيە)، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىنىڭ بىر قىسىم ناھىيىلىرىگىچە كېڭىيىپ، 9 ۋىلايەتنىڭ 43 ناھىيىسىدە ئىنقىلاب ئوتلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يالقۇنلاپ، ئوق ئاۋازلىرى ياڭرىغان. دېمەك، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئىدى. بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭ تارىخىدا يولۇپ ئۆتكەن مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىيە ھەرىكەتلىرى ئىچىدە خەلق ئارىسىدا ئەڭ كەڭ يىلتىز تارتقان ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن، شۇنداقلا بىر قەدەر تەرتىپلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلى-



رى، جەڭگىۋار، مۇنتىزىم ئارمىيىسى ۋە مۇئەييەن قانۇن - تۈزۈمى بولغان خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت بولۇپ، شىنجاڭ تارىخىدا شانلىق بىر سەھىپە ھېسابلىنىدۇ.

## 1. شىنجاڭنىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى

ھەر قانداق بىر كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى تىكلەش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل كۆرەشلەرنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بولىدۇ. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، شىنجاڭنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى قىسقىچە بولسىمۇ ئەسلىمەي بولمايدۇ. بۇ يەردە، شىنجاڭ خەلقى نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان تارتقان ھەر خىل زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكلەر ئەمەس، پەقەت 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاش ئالدىدىكى 10 نەچچە يىللىق بەزى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆتسەكلا كۇپايە بولار.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن 1933 - يىلىغىچە، شىنجاڭغا ياڭ زېڭشىن (1912 - 1928 - يىللىرى) ۋە جىن شۇرېن (1928 - 1933 - يىللىرى) ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. ئۇلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا، شىنجاڭ دۇنيا بويىچە زۇلۇم ئەڭ ئېغىر، خەلق ئەڭ كەمبەغەل، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئەڭ قالاق رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. جۈملىدىن 1930 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تولىمۇ قالاق بولۇپ، ناھايىتى كۆپلىگەن دېھقانلار ساپان (بوقۇسا) بىلەن، ھەتتا بىر قىسىم يېزىلاردىكى دېھقانلار ئاچا ياغاچ بىلەن يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق سالاتتى. يەرسىز ياكى

يېرى ئاز كەمبەغەل دېھقانلار يېزا نوپۇسىنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى.

1934 - يىلىغىچە شىنجاڭدا تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق سانائەت يوق ئىدى، خەلق پۈتۈنلەي دېگۈدەك قول ھۈنەرگە تاياناتتى. ئۇ چاغلاردا، شىنجاڭ خەلقى تېلېفوننى، ھەتتا ئېلېكتر چىراغىنىمۇ كۆرمىگەن، ئەگەر ئۇ نەرسىلەر بار دېيىلسە، پەقەت ياڭ زېڭشىن بىلەن جىن شۇرېننىڭ ئىشخانىسىدىلا بولۇشى مۇمكىن. قاتناش جەھەتتىن ئالغاندا مۇنداق بىر مىسالنى ئالساملا كۇپايە: مەن 1934 - يىلى تۇرپاندىن قەشقەرگە ھارۋا بىلەن 40 نەچچە كۈندە يېتىپ بارغانىدىم. شۇنچە ئۇزۇن يولدا ھارۋا، ئېشەك، ئاتتىن باشقا بىرەر ئاپتوموبىل قاتنىغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم.

شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىلەر خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلغان يەرلىك خەلقنىڭ بالىلىرىغا ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بىرەر مەكتەپ، ھەتتا مىللىي تىلدا ئوقۇيدىغان بىرەر سىنىپنىمۇ ئېچىپ بەرمىگەن. بەزى ناھىيە - يېزىلاردا يەرلىك مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئۆز ئىقتىسادى بىلەن بىرياكى بىر نەچچە سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بېسىمى بىلەن تاقىلىپ كەتكەن. يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرى پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغاچقا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى. پەقەت ئايرىم جايلاردا ئېچىلغان خۇسۇسىي پەننىي مەكتەپلەردىلا ناھايىتى ئاز ساندىكى بالىلار پەننىي دەرس ئوقۇيتتى. مەسىلەن، تۇرپان خېلى چوڭ ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ «نەنمىڭ» دېگەن بازىرىدا 1930 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە مەرىپەتپەرۋەر لىتىپ ئەپەندى ئاچقان 1 سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ بولۇپ،



ئۇنىڭدا 10 - 15 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى (مەنمۇ شۇ سىنىپتا ئوقۇغانىدىم). يەنە ئاستانە يېزىسىدا مەخسۇت مۇھىتى ئاچقان 1 پەننىي مەكتەپ بارلىقىنى ئاڭلايتتۇق. خەلق ئىچىدە ساۋاتسىزلىق شۇ قەدەر ئومۇمىي ئەھۋال ئىدىكى، كىشىلەر بىرەر پارچە سالام خەت يازدۇرماقچى بولسا، ئۆز مەھەللىسىدىن يەنە بىر مەھەللىگە بېرىپ خەت يازالايدىغان كىشىنى تېپىپ يازدۇرىدىغان ئەھۋاللار دائىم دېگۈدەك ئۇچرايتتى. يەرلىك خەلق ئىچىدە خەنزۇچە بىلىدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇچاغدا تۇرپاندا خەنزۇچە خەت يازالايدىغان ھامۇت تۇڭچى، مۇھەممەت ئابدۇل تۇڭچى (بۇ كىشى كېيىن ناھىيىدە تەرجىمان بولغان) ۋە روزى موللا (ئاشلىق ئامبىرىدا دەپتەر تۇتقان) دېگەن 3 ئادەم بولۇپ، بۇ ئۈچەيلەن ناھىيە بويىچە داڭلىق شەخسلەردىن ھېسابلىناتتى. 30 - يىللارنىڭ بېشىدا، شىنجاڭدا كۆپلىگەن ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالى تۇرپانىڭكىدىنمۇ ناچار ئىدى. بۇ يەردە ياڭ زېڭشىننىڭ «ئىستىغپارخانا»دا ئولتۇرۇپ «چەنتۇلار (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى -ئاپتور)نىڭ مەدەنىيەت - مائارىپى راۋاجلانسا، ئۇلاردا ھاكىمىيەت ئېڭى قوزغىلىدۇ، بۇ چوقۇم شىنجاڭنى قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ» دەپ ئاسما خەت يازغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتسەك كۇپايە قىلار. دېمەك، ئەكسىيەتچىلەر شىنجاڭ خەلقىنى نادانلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەبەدىي قۇل قىلىش خام خىيالىدا بولغان. بۇ يەردە يەنە مۇنداق ئەھۋالنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك: ئۇ چاغلاردا ناھىيىدىن تارتىپ ئۆلكە دەرىجىلىك ئىدارىلەرگىچە بولغان ھەممە ئورۇنلاردا ئەمەلدارلار خەنزۇلاردىن قويۇلغان بولۇپ، يەرلىك مىللەتلەردىن يوق ئىدى، شۇنداقلا، سوت، باج، ساقچى، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك يەرلىك مىللەت كىشىلىرى ئىشلىتىلمەيتتى. پەقەت يېزا - قىشلاقلاردا بەگ، باۋجاڭ، ئاغلاقچى، زەڭگىلەر يەرلىك مىللەت كىشىلىرىدىن بو-

لۇپ، بۇ ئەمەللەرمۇ كۆپ ھالللاردا قىممەت باھادا سېتىۋېلىناتـ
تى. ئەمما بەگ، ئاقلاقچى، باۋ جاڭلار ئاشۇ ئەمەلدارلارنىڭ
غالچىسى بولۇپ يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىش، تۆۋەنگەن زورلۇق
ـ زومبۇلۇق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىمۇ، ئەمەلدارلارنىمۇ
بېيىتاتتى.

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئېغىر زۇلۇمىـ
غا چىدىيالمىغان شىنجاڭ خەلقى ئالدى بىلەن 1931 ـ يىلى
قۇمۇلدا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ
كۆتۈردى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن 1932 ـ 1933 ـ يىللاردا
شىنجاڭنىڭ 40 ناھىيىسىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قوزغىلاڭلار
كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ مەقسىتى ئۆز ئازادـ
لىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشـ
تىن باشقانەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا قوزغىلاڭ تېز ئومۇملىشىپ
شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتـ
تى. 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھىيلىگەر مىللەتچى شىڭ
شىسەي ئۈرۈمچىدە «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولۇـ
شى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. شىڭ شىسەي
ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بەزى تەرەققىيپەرۋەر سىياـ
سەتلەرنى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ بەزى سىياسەتلىرىدىن خەلق دەسـ
لەپتە رازى بولۇپ، «شىنجاڭنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار تارقاپ
كېتىپ باردۇ» دەپ قارىغانىدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭـ
نىڭ ئاسمىنىنى يەنە قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى، ھەتتا قارا
بوران ـ چاپقۇنلار باشلىنىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا يەنە
يېڭى بالايىئاپەتلەر يېغىشقا باشلىدى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن كۈنلەردە، شىنجاڭـ
نىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ھەرخىل خەلق قوزغىلاڭلىرى تېخى
داۋام قىلىۋاتاتتى. قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى خوجىنىـ
ياز ھاجى تۇرپان ئەتراپىغا كېلىپ شىڭ شىسەي ئۈچۈن خەۋپلىك



كۈچ بولۇپ قالدى؛ گەنسۇدىن ماجۇڭيىڭ چىقىپ، قۇمۇل ۋە
گۇچۇڭنى ئىگىلەپ ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئۇمۇ شىڭ شىسەي
ئۈچۈن خەۋپلىك كۈچ بولۇپ قالدى؛ جىن شۇرېننىڭ ئىلىدىكى
بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە 8 ـ
دېۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى جاڭ پېييۈەن ئەسلىدە ھەربىي ئورۇن
جەھەتتە شىڭ شىسەيدىن يۇقۇرى تۇراتتى، ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ
شىڭ شىسەينى يوقىتىپ پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش
ئىدى. مانا بۇ 3 تەرەپتىن كېلىۋاتقان تەھدىتنى تارمار قىلىشقا
شىڭ شىسەينىڭ كۈچى يەتمەيتتى. لېكىن، شىڭ شىسەي ئۇچىغا
چىققان ھىيلىگەر بولغاچقا، مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئۆز
دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلىپ شىنجاڭنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولىغا
ئېلىشقا ئامال تاپتى. ئۇ ئۆزىنى «ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرـ
لىرىنى ئوقۇغان، سوتسىيالىزمنى خالايدىغان» كىشى قىلىپ
كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى ئۆزىگە ئىشەندۈرـ
دى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينى شىنجاڭنىڭ باشلىقى
بولۇشقا بىردىنبىر مۇناسىپ ئادەم دەپ قاراپ، ئۇنى قوللىدى.
سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسلىدە قورال ـ ياراغ بېرىپ ۋە مەسلىھەتچىـ
لەرنى ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجىنى قوللىغانىدى؛ كېيىن خوجىـ
نىياز ھاجى بىلەن شىڭ شىسەينى ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتۈشكە
دەۋەت قىلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم تۈزدۈرۈپ
«گۇۋاھلىق» بەردى. خوجىنىياز ھاجى بۇ كېلىشىم بويىچە جەنۇـ
بىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەيـ
نىڭ تەلىپى بىلەن بىرقىسىم قىزىل ئارمىيىنى شىنجاڭغا ئەۋەـ
تىپ، ئىلى رايونىدىكى جاڭ پېييۈەن قىسىملىرىنى تارمار قىلـ
دى؛ ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ئۈرۈمچىنى قورشاپ تۇرغان ماجۇڭيىڭ
قىسىملىرىنى بىتچىت قىلدى. ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە قېچىپ بارـ
غاندا ماڭىدىغان يول تاپالماي ، 100 گە يېقىن مۇھاپىزەتچىسى
ۋە توپلىغان مال ـ دۇنياسىنى ئېلىپ ئەركەشتام چېگرىسى

ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ماخۇسەن (ماجۇڭيىڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى) ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قوراللىق كۈچلىرىنى باشلاپ، كېلىشىم بويىچە خوتەنگە بېرىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئۇرۇش توختاپ، تىنچلىق مەزگىلى باشلاندى.

1931 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە كەڭ ئەۋج ئالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدا نەچچە ئون مىڭلىغان خەلق قۇربان بولغان بولسىمۇ، ھاكىمىيەت ئاخىرىدا يەنىلا شېڭ شىسەيدەك ئالدامچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قولغا كەلگەن ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپلىگەن مەسلىھەتچىلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ئالدۇرۇپ كەلدى ھەم ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردەم ئالدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ يەنئەندىن ئەۋەتىلگەن كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇردى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلدى. يەرلىك مىللەتلەردىن ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس، ۋىلايەتلەرگە ۋالىي، كۆپلىگەن ناھىيىلەرگە ھاكىملار قويۇلدى. يەرلىك مىللەت خەلقىگە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىپ بېرىلدى. كىچىك كۆلەمدە بولسىمۇ دوختۇرخانىلار، ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى. ئامما ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئاپتوموبىل، تېلېفونلار بارلىققا كەلدى. يېزىلاردا يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مال دوختۇرخانىلىرى پەيدا بولدى. مانا بۇ يېڭىلىقلارنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن شىنجاڭ خەلقى خۇشاللىنىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي ئىچكى جەھەتتىن ئۆزىگە خەۋپلىك دەپ تونۇلغان كىشىلەرنى پىلانلىق ھالدا تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن يالغان دېلو تۇرغۇزۇپ تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ قاماشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ كۆلەمدە ساقچىلىق، پايلاقچىلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇ چاغدا خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك «3 كىشى بىر



يەرگە كەلسە، ئۇنىڭ بىرى ئىشپىيون» دېگەن ھالەت شەكىللەندى.

1941 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، گىتلېر فاشىستلىرىنىڭ قىسمەن ئىلگىرىلەشلىرىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، ئۆز تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ئۆزى ئېلان قىلغان بارلىق سىياسەت ۋە پروگراممىلاردىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىشنى بىردىنبىر ياخشى چارە دەپ قاراپ، بۇ جەھەتتىكى ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. 1942 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن 100 دىن ئارتۇق كىشىنى نەزەربەنت قىلدى ۋە قولغا ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق بىر قىسىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلتۈردى. شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە قوغلىدى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل 8 ـ پولكىنىمۇ قايتۇردى. 4 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار شىنجاڭدا ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ۋە يالغان دېلولار بىلەن 100 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنى ناھەق تۈرمىگە تاشلىدى ۋە يوقاتتى. شىنجاڭنى پۈتۈنلەي ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى (ئۇ چاغدا شىنجاڭ پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنلا سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقانىدى) ئۈزۈلۈپ خەلق ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلار شۇنچىلىك قىس بولۇپ كەتتىكى، مۇسۇلمانلار ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە كېپەنلىك رەختمۇ تاپالماي قالدى، ھەتتا كېپەنلىككە ئاق ماتا تېپىشمۇ تەس بولۇپ قالدى. بىرنەچچە يىللىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي بېسىلىپ قېلىپ، چارۋىچىلارغا ئېغىر زىيان بولدى. 1تاختا قارا چاينى 100 كىلوگرام يۇڭغا ياكى 1 قويغا ئالماشتۇرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. شېڭ شىسەينىڭ ئالدامچىلىـ

قى، تېررورلۇقى ۋە بۇلاڭچىلىقى خەلقنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگە-
ندى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەممە
توختامنامىلەرنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن دۈشمەنلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلى قا-
تارلىق جايلىرىدىكى كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ بازاردىن
يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتى-
ۋېلىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى نەنجىڭ ھۆ-
كۈمىتىگە شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى
قىلىۋاتقان ھەرىكىتىنى چەكلەشنى، ھەتتا شېڭ شىسەينى شىن-
جاڭدىن قايتۇرۇپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇزاقتىن بۇيان
شېڭ شىسەينى تىزگىنلىيەلمەي كەلگەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ جىددىي ھەرىكەت قوللىنىپ، شېڭ
شىسەينى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسىنى
قۇردى. ئاندىن 1944 - يىلى كۈزدە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا
شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىننى ئەۋەتتى. شىنجاڭدا گو-
مىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، سىياسى زۇلۇم ۋە
ھەربىي بېسىم تېخىمۇ كۈچەيدى، خەلق ئىگىلىكى ئېغىر دەرىجى-
دە ۋەيران بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى يامانلىشىپ كەتتى. ھەممە
يەردە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق، ئەپيۇنكەشلىك
ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا داۋاملىق تۈردە
ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكتىن خەلقنىڭ نارازىلىقىمۇ
بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرىمۇ شىنجاڭ
خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن
جايلارغا «ئېھتىياتلىق قەدەم» بىلەن سىڭىپ كىرىپ، ئۆز ھاكى-
مىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە باشلىدى. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىش-
نى ئەسلەپ ئۆتىمەن: ئىلى گىمنازىيىسىدە تەشكىل قىلىنغان
جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ مىللىي سىنىپلاردىكى گۇ-
رۇپپىلىرى 1943 - يىلى 5 - ئايلاردا «ھەپتىلىك ئۆگىنىش»



نى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. بۇنى بىرەر كىشى چەكلىمىدى. شۇ
ۋاقىتتا مەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدىم. شۇ يىلى يازلىق
تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا مەك-
تەپ مۇدىرى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا: «يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى
بويىچە، شەھىرىمىزدە چەت ئەلدە بېسىلغان كىتابلار كۇتۇپخانى-
سى ئېچىلماقچى، شۇڭا سىلەر قولۇڭلاردا بار چەت ئەلدە بېسىل-
غان كىتابلارنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى (بۇ
يىغىنغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلاردىن شۇ مۇتوك، دېلىنىلار ھازىرمۇ
ھايات). ئەسلىدە ئۇلارنىڭ مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىل-
غان كىتابلارنى يىغىۋېلىش ئىكەن. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا دەرس-
لىك بېسىش شارائىتى بولمىغاچقا مىللىي ئوقۇتقۇچىلار سوۋېت
ئىتتىپاقىدا بېسىلغان كىتابلاردىن پايدىلىناتتى. ئەمدى ئۇلارغا
ھېچقانداق دەرسلىك قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ كۈن-
لەردە گومىنداڭچىلارنىڭ بەزى ئىشلىرى، مەسىلەن، ئىلىدىكى
«گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە مەكتىپى» (سوۋېت - جۇڭگو كېلىشى-
مى بويىچە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ئوقۇغۇچى تەربىيىلەۋاتقان
مەكتەپ بولۇپ، ئەسلىدە قۇمۇلدا تەشكىل قىلىنغان، كېيىن
ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن) ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غۇلجىدىكى يەرلىك
خەلقنىڭ قىزلىرىنى قىلغان پەسكەش قىلىقلىرى خەلقنىڭ غەزى-
پىنى قوزغىماقتا ئىدى. گومىنداڭچىلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ
قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، خەنزۇ خەلقىنىڭ قارشىلىقىغى-
مۇ ئۇچرىغان. مەسىلەن، غۇلجا خەنزۇ بازىرىدىكى كۇلۇبتا چاڭ-
چىلە قويۇلغاندا، يەرلىك خەنزۇلار بىلەن ھاۋا ئارمىيە مەكتىپى-
نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ماجىرا يۈز بېرىپ ليوتچىكلار تاياق
يېدى.

مۇشۇنداق نارازىلىقلار كۆپىيىۋاتقان مەزگىلدە، گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى خەلققە 10 مىڭ ھەربىي ئات سېلىقى (خەلق ئىچىدە
«گەز ئات» دېيىلەتتى) سالدى. ئۇلار 1 ئاتقا 550 يۈەن باھا

قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتنىڭ بازاردىكى باھاسى 700 يۈەندىن ئارتۇق ئىدى. دېمەك 1 ئات ئۈستىدىن ئېلىنىدىغان سېلىق 150 يۈەن ئىدى (ئۇ چاغدا 1 باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ 1 ئايلىق مائاشى 40 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى). بۇ ئات سېلىقى ئاساسەن ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بولۇپ، بۇ سېلىقنى تۆلەش ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تەڭسىزلىك، خورلۇق ۋە تېررورلۇقلارنىڭ ئۈستىگە ئەنە شۇنداق ئېغىر سېلىقلار خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. دېمەك، خەلقنىڭ قوزغىلىشىغا ئېغىر زۇلۇم، باراۋەرسىزلىك، ئېكسپىلاتاتسىيە سەۋەب بولغان بولسا، ئات سېلىقى ئىلى قوزغىلىڭىغا پىلتە بولدى.

## 2. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە غەلىبە قىلىشى

مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئەسلىدە 1943 - يىلى يازدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىر نەچچە يېرىدە باشلانماقچى بولسىمۇ، ئوڭۇشلۇق بولماي قېلىپ، رەسمىي كۈرەش ئىلىدا 1944 - يىلى باشلاندى. ئالتاي تەرەپتە 1940 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا شىڭ شىسەيگە قارشى بىر قوراللىق گۇرۇھ پەيدا بولغان. بۇ گۇرۇھ گاھ توزۇپ، گاھ توپلانغان. 1943 - يىللىرى بۇ گۇرۇھقا ئوسمان ئىسلام باشلىق بولغان. بۇ گۇرۇھتىن پايدىلىنىش زۆرۈر بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن، ئوسمان ئىسلام سوۋېت تەرەپتىن قورال



ۋە تەمىنات ئېلىش بەدىلىگە شىڭ شىسەيگە - گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ماقۇل بولۇپ قوراللىق ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ يىلى يازدا شەرقىي ئالتايدا (جېمىنەي تەرەپتە) موللا ئىسلام ئىسمائىلوف قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن مەغلۇپ بولغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان (1944 - يىلى يازدا قايتىپ كېلىپ پارتىزانلىق قىلغان). شۇ كۈنلەردە ئىلىدا فاتىخ مۇسلىموف، قەشقەر تەرەپتە ئىسھاقبېكلەرنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئوڭۇشلۇق بولماي قوزغىلالمىغان. تاشقورغان تەرەپتە ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئالتايدىكى قىسمەن جەڭلەرنىڭ داۋام قىلىشى بىلەن گومىنداڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۇ تەرەپلەرگە قاراتماي تۇرالمىدى. شۇنداق مۇۋاپىق پەيتتە، يەنى 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن يېرىدە رەسمىي قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. بۇ ھەرىكەتنى فاتىخ مۇسلىموف گۇرۇپپىسى بىلەن ئەكبەر، غېنى، سېيىت، ناۋان، مولداجان، ئىۋاشوتوف قاتارلىق ئەزىمەتلەر باشلىغانىدى. بۇنىڭغا فاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەر، غېنىلار رەھبەرلىك قىلغان. فاتىخ مۇسلىموفنىڭ گۇرۇپپىسىدا خەمىت مۇسلىموف (فاتىخنىڭ ئوغلى)، رەپىق بايچۇرىن (فاتىخنىڭ ھەدىسىنىڭ ئوغلى)، قۇربان بۇرھانىدىنوف، ئوسمان ئىبراھىموف، نۇر ئوبۇلوف، ھوشۇر مامىتوفلار بار ئىدى. بۇلاردىن فاتىخ نىلقا ناھىيىلىك يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، قوربان بۇرھانىدىنوف ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، قالغانلىرى ئىشچىلار بولۇپ، ئوسمان، نۇر، ھوشۇرلار «غۇلجا ھاۋا ئارمىيە مەكتىپى» دىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھويلا ئىشچىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلى ۋىلايىتىدىن بولۇپ، 1943 - يىلى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ھەرخىل يوللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ

پاناھلانغان. ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن بىر
نەچچە جايدا تەشكىللىنىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلغان. جۈملىدىن ئىلىدىن
بېرىپ قازاقىستاندا تەشكىللەنگەن گۇرۇپپىدىن فاتىخ مۇسلىموف
باشلىق 7 كىشىلىك گۇرۇپپا 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرى-
لىرىدا ئالما - ئاتادىن نىلقا ناھىيىسىگە قاراپ ئاتلانغان. ئۇلار-
نىڭ نىلقىنى تاللىۋېلىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، جۇغراپىيە-
لىك ئورۇن جەھەتتىن نىلقا سوۋېت چېگرىسىدىن 210 كىلومې-
تىر، غۇلجا شەھىرىدىن 120 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇپتا بو-
لۇپ، تاغ - داۋانلار ۋە چىغىر يوللار ئارقىلىق شىمالدا جىڭ
ناھىيىسى، جەنۇبتا كۈنەس ناھىيىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ باشقا
يەرلىرىگە تۇتىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، نىلقىنىڭ ئۆلاستاي تاغلى-
رى پارتىزانلىق ئۇرۇشقا تېخىمۇ باب بولۇپ، مۇداپىئەلىنىشكە
ئەپلىك. ئۇنىڭ ئەپسانىلەردە ئېيتىلغاندەك «1 مەرگەن 1000
دۈشمەننى ئۆتكۈزمەيدىغان» داڭلىق جىلغىسى بار؛ ئۈچىنچى-
دىن، فاتىخنىڭ نىلقىدا ئىجتىمائىي ئاساسى بار ئىدى.

قوراللىق گۇرۇپپا ئۆلاستاي تاغلىرىدا پەيدا بولغاندىن كې-
يىن، خەلق ئارىسىدا گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىش توغرىسىدا
كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇ تەشۋىقاتتا گومىنداڭ
ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، خەلقنى ئازاد قىلىش ئوتتۇرىغا قو-
يۇلدى. خەلق ئاممىسى قوزغىلاڭچىلارنى قىزغىن قوللىدى، ھەت-
تا نۇرغۇن كىشى غۇلجا ۋە باشقا ناھىيىدىن نىلقا ناھىيىسىگە
بېرىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن ئەسكەر
چىقارغان بولسىمۇ، پارتىزانلار بىلەن خەلق ئاممىسى دۈشمەنلەر-
نى پۈتۈنلەي تارمار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پارتىزانلار بىلەن
نىلقا بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى ۋە بىر قىسىم ساقچى
پونكىتلىرىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىرگە 10 - ئاينىڭ بېشىدا



نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭدىن چۆچىگەن گو-
مىنداڭ ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ
غۇلجا شەھىرىدىكى ئاساسىي كۈچىنى نىلقا تەرەپكە يۆتكىدى.
بۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرىدە دۈشمەن كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى.
شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىدە «ئازادلىق جەمئىيىتى» ناملىق يەر
ئاستى تەشكىلات بولۇپ، ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمى-
يىتىگە قارشى كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن
باشقا، شەھەردە يەنە بىر قانچە گۇرۇپپىلارمۇ گومىنداڭغا قارشى
تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتتى. گومىنداڭ ساقچىلىرى شەھەردە نىلقا
پارتىزانلىرىنى قوللىغان ياكى ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان كۆپلى-
گەن ياشلارنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنى قىيىندى، ۋەھشىيلەرچە
ئۆلتۈردى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا شەھەردىكى ھەر مىللەت ياش-
لىرىدىن 200 دىن ئارتۇق كىشى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ
كەتتى. بۇ ئىش شەھەر خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. 7 - نويابىر كۈنى،
شەرقتىن نىلقا پارتىزانلىرى، غەربتىن قورغاس پارتىزانلىرى
غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، شەھەر خەلقىمۇ قوزغىلىپ
كۆرەشكە ئاتلاندى. شۇنداق قىلىپ 11 - نويابىر كۈنى گومىنداڭ-
نىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى ئاساسىي ھەربىي پونكىتلىرى ۋە باش
ساقچى ئىدارىسى ئىشغال قىلىندى. گومىنداڭنىڭ قالدۇق قو-
راللىق كۈچلىرى شەھەر ئەتراپىدىكى ھەرەمباغ گازارمىسى، لەڭ-
شاڭ بۇتخانىسى ۋە ئايرودرومغا قېچىپ بېرىپ مۇداپىئەلەندى.
ئايرودرومدا ئەسلىدە «گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە مەكتىپى» نىڭ
500 گە يېقىن ئادىمى بار ئىدى، شەھەردىن قېچىپ بارغان ۋە
نىلقىدىن چېكىنىپ كەلگەنلەر بولۇپ جەمئىي 1500 دىن ئارتۇق
قوراللىق دۈشمەن ھەرەمباغقا ئورۇنلاشتى. غۇلجا شەھىرى ئازاد
قىلىنغاندا گومىنداڭنىڭ تەشۋىقاتىغا ئالدانغان ۋە قورقۇپ
كەتكەن بىر قىسىم خەنزۇ پۇقرالار، جۈملىدىن كۆپلىگەن

ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ گومىنداڭ قىسىملىرى تەرەپكە (ھەرەم-
باغقا) قېچىپ بېرىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ھەرەمباغقا گومىنداڭ-
نىڭ قوراللىق كۈچلىرى، خەنزۇ پۇقرالار ۋە ئۇلارنىڭ بالا -
چاقىلىرى بولۇپ 8800 دەك كىشى توپلاشتى. قوزغىلاڭچى
قوشۇن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرەمباغ ۋە ئايرودروم ئەترا-
پىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى. پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىنى ئاسا-
سەن ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەش-
كىل قىلىپ، بىر قىسىم مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى قوردى، لېكىن،
بۇ ۋاقىتتا شەھەرنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەرەمباغدى-
كى گومىنداڭ كۈچلىرىنى تارمار قىلىش ئاساسىي ۋەزىپە بولۇپ
قالغانىدى. غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىزانلار
يەنە بەزى ناھىيەلەرنى ئازادقىلغان. تېكەس، مۇڭغۇلكۈرە، توق-
قۇزتارا، كۈنەس ناھىيىلىرىدىكى ئەمەلدارلار، بىرقىسىم پۇقرا-
لار ئاقسۇ، قاراشەھەر تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ ناھى-
يىلەرنىمۇ خەلق ئىگىلەپ بولغان ئىدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ
مۇنداق چوڭ غەلىبىسىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچىدۇ ۋە بىر نەچچە
قېتىم ھەربىي يۈرۈش پىلانلىرىنى تۈزىدۇ. ئۇلار ئىلىغا بىر
نەچچە تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ھەرەمباغدا قورشاۋدا قالغان
كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ غۇلجا شەھىرىنى قايتۇرۋالماقچى،
شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى باستۇرماقچى بولىدۇ. لې-
كىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقى ۋە باتۇرانە كۈ-
رەشلىرى گومىنداڭنىڭ بۇ پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىدۇ.
12 - نويابىردىن باشلاپ ھەرەمباغدا 78 كۈن مۇداپىئەلىنىپ
ياتقان گومىنداڭ قوراللىق كۈچلىرى 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ
29 - كۈنى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قېچىشقا ئۇرۇنغاندا خەلق قورال-
لىق كۈچلىرى يول ئۈستىدە دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇ-
لارنى تەلتۆكۈس تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرى



گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق ئازاد قىلىندى. ھەرەمباغ
ئىشغال قىلىنغاندا 2000 دانە ھەر خىل قورال - ياراغ ۋە كىچىك
تىپتىكى 54 ئايروپىلان غەنىيمەت ئېلىندى. غۇلجا شەھىرى
تولۇق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەرلىك
خىزمەتلەرنى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى ھەربىي ئورۇن-
لاشتۇرۇشنى تەشكىللەپ، بارلىق پارتىزان ئەترەتلىرىنى مۇن-
تىزىم ئارمىيىگە ئايلاندۇرۇپ، قوراللىق كۈرەشنى تېخىمۇ كې-
ڭەيتىشكە كىرىشتى. مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇلۇپ ئاز ۋاقىت تەر-
تىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كۈچنى شىمالى سەپ ۋە
ئوتتۇرا سەپكە ئاتلاندۇردى. تارباغاتايغا بارغان مۇنتىزىم قىسىم
يەرلىك پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، 7 - ئاينىڭ
29 - كۈنى دۆربىلجىننى ئازاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرقىسىم
قورال - ياراغنى ۋە ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتقان 30 نەچچە
ئاپتوموبىلنى قولغا چۈشۈردى. 3 كۈندىن كېيىن چۆچەك ئازاد
قىلىندى. گومىنداڭنىڭ تارباغاتايدىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئە-
مەلدارلىرى چۆچەكتىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە باغ-
لاپ، قوراللارنى چېگرىدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سوۋېت ئىت-
تىپاقىغا ئۆتۈپ كەتتى. چۆچەك ئازاد بولغاندىن كېيىن مۇنتىزىم
قىسىم تارباغاتايدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە
ئالتايغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ئالتايغا بارغاندىن كېيىن بۇ يەردە
جەڭ قىلىۋاتقان دەلىلقان ۋە ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى بىلەن
بىرلىشىپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئالتاينى ئازاد
قىلدى. ئالتايدا گومىنداڭنىڭ ۋالىيسى ۋە بىر گېنېرالى باشلىق
جەمئىي 1600 ئادەم تەسلىم بولدى. مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ ئوتتۇ-
را سەپكە يۈرۈش قىلغان قىسمى جىڭ، شىخو ئەتراپلىرىدا گو-
مىنداڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، 10 نەچچە مىڭ دۈشمەننى
مەغلۇپ قىلىپ 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جىڭنى، 8 - كۈنى
شىخونى ئازاد قىلدى. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ 1945 - يىلى

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ماناس دەرياسى بويىغىچە كەلدى. ئۈرۈمچىگە پەقەت 140 كىلومېتىر يول قالغانىدى. مۇنتىزىم ئارمىيە شىمالىي سەپ ۋە ئوتتۇرا سەپلەرگە ھوجۇم باشلىغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش شتابى قارا شەھەر، توقسۇن تەرەپلەرگىمۇ پارتىزان ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ، كىچىك كۆلەمدىكى ئۇرۇشلارنى قىلدى. مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي سەپكە يۈرۈش قىلغان پارتىزان ئەترەتلىرى خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن 1945 - يىلى 17 - ئاۋغۇستتا باي ناھىيىسىنى، 6 - سېنتەبىردە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئاقسۇ شەھىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلدى.

گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەشنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى - جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقۇرغان ناھىيىسى ئىدى. 1943 - يىلى يازدا تاشقۇرغان تەرەپتە قوراللىق ھەرىكەتلەر بولدى؛ 1945 - يىلغا كەلگەندە پارتىزانلىق ھەرىكەتلەر كۈچىيىپ، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقۇرغان ئازاد قىلىندى. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قىزىل تاغ لىنىيىسى تاكتىكا يۈزىسىدىن تىنچلىق بىتىمىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە يەكەن تەرەپلەردە ھۇجۇمنى توختاتمىدى. پارتىزانلار قاغىلىق، پوسكاملارنى ئىشغال قىلىپ، 1946 - يىلى 27 - يانۋار كۈنى يەكەنگە ھوجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار قايتىدىن تەشكىللىنىپ قىزىلتاغ لىنىيىسى ۋە ئويتاغ لىنىيىسىگە ئايرىلىپ (قىزىلتاغ لىنىيىسى يېڭىسار ئارقىلىق يەكەن تەرەپكە، ئويتاغ لىنىيىسى قەشقەر تەرەپكە مەسئۇل بولۇپ) ھوجۇمغا تەييارلاندى. شۇ كۈنلەردە 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلاش ۋە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاش مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى توختىتىلدى ۋە پارتىزان ئەترەتلىرى تارقى-



تىۋېتىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرنەچچە سەپلەردىكى جەڭلەر بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قەدەر پىلانلىق، تەشكىللىك ۋە غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلاستايدا تۇنجى ئوق ئاۋازى 1944 - يىلى 19 - سېنتەبىردە ئاڭلانغان بولسا، 2 ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا 1000غا يېقىن پارتىزانغا تەرەققىي قىلىپ غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغانلىقى، 10 ئايغا قالماي 3 ۋىلايەت دائىرىسىدە 27 ناھىيە ئازاد قىلىنىپ، 30 مىڭ قوراللىق قوشۇنغا ئىگە بولۇشى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى؟ ئۇنىڭدا ئاساسەن مۇنداق ئامىللار مەۋجۇت:

1. شىنجاڭ خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپ جەبرى - زۇلۇم چەككەن، ئادالەتسىزلىك ۋە مىللىي خورلۇقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان بولغاچقا، ئازاد ۋە ئەركىن ياشاشقا ناھايىتى تەشنا ئىدى. خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزىپى چېكىگە يەتكەنىدى. «زۇلۇمدىن غەزەپ تۇغۇلىدۇ، خورلۇقتىن قەھرىمانلىق» دېگەندەك، شىنجاڭ خەلقى غەزەپ بىلەن قوزغىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى. شىنجاڭ تارىخىدا كۆپ قېتىم مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ھېچقاچان بۇ قېتىمقىدەك كەڭ ۋە قىزغىن قوللاشلارغا ئىگە بولمىغان دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىرنەچچە ئىشنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. نىلقىدا بىرنەچچە كىشى قوراللىنىپ چىققاندا، مىڭلىغان خەلق ئۆز ئاتلىرىنى مىنىپ، ئۆز كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكى بىلەن قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغان. نىلقىدا جەڭ بولغان كۈنلەردە، شاكىر دېگەن كىشىنىڭ كېلىنى سۇ ئالغىلى بۇلاق بېشىغا

بېرىپ، ھودۇقۇپ يۈرگەن 3 گومىنداڭ ئەسكىرىنى يولۇقتۇر-
غان، بۇ ئايال ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇلارنىڭ قورالىنى ئېلىۋې-
لىپ، ئۇلارنى ھەيدەپ ئاپىرىپ پارتىزانلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.
غۇلجا شەھىرىدە قوزغىلاڭ بولغان كۈنلەردە مەھەللە ـ مەھەللى-
دىن مىڭلىغان كىشىلەر قولىغا كالتەك، ئارا، گۈرجەك ئېلىپ
قوزغىلىپ چىققان. باش ھەربىي شتاب ياشلارنى ھەربىي سەپكە
چاقىرغاندا، توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى ئەيسا ئۇستا ئۆزىنىڭ 4
ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن ئارمىيە سېپىگە ئەكىرىپ بەرگەن. ئۇ
چاغدىكى خەلقنىڭ قىزغىنلىقى، جەڭچىلەرنىڭ قەھرىمانلىقلىرى
كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. دېمەك، 3 ۋىلايەتتە ھەر
مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلابنى قىزغىن قول-
لاپ، كۈچى بارلار كۈچى بىلەن، مېلى بارلار مېلى بىلەن ياردەم
بەرگەن.

7 ۋىلايەت دائىرىسىدە (گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون-
لاردا) مىلتىق ئاۋازى ياڭراش بىلەنلا يۈزلىگەن، مىڭلىغان خەلق
قولىغا توقماق، ئارا، گۈرجەكلەرنى ئېلىپ پارتىزانلارغا قوشۇ-
لۇپ، گومىنداڭغا قارشى ھەر خىل كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ،
ئىنقىلاب داۋامىدا كۆپلەپ قۇربانلارنى بەرگەن.

2. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ
باشتىن ـ ئاخىر قوللاپ، ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىش-
تى. شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالى، غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىدى-
كى تاشقۇرغان ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 21 ناھىيىنىڭ
2000 كىلومېتىردىن كۆپرەك چېگرىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بە-
لەن چېگرىلىنىدۇ. شۇڭا، قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە چەتتە قاراپ
تۇرمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شىنجاڭدا 1933 ـ 1942 ـ
يىللىرىدىكى تارىخىي ۋەزىيەتتە پىشىپ چىققان زىيالىيلار ۋە
ياشلار، جۈملىدىن خەلق ئىچىدىكى سوۋېتنىڭ تەسىرىنى ئالغان



كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار
ئىدى. ئۇلار، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئا-
زادلىق ئىشلىرىغا ھەقىقىي ياردەم بېرىدىغان بىردىنبىر سوتسىيا-
لىستىك دۆلەت دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئارقا تىرىكى دەپ
ھېسابلايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، سوۋېت ھۆكۈمىتى 3 ۋىلايەتنىڭ
ھەر بىر ئورگانلىرىغا سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى قويدى،
ھەربىي قىسىملاردا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئو-
فىتسېرلىرى جەڭلەردە قوماندانلىق ئىشلىرىغا قاتناشتى. تىنچ-
لىق بىتىمى ئىمزالىنىشى بىلەن ئۇلار ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان
بولسىمۇ، 3 ۋىلايەتنىڭ خىزمىتى سوۋېتلىكلەرنىڭ ياردىمىدىن
ئايرىلىپ قالمىدى.

3. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگودى-
كى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. جۇڭگو خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى
ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭغا كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەش پۇرسىتىدىن مەھ-
رۇم قىلدى. يۇقىرىقى 3 ئامىل بولمىغان بولسا 3 ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## 3. تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر

نېمە ئۈچۈن 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالىنىدۇ؟ بۇ ئىش
يالغۇز شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىشنى مەقسەت قىلىپلا قالماس-
تىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى بىلەن، يەنى 3
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈپ مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە
ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بەزى كىشىلەر تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغان-
لىقىغا ھەيران بولۇپ: «3 ۋىلايەت ئارمىيىسى ماناس دەرياسى

بويىغا كېلىپ ئۈرۈمچىگە يېقىنلاپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوراللىق كۈرەشلەر رەسمىي كېڭەيگەن ئەھۋالدا نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلدى» دېيىشكەندى. ھەتتا ئارمىيە ئىچىدىكى ئايرىم كىشىلەر: «ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ قالغان ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىنى ئېلىش كېرەك» دەپ تەلەپ قويغاندا، ئۇلار «ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلەنگەندى.

نېمە ئۈچۈن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى ئوخشاشمىغان قاراشلار ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن ھازىر ھەم مەۋجۇت. بۇ ھەقتە مەن تۆۋەندىكى قاراشلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتىمەن:

1. بەزىلەر: «3 ۋىلايەت ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازىنىشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان» دېگەن قاراشتا بولغان. مېنىڭچە بۇ خىل قاراشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى 3 ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ماناس ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ناھىيىنى تاشلاپ شەرق تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىغان. 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى ماناس دەرياسىدىن ئۆتمىگەنلىكتىن گومىنداڭ قوشۇنى ماناس ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىپ قايتىدىن ئورۇنلاشقان. بۇ چاغدا گومىنداڭ قوشۇنى كۆپلىگەن ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلىپ ئاجىزلاپ قالغاچقا، ئۈرۈمچىدىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ نەنجىڭگە قايتا - قايتا تېلېگرامما يوللاپ: «ۋەزىيەت ئېغىر، كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس» دېگەن. ئۇ يەنە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كەلگەندە، ئۇنىڭغا شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنى ساقلاۋاتقان بارلىق گومىن-



داڭ قوشۇنىنىڭ ئاران 6 يىڭ (باتالىيون) ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ دەرھال جياڭ جيېشىگە تېلېگرامما يوللاپ: «بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي… غۇلجا قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساس يوق… ھازىر پەقەت دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىقلا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بار»① دېگەن. دېمەك، بۇ چاغدا 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى غەلىبە قىلىۋاتقان، گومىنداڭ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ئۇ 3 ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئاجىز كېلىپ قېلىپ بىتىم تۈزۈش يولىغا ماڭغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا كېلىش ئالدىدا، گومىنداڭنىڭ جىڭ ناھىيىسىدىكى 7000 كىشىلىك، شىخو ناھىيىسىدىكى 4000 كىشىلىك قوشۇنىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان ۋە كۆپلىگەن قورال - ياراغ غەنىيمەت ئالغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا، 3 ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 6 باتالىيون ئەسكىرىدىن قورقۇپ تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش يولىغا ماڭغان دېيىلسە، بۇ تازىمۇ بىر كۈلكىلىك گەپ بولۇپ قالامدۇ؟ 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بالا - چاقىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ماڭدۇرۇشقا، ئىقتىسادى يار بەرمىگەنلىرى نەرسە-كېرەكلىرىنى سېتىپ قېچىشقا باشلىغانىدى. ھەتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆلكە مەركىزىنى ئىچكى جەھەتتە قۇمۇلغا يۆتكىگەن. 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى جىڭ، شىخو ناھىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلغان كۈنلەردە، جياڭ جيېشى گەرچە ئۈرۈمچىدىكى كاتتىباشلىرىغا تېلېگرامما ئارقىلىق: «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنگەنلەرنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەل قىلغۇچ

① جاڭ جىجۇڭنىڭ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» دېگەن ئەسلىمىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 3 -، 6 - بېتىدىن ئېلىندى.

جەڭدىن قاچقانلىق جىنايىتى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ ئېتىۋېتىڭلار! كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ «يوليورۇق» بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ «يوليورۇقلار» ئاخىرى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالغانىدى. مانا شۇنداق ئەھۋالدا 3 ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالغانلىقى ئۈرۈمچى خەلقىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

2. تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىنى يالغۇز شىنجاڭدىكى يەككە يىگانە مەسىلە دەپ قارىماي ئۇنى شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، 1) 1944 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ بىرنەچچە يېرىدە گومىنداڭنىڭ ئېزىشىگە ۋە زوراۋانلىقىغا قارشى قوراللىق كۆرەش باشلاندى. شۇ چاغدا غەربتە گىتلېر ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئېنىق بولۇپ قالغان، شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەقدىرى ھالاكەتكە يۈزلەنگەنىدى. ئەنە شۇنداق تارىخي شارائىتتا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ياكى پىلانى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئارقا تىرەك قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە زەربە بېرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە شىنجاڭ خەلقىنىمۇ ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى؛ 2) 1945 - يىلى 5 - ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسى تارمار قىلىندى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا ياپون جاھانگىرلىكى شەرتسىز تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر قانچە 10 دۆلەت، نەچچە مىليارد خەلق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلدى. بۇجەرياندا 60 نەچچە مىليون ئادەم چىقىم بولدى. شۇڭا، دۇنيا خەلقى تىنچلىقنى، دېموكراتىيىنى ئارزۇ قىلىدۇ، دېگەن قاراش ئاساسىدا، دۇنيادىكى تۈرلۈك خەلق قوراللىق كۈچلىرى تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تىنچلىق



سۆھبەتلىرى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە چاۋشيەن، ۋېيتنام جەنۇب ۋە شىمال دەپ 2گە بۆلۈندى. گېرمانىيە شەرق ۋە غەرب دەپ 2گە ئايرىلدى. شۇ كۈنلەردە ئىران ھۆكۈمىتى بىلەن ئىران ئەزەربەيجان قوزغىلاڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلگەنىدى (كېيىن ئىران ھۆكۈمىتى ئەزەربەيجان قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇۋەتكەن)؛ 3) جۇڭگودىمۇ 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ يەنئەندىن چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ «ئۆكتەبىر كېلىشىمى»نى ئىمزالىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ تەرەپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايلا قالماستىن بەلكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەئىس ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇڭا 1950 - يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ موسكۋاغا بارغاندا، ستالىن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ: «يولداش ماۋزېدۇڭ ئەمەلىيەت سىزنىڭ توغرا قىلغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىدى» دېگەن. ①

3. بەزىلەر: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يول قويمىغانلىقى شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا سەۋەب بولغان» دېگەن قاراشتىمۇ بولغان. بۇ قاراشتىكىلەر 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپتىكى 1 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مۇستەقىللىق شوئارى ئوتتۇرغا قويۇلۇپ، ۋاقىتلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان، لېكىن ئامېرىكا، سوۋېت، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت 3 چوڭ دۆلەت باشلىقلىرى يالتا يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قېلىۋېرىدىغانلىقى

① سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن بىرگە بولغان كۈنلەردە» ناملىق ئەسلىمىسىدىن ئېلىندى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1993 - يىلى 9 - نويابىردىكى سانىدا.

هەققىدە كېلىشىم هاسىل قىلغاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش يولىغا ماڭغان دېمەكچى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار خەلقئارانىڭ موسكۋاغا بولغان بېسىمى نەتىجىسىدە موسكۋا 3 ۋىلايەتنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇرلىغان دېمەكچى بولىدۇ. 1945 - يىلى 3 چوڭ دۆلەت باشلىقلىرى - ستالىن، روزۋېلت، چېرچىللەرنىڭ يالتادا ئېچىلغان يىغىنىدا ستالىننىڭ ئوتتۇرغا قويۇشى بىلەن شىنجاڭ، تاشقى موڭغۇلىيە قاتارلىق جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغانلىقى، ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ يەنىلا جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشىم هاسىل قىلغانلىقى ئەمەلىيەت. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىزچىل مەيداندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل دۆلەت (ياكى قارام دۆلەت) قىلىش نىيىتى يوق. يالتا يىغىنىداستالىننىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا چىقىرىشى، شىنجاڭنى ئەمەس بەلكى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان دەپ ئېيتالايمىز. بەزىلەر يازغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ستالىن جياڭ جيېشىنىڭ يالتا يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرغا قويغان. شۇ كۈنلەردە يەنە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن ستالىنغا ئۆز كۆز قارىشىنى ئېيتىپ، ئەگەر ستالىن ھېلىقى پىكرىنى ئاز تولا ئۆزگەرتىسىلا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەگە كىرىپ تۇرۇشىغا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى ۋە تاشقى موڭغۇلىيەگە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش (ئالىي مۇختارىيات يۈرگۈزۈش) ھوقۇقى



بېرىشكىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ستالىن يەنىلا جۇڭگوغا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. دېمەك، مېنىڭچە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا خەلقئارانىڭ موسكۋاغا بېسىمى سەۋەب بولغان دېگەندىن كۆرە، ستالىننىڭ شىنجاڭنىڭ داۋاملىق تۇردە جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قېلىشۋېرىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى سەۋەب بولغان دېگەن مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

4. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋردىكى بەزى ئەھۋاللاردىن تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 3 ۋىلايەت دەۋردىكى بەزى ئەھۋاللارنى، جۈملىدىن تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن مۇنداق 2 نۇقتىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك: بىرىنچىدىن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە تايانغان؛ ئىككىنچىدىن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە رەھبەرلىك تەركىبىدە دىنىي زاتلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر كۆپ سانni ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ كىشىلەر كوممۇنىزم بىلەن چېقىشالمايتتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن گۇمانلىناتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئىنقىلاب باشلانغان ئىكەن، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەنمەي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئاز ساندىكى زىيالىيلار ۋە كادىرلار ئىچىدىكى ياشلار ھەر خىل دەرىجىدە كوممۇنىزمنى ياقلىغۇچىلار ئىدى. بۇ ياشلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئازاد قىلغۇچى ياكى ئۆزلىرىگە بىردىنبىر شاپائەتچى دەپ قارايتتى دېيىشكە بولىدۇ.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك 3 ۋىلايەت دەۋرىدىكى بەزى ئەھۋاللار دېگەندە تۆۋەندىكىلەرنى كۆزدە تۇتماق-

چىمەن: 1) 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىش ئالدىدا، يەنى ئىلقا
تاغلىرىدا تۇنجى ئوق ئېتىلمىغان ۋاقىتلاردىلا ـ ئىنقىلاب غەلىبە
قىلسا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى قانداق بولۇشى كېرەك
دېگەن مەسىلە ئىچكى جەھەتتە قارار قىلىنىپ بولغان دەپ قاراي-
مەن. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باشلاشتىكى مەقسەت بىلەن ئۇنىڭ
نەتىجىسىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقى بۇ مەسىلىنى تولۇق چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ؛ 2) 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغان دەسلەپكى كۈن-
لەردە، يەنى ئىلقا تاغلىرىدا قوراللىق جەڭلەر بولۇۋاتقان چاغلاردا
«گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ شەرقىي تۈركىس-
تان خەلقىنى ئازاد قىلىش...» دېگەن شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان
بولۇپ، باشقا شوئار قويۇلغان ئەمەس (ئۇ چاغلاردا «شەرقىي
تۈركىستان» دېگەن جۇغراپىيىلىك نام دەپ قارالغان)؛
3) 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ (غۇلجا
شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن)، 3 ۋىلايەت دائىرىسىدە مۇستە-
قىللىق شوئارى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە «شەرقىي تۈركىستان ۋاقىت-
لىق ھۆكۈمىتى» تەشكىل قىلىندى. بۇ ئەھۋال بىر يىل داۋام
قىلىپ تىنچلىق بىتىمىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئېبى-
تىشلارغا قارىغاندا، 1945 ـ يىلى يىل بېشىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مەت نامىدىن (ئىچكى جەھەتتە) موسكۋاغا خەت يېزىلىپ شەرقىي
تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى
ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، موسكۋا ئاشكارا جاۋاب بەرمىگەن. ئۇنداقتا
پىلان ـ مەقسەتتە ئۆزگىرىش بولدىمۇ ياكى بۇ شوئار ئايرىم
كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغانمۇ؟ بۇنى تەھلىل
قىلىش لازىم. بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىشى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىتابنا-
مىنى تۈزگەنلەر ۋە ماقۇللىغانلار، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان
ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى موسكۋانىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ
قىلغانلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولى-



دىغانلىقى ھەققىدىكى ئىچكى جەھەتتىكى تۈپ پىلاندىن خەۋەردار
بولۇشى ناتايىن، خەۋەردار دېگەندىمۇ ئايرىم كىشىلەرنىڭ خەۋىرى
بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولىسىمۇ، مۇستەقىللىق شوئارىنى ھېچكىم چەكلىمىدى. ئەمما،
غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغان كۈنلەردە، ئايرىم كىشىلەر «ئىس-
لام ھۆكۈمىتى قۇرۇش» دېگەن سۆزنى قىلغان بولسىمۇ بۇ سۆز
تېزلا «غايىپ» بولدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى،
ھوقۇقلۇق تەرەپ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدە بەزى شوئارلارنىڭ ئوت-
تۇرىغا قويۇلغانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن
پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان ھەمدە ۋاقتى كەلگەندە ئۇ شوئارلار-
نى قالدۇرۇۋېتىش مۇمكىن دەپ قارىغان؛ 4) تىنچلىق بىتىمى
ئىمزالانغان كۈنلەردە ئايرىم سوۋېتلىك ئەرباپلار بىللە ئىشلەۋات-
قان كادىرلارنىڭ قۇلىقىغا: «تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى-
دىكى سەۋەب، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماسلىق، بۇنى بىلىپ
قالساڭلار بولىدۇ» دەپ شىۋىرلاپ قويغان ئىشلارمۇ بولغان. 3
ۋىلايەت ئىنقىلابى مەيلى قانچىلىك زور غەلىبىلەرنى قولغا كەل-
تۈرگەن بولسۇن، ئۇنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق
بىتىمى ئىمزالىشى مۇقەررەر ئىدى؛ 5) 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا
3 ۋىلايەتتە تەشكىل بولغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئۆزىنىڭ
نىزامنامە ـ پروگراممىسىغا «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش»
دېگەن مەزمۇننى كىرگۈزمىگەن. بۇ پارتىيىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوفنىڭ 1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتى-
يىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن
كۆرۈشكەنلىكى ھەمدە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە جۇڭگو كوم-
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغانلىقى ھەم-
مىگە ئايان؛ 6) 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن
ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ تۇرغان كۈنلەردە، 3 ۋىلايەت

بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش ۋە تۈرلۈك زىددى-
يەتلەر كۆرۈلۈپ تۇردى. لېكىن، 3 ۋىلايەت تەرەپ ئۆزىنىڭ 11
ماددىلىق بىتىمگە سادىق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەش بىلەن
گومىنداڭ تەرەپتىن بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەل-
دى. ھەرگىزمۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى قايتىدىن تەش-
كىل قىلىش نىيىتىدە بولمىدى. 1948 - يىلىغا كەلگەندە،
غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش
ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇ-
رۇپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى
قارشى ئېلىشقا ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق كۆردى.

5. تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن
كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ياكى
ئۆزىگە قوشۇۋېلىش نىيىتىدە بولمىغانلىقى ھەققىدە كۆپ پاكىتلار
بار. مەسىلەن، 1) 1921 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم
ئۇيغۇرلار «تۈركىستان بيۇروسى» ئارقىلىق، شىنجاڭدا مۇستە-
قىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەققىدە موسكۋادىكى سوۋېت خەلق
كومىسسارىياتىغا ياردەم سوراپ مۇراجىئەتنامە يازغان. موسكۋا
بۇنىڭغا: «شىنجاڭدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش سەلبىي ئاقىۋەتكە
ئېلىپ بارىدۇ…»، «جۇڭگوغا نىسبەتەن بىزنىڭ ئومۇمىي دوست-
لۇق سىياسىتىمىز ۋە جۇڭگو دېموكراتىيىسىگە ئىشەنچىمىز بول-
غانلىقى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ياخشى
مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاشقا مەجبۇرمىز» دەپ جاۋاب يازغان. لې-
كىن، شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى ئۈچۈن ئىستراتېگى-
يە جەھەتتە ئەڭ مۇھىم دەپ بىلگەن تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئىبا-
رەت ئەڭ قالاق، نوپۇسى ئەڭ ئاز چۆللۈك رايوندا مۇستەقىللىق
ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان سۇخا باتۇرغا ياردەم بېرىپ
ئۇنى قوللىدى. مانا بۇ روشەن سېلىشتۇرما سوۋېت ئىتتىپاقى
ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان مەيدانىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ



بېرىدۇ؛ 2) 1931 - يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى قۇمۇل
دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ۋە ئۇنىڭ باشلىقى خوجىنىياز ھاجىنى
قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەنىدى، كېيىن شېڭ
شىسەينى قوللاپ، خوجىنىياز ھاجىنى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتى-
پاقلىشىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭدەك شېڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق
كۈچلەرنى تارمار قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇس-
تەھكەملىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. 3) 1935 - يىلى 18 - يانۋار
(شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلار) سو-
ۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا تاشقى ئىش-
لار مىنىستىرى مولوتوف جاكارلىغان مۇراجىئەتنامىدە: «مەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ھەقىقىي سىياسىتىنى تە-
كىتلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قارىشىچە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىنى تارتىۋېلىش بىز-
نىڭ تاشقى سىياسىتىمىز بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئۇ شىنجاڭنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ بىر پۈتۈن-
لۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەتئىي قوغدايدۇ» دېيىلگەن؛ 4)
1938 - يىلى 2 - ئايدا گومىنداڭ ئەمەلدارى سۇن كې ستالىن
بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ستالىننىڭ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
تاشقى موڭغۇلىيە ياكى شىنجاڭغا نىسبەتەن زېمىن تەلىپى يوق»
دېگەنلىكى، يەنە بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ستالىننىڭ يەنە: «سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە چۇڭچىڭ بىلەن
پايدا - زىيان توقۇنۇشى يوق» دېگەنلىكى مەلۇم؛ 5) 1938 -
يىلى شېڭ شىسەي مەخپىي ھالدا موسكۋانى زىيارەت قىلىپ
ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، شىنجاڭنى مۇستەقىل بىر رېس-
پۇبلىكا قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە سوۋېت كومپار-
تىيىسىگە ئەزا بولۇپ، 185911 - نومۇرلۇق پارتىيە ئەزالىق
كىنىشكىسىنى ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ماتورلاشقان بىر بىرىگادا ئارمىيىسى قۇمۇلدا 8 -

پولىك نامى بىلەن تۇراتتى، ئۈرۈمچىتۇدۇڭخابادىمۇ سوۋېت قوراللىق كۈچلىرى تۇرغانلىقى مەلۇم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن بولغان ئاشۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى شېڭ شىسەيدەك سوۋېت ئىتتىپاقىغا «سادىق» دەپ تونۇلۇپ قالغان بىر شەخسكە تاپشۇرۇشنى لايىق كۆرگەن؛ 6) 1942 ـ يىللىرىدا شېڭ شىسەي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان كۈنلەردە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا «شەرق ھەقىقىتى» (تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان)، «يېڭى ھايات» (ئالما-ئاتادا نەشر قىلىنغان) دېگەن مەخسۇس شىنجاڭغا قارىتىلغان ئۇيغۇرچە ژۇرناللار نەشر قىلىنغان. بۇ ژۇرناللارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى شىنجاڭنى مۇستەقىل بولۇشقا چاقىرىش ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ خەلقىنى ئويغىتىشقا، ئازادلىققا ئېرىشىشكە چاقىرىش ئىدى دەپ قارايمەن.

6. تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بەزى ھەرىكەتلەردىن قارىغاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى ۋە پىلانى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇستتا (ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغاندا) موسكۋادا جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىگە قوشۇمچە قىلىپ ئالماشتۇرۇلغان ھۆججەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. «سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا يېقىندىن بويان يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا توختالغاندا، «شەرتنامە» نىڭ5 ـ ماددىسىدا ئېيتقاندەك، «جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلدى» («شىنخۇا گېزىتى» نىڭ 1945 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇستتىكى سانىغا قاراڭ).

(2) گومىنداڭ ۋەكىلى جياڭ جىڭگو (جياڭ جيېشىنىڭ



ئوغلى) 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىنلىكىنى بىلىپ قايتقان. ئۇ يەنە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى موسكۋاغا بېرىپ قايتىشىدا ئۈرۈمچىدە توختاپ، موسكۋانىڭ 3 ۋىلايەت بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئالغا سۈرۈشكە ياردەم بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئۇ يەنە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە بولغان.

(3) 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كەلگەندە مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى يېۋسىيېف بىلەن كۆرۈشكەن. يېۋسىيېف: «بۇ ئىشنى (شىنجاڭ مەسىلىسىنى دېمەكچى) ئامال بار تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك» دېگەن. ئۇ يەنە: «بۇ مەسىلىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويسا ئاسان ھەم ئۈنۈملۈك بولاتتى» دېگەن. شۇ كۈنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ: «بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي، ھازىر پەقەت دىپلوماتىيە ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىلا بار، بۇنداق بولمىغاندا، ئۈرۈمچى قولدىن كېتىپ قالسا ۋەزىيەت پۈتۈنلەي يامانلىشىپ كېتىدۇ... شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا جۇڭگو ـ سوۋېت ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشىنى موسكۋادىكى باش ئەلچىمىز ئارقىلىق سوراپ بېقىش ھەققىدە دەرھال تېلېگرامما يوللاشقا بولامدۇ ـ يوق؟» دەپ تەكلىپ بەرگەن.

(4) يەنە شۇ 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا

لوندۇندا گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف بىلەن كۆرۈشكەندە، غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، مولوتوف: «مۇنداق ۋەقەنىڭ بولۇشى ۋاقىتلىق ھادىسە، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي بېسىقىدۇ» دېگەن.

(5) گېنېرال جاڭ جىجوڭ يەنە 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن چوڭچىڭغا بارغان. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭچىڭدىكى باش ئەلچىسى پىدۇروف جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بىر ئەسلەتمە تاپشۇرغان. ئۇنىڭدا: «مۇسۇلمانلاردىن بىرمۇنچە كىشى ئۆزلىرىنى شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ، غۇلجىدىكى كونسۇلخانىمىزگە كېلىپ، روسىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاستىچى بولۇپ، ئۆزلىرى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئاستىرىتتىن بىلدۈردى ھەمدە قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئەسلىدىنلا جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتى يوقلۇقىنى ئىزھار قىلدى... ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ماقۇل بولسا، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى توختىتىش، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە زۆرۈر بولغان ياردەملەردە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى تەيىنلىمەكچى» دېيىلگەن.① يەنە شۇ كۈنلەردە جياڭ جيېشى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يۇقىرىقى سوۋېت دىپلوماتىيىسىنىڭ ھەرىكەتلىرى يالتا يىغىنىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھەرىكەتلەر بولۇپ، ئەسلىدىكى تۈپ مەقسەتنى ئىجرا قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراش لازىم.

(6) 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 10 -

① جاڭ جىجوڭنىڭ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» ناملىق ئەسلىمىسى، ئۇيغۇرچە، 7 -، 8 - بەتلەر.



ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى 100 - سانلىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئەگەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلسا، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ رەھىمجان سابىرھاجى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئوبۇلخەيرى تۆرىلەردىن تەشكىل تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىل قىلىشنى قارار قىلغان.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسەن، 3 ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ دەپ قارايمەن:

بىرىنچى، يۇقىرىقى ئەھۋاللار 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانغا قەدەر بولسۇن ياكى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن تارتىپ تاكى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئىزچىل تۇردە ئۆز مۇددىئاسى ۋە پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئالاقىدار بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى - شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ كېتىشىگە يول قويماسلىق ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا بولىدىغان سەلبىي تەسىرىنى توسۇش بىلەن ئۇ جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن.

ئىككىنچى، بىتىم 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىشتىن بۇرۇنلا ئىنقىلابنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى بىلەن بىردەك بولىدىغانلىقى ئىچكى جەھەتتە مۇقىملىشىپ بولغان دەپ قاراش لازىم.

ئۈچىنچى، 1944 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجا شەھىرى ئازاد

بولغاندىن كېيىنكى 1 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلغانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى ئەمەلىيەت. لېكىن بۇ يەردە يەنە مۇنداق ئەھۋاللارنى ئەسلەش لازىم: (1) ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا شىنجاڭدا مىللىي، دىنىي مەسىلىلەر مۇرەككەپ بولغاچقا، «كوممۇنىزم»، «كومپارتىيە» ھەققىدە ئاشكارا سۆز ئېچىش ئىنقىلابىي خىزمەتلەرگە پايدىلىق ئەمەس، بەلكى پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ، دەپ قارالغان؛ (2) ئىنقىلابنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق كىشىلەر، جۈملىدىن رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مۇستەقىللىق توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۆچەپ ئالغا سۈرگەن؛ (3) 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. گەرچە ئىلغار كۈچلەر بەزىبىر مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئاز ئىدى، بولۇپمۇ چېنىققان سىياسىي رەھبەرلەر تېخىمۇ ئاز ئىدى. يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشىدىن «گۇمانلانغان» بولسىمۇ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى تىكلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشى، ئىنقىلابنىڭ تۈپ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىغا قاراپ بۇرۇلۇشقا باشلىغان. يۇقىرىقىدەك بەزىبىر مۇرەككەپ ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بەزى شوئارلارنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلۇشىنى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانماقچى بولغان دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا «ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەس



ئىكەن» دەيدىغان تونۇش پەيدا بولۇشقا باشلىغان. شۇ كۈنلەردە يەنە خەلق ئىچىدە «تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ يەنە گومىنداڭنىڭ قولىغا قالساق ئۇلار بىزدىن ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئەندىشىلەرمۇ پەيدا بولغان. 1948 - يىلى ئىلىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەشكىل بولغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرگەن نۇرغۇن كىشىلەر كېيىنكى چاغلاردىمۇ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان» دەپ قاراشتى.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقى 1944 - يىلى 8 - ئايدىن بۇرۇن شىنجاڭنى «مۇستەقىل بولمايدۇ» دېگەن بولسا، 11 - ئايدا ئىلىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەشكىل بولۇشىغا ياردەم بەرگەن، لېكىن بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىغان. 1945 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولمايدىغانلىقىنى ئالغا سۈرۈپ، 9 - ئايدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ئالدىرىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق «ئۆزگىرىشچان» ياكى «سىرلىق» دىپلوماتىيىسى كىشىلەرنى گۇمانلاندۇرماي قويمايدۇ. ئەمما بىز ستالىننىڭ بىر قېتىم شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ھەققىدە سۆز ئاچقانلىقىغا قاراپ ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىزچىل مەيدانىغا قاراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش نىيىتى بولمىغان دېيەلەيمىز. شۇنداقلا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىگە ۋە پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ ئېيتالايمىز.

### تىنچلىق بىتىمى نېمە سەۋەبتىن بۇزۇلدى؟

1945 - يىلى 10 - ئايدىن 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ

6 ـ كۆنگچە، 9 ئايلىق جىددىي كۆرەش ئارقىلىق قولغا
كەلتۈرۈلگەن تىنچلىق بىتىمى ئاساسىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت
ئاران 1 يىل خىزمەت ئىشلىيەلىدى. گومىنداڭ تەرەپ دەسلەپتە
تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش ئۈچۈن قىزغىن ھەرىكەت قىلغان بولسى-
مۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئىچكىرىدىن ھەربىي كۈچلەرنى يۆتكەپ
كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تىنچلىق
بىتىمگە بولغان پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ، ھەرخىل ھىيلە ـ
مىكىرلەر بىلەن تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلى-
دى. نەتىجىدە، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆرۈمچىدە بىرلەشمە
ھۆكۈمەت تەركىبىدە تۇرۇپ خىزمەت ئىشلەش ئىمكانىيىتى قال-
مىدى. شۇڭا ئۇلار غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ
تىنچلىق بىتىمگە قارشى ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلى-
رىنى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسلىدە بىتىم بويىچە جايلاردا دەرھال ناھىيىلىك كېڭەش
ئەزالىرى ۋە ھاكىملارنى سايلاپ چىقىش لازىم ئىدى. لېكىن
سايلام باشلانغاندىن كېيىن گومىنداڭ تەرەپ خەلقنىڭ ئۆزلىرى
ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى سايلىشىغا تۈرلۈك ئاماللار بىلەن
توسقۇنلۇق قىلدى. ھەتتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۇچا، كىرىيە
قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ خەلق ئاممىسى يىغىلغان سايلام مەيدانلى-
رىدا ئوق چىقىرىپ بىرقانچە ئادەمنى ياربدار قىلدى ۋە ئۆلتۈر-
دى. بەزى جايلاردا خەلق سايلاپ چىققان ھاكىملارنى نەزەربەنت
ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىشلىشىگە يول قويمىدى.
شۇنىڭ بىلەن خەلق سايلىغان ھاكىملار ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلغۇ-
چىلار ئۆز ناھىيىلىرىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا قېچىشقا مەجبۇر
بولدى. جايلاردا گومىنداڭچىلار كونا ھاكىملىرىنى ساقلاپ قې-
لىش ياكى يېڭىدىن چىققان ئەكسىيەتچىلەرنى ھاكىم قىلىپ
سايلاش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. سايلام ۋا-
قىتلىرىدا گومىنداڭچىلارنىڭ يەكەن ۋىلايىتىدە ئېلىپ بارغان



سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ھەرىكەتلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى
مىسال قىلىشقا بولىدۇ: سايلامنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەكسىيەت-
چىلەر يەكەندە مەخسۇس كالتەكچىلەر ئەترىتى تەشكىل قىلىپ،
تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشنى ياكى سايلامدا دېموكراتىيىنى
جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلاردىن ئابلىمىتخان (باجخانا خا-
دىمى)، مۇھەممەتنىياز قۇربان قاتارلىق كىشىلەرنى كالتەكلەپ
ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە 100 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۇرۇپ ياربدار
قىلغان. ھەر بىر ناھىيەدىن بىتىمنى قوغداش يۈزىسىدىن سۆزلى-
گەن، گومىنداڭنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن زىيالىيلار ۋە
يۇرت چوڭلىرىنى كۆپلەپ تۈرمىگە تاشلىغان. مەسىلەن، يەكەن
ناھىيىسىدە مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز قاتارلىق 20 كىشى، يەنە
بىر قېتىمدا ئابدۇسەمى، مۇھەممەت غوجا، ئابدۇراخمان مەخ-
سۇم، مىرزا مەھمۇت، ئىمىن ئاخۇن قاتارلىق 30 نەچچە كىشى
تۈرمىگە تاشلانغان. قاغىلىق ناھىيىسىدە قۇددۇس غوجا، مامۇت
ساۋۇت قاتارلىق 20 نەچچە كىشى تۈرمىگە تاشلانغان. مەكىت
ناھىيىسىدە مۇيدىن نىياز (ھاكىم)، قادىر خەلپە (ناھىيىلىك
كېڭەش مۇدىرى)، ھەسەن بارات، ئابدۇقادىر تاھىر قاتارلىق 30
نەچچە كىشى تۈرمىگە تاشلانغان. پوسكامدا ئابدۇللا ئاقچى (باج-
خانا خادىمى)، مۇھەممەت زۇنۇن قاتارلىق 20 نەچچە كىشى
تۈرمىگە تاشلانغان. يەكەن ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرى خەلقنى ئۇرۇپ، قاماپ، باستۇرۇپ، ئۆزلىرى تەييارلىغان
ئەكسىيەتچىلەرنى، جاسۇسلارنى، كالتەكچىلەر باشلىقلىرىنى نا-
ھىيىلەرگە ھاكىم، كېڭەش ھەيئىتى، ساقچى باشلىقى قىلىپ
ئورۇنلاشتۇردى.

سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىلغار زىيالىيلارنى قاماش،
ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈشلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ناھىيە-
لەردە يۈز بەردى. بەزى جايلاردا خەلق ئۆزى سۆيگەن كىشىلەرنى
ھاكىم قىلىپ سايلاشنى تەلەپ قىلسا، ئەكسىيەتچىلەر: «ئۇلار

ئۇيغۇرلارنى هاكىم قىلىپ، خەنزۇلارنى ئىدارىلەردىن قوغلاپ چىقارماقچى» دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، مىللىي زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى چاچماقچى بولدى. ئاقسۇ ناهىيىسى بىلەن ئاۋات ناهىيىسىدە ئۆتكەن مۇنۇ كۈلكىلىك ئىشلارنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەي: ئاقسۇ هاكىمى ياڭ، مۇئاۋىنى چۇلار ئۆزلىرىنى هاكىملىقتا سايلىتىش ئۈچۈن بىر قاتار هەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئاخىرىدا: «سايلام كۈنى بىزنىڭ ئىسمىمىزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار» دەپ ئىسىملىرىنى ئۇيغۇرچە يېزىپ، شافىگرافتا بىر نەچچە مىڭنى بېسىپ خەلققە تارقىتىدۇ. ئاقسۇ ناهىيىسىنىڭ ساقچى باشلىقى ئاۋات ناهىيىسىگە بېرىپ: «كونا هاكىم ما دېگەن ياخشى ئادەم، ئۇنى هاكىم قىلىپ سايلاڭلار، مېنى مۇئاۋىن هاكىم قىلىپ سايلاڭلار» دەپ بىرقاتار هەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. دېمەك، بۇ جانابلار ئۆزلىرىنى «دانا» چاغلاپ، «يۇرت سوراشقا يارالغانلارمىز» دەپ هېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا XX- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقى 99 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلىدىغان ناهىيىگە ئۆزلىرىنى هاكىم ۋە مۇئاۋىن هاكىم قىلىپ سايلىتىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ۋە تازا دۆتلۈكىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس. مۇشۇ قېتىمقى سايلام مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلىدىكى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 1946 - يىلى 16 - سىنتەبىر سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە: «··· ئۇرۇمچىدە كۆتۈرۈۋالغىنى خەلقچىللىق بايرىقى، جار سالغىنى دېموكراتىك سىياسەت، ئەمما جايلاردا سايلاپ چىقىلغىنى ئەكسىيەتچى فېئودال پومېشچىكلار ۋە ئاخۇنلار؛ ئۇلار خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلىمەيدۇ. ئەزگۈچى سىنىپلار جاللاتلىق قېلىچىنى مەڭگۈ تاشلىمايدۇ. بىز سايلامغا قارشى تۇرمايمىز ئەكسىچە تېخىمۇ قىزغىن ئاۋاز قوشىمىز، بىراق، بىز ئۆزىمىز هىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى سايلايمىز» دېيىلگەندى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلـ



غانلىقىنىڭ يەنە بىر مۇهىم پاكىتى شۇكى، بىتىم بويىچە بولغاندا قوراللىرىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتقان پارتىزانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە هاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم ئىدى. ئەمما گومىنداڭچىلار بىتىم بويىچە قورالىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتقان نۇرغۇن پارتىزانلارنى قىرغىن قىلىۋەتتى ياكى تۇتۇپ يوقىتىۋەتتى. مەسىلەن، 1946 - يىلى 6 - ئايدا تاشقورغان پارتىزانلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ (يولداش شېرىپ خۇشتار ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا تاشقۇرغاندا قورال تىزىملاشقا قاتناشقانلىقىنى، يىغىۋېلىنغان هەر خىل قوراللارنىڭ 5600 گە يەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ)، يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى ئۇلارنى پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇپ ۋە بومبا تاشلاپ قىرغىن قىلغان. يېڭىسارنىڭ قىزىل يېزىسىدىن پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ مەسئۇل خىزمەت ئىشلەپ، بىتىم بويىچە يۇرتىغا قايتقان هەسەن هاجى، ساۋۇت قارى، تۇرسۇن ئاخۇنلارنى تۇتۇپ مەخپىي يوقىتىۋەتكەن. يەكەن تەرەپتە پارتىزانلار تەركىبىدە مەسئۇل خىزمەت ئىشلەپ، بىتىم بويىچە يۇرتىغا قايتقان هاشىم خۇيجاڭ، تۇردى قارى، راشىدىن ئەلەم ۋە ئىسهاقجان قاتارلىق 20 نەچچە كىشىنى قولغا ئالغان. قاغىلىق ناهىيىسىنىڭ چۆپتاغ قىشلاقىدىنلا بىتىمگە ئاساسەن يۇرتىغا قايتقان پارتىزانلاردىن هەسەن بەگ، مېهمان ئاخۇن، تۇراخۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلىغان ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ۋەهشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەكەن، قەشقەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى 2000 دىن ئاشقان. جۈملىدىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئىلىدىن ئاقسۇغا چۈشكەندە ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىنخوجا قاتارلىق 20 نەچچە ئىلغار ياشنى ئۆلتۈرۈپ سېپىل

تۈۋگە كۆمۈۋەتكەن. مىللىي ئارمىيە بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن
ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاقسۇ ۋە بىرقىسىم ناھىيەلەر-
دىكى بىر قىسىم خەلقلەرمۇ قىرغىن قىلىنغان. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى 338 كە يېتىدىكەن
(ئۇچتۇرپاندا ئۆلتۈرۈلگەن 18 كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). تىنچ-
لىق بىتىمىنىڭ سىياسىي قۇرۇماي تۇرۇپلا، سايلام جەريانىدىكى
مەسىلىلەر ۋە قورال تاشلاپ يۇرتىغا قايتقان پارتىزانلارغا يۈرگۈز-
گەن تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بى-
تىمگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىغا يېتەرلىك پاكىت بولالايدۇ.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا، گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى
بۇزغانلىقى ھەققىدە يەنە تۆۋەندىكى بىرنەچچە پاكىتنى قىسقىچە
ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن: 1) بىتىمگە ئاساسەن گومىنداڭ تەرەپ
3 ۋىلايەتكە بېرىشكە تېگىشلىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي خىراجەتلەرنى
تولۇق ۋاقتىدا بەرمىدى؛ 2) بىتىم ئاساسىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا
يەرلىك خەلقتىن تەشكىل قىلىنماقچى بولغان 2 ئامانلىق ساقلاش
پولكى تەشكىل قىلىنمىدى؛ 3) 3 ۋىلايەتكە كۆپلەپ ئىشپىيون
ئەۋەتتى (شۇ چاغدا ئەۋەتىلگەن ئىشپىيون 100 نەچچە كىشى
بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنى مەلۇم قىلغان)؛ 4)
1947 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئالتايدا ئوسماننى قۇترىتىپ ئۇنىڭغا
قورال ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى بېرىپ، 3 ۋىلايەتكە قارشى
قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغۇزۇپ،
كۆپلەپ پاراكەندىچىلىك سالدى. ساۋەننىڭ ھاكىمى قالىبەگكە
قورال بېرىپ، ئۇنى 3 ۋىلايەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈزدى.
ئۇلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گومىنداڭ تەرەپكە قېچىپ بېرد-
ۋالدى؛ 5) بىرمۇنچە جايلاردا بىتىمنى قوغداش ھەققىدە سۆزلى-
گەن ياشلارنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. مەسىلەن: يەكەندە
ئەنۋەر يۇسۇپ (مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇپەتتىشى) ۋە ئىمىن
ئىسلام (ئىلغار زىيالىي) لارنى تىرىك كۆمگەن. بولۇپمۇ گومىند-



داڭ ھەربىيلىرى يەرلىك ئىشلارغا چات كىرىۋېلىپ، قورال كۈ-
چى بىلەن زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى؛ 6) ئۈرۈمچىدە ئىشپى-
يونلار بىلەن ھەربىيلەر ئارىلاشقان مەخسۇس 3 ۋىلايەتكە قارشى
نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ «25 ـ فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا
قىلدى؛ 7) 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىملىق ئۆلكىلىك
كېڭەش يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى ۋە ئۆلكە رە-
ئىسلىكىگە مەسئۇدنى تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن 3 ۋىلايەت كېڭەش
ۋەكىللىرى ۋە 7 ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى نارازىلىق
بىلدۈرۈپ ئىلىغا قايتىپ كەتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مۇشۇنداق بۇزغۇنچىلىقلارنى
قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە 3 ۋىلايەت تەرەپنى: «ئالاھىدە بولىۋال-
دىڭلار» ، «مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن يانمىدىڭلار»
دەپ تەكرار ـ تەكرار «ئەيىبلەپ» كەلدى. خەلق ئاممىسى 7
ۋىلايەت دائىرىسىدە بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنمىغانلىقىغا نارازىلىق
بىلدۈرسە ياكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا پىكىر
بەرسە، گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇنىمۇ «3 ۋىلايەت تەرەپ قوزغاۋا-
تىدۇ» ، «شەرقىي تۈركىستان قۇرماقچى» ، «خەنزۇلارغا قارشى
تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقاتتى. ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ تەرەپ
تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىش بىلەنلا 3 ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىللىق
دەۋاسى قىلمىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانىدى. مەسىلەن، 1945 ـ
يىلى 12 ـ ئايدا، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇ-
رىسىدا سۆھبەت باشلانغاندا، گومىنداڭ تەرەپ ئەسلىدە 3 ۋىلايەت
تەرەپنى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن،
دەپ قارىغان بولسىمۇ، سۆھبەت جەريانىدا 3 ۋىلايەت تەرەپ
ۋەكىللىرىنىڭ مەقسىتى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى
ئىقرار قىلغان. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە
بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۇستەقىللىق دېگەن نېمە؟ دەپ سورى-
غاندا، ئۇلار (3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى) : بۇ ـ ئۆز جايىنىڭ سىيا-

سي، ئىقتىسادىي، ھەربىي قاتارلىق ئىشلىرىنى خەلق ئۆزى
باشقۇرسۇن؛ دىپلوماتىيە، قاتناش، پۇل - مۇئامىلە تۈزۈمى
قاتارلىقلارنى مەركەز باشقۇرسۇن، دېدى... مەن شۇنىڭدىلا ئىلى
تەرەپنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى - مىللىي مۇستەقىللىق ئەمەس،
بەلكى مىللىي ئاپتونومىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم» دېگەن. بۇ-
نىڭدىن باشقا 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدىن نەنجىڭگە
دۆلەت قۇرۇلتىيىغا قاتنىششقا بارغان شىنجاڭ ۋەكىللىرى قۇ-
رۇلتايغا سۇنغان 10 ماددىلىق تەكلىپنىڭ 8نى چوڭ يىغىن قوبۇل
قىلغان. شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوف قاتارلىق بىرقانچە كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ تەلەپ-
لەردە شىنجاڭدا ئاپتونومىيە قۇرۇش ھەققىدە سۆزلىنىپ، مۇس-
تەقىللىق توغرىسىدا ھېچقانداق سۆز بولمىغان، جاڭ جىجۇڭ
ئەپەندى بۇ ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. يەنە مۇنداق بىر
ئەھۋالمۇ بولغان: تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، بىتىم-
گە ئاساسەن 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ،
ئاي، يۇلتۇزلۇق بايرىقىنى ئېلىپ تاشلاپ گومىنداڭ بايرىقىنى
ئاسقان. لېكىن شىنجاڭ نامىنى قوللانماي «شەرقىي تۈركىستان
ئىلى ۋىلايىتى» دەپ قوللانغان. بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن،
گومىنداڭ تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراپ 3 ۋىلايەتكە گومىنداڭ
ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە چېگرا قوغداش قىسىملىرىنىڭ كىرىشىنى
ئارقىغا سۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ، گو-
مىنداڭ تەرەپنىڭ بۇ مەسىلىدە چىڭ تۇرۇشىمۇ بىر مەسىلە ئى-
دى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلى-
رىنىڭ قىلمىشىغا خەلق پىكىر قىلسا، گومىنداڭچىلار ئۆزىنىڭ
ئەپتى - بەشىرىسىگە قارىماي قورال كۈچىگە تايىنىپ باشقىلارنى
ئەدەپلەش بىلەن قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستانچىلار» دەپ ئەيىپ-
لەشكە كىرىشتى. يىغىپ ئېيتقاندا، 3 ۋىلايەت تەرەپ قولغا
كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى قوغدىماقچى، گومىنداڭ تەرەپ پۈتۈن



شىنجاڭغا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىمەكچى ئىدى.
گومىنداڭ تەرەپ يەنە، تىنچلىق بىتىمىنىڭ بۇزۇلۇشىغا 3
ۋىلايەت تەرەپنىڭ 1947 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان، پىچان،
توقسۇندا قوزغىلاڭ تەشكىللىگەنلىكى سەۋەپچى بولدى، دەپ ئىغۋا
تېرىپ، ئۇنى ئالاھىدە مەسىلە قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمەلى-
يەتتە، تۇرپان قاتارلىق 3 ناھىيە خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈشىگە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمى ۋە ئىغۋاگەرچى-
لىكى سەۋەب بولغان. شۇڭا 3 ناھىيە خەلقىنىڭ 3 ۋىلايەت
ئىنقىلابىنى ئاكتىپ قوللىغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئە-
مەس ئىدى. ئۇلار گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن مەخپىي ھالدا نەچچە
10 مىلتىق ۋە تاپانچا سېتىۋالغانلىقى، ئۇندىن باشقا يەرلىك
ئۇستىلارغا بىرنەچچە قارا مىلتىق ياسىتىپ قوغدىنىش ئارزۇسىدا
بولغانلىقى مەلۇم. گومىنداڭ تەرەپ 3 ناھىيە خەلقىدە قورال
بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، بىرەر باھانە
تېپىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ئارقىلىق خەلقنى باستۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋالماقچى بولغان. شۇ كۈنلەر-
دە، ئاستانە يېزىسىنىڭ تۆتسوقما دېگەن يېرىدىكى تېرىلغۇ يەر-
لەرنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى شېڭ شىسەي دەۋرىدە مۇسادىرە قىلى-
نىپ سېتىۋېتىلگەن يەرلەرنى بەلگىلىمە بويىچە قايتۇرۇۋېلىشقا
بارغاندا، يەرنى سېتىۋالغانلار گومىنداڭ ھەربىيلىرى بەرگەن
قوراللارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قارشىلىق قىلغان. ئۇلارغا قارشى
لۈكچۈن - ياڭخىلىق ياشلار ئىمىن شاڭجاڭنىڭ باشچىلىقىدا قو-
راللىنىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالغان. شۇنىڭ
بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئادەم تۇتۇش، قاماش، نازارەت
قىلىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئا-
مالسىز قوزغالغان. ھەتتا تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتىغا
سۇيىقەست قىلماقچى بولغاندا ئۇ شەھەردىن قېچىپ چىققان. دې-
مەك، «3 ناھىيە خەلقىنى 3 ۋىلايەت تەرەپ قوزغىلاڭ قىلدۇر-

دى» دېگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغلاردا بۇ 3 ناھىيە خەلقىنى قورالLiق قوزغىلىشقا تەشەببۇس قىلىش ئۇلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولاتتى. بۇقوزغىلاڭغا باشلامچىلىق قىلغان ياكى ئەھۋالنى بىلىدىغان ئىمىن شاڭجاڭ، ئەخمەتنىياز داۋۇت، ھەمدۇل ھېۋىپ (پىچاندىن)، باۋۇدۇن يۈسۈپ، رەجەپ توختى (تۇرپاندىن)، تۇرسۇن ئابدۇرېھىم، شېرىپ پەتتار (توقسۇندىن) قاتارلىق كۆپلىگەن كىشىلەردىن ھازىرمۇ كۆپى ھايات. ئۇلار 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ قوزغىلىشقا تەشەببۇس قىلمىغانلىقى، ئەكسىچە «قوزغىلىشقا بولمايدۇ، بىتىمنى ئىجرا قىلىش لازىم» دەپ قوزغىلاڭنى توسۇغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. شۇ چاغدا تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ئابدۇراخمان مۇھىتىمۇ ھايات ۋاقتىدا شۇ ئەھۋالنى ماڭا بىر نەچچە قېتىم ئېيتقان. 1947 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايدا (قوزغىلاڭ باشلىنىشتىن ئىلگىرى) ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بارغان بەزى ياشلار، مەسلەن، خالىق (تۇرپاندا) بىلەن تۇرسۇن (بانكا)، ساپاخان بىلەن تۇرسۇن ۋاھىدى، غېنى بىلەن مۇسا (قاقباش) قاتارلىقلار «قوزغىلىمىز، ئىنقىلاب قىلىمىز» دەپ بىر نەچچە قېتىم ئوتتۇرىغا چىققاندا، 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا يول قويمىغان. ئۇلاردىن غېنى، مۇسا (قاقباش) قاتارلىق 10 نەچچە كىشى قوراللىنىپ تاغقا چىقىۋالغاندىمۇ تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۇلارنى توسۇشقا ساقچى ئەۋەتكەن. ھەتتا بۇ ساقچىلار بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولۇپ غېنى، مۇسا (قاقباش) قاتارلىق 4 كىشى ئوق تېگىپ ئۆلگەن. قوزغىلاڭچى ياشلارنىڭ ئەڭ كىچىكى 17 ياش، چوڭى 20 نەچچە ياش بولۇپ، ئۇلار تۇرپان تەرەپكە بېرىپ: «بىز ئۈرۈمچىدىن ئىنقىلاب قىلىشقا كەلدۇق» دەپ يۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى 1 دانە كونا



فوتو ئاپپاراتىنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ، ئۇنى «ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن سۆزلىشىدىغان راتسىيە ئاپپاراتى» دەپ يالغان ئېيتىپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولغان. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ 3 ۋىلايەت تەرەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئەۋەتكەن ئەمەس.

گومىنداڭ تەرەپ 3 ۋىلايەت تەرەپتىن قاتتىق گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن قالايمىقان «ئەيىبلەشكە» ئۆرۈنغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىر مىسالنى ئېيتساق ئارتۇقچە بولماس: قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن كۈنلەردە، تۇرپان شەھىرىدىكى نەنمېن (جەنۇبىي دەرۋازا) ساقچى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇجېلىل سوجاڭ (ئۈچتۇرپانلىق يىگىت) ئۆز قول ئاستىدىكى بىر نەچچە ساقچىنى باشلاپ چىقىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە باتۇرلارچە جەڭ قىلغان. لېكىن، بەختكە قارشى توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر جەڭدە دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. بۇ يىگىت تولىمۇ سېرىق ۋە كۆزى كۆك بولغاچقا گومىنداڭچىلار دەرھال بېشىنى كېسىپ توقسۇن بازىرىغا ئېسىپ قويغان ھەمدە: «بۇ كىشى 3 ۋىلايەت ئەۋەتكەن رۇس» دەپ بىلجىرلىغان.

بەزىلەر كېيىنكى كۈنلەردە ئەسلىمە يېزىپ: «تۇرپان، پىچان، توقسۇن 3 ناھىيىگە 3 ۋىلايەتنىڭ ياشلار تەشكىلاتى ئادەم ئەۋەتتى» دېگەن. ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئىش زادى بولغان ئەمەس. چۈنكى، 3 ۋىلايەتتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ 3 ۋىلايەت سىرتىدا ھېچقانداق تەشكىلى يوق، ئۇنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەزىپىسىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر 3 ناھىيىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بار ئىدى دېيىلسە، ئۇلار 7 ۋىلايەتنىڭ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بولۇشى مۇمكىن. 3 ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى بىلەن 7 ۋىلايەتنىڭ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى باشقا ـ باشقا 2 تەشكىلات بولۇپ، 2 سىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. 7 ۋىلايەت خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭمۇ شۇ

چاغدا تۇرپان قاتارلىق 3 ناھىيىگە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن.

3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى نېمە ئۈچۈن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى؟ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەھۋالنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم. 1947 - يىلى 2 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى نەنجىڭدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن نەنجىڭدىن قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئاپتومات ئاسقان بىر يىگىت بىر پارچە خەتنى ماڭا بېرىپ، 3 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشىمنى ئېيتىپ قويۇپ كەتتى، شۇ كۈنى مېنىڭ دەرۋازام ئالدىدا 30 - 40 ئاتلىق قوراللىق ئادەم ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ تۇردى. ئارىدىن 2 كۈن ئۆتكەندە ×× خانىم ‹مەن سېنى ئۆلتۈرۈمەن› دەپ خەت يېزىپتۇ. ھەقىقەتەن مېنى ئۆلتۈرۈش ناھايىتى ئاسان ئىش، چۈنكى ئۈرۈمچىدە مېنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان خەلقتىن باشقا شەخسىي بىرمۇ مۇھاپىزەتچىم يوق، مېنى ئۆلتۈرۈمەن دېگەن كىشى پۈتۈن ئۈرۈمچى خەلقىغە مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ساقچىلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن مۇتلەق خەۋىرى يوق. مەن دەرھال مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنى چاقىرىپ، مېنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ھېچقانداق پايدا چىقمايدىغانلىقىنى ۋە مېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم». ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزىدىنمۇ تۇرپان قوزغىلىڭىدىن 5 ئاي بۇرۇنلا ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۇرلۇك ئىغۋاگەرچىلىكى چېكىدىن ئېشىپ، ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە تۇرۇپ خىزمەت ئىشلىشىگە ئىمكانىيەتنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3 ۋىلايەت تەرەپتە بىتىمگە خىلاپ بىرەر ئىش بولدىمۇ - يوق دېگەندە، 3 ۋىلايەت تەرەپتىمۇ بەزىبىر ئەھۋاللار كۆرۈلدى،



ئەمما 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرگەن ۋە ئۇنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قويغان. مەسىلەن، دۆربىلجىندە ئالتايغا سايلام ئۆتكۈزۈشكە ماڭغان سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۇركىستانىنى ۋە تارباغاتايدا 1945 - يىلى 7 - ئايدا چۆچەكتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ، بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقان گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېر ۋە ساقچىلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى خەلق ئۇر - ئۇر قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. 3 ۋىلايەت تەرەپ بۇ ئىشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلغان ۋە بۇنى دەرھال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تۇركىستانىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئەخمەتجان قاسىمى 1947 - يىلى 2 - ئايدا مەدەنىيەت كۇلۇبىدا سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «دۆربىلجىندە تۇركىستان ئۆلتۈرۈلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ماڭا كەلگەن خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا تۇركىستان ئەپەندى دۆربىلجىن كىنوخانىسى ئالدىدا كىتاب تارقاتقان ۋاقتىدا بىر قىسىم ئامما ئۇ كىتابنى تارقاتقۇزمايمىز - دەپ ئۇنى توسۇپتۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئارىدا جاڭجال چىقىپ، خەلق تۇركىستانىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. قانداقلىكى بولمىسۇن بىز تۇركىستانىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارشىمىز. ئايرىم كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش قاتىللىق يولى بولۇپ، ئۇ ھەرگىز بىزنىڭ يولىمىز ئەمەس. ھېلىمۇ تۇركىستان ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەتئىي قارشىمىز. ئايرىم كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن تۈزۈمنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىز ناھايىتى ياخشى بىلىمىز». دېمەك، بۇ مەسىلىدە 3 ۋىلايەتنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى ئوچۇق بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىغا 3 ۋىلايەت تەرەپ سەۋەبچى بولغان بىرەر كونكرېت پاكىتنى بىلمەيمىز. 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئەخمەتجان

قاسىمى تىنچلىق سۆھبىتىدە، 3 ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى ئى-
چىدىكى ئاساسلىق ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى-
نىڭ تۈزۈلۈشىگە زور تۆھپە قوشتى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت تەركىبىدە مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىل-
دىمۇ تىنچلىق بىتىمىنى سەمىمىي قوغدىدى ۋە ئۇنى ئىجرا قى-
لىش يولىدا ناھايىتى چوڭ كۈچ چىقاردى. ئۇ، 3 ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر
ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان رەھبەر بولغاچقا، بىتىم بۇ-
زۇلغاندىن كېيىنمۇ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، 3 ۋىلايەت
دائىرىسىدە بىتىمگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «شىنجاڭدا
تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ،
ھەر مىللەت خەلقىنى تەشكىللەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىشنىڭ ئىدىيىۋى تەييار-
لىقىنى ئىشلىدى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ماڭغان يولى ھەر بىر
ماركسىزم، لېنىنىزمگە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ بىردىنبىر يولى
بولۇپ، باشقىچە بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## 4. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى مەڭگۈ شانلىق بىر تارىخىي سەھىپە بولۇپ قالىدۇ

شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى - شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان
تارىخىدىكى زور ۋەقە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىر-
غىز، موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، تاجىك قاتارلىق 10 نەچچە مىل-
لەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە
ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىدىيالماي، مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكرا-
تىيىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە 1944 - يىلى 8 - ئايدا
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات
يايدۇرغان، شۇنداقلا بۇ كۈرەشكە بىرقىسىم خەنزۇ خەلقىمۇ



قاتنىشىپ ئىنقىلابنى قوللىغان. 1 يىلغا يېقىن قان كېچىپ جەڭ
قىلىش ئارقىلىق ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلا-
يەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 27 ناھىيە تەۋەسىدىكى گومىنداڭ
ھاكىمىيىتىنى ئۈزۈل - كېسىل بىت - چىت قىلىپ، ئۆزىنىڭ
ھاكىمىيىتىنى ئورناتقان. شۇنداقلا پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئا-
زادلىق ھەرىكىتىگە ماسلاشقان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي
ھەرىكەت. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىد-
نىڭ بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ،
ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، مۇرىنى - مۇرىگە
تىرەپ جەڭ قىلىش ۋە نەچچە مىڭلىغان ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ
باتۇرانە قۇربان بېرىشى نەتىجىسىدە 3 ۋىلايەتتىكى 700 مىڭدىن
ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە زېمىنىدا غەلىبىگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا
شىنجاڭنىڭ باشقا 7 ۋىلايىتىدىمۇ ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىل-
غان. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاد-
لىق ئۇرۇشىنىڭ تەقدىرى بىلەن، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ
فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلاد-
غان.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى 3
نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

1. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 3 ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ
مىللىي زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن ئازاد قىلدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن قوراللىق كۈرەشنى
ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلارغا يار-يۆلەك بولۇپ،
ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈردى ، خەلق ئىگىلىكى-
نى راۋاجلاندۇردى، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇردى، شۇنداقلا باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگى-
رى سۈردى. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن
ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن
قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مىتى ئۆز خىتابنامىسىدە «مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش»، «خەلق مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش»، «سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن دوست ئۆتۈش»، «ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا دېموكراتىك سىيا-
سىينى گەۋدىلەندۈرۈش»، «ئارمىيە خەلققە مەنسۇپ بولۇش» دې-
گەنگە ئوخشاش پرىنسىپلارنى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلىگەن. ۋا-
قىتلىق ھۆكۈمەت 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېلان قىل-
غان خىتابنامىسىدىمۇ «بانكا، پوچتا - تېلېگراف، ئورمان ۋە
بارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ»
دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە دېھقانلار-
نىڭ باج سېلىقىنى يېنىكلىتىشنى قارار قىلدى، كەمبەغەل دېھ-
قانلارغا ئۇلاغ ۋە ئۇرۇقلۇق ياردەم قىلدى ۋە ئۆسۈمسىز قەرز
بەردى. يالغۇز ئىلى ۋىلايىتىدىلا يېرى ئاز ياكى يەرسىز دېھقانلار-
غا 100 مىڭ مودىن كۆپرەك يەر تەقسىم قىلىپ بەردى. شىنجاڭ
تارىخىدا تۇنجى قېتىم يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەسىس قىلىپ،
دېھقانلارنى جازانىخورلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلدۇر-
دى. 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي چىقىمى شۇنچە
كۆپ بولسىمۇ، مالىيە كىرىمىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى يەنىلا مائارىپ
ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاجراتتى. شىنجاڭ تارىخىدا
تۇنجى قېتىم دۆلەت شتاتىدىكى سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلدى.
يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بەزىبىر داۋالاش ئىشلى-
رىنى ھەقسىز ئېلىپ باردى ۋەھاكازالار. بۇنداق ئىشلارنى پەقەت
3 ۋىلايەتكە ئوخشاش يېڭى دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇشقا
كىرىشكەن ئالاھىدە رايونلاردىلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.



2. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ
3 ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئۇزۇل - كېسىل
تارمار قىلىش بىلەن 100 مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ قوشۇنىنى
ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ،
بولۇپمۇ غەربىي شىمالدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە
تۆھپە قوشتى. شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا زور
تۆھپە قوشتى.

3. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىن-
قىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھەر
مىللەت مۇنەۋۋەر كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇلار جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئې-
لىش، باندىت تازىلاش، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە ھەق-
قىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى
ئېلىپ بېرىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشى-
يەنگە ياردەم بېرىش، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بې-
رىش قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلەردە ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئاكتىپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ رولىنى
جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپىلەرنى ياراتتى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆس-
تۈرۈپ، ئىنقىلاب جەريانىدىكى بەزى مەسىلىلەرگە توغرا قارىشى-
مىز لازىم. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجان
قاسىمى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە توختالغان-
دا: «3 ۋىلايەت ئىنقىلابى يالغۇز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى
بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دېموكراتىك سىياسىينى قولغا
كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مىللىي ئازاد-
لىق كۈرىشىنىڭ تىغ ئۇچىنى خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ دۈشمەن-
لىرىگە، يەنى جاھىل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ

خوجايىنى جاھانگىرلارغا قارىتىش لازىم» ، «3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى — ئازادلىق، باراۋەرلىك، تىنچلىق، ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش» دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى.

1946 - يىلى 12 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ نەنجىڭدە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى قوبۇل قىلغان چاغدىمۇ شىنجاڭدىكى ئىلغار تەشكىلاتلارنىڭ بىرلەشكەنلىكىنى قوۋۋەتلىگەندىن كېيىن: «شىنجاڭ نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت خەلقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، ئۇ يەردە دىنىي ئېتىقاد كۈچلۈك، شۇڭا ئۇ يەردە كوممۇنىزم بايرىقىنى بەك بالدۇر كۆتۈرۈپ چىقىش مۇۋاپىق ئەمەس، يەنە كېلىپ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلاب يەنىلا دېموكراتىك ئىنقىلاب…» دەپ ئېنىق يوليورۇق بەرگەنىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى، ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئۇنى قوللىغان ۋە تەلەپكە بىنائەن رادىست پىڭ گوئەننى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. 1949 - يىلى 8 - ئايدا يولداش دېڭ لىچۈننى ئىلىغا ئەۋەتىپ ئالاقىچىلىققا تەيىنلىگەن. يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىدا «لىچۈن رادىئو ئىستانسىسى»نى قۇرۇپ، 3 ۋىلايەتتىكى ئەھۋاللارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىنى 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە يەتكۈزۈپ تۇرغان. رەئىس ماۋزېدۇڭ 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئۇزۇنغا قالماي پۈتۈنلەي ئازاد بولىدۇ، سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلارمۇ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنى-



دۇ.» دەپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا ئىنتايىن توغرا يەكۈن چىقارغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭ خەلقىگە ۋاكالىتەن ئىلىدىن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرغان. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن، رەئىس ماۋزېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 5 يولداشنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرگەن ھەمدە قايتىدىن يەنە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنىغا قاتنىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ئالاقىدار بولغان دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرقانچە نۆۋەتلىك شۇجىلىرىمۇ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ يۇقىرىقى يەكۈنىنى تۇتقا قىلغان ئاساستا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى تەكرار مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بېرىپ كەلدى.

ئەمما شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى كىشىلەر 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا بەزىبىر پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى قەستەن بۇرمىلاپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زەھەر خەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا چىقارغان توغرا يەكۈننى ئاغدۇرۇۋېتىش خام - خىيا-

لىدا بولدى. مەسىلەن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئەسىرگە
چۈشۈپ قېلىپ ياكى بولمىسا ئىنقىلابتا زىيان تارتىپ ئۇرۇمچىگە
قېچىپ كېلىۋالغان بەزى كىشىلەر 1950 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرى‐
دا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قانداقتۇر: «مىللىي قىرغىنچىلىق
قىلدى» ، «خەنزۇلارنى قىرىپ تۈگەتتى» دېسە، يەنە بەزىلەر «3
ۋىلايەت ئىنقىلابى خەنزۇلارغا قارشى ئىنقىلاب » دېيىشكەن.
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدىكى قالايمىقانچىلىق مەزگىل‐
لەردە، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار
قىلغانلىقتىن، بەزى ئادەملەر يۇقىرىقىدەك پىتنە ـ ئىغۋا سۆز‐
لەرنى قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناش‐
قان كادىرلارغا بېسىم ئىشلەتتى.

ئەمدى 3 ۋىلايەتتىكى مىللىي مەسىلىگە دائىر يۇقۇرىقىدەك
مۇبالىغە ۋە پىتنە ـ ئىغۋالارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى
ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولسا كېرەك. ئالدى بى‐
لەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىن‐
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان ئامېرىكا
جاھانگىرلىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق كۆرەش بو‐
لۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىرەر مىللەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان
ئىنقىلاب ياكى قوراللىق كۆرەش ئەمەس. ئەگەر ئۇ بىرەر مىللەت‐
كە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنى قانداقمۇ ئىنقى‐
لاب دېگىلى بولسۇن؟!

3 ۋىلايەت تەرەپ باشتىلا ئۆزىنىڭ خىتاپنامىسىدا: «ھەممە
مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن شوئارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قوي‐
غان. 3 ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ۋە ئۇنىڭ ھەر
قايسى خىزمەت ئاپپاراتلىرىدا ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەر خىل
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەسىلەن، خۇيزۇلاردىن كېرەم ھاجى،
مەنسۇر لومىيوف، مۇھەممەت ھاجى قاتارلىقلار پولىك كوماندى‐



رى، بانكا باشلىقى، ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛ ئاز ساندىكى خۇيزۇ ئاھالىسى ياشايدىغان
چىلپەنزە، سۈيدۈڭ ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىرى ئارىسىدىمۇ خۇي‐
زۇلار بار ئىدى؛ شىبە ياشلىرىدىن شۇمۇتۇڭ، دېلىن، گىرو
قاتارلىقلار مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، شۇمۇتۇڭ شۇ چاغ‐
دىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇن ـ مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم
باشلىقى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قايسى مىللەت ياشلىرى‐
دىن ئەسكەر قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلاردىن بەزىلىرىنى ئۆز
مىللىتىنى ئاساس قىلىپ ئايرىم قىسىم قىلىپ تەشكىللەپ،
ئۇنىڭغا شۇ مىللەتتىن كوماندىرلارنى تەيىنلىگەن. مەسىلەن،
مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە خۇيزۇ پولكى، موڭغۇل پولكى، شىبە
ئىسكادىرونى قاتارلىقلار تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار گومىن‐
داڭغا قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلغان. شىنجاڭ تارىخىدا ئاز
سانلىق مىللەتلەر ھېچقاچان شۇ چاغدىكىدەك زىچ ئىتتىپاقلى‐
شىپ، مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئەكسىيەتچى
ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق كۆرەش قىلىپ باققان ئەمەس.
قاناتبېك (قازاق )، ليۇ بېندى (خۇيزۇ)، ھاشىم (ئۇيغۇر) قا‐
تارلىقلار ئۇ مىللەت ياكى بۇ مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس
بەلكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالچىسى بولغانلىقى ئۈ‐
چۈنلا 3 ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. 3 ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدە نىلقا تەرەپتە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى
بولۇۋاتقان چاغلاردا پارتىزانلار خەنزۇ پۇقرالارنى قوغداپ قالغان
ۋە ئۇلارغا قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى تارقىتىپ بەرگەن؛ 3 ۋىلايەت
تەرەپ خەنزۇ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن
يەنە بەزىبىر ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنىمۇ قوللانغان. مەسىلەن، غۇل‐
جا شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ھەربىي شتاب شەھەردە
بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىق، بولۇپمۇ خەنزۇلار ۋە ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە تەگمەس‐

لىك، ئۇلارنى بوزەك قىلماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. يەنە شۇ مەزگىلدە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش ھەققىدە قارار چىقىرىپ، بىر نەچچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 1945 - يىلىنىڭ بېشىدىكى 24 - سانلىق يىغىنىدا چىقىرىلغان قارارىدا: «ھازىر بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار پۈتكۈل خەلقىمىز قوراللاندۇرۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭچىلىق، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئىنقىلابىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. مۇنداق ئەبلەخلەرگە قىلچە رەھىم قىلماي، ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئىنقىلابىي تەرتىپنى مۇستەھكەملەش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن: (1) بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەر قاتتىق جازالىنىپ، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ؛ (2) ئازادلىق ئىنقىلابىمىزدىن كېيىن خالىغانچە قورال ئىشلىتىپ، خالىغانچە يامان ئىشلارنى قىلغان ئوسمان تۆڭگان ۋە قۇتلۇقلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن» دېيىلگەن. ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئەھۋالنى پەرقلەندۈرمەي بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئېغىر جازا بەرگەنلىك دەپ قاراش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر بۇلارلا ئەمەس. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۈيدۈڭ كۈرە ئېلىنغاندا، خەنزۇ پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن لاتىفقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن؛ سۈيدۈڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇلاڭچىلىق قىلغان ئىسمائىل، مۇقانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن؛ چۆچەك ئازاد بولغاندىن كېيىن بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن مۇقاش قاتارلىق 3 جەڭچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئامما ئالدىدا ئىجرا قىلىنغان؛ شىخو ئېلىنغاندا، بىر خەنزۇ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغان ۋزۋوت كوماندىرى مۇقتارغىمۇ ئۆلۈم جازا-



سى بېرىلگەن. مۇنداق مىساللاردىن يەنە بىر نەچچىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. 1945 - يىلى سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىلىك ھاكىم ئىدارىسى يۇقىرىغا دوكلات يېزىپ، «لوسىگۇڭ يېزىسىدا تۇرۇۋاتقان ياكى قېچىپ كېتىپ قايتىپ كەلگەن 50 نەچچە ئۆيلۈك خەنزۇ پۇقرانىڭ چارۋا ۋە مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا بولمايدۇ، بارلىق مال - مۈلكىنى ئۆز ئىگىسىگە بىخەتەر قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگەن. ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 1945 - يىلى 11 - ئايدا خەنزو پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدا 6 ماددىلىق بەلگىلىمە چىقارغان؛ 1946 - يىلى 3 - ئايدا دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىنغاندا، خەنزۇ پۇقرالارغا ئوخشاشلا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغان. شۇنىڭدەك، باشقا مەكتەپلەرگە ئوخشاش خەنزۇ مەكتەپنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگەن؛ باشقا گېزىتلەر قاتارىدا خەنزۇچە گېزىت چىقارغان؛ خەنزۇلار جەمئىيىتىنى تەسىس قىلغان. بۇ مىساللار 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قانداقتۇر «باشقا مىللەتكە قارشى ئىنقىلاب» ئەمەسلىكىنى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يەنى غۇلجا شەھىرىدە ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئىنقىلاب سېپىگە كىرىۋالغان ئاز ساندىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر بەزى يامان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ، ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇنداق يامان ئەھۋاللارنىڭ داۋاملىق يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئوخشاش ئايرىم ئەھۋاللارنىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈپ سىياسىي يۆنىلىشىگە ۋە خاراكتېرىگە داغ تەككۈزەلمەيدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى «خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى، قىردى» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەي.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە تاقەت قىلىپ تۇرالماي، سەۋرى قاچىسى تولغاندا پارتلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەممىلا يەردە ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ گۇماشتىلىرىغا تۇتقۇزۇپ، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىگە ھېچقانداق ھوقۇق بەرمىگەنىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئېڭىدا «مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە خەنزۇلاردىن كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خاتا قاراشنى پەيدا قىلىپ قويغان. غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەر خەلقى قولىغا تاياق ـ توقماق ئېلىپ كەڭ كۆلەمدە قوزغىلىپ، پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا يېقىندىن ماسلاشتى، گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى ھەرەمباغ تەرەپكە قېچىپ بېرىپ مۇداپىئەلىنىۋالدى. بۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىنىڭ بىر تەرىپى تىنچ بولسىمۇ يەنە بىر تەرىپىدە قاتتىق ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. گومىنداڭ قىسىملىرى «قوغدىنىش ئەترىتى قۇرۇش» باھانىسى بىلەن بازار ئىچىدىكى خەنزۇ پۇقرالارغا قورال تارقىتىپ بەرگەن بولغاچقا، شەھەر خەلقى ھۇجۇمغا ئاتلانغاندا، گومىنداڭ قوراللاندۇرغان ئاشۇ خەنزۇ پۇقرالار ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر ئايرىم جايلاردا خەلققە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ئادەم ئاتقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە غۇلجا شەھەرلىك باش ساقچى ئىدارىسى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ساقچىلىرى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، ھاجەتخانىغا ياكى سېپىل تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەن 238 نەپەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جەسىتى تېپىلغان. بۇنى كۆرگەن ئاممىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ كۈچەيگەن. بۇ ئەھۋاللار بىر تەرەپتىن، بىرقىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ «بىزنىڭ دۈشمىنىمىز زادى كىم؟» دېگەن مەسىلىدىكى مۇجمەل، ھەتتا خاتا تونۇشىنى مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،



بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىشىغا باھانە تېپىپ بەرگەن. بەزى كىشىلەر مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەن يامان ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. قانداق ئەھۋالنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇقرالارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى خاتا. ئەينى ۋاقىتتىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ مەسىلىگە ئەپسۇسلانغان. 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىمۇ بۇ خاتالىقلارنى تونۇپ يېتىپ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكەن. بۇ جەرياندا زادى قانچىلىك پۇقرا ئۆلدى؟ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇ پۇقرالاردىن 178 كىشى ئۆلگەن دەپ ئاڭلايتتۇق. كېيىنكى ۋاقىتتا بەزىلىرى 50 ـ 60 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن دېسە، ھەتتا ئايرىم كىشىلەر «3 ۋىلايەت ئىنقىلابى داۋامىدا خەنزۇلار پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى» دەپ قالايمىقان جۆيلۈپ، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزمەكچى بولدى. مېنىڭچە بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى يوق. 1944 ـ يىلى ئىلىدا خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى زادى قانچىلىك ئىدى؟ ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىكى خەنزۇ ئاھالىسى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئومۇمىي خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى. غۇلجا شەھىرىدە 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا 15 باشلانغۇچ مەكتەپ (رۇس گىمنازىيىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسىلا خەنزۇ ـ خۇيزۇ مەكتىپى ئىدى. ئۇنىڭدا 10 نەچچە سىنىپلىق ئوقۇغۇچى بار ئىدى. شۇنىڭغا قاراپلا شۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدە ۋە ئىلى ۋىلايىتىدە قانچىلىك خەنزۇ ئاھالىسى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1944 ـ يىلى 3 ۋىلايەت دائىرىسىدە 50 ـ 60 مىڭ خەنزۇ ئاھالىسى بولغانمۇ ـ يوق؟ ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان مەلۇماتىدىن قارىغاندا، 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا 3 ۋىلايەت دائىرىسىدە 36 مىڭ 500 خەنزۇ ئاھالىسى بولغان. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى داۋامىدا ئۆلگەن ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىقىش تەس. ئايرىم

جايلاردا ئۆلگەن پۇقرالار ئەسكەرلەردىن كۆپ بولغان. مەسىلەن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى غۇلجا شەھىرىدىن قېچىپ ھەرەمباغ گازارمىسىغا كىرىۋالغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 1500 ئەتراپىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ئالدىنىپ شۇلار تەرەپكە بېرىۋالغان «قوغدىنىش ئەترىتى» نىڭ ئەزالىرى، پۇقرالار ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى قوشقاندا ئۇلارنىڭ سانى جەمئىي 8800 كىشىگە يەتكەن. 2 ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشقان مۇھاسىرە جېڭىدە گومىنداڭ گازارمىسىغا (ھەرەمباغ قاتارلىق جايلارغا) كۈندە مىنامىيوت ۋە زەمبىرەك ئوقلىرى ئېتىلىپ تۇرغان.

3 ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ بىر ۋالىيسىنى، بىر گېنېرالىنى ۋە پولك، روتا كوماندىرى دەرىجىلىك بىر قانچە 100 ئوفىتسېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 6400 نەپەر ئەسىرنى گومىنداڭ تەرەپكە قايتۇرۇپ بەرگەن. 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۆپلىگەن ھەربىي ئەسىرلەرنى ئىنسانپەرۋەرلىك يۈزىسىدىن گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قارىلايدىغان ئېغۋالارغا ناھايىتى ئوبدان جاۋاب بولالايدۇ. بۇ يەردە مەن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىلى 1 ـ يانۋار سانىغا بېسىلغان يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلەردە» ناملىق ئەسلىمىسىدە تىلغا ئالغان مۇنداق بىر ئىشنى كىتابخانلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم: «3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىۋالغان بەزى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، پومېشچىك ۋە باي سودىگەرلەر ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سابىق شىنجاڭ بيۇروسىغا بېسىپ كىرىپ، سەيپىدىندىن ھېساب ئالماقچى بولغاندا، گېنېرال ۋاڭ جېن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەن. كېيىن رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇنى ئاڭلاپ سەيپىدىنگە: ۋاڭ جېن توغرا قىلىپتۇ،



مەسىلە ئۇنداق ئاسان ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. مۇندىن كېيىن يەنە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار يەنە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى، دەپ سىز بىلەن ھېسابلاشماقچى بولسا، سىز باشقىنى دېمەي زۇزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇڭ، ئۇلار ئۆزلىرى ھېسابلىشىۋالسۇن» دېگەن. كېيىنكى يىللاردا بۇ مەسىلىنىڭ يەنە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىشى، خۇددى ماۋجۇشى ئېيتقاندەك مەسىلىنىڭ ئۇنداق ئاسان ھەل بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. دېمەك، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بەزىبىر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، بۇلاڭچىلىق، زوراۋانلىق، لۈكچەكلىك قىلىدىغانلار ۋە باشقا جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇش تەس، ئاز ساندىكى يامان ئادەملەرنىڭ يامان ئىشلىرى شۇ چاغدىكى ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، ئۇنى 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى توسۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

بىز تارىخىي ۋەقەلەرگە باھا بېرىشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن كۆزىتىشىمىز، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا باھا بېرىشتىمۇ ئۇنىڭ مۇھىم يۈنىلىشىگە، ماھىيىتىگە، ئاساسىي ئېقىمىغا ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رولىغا، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە قارىشىمىز لازىم. ھەرقانداق بىر ئىنقىلاب تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈنىلىشىگە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولسا توغرا بولغان بولىدۇ، ئۇ چوقۇم خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ

ئەكسىچە بولسا خاتا بولغان بولىدۇ، ئەكسىلئىنقىلاب بولىدۇ
ھەمدە چوقۇم خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. 3 ۋىلايەت ئىنقى-
لابى دەل تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىگە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئى-
تىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ھىمايىسىگە ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. كوممۇ-
نىستلار ھەرقاچان، ھەرقانداق جايدا ھەرقانداق ئىشنى قىلماقچى
بولىدىكەنمىز، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك،
ئالدى بىلەن ئۇنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خالايدىغان - خالىماي-
دىغانلىقىغا، قوللايدىغان - قوللىمايدىغانلىقىغا قارىشىمىز
لازىم. شۇنداقلا بىرەر مەسىلىگە باھا بېرىشتىمۇ، خەلق مەنپەئى-
تىگە پايدىلىقمۇ - يوق، خەلق قوللامدۇ - يوق؟ دېگەن ئاساستا
باھا بېرىش لازىم.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانداق بىر كۈرەش،
ھەرقانداق بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ئۆزى مۇۋاپىق دەپ بىلگەن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىنى
قوبۇل قىلماي تۇرالمايدۇ. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا
ئەمەس. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى 500 مىليون نوپۇس (شۇ ۋاقىتتا)
قا ئىگە جۇڭگونىڭ چەت بىر چېگرا رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان
قوراللىق كۈرەش بولغاچقا، ئۇ 3 ۋىلايەتكە قوشنا بولغان سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن.
3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا
تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى-
نى بەلگىلەشتىمۇ ئاساسىي ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما،
بۇنىڭلىق بىلەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قىلغانئىشى» دېيىشكە بولمايدۇ. ئىنقىلابنى ئېكسپورت قىلىشقا
مۇمكىن بولمىغاندەك، ئۇنى ئىمپورت قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.
پەقەت ئېزىلگەن خەلق، خورلانغان مىللەتلا ئىنقىلابقا تەشنا بولى-
دۇ. تاشقى ئامىل پەقەت ئىچكى ئامىل ئارقىلىقلا رول ئوينىيا-



لايدۇ. خەلق قوراللىق ئىنقىلاب قىلىشنى خالىمىسا، ئۇلارنىڭ
قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ ئىنقىلاب قىلىشقا مەجبۇرلىغان ھالەتتى-
مۇ ئۇنداق ئىنقىلاب غەلىبە قازىنالمايدۇ. باشقا دۆلەتنىڭ ياردىمى
ھەرقانچە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، تۈپ مەسىلە يەنىلا خەلقنىڭ
ئىنقىلاب قىلىشنى خالاش - خالىماسلىقىدا.

يىغىپ ئېيتقاندا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭغا ئوخشاش
جەمئىيەت تەرەققىي قىلمىغان، فېئوداللىق ئىقتىساد ئاساس قى-
لىنغان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسى ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدىغان، مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە ئىنتايىن
ئېغىر بولغان بىر رايوندا، شۇنداقلا بىرەر سىياسىي پارتىيىنىڭ
بىۋاسىتە رەھبەرلىكى بولمىغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلغان مىللىي
ئازادلىق ھەرىكىتى بولۇش بىلەن بىرگە، خۇددى رەئىس ماۋزې-
دۇڭ ئېيتقاندەك، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىس-
مى. شۇڭا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ مەڭگۈ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدىغان شانلىق ۋە شەرەپلىك
تارىخىي سەھىپە بولۇپ قالىدۇ.

بىز 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇساپىسى ۋە تارىخىي تۆھپىلى-
رىنى ئەسلىگىنىمىزدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشى-
يەنىدە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىيكومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك
فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، جۈملىدىن مىللىي سىياسەتنى، شۇن-
داقلا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئومۇمیۈزلۈك، ئەستايىدىل ۋە ئىزچىل
ئىجرا قىلىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدى-
كى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز
مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئور-

تاق گۈللىنىشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن، كۆرگەن ۋە بىلگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مۇۋاپىق بولمىغان ياكى تولۇق بولمىغان يەرلىرى بولسا، يولداشلارنىڭ تۈزىتىپ ياكى تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى)

جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# نەنجىڭگە سەپەر

خەمىد سۇلتان

مەن بۇ ئەسلىمەمنى خېلى بالدۇرلا يازماقچى ئىدىم. ئەپسۇسكى بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەر تۇپەيلى، ئەسلىمىگە ئائىت بىرمۇنچە ماتېرىيال، فوتو سۈرەت، خاتىرىلەر قاتارلىق مۇھىم نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ 1946ـيىلدىكى ئىش بولغاچقا ئارىدىن 47 يىل ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە ۋاقىت جەھەتتە كېچىكىپ قالغان بولسامۇ، ئەمما يادىمدا قالغان خاتىرىلەرگە ئاساسەن بۇ ئەسلىمەمنى يېزىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 ـ يىللىقىنى خاتىرىلەش مەرىكىسىگە بېغىشلايمەن.

1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پارتلىغان 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدى. گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى يوقۇتۇپ، ناھايىتى تېز ۋاقىتتىلا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتنى ئازاد قىلدى. مىللىي ئارمىيە يەنە ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ غەلىبىسېرى شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، جىڭ، شىخونى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە ئىلگىرىلەپ كىردى.

ئەنە شۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشىنىڭ رادىئو ئارقىلىق: «بىز چېگرا خەلقلىرىنىڭ مۇختارىياتىنى بېردـ

مىز»، دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ، جۇملىدىن 3 ۋىلايەت خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشى توختىدى.

جياڭ جيېشى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان رادىئو ئارقىلىق جاكارلىغان سۆزىگە ئاساسەن، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەيىنلىگەن ۋەكىلى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن چوڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى، ئۇبۇلخەيرتۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 3 كىشى بولۇپ، ئۇلار 2 كۈن ئاۋۋال (10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ 1 ـ باسقۇچى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رەسمىي باشلىنىدۇ. دەسلەپتە ھەر 2 تەرەپ ئۆز مەيدانلىرىدا چىڭ تۇرىدۇ. سۆھبەتتە ئانچە ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. لېكىن، 1 ـ نۆۋەتلىك مۇزاكىرىگە قارىغاندا، 2 ـ نۆۋەتلىك مۇزاكىرە يەر بىلەن ئاسماندەك پەرق قىلىدۇ. «بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بولسا، بىزنىڭ قۇۋۋەتلىك كۈچىمىزنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تونۇغانلىقىدۇر. دېمەك، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن 120 سائەتلىك مۇزاكىرە قىلىشىمىز جەريانىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىزلەرنى 60 سائەت بومباردىمان قىلغان بولسىمۇ، بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى 60 سائەت بومباردىمان قىلدۇق»[1] دەيدۇ، ئەخمەتجان قاسىمى يۇمۇرلۇق قىلىپ. دېمەك، سۆھبەت نۇرغۇنلىغان تالاش ـ تارتىش ۋە ئېلىشىشلاردىن كېيىن ئاندىن ۋۇجۇدقا كەلگەن پرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

① ئە. قاسىمى: «تاللانما ئەسەرلىرى»، 1950 ـ يىل نەشرى، 9 ـ بەتكە قاراڭ.



2 تەرەپ تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ئۆزگىرىشنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى»نى يېزىپ چىقىدۇ.

مۇشۇ ئارىلىقتا 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۇلار يەنە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ، جاڭ جىجۇڭ 14 ـ كۈنى ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

29 ـ كۈنى، سۆھبەتنىڭ مەركىزىي نوقتىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبى بىلەن ھەربىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتىن ئىبارەت 2 ماددىغا يىغىنچاقلىنىدۇ. ئاخىرى 11 ماددىلىق رەسمىي ھۆججەت دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى رەسمىي ھۆججەت بىلەن قوشۇمچە ھۆججەت (1) گە رەسمىي ئىمزا قويۇلىدۇ. قوشۇمچە ھۆججەت (2) دىكى قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قالدۇرۇلىدۇ.

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ چوڭچىڭغا قايتىپ كېتىپ، 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئايروپىلان بىلەن يەنە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ مەركەزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئورۇننىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي باشلىقى سالاھىيىتى بىلەن كېلىدۇ. ئۇ، 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېلى تەرەپ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنى 2 ـ قېتىم قوبۇل قىلىپ، قوشۇمچە ھۆججەت (2) ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىدۇ. 6 ماددىدىن ئىبارەت قوشۇمچە ھۆججەت (2) گە 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى رەسمىي ئىمزا قويۇلىدۇ.

دېمەك، 1 يىل 8 ئاي داۋام قىلغان غۇلجا ئۆزگىرىشىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئاخىرى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

تىنچلىق سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىي ئىسمىلىكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسى تەرىپىدىن 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق، خەلقچىللىق ئاساسىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەپتىش پالاتاسىنىڭ باشلىقى يۇ يۇرىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ قەسەمياد يىغىنىغا نازارەت قىلىشقا قاتنىشىدۇ.

1946 - يىلى 11 - ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى «گومىنداڭ خۇيى» (مىللىي قۇرۇلتاي) چاقىرماقچى بولىدۇ. بۇ، «ئاساسىي قانۇن» تۈزۈش قۇرۇلتىيى بولۇپ، ئۇنى تېخى ئاساسىي قانۇننى يۈرگۈزۈش قۇرۇلتىيى دېگىلى بولمايتتى.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ بۇ ھەقتە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ، ئۇ قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭغا خۇش بولۇپ ماقۇل بولىدۇ. شىنجاڭدىن قۇرۇلتايغا بېرىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 18 نەپەر بولۇپ، 3 ۋىلايەت 7 سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار: مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف، كېرىم ھاجى (خۇيزۇ)، خەمىد سۇلتان، ئەنۋەر سالىجان (قازاق)، زىيا سەمەدى، ئابلەت مەخسۇم قاتارلىق 7 كىشىدىن ئىبارەت. قالغان 11 نەپەر ئادەم 7 ۋىلايەتتىن بولۇپ، ئۇلار: خادىۋاڭ (قازاق، ئايال)، ئامىنە خانىم، ئەيسابەگ، مەخسۇت تېيىپ، مادەمبەك (قىرغىز)، ۋۇجىڭبىن (موڭغۇل، ئايال)، چاۋجاپ (موڭغۇل - ئايال)، مۇھەممەت ئىمىن، جاۋ



جيەنفېڭ، ماگويى (خۇيزۇ)، مۇجىڭدا (شىبە) قاتارلىقلار.

1946-يىلى 11-ئاينىڭ 11-كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 ئەتراپىدا، شىنجاڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭدە چاقىرىلىدىغان قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئىچكىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ۋەكىللەر بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونى (تىنچلىق ساقلاش) قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ ھەم ئۇنىڭ رەپىقىسى ۋە بىر نەپەر فوتوسۈرەت مۇخبىرى، بىر كاتىپ شۇ ئايروپىلاندا بىللە ماڭدى (جاۋ شىگۇاڭ بولسا، سەپەر ئۈستىدىكى بىخەتەرلىك ئىشلىرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى ئىدى).

ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا بىر ئايلىنىپ، شەرققە قاراپ يول ئالدى. تەخمىنەن بىر يېرىم سائەت ئۇچقاندىن كېيىن قۇمۇل ئايرودرومىغا قوندى. قۇمۇلدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە ئايروپىلان شەرققە قاراپ ئۇچۇپ، كۆپ ئۆتمەي جاڭ يې شەھىرىنىڭ ئايرودرومىغا يېتىپ كېلىپ قوندى. بۇ يەردىمۇ بىر كېچە قوندۇق. ئەتىسى، (11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) سەھەردە ئايروپىلان جاڭ يې ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ، لەنجۇغا قاراپ يول ئالدى. خېلى ئۇچقاندىن كېيىن، ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ بىرسى: «لەنجۇغا يېقىنلىشىپ قالدۇق» - دېدى. بىرئازدىن كېيىن، ئايروپىلان بارغانچە تۆۋەنلەپ، ئاستا لەنجۇ ئايرودرومىغا قوندى. ۋەكىللەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان گېنېرال تاۋ سىيۆ باشلىق گومىنداڭنىڭ لەنجۇدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ماشىنىدا ئولتۇرۇپ لەنجۇ شەھىرىگە قاراپ يول ئالدۇق، كەچتە كاتتا مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇق.

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ۋەكىللەر لەنجۇدا 2 كۈن تۇرىدىغان بولدۇق. ئەتىسى، لەنجۇ شەھىرىنىڭ مۇھىم مەنزىرىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. مەسىلەن، لەنجۇ شەھىرىنىڭ ئاۋات

رەستە - بازارلىرى، خۇاڭخې دەرياسى ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈك، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ 2 ياقىسىدىكى ئادەملەرنىڭ «تۇلۇم قېيىق» (تۇلۇم سال) بىلەن دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېتىغا ئۆزۈپ ئۆتۈشلىرى قاتارلىقلارنى كۆردۇق.

2 - كۈنى لەنجۇ شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتىكى مەشھۇر شىڭ لوڭشەن تېغىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. شىڭ لوڭشەن تېغى ئانچە ئېگىز بولمىغان ئىدىرسىمان تاغ بولۇپ، ئېيتىشلىرىچە ياخشى ئارامگاھ ئىكەن. ئۇنىڭ مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل ھەم كۆركەم بولۇپ، پۈتكۈل تاغ ياپيېشىل قارىغاي، ئارچا ۋە باشقا ھەرخىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، ھەممە ياقتا رەڭمۇ رەڭ گۈل - گىياھلار خۇشبۇي ھىد چېچىپ تۇرغان، ئۇنىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە جىمجىتلىقى ھەقىقەتەن ئارامگاھلىقتا خاس كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەخش ئېتىدىكەن.

تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن چىرايلىق پەلەمپەيلىك يول ياسالغان بولۇپ، ئادەم ئانچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايلا تاغنىڭ ئۈستىگە چىقالايدىكەن. تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، قەدىمىي ئۇسلۇبتا ياسالغان قەسىر كۆرۈندى. يول باشلىغۇچى بىزنى ئەنە شۇ قەسىرنىڭ ئىچىگە باشلاپ ماڭدى ۋە «مانا بۇ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر زات چىڭگىزخاننىڭ ھەيكىلى» دېدى. ھەيكەلنىڭ يان تەرەپ تامدىكى ئېسىقلىق تۇرغان ئوقيا چىڭگىزخان ئىشلەتكەن ئوقيا ئىكەن.

دەرۋەقە، چىڭگىزخاننىڭ ھېلىقى ھەيكىلى تەخمىنەن 6 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ھەيكەل 2 قولىنى 2 يوتىسىغا قويۇپ ئولتۇرغان ھالەتتىكى شەكىل بويىچە قاتۇرۇلغان (ياسالغان) بولغاچقىمۇ، گويا خۇددى ھايات چىڭگىزخاننىڭ ئولتۇرغان ھالەتتىكى ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. چىڭگىزخان ئىشلەتكەن ئوقيا ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئادەتتىكى ئوقياغا زادى ئوخشى-



مايتتى.

## «يۇرتداشلار ئۆيۈشمىسى» دا

ئەينى يىللاردا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، شىنجاڭدىن لەنجۇغا بېرىپ ئىستىقامەتتە بولۇۋاتقان يۇرتداشلار خېلى بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «يۇرتداشلار ئۆيۈشمىسى» نى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدىكەن.

مەزكۇر «ئۆيۈشما» نىڭ رەئىسى غۇلجىلىق ئىسمائىل ئەپەندى دېگەن كىشى ئىكەن. لەنجۇدىكى يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «يۇرتداشلار ئۆيۈشمىسى» غا ئەزا ئىكەن. ئۇلار ۋەكىللەرنىڭ لەنجۇغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاچقا، بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. سالام - سائەتلىشىپ، دىدار كۆرۈشكەنلىكىدىن خۇرسەن بولۇشتى.

ئۇلار قايتار ۋاقتىدا، ئەخمەتجان قاسىمىنى «يۇرتداشلار ئۆيۈشمىسى» غا قەدەم تەشرىپ قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ۋاقتى قەرەلىدە «يۇرتداشلار ئۆيۈشمىسى »غا باردى. ئۇلار تەييارلىنىپ ھازىر بولغان ئىكەن، ئەخمەتجان قاسىمى زالغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن، پۈتكۈل زالدىكى يۇرتداشلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمىغا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قارشى ئالدى.

سالام - سائەتتىن كېيىن، «ئۆيۈشما» رەئىسى ئىسمائىل ئەپەندى ئاز ھەم ساز قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى، ئاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. زالدىكىلەر قاتتىق ئالقىش ياڭراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى:

— ئەزىز يۇرتداشلار، ھەممەلەرنىڭلارگە يۇرتىمىز خەلقى

نامىدىن قېرىنداشلارچە سالام! بىز يۇرتداشلار بىلەن دىدار كۆ-
رۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن كۆپ خۇرسەنمىز! خەبەرلەرىڭىز باركى،
بىز ئىنقىلاب قىلدۇق. ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايلاردىن ئىبارەت
3 ۋىلايەت ئازاد ئېتىلدى.
غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە نەنجىڭ مەركىزىي هۆ-
كۈمەت تەرەپتىن سۆهبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن مەسىلىنى
هەل قىلىش ئىستىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز هەم بۇنى ماقۇل
كۆرۈپ، 2 ئوتتۇرىدا تىنچلىق سۆهبىتى باشلىنىپ، نەتىجىدە
11 مادىدىن ئىبارەت بىتىم ئىمزالىنىپ، شۇ بىتىم روهىغا بىنا-
ئەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت ۋۇجۇدقا كەلدى.
نەنجىڭدىكى مەركىزىي هۆكۈمەت گومىنداڭخۇي (مىللىي قۇ-
رۇلتاي) چاقىرماقچى بولۇپ، بىزلەرنى ئاشۇ قورۇلتايغا قاتنى-
شىشقا تەكلىپ قىلدى. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز ئەنە شۇ
قۇرۇلتايغا ئىشتىراك قىلىش ئۈچۈندۇر. سەپەر ئۈستىدە لەنجۇ
شەهىرىگە كەلگەندىن سۇڭ، سىزلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇپتى-
مىز. بۇ بىر قىممەتلىك ئۇچرىشىش بولدى. سىزلەرنىڭ «يۇرت-
داشلار ئۇيۇشمىسى» تەسىس قىلىپ، شۇ ئارقىلىق پائالىيەت
ئېلىپ بارغانلىقىڭىزلار بىزنى تولىمۇ خۇشاللاندۇردى...
كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ
هەمراهلىقىدا «يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئىش ئورنى بىنا-
سى، ئىشخانىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قايتتۇق.
شۇنىڭ بىلەن لەنجۇدىكى 2 كۈنلۈك پائالىيىتىمىز ئاخىرلاشتى.
11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لەنجۇدىن شاڭخەيگە قاراپ ئۇچۇش-
نى داۋاملاشتۇردۇق. لەنجۇدىن ئۇچقان ۋاقتىمىز چۈشتىن كې-
يىن بولغاچقا، ئايروپىلان خېلى ئۇچقاندىن كېيىن، يول ئۈستى-
دە ئايروپىلان ماي قاچىلاشقا توغرا كەلگەن بولسا كېرەك، ئايرو-
پىلان خەنكو شەهەر ئايرودرومىغا قوندى. ماي قاچىلىنىپ بولغاندى-
دىن كېيىن شاڭخەيگە قاراپ ئۇچتۇق. بىر ئاز ئۇچقاندىن كې-



يىن، هاۋا بۇلۇتلىشىپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئايروپىلان
بۇلۇتلار ئارا ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا. كۈن بارغانسېرى كەچ-
كىرىپ، قاش قارايغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئېلېكتر چىراغلار
يېنىپ، چاقناشقا باشلىدى. ئاخىرى ئايروپىلان خادىمى شاڭخەي
شەهىرى هاۋا بوشلۇقىغا كەلگەنلىكىمىزنى مەلۇم قىلدى. شاڭ-
خەي شەهىرىنىڭ ئېلېكتر چىراغلىرى يېنىپ تۇراتتى. ئايرود-
رومنىڭ چوڭ پروژېكتورلىرى ئۆتكۈر نۇر چېچىپ هەممە ياقنى
يورۇتماقتا ئىدى. ئايروپىلان بارغانسېرى ئاستىلاپ پەسلەپ ئۇ-
چۇپ، شاڭخەي شەهەر ئايرودرومىغا قوندى. شاڭخەي شەهەر
باشلىقى ۋۇتېچىڭ باشلىق قارشى ئېلىشقا چىققان ئەمەلدارلار،
ئەربابلار ئالدىمىزغا چىقتى. بىز شاڭخەيدىكى ئاتاقلىق مېهمانخا-
نىغا چۈشتۇق. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە شاڭخەيدە 3 كۈن تۇرۇپ
قالدۇق. ئەتىسى، شاڭخەي «تېز خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ مۇخبىد-
رى قاتارلىق بىر نەچچە مۇخبىر ۋەكىللەرنى زىيارەت قىلىشقا
كەلدى. ئۇلاردىن شاڭخەي «تېز خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ مۇخبىد-
رى ئەخمەتجان قاسىمىنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن: «سىز شىڭ
شىسەيگە قانداق باها بېرىسىز؟» دەپ سورىدى.
ئەخمەتجان قاسىمى يۇمۇرلۇق قىلىپ: «بىز شىڭ شىسەي
كەلگەنگە قەدەر قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشقانىدۇق، شىڭ شىسەي
كېلىپ ئېلېكتر يېقىشنى ئۆگىتىپ بەردى. كېيىن، شىڭ شى-
سەي ئېلېكترنى يوقۇتۇپ، لامپىمۇ بەرمەستىن شامغا ئۆگىتىمەن
دېدى، ئېلېكترگە ئۆگەنگەن خەلق بۇنىڭغا بوي بەرمىدى، ئې-
لېكتر بىلەن ياشايمەن دېدى» دەپ جاۋاب بەردى.
ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، هېلىقى شاڭخەي «تېز خە-
ۋەرلەر گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى زىيارەتكە يەنە كەلدى. بۇ قېتىم
«تېز خەۋەرلەر گېزىتى» دىن بىرقانچە سان (نۇسخا) ئالغاچ
كەلگەن ئىكەن، كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن گېزىتنى بىزگە بەردى.
گېزىتنى ئوقۇساق ئۇنىڭغا:

«شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندى كۆپ تەرەپلىمە چوڭقۇر مەلۇماتلىق، پىششىق يېتىلگەن قابىليەتلىك سىياسىئون؛ چىۋەر ھەم دانا رەھبەر؛ ئۆتكۈر ھەم كۈچلۈك سۆزلۈك ئاراتور (ناتىق)؛ مەشھۇر جامائەت ئەربابى بولۇشى بىلەن بىللە، رۇسچىنى پۇختا ھەم پىششىق بىلىدىغان ھەم راۋان سۆزلىيەلەيدىغان تالانتلىق ئەرباپ ئىكەن»···

«شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھەم شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى (ۋەكىلى) ئابدۇكېرىم ئاباسوف دىپلوماتىيە جەھەتتە پىشقان، پائالىيەتچانلىقى كۈچلۈك، روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياش دىپلومات بولۇش بىلەن بىللە، خەنزۇچىنى ياخشى بىلىدىغان ھەم راۋان سۆزلىيەلەيدىغان، تالانتلىق ياش ئىكەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە خەنزۇچە بىمالال سۆزلەشكەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇشاللاندۇق»··· دەپ يېزىلگەن باھاسى يېزىلغانىكەن.

ئەتىسى، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە شاڭخەي شەھەر باشلىقى ۋۇ تيېچېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا شاڭخەي شەھىرىنىڭ مەنزىرىسى، جۈملىدىن شاڭخەيدىكى مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى — خەلقئارا مېھمانخانا بىناسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ قۇرۇلۇش 22 قەۋەتلىك بولۇپ، پۈتۈنلەي قىزىل خىش بىلەن سېلىنغان (ياسالغان) ناھايىتى كۆركەم ئىمارەت ئىكەن، ئېيتىشلىرىچە، شاڭخەي شەھىرى بويىچە مەشھۇر ئىمارەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىكەن. ئىمارەتنىڭ ئەڭ ئېگىز (ئۈستىنكى) قەۋەتتىكى مۇنارىسى جايلاشقان جايغا چىقىپ ئەتراپقا كۆز سالساق، پۈتكۈل شاڭخەينىڭ ئومۇمىي گۈزەل مەنزىرىسى ۋە خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ۋەكىللەرنى ئەنە شۇ خەلقئارا مېھمانخانىنىڭ ئاستى قەۋىتىگە جايلاشقان كۇلۇبتا ئۇيۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.



ئەتىسى، ئېكىسكۇرسىيە يەنە داۋاملاشتى. بۇ قېتىم كۆرددىغىنىمىز خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي جۇڭگو دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزى ۋۇسۇڭكو بولدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ ۋۇسۇڭكو ئېغىزى ئارقىلىق شەرقىي جۇڭگو دېڭىزىغا قۇيۇلىشى، يەنى، دەريا بىلەن دېڭىزنىڭ قوشۇلۇشى، سۇ يۈزىدە لەيلەپ (توختاپ) تۇرغان ھەرخىل شەكىلدىكى قېيىق — قولۋاقلارنىڭ كۆرۈنىشلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. بۇ قولۋاقچىلارنىڭ بەزىلىرى بېلىق تۇتۇش بىلەن، بەزىلىرى سۇ ئۈستى ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىردىن بىر تۇرمۇش ۋاستىسى ئەنە شۇ قولۋاق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ روز غارى (ئۆي -ماكانى) ھەم ئەشۇ قولۋاق ئىكەن.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشىغا قىزىقىپ، ئۇلارنىڭ ھال — ئەھۋالى (تۇرمۇشى، مەئىشىتى، كۈندۈلۈك تاپاۋىتى) قاتارلىقلارنى بىر — بىرلەپ سوراپ بولغاندىن كېيىن، قولۋاققا چۈشۈپ ئۇلار بىلەن بىللە خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشتۇق. ئەتىسى ساياھەت يەنە داۋاملاشتى.

## فرانسىيە كونسىسىيەسى[1]

شاڭخەيدە ئەينى زاماندىكى فرانسىيە كونسىسىيەسى بار ئىكەن. ساھىپخان تەرەپنىڭ نېمە مۇددىئا بىلەن بىزنى ئۇ يەرنى كۆرۈشكە ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بىز بارغاندىن كېيىن، يولباشلىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل ياۋروپاچە ئۇسلۇبتا ياسالغان قۇرۇلۇشلارنى كۆرۈپ، بۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلدۇق. شاڭخەيدەك بىر چوڭ شەھەردە ھەر خىل سۈرەن — شاۋقۇن ئاۋازلىرى كېچە —

① «كونسىسىيە» — جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئەينى يىللاردا ئىجارىگە ئالغان جايى.

كۆندۈز دېگۈدەك ھۆكۈم سۈرگەن بولسا، بۇ يەردە تىپ - تىنچ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن. ئۇنىڭ كەڭ ھەم ئازادە ياسالغان ئاسفالىت يوللىرى، گۈلباغلىرى، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ياسالغان تۇرلۇك تەنھەرىكەت جاھاز - ئۇسكۇنىلىرى قاتارلىقلار بار ئىكەن. كونسىنسىيەنى ساقلاش ئۈچۈن بىرنەچچە قاراۋۇلدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ھەمراھ بولغۇچىلار بۇ ھەقتە ئارتۇقچە گەپ قىلمىغاندىن كېيىن، بىز ھەم ئۇشۇقچە گەپ سورىمىدۇق.

## رىكشا

رىكشا خەنزۇچە «人力车» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئادەم تارتىدىغان كىرا ھارۋىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىچكىردىكى چوڭ ھەم ئوتتۇراھال شەھەرلەردە رىكشالارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. رىكشا - بىرخىل قاتناش ۋاستىسى بولۇپ، كىراكەشلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. رىكشانىڭ خوجايىنلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رىكشالىرىنىڭ سانىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. رىكشىچىلار بولسا، ئەنە شۇ خوجايىنلارغا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان مېھنەتكەشلەردۇر.

ئەخمەتجان قاسىمى رىكشىچىلارنى كۆرۈپ بىزگە: «كۆرۈپ تۇرۇپسىزلەر رىكشىچىلار ناھايىتى ئېغىر ئەمگەك قىلغۇچى ۋە قاتتىق خورلانغۇچىلاردۇر. ئۇلار خۇددى ھايۋاندەك ھارۋىغا (رىكشىغا) قېتىلىپ، ئادەم تارتىدۇ. ئادەمنى - ئادەم تارتىدىغان ئىشتىن ئارتۇق خورلۇق بولامدۇ؟ شۇڭا رىكشىچىلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ناۋادا ئۇلار ئالدىڭلارغا رىكشىسىنى ھەيدەپ كېلىپ قالسا، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ رىكشىسىغا چىقماي (ئولتۇرماي)، ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش بېرىپ، سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم، مەن رىكشىغا ئولتۇرۇپ، ساڭا تارتقۇزسام، بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇنداق قىلساڭ ياخشى بولمايدۇ! - ئەڭ ياخشىسى مەن سېنىڭ ھەققىڭنى بېرەي، ئەمما



رىكشىدا ئولتۇرمايمەن - بولامدۇ؟ - دېسەڭلار ئېھتىمال ئۇلار ھەيران قالار، ئەمما مۇددىئانى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەڭلىگەن ‹كىرا ھەققى›نى ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، رىكشا تارتىشتەك بۇنداق جىسمانىي خورلۇققا مەجبۇر بولغاندۇر» دېگەنىدى.

دېمەك، شاڭخەيدەك چوڭ ھەم گۈزەل شەھەردە رىكشىچىلار خېلى كۆپ بولسا كېرەك. ئۇلار شەھەرنىڭ ھەممە كوچا ۋە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ھەممە يېرىنى پىششىق بىلگەچكە ئەينى ۋاقىتتا «TAXI»لىق رولىنى ئوينايدىكەن.

بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى: «يۇرۇڭلار، بۈگۈن كوچا ئايلىنىپ كېلەيلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پىيادە سىرتقا چىقتۇق. بىز چۈشكەن نەنجىڭ مېھمانخانىسى جايلاشقان كوچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچىغا كىردۇق. بۇ كوچىنىڭ ئىسمى شافى كوچىسى① بولۇپ، رۇسلار كۆپرەك جايلاشقانىكەن. بىز بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر ئاپتىكا (دورا دۇكىنى) غا كىردۇق. دۇكان ناھايىتى رەتلىك ھەم پاكىزە بولۇپ، ئاپتىكىغا كىرسىڭىز ئەترىنىڭ پۇرىقى گۇپپىدە دىمىغىڭىزغا ئۇرۇلىدۇ. ئاپتىكانىڭ ئالدىنقى پۇكىيىدە ناھايىتى ئۈز (چىرايلىق) بىر قىز، 2 - پۇكىيىدە بىر ئايال؛ 3 - پوكىيىدە بولسا بىر ئەركىشى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قىياپىتىدىن رۇس مىللىتى ئىكەنلىكى مانا - مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئالدىمىزدا ئاۋۋال ئاپتىكىغا كىردى. ئۇلار بىلەن رۇسچە سالاملىشىپ تۇرۇشىغا ئۇلگۇرۇپ، قالغانلىرىمىزمۇ ئاپتىكىغا كىرىپ كەلدۇق. سالاملاشقاندىن كېيىن، ئاپتىكانت بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، بىزمۇ تەكەللۇپ قىلماستىنلا ئولتۇردۇق.

① «شافى كوچىسى» - ئەينى يىللاردا «شافى» ئىسىملىك بىر رۇسنىڭ نامىغا قويۇلغان ئىكەن، ئازادلىقتىن كېيىن، «خۇەيخې» كوچىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

— خۇش كەپسىزلەر مېھمانلار، قەيەردىن سورايمىز؟ — سورىدى ئاپتىكانت.

— سىزنىڭچە بىز قەيەردىن كەلگەندەك تۇرىمىز؟ — دەپ سورىدى ئەخمەتجان قاسىمى.

— مېنىڭچە سىزلەر كامچاتكادىن كەلگەندەك كۆرۈنىسىزلەر - توغرىمۇ! — دېدى ئاپتىكانت بىزنىڭ ئۇستىبېشىمىزغا قاراپ.

— ياق، تولىمۇ يىراققا كەتتىڭىز، بىز ئوتتۇرا ئاسىيا - كاشگاردىن كەلدۇق — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈمسىرەپ.

— ھە، ئوھو، ئەمدى بىلدىم، چۈشەندىم — دېدى ئاپتىكانت. ئاندىن كېيىن، ئاپتىكانت ئۆزىنى، ئايالىنى تونۇشتۇردى. ئاخىرىدا:

— بۇ مېنىڭ قىزىم ھەم قابىل ياردەمچىم بولىدۇ — دەپ قىزىنى تونۇشتۇردى.

— بۇ دورىلارنى ئۆزۈڭلەر ياسىغانمۇ — قانداق؟ — سورىدى ئەخمەتجان قاسىمى.

— دورىلارنىڭ كۆپرەكىنى ئۆزىمىز ياسايمىز دېسەكمۇ بولىدۇ. قېنى پۇكەيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈڭلار — دېدى ئاپتىكانت. ئاندىن ئۆزى باشلاپ يۈرۈپ دورىلارنى كۆرسەتتى.

— ئەمدى ئازغىنە دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، - دېدى - دە، ئۆزى ياسىغان پەرداز بۇيۇملىرىدىن: ئۇپا - ئەڭلىك، لەۋسۇرۇق، لاك، ئەتىر قاتارلىقلارنى بىر كىچىك قەغەز كۇروپكىغا قاچىلاپ:

— بۇنى ئاپتىكامىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزلار ئۈچۈن، ئاز بولسىمۇ سوۋغا ئورنىدا قوبۇل قىلغايسىز — دەپ ھېلىقى كۇروپكىنى ئەخمەتجان قاسىمغا ئۇزاتتى.

ئاپتىكانت ئېھتىمال ئامىنە خانىمنى رەپىقىسى بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىپ قالدى بولغاي:



— رەپىقىڭىزگە...

— بولدى قىلىڭ، نىمانچە ئاۋارە بولىسىز، سىزلەر بىلەن كۆرۈشتۇق. ئاپتىكاڭىزنى كۆردۇق، مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى.

رۇس خەلقىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان ئەخەتجان قاسىمى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى، بىز ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئاپتىكادىن چىقتۇق.

ئەخمەتجان قاسىمى ئاپتىكادىن چىقىپلا:

— ئامىنە خانىم، بۇ سىزگە كېرەكلىك نەرسىلەر ئىكەن، قېنى مەرھەمەت قىلىڭ - دەپ ھېلىقى كۇروپكىنى ئامىنە خانىمغا بەردى.

بىزنىڭ شاڭخەيدىكى بىرنەچچە كۈنلۈك دەم ئېلىشىمىز ھەم ئاخىرلاشتى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شاڭخەيدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، يول بويى سۇجۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ نەنجىڭگە كەلدۇق.

نەنجىڭ پويىز ۋوگزالىدا شياۋ لىزى ئەپەندى قاتارلىق نەنجىڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار قارشى ئېلىشقا چىققانىكەن.

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىككىسى جاڭ جىجۇڭنىڭ نەنجىڭدىكى تۇرالغۇسىغا ئورۇنلاشتى. قالغان ۋەكىللەر بولسا، نەنجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى باشلاندى. ئېچىلىش نۇتۇقى سۆزلەنگەندىن كېيىن، كۈن تەرتىپى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقاندىن سىرت، باشقا چاغدا ئۇنىڭغا قاتناشمىدى. چۈنكى، شىنجاڭ ۋەكىللەر

ئۆمكى يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، جاڭ جىجۇڭ مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىدىن: «تەكلىپ لايىھەسىنى تەييارلىدىڭلارمۇ - يوق؟» دەپ سورىغانىكەن. ھەمدە تەكلىپ لايىھە بولغان تەقدىردىمۇ، ئارتۇقچە ئارزۇلاردا بولماسلىق ھەققىدە، مەسىلەن، تىنچلىق سۆھبىتى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى، يۇكسەك ئاپتونومىيە مەسىلىسى قاتارلىقلار، دەپ بىشارەت قىلغانىكەن. ئەخمەتجان قاسىمى: «ھازىر بىزدە تەييارلانغان تەكلىپ لايىھە يوق، نەنجىڭگە بارغاندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ بىر نەرسە دەرمىز» دېگەنىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقاندىن سىرت، قالغان ۋاقىتتا قۇرۇلتايغا سۇنۇش ئۈچۈن تەكلىپ لايىھەسىنى تەييارلاشقا توغرا كەلدى.

دېمەك، تەكلىپ لايىھەسى تەييارلىنىپ قۇرۇلتايغا سۇنۇلغانىدى.

يەنى: «شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىنگو تەۋەسىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» گە ئۆزگەرتىپ، يۇكسەك ئاپتونومىيە بېرىش؛

شىنجاڭنىڭ ئىسمىنى «شەرقىي تۈركىستان» غا ئۆزگەرتىش؛ ھەتتا ئاخىرىدا بايراق تەقدىم قىلىش؛ جياڭ جيېشىغا يۇزمۇيۇز (يۈزتورا) ئەرز قىلىش قاتارلىق بىرقانچە ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكلىپ سۇنۇلغانىدى.

قۇرۇلتايغا يۇقۇرىقى مەزمۇندىكى لايىھە سۇنۇلغاندىن كېيىن، شياۋ لىزى ئەپەندى قاتارلىق نەنجىڭدىكى ھەربىي - مۇلكى ئەمەلدارلار، شىنجاڭدىكى جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭدىكى يۇيۇرىن، سۇن كې، جاڭ چۈن، شياۋ لىزى، ۋۇ تېچىڭ، ۋاڭ شىجى، چېن لىفۇ، بەي چۇڭشى، چېن چىڭ، خۇڭ لېيەنياۋ قاتارلىق كىشىلەرگە ئالاھىدە تېلېگرامما يوللاپ،



ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ.

جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېگەن:

«ئۇلار ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان مىللىي ئاپتونومىيە مەسىلىسى، زۇڭلى (سۇن جۇڭشەن) نىڭ ۋەسىيىتىدە مەلۇم نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە، بىراق ئۇلار مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن يۇكسەك ئاپتونومىيە ئوتتۇرىسىغا بەلگىلىك چەك قويمىغان. ئادەتتىكى يەرلىك ئاپتونومىيە دېگەن بىلەن ئارىلىقى قانچىلىك، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشمۇ تەس. ئەگەر ساپ نەزەرىيە نۇقتىسىنەزىردىن ئېيتقاندا، مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆلچىمى كەڭرەك بولغان ئاپتونومىيە ھوقوقى بېرىش، مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.»[①]

جاڭ جىجۇڭ يەنە نەنجىڭدىكىلەرنى كۆپرەك سۆز بىلەن قايىل قىلىش ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئۈچرىشىش، ھېسسىياتتا بىرلىككە كېلىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە دەۋەت قىلىپ، نەنجىڭگە تېلېگرامما يوللايدۇ. نەنجىڭ تەرەپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئەخمەتجان ۋە باشقا ۋەكىللەر بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.

جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دەيدۇ:

«شۇ چاغدا مەن شياۋ لىزى ئەپەندىنىڭ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: شىنجاڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭگە كەلگەندىن كېيىن، كەمىنە ئىنىلىرى تاپىلىغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇلارنى ئەتراپلىق كۈتۈۋالدىم. بۇنى پەش قىلىپ ئولتۇرمايمەن.

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن 3 قېتىم ئۇزۇن سۆھبەتتە بولدۇم. 1 ـ قېتىمقىسى، دۆلەت قۇرۇلتىيىغا سۇنۇل-

① جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەسلىمىسى: «ئۇرۇمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» ، ئۇيغۇرچە، 138ـبەتكە قارالسۇن.

غان تەكلىپلەر ئاياغلاشقان كۈنى بولدى. نەتىجىدە قارشى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ماقۇل بولدى. 2-، 3-قېتىمقى سۆھبەتلەر، دۆلەت قۇرۇلتىيى يېپىلغاندىن كېيىن بولدى. دەسلەپتە قارشى تەرەپ كونكرېت جاۋاب بەرمىدى. ئۇلارغا سەمىمىي ھالدا چۈشەنچىلەر بەرگەندىن كېيىن، تەكلىپلەر ئاخىرى بايراق تەقدىم قىلىش ھەمدە جياڭ جيېشىغا يۈزمۇ يۈز ئەرز سۇنۇش دېگەن سۆز ئېلىۋېتىلىپ، قالغان 8 ماددا مۇۋاپىق تېپىلدى. ئۇلارغا يۇمشاق سۆزلەر بىلەن تەسەللى ئېيتتىم، ئۇلار رازى بولۇشتى»①

زامان ۋە ماكان ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مەسىلە گەرچە تىنچلىق سۆھبىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ تېخى قۇرۇلتايدەك قانۇن تۈزۈم سورۇنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ قانۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تامامەن زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي قانۇن تۈزۈش قۇرۇلتىيى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك تەكلىپ لايىھىسىنى سۇنۇش، ئۇنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىش، قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىپ قانۇنلاشتۇرۇش، تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. شۇڭا بۇ تەلەپ قانۇنغا ئۇيغۇن ۋە ھەققانىي تەلەپ ئىدى.

ئەپسۇسكى، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇنداق قىلمىدى، ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزىگە قايىل بولمىدى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

قۇرۇلتايغا كەلگەن ۋەكىللەر ئىچىدە بىزدىن باشقا يەنە ئىچكى موڭغۇل ۋە تىبەت (شىزاڭ) نىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بار ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى مەركەز موڭغۇل-تىبەت ھەيئىتى ئارقىلىق قۇرۇلتايغا سۇنغانلىقى مەلۇم،

① جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەسلىمىسى: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، ئۇيغۇرچە، 142-بەتكە قارالسۇن.



بىراق ئۇلارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنىڭ مەزمۇنىدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز بولمىغاچقا بو ھەقتە توختالمىدۇق.

ۋەكىللەر نەنجىڭدىكى ۋاقتىدا مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنى جياڭ جيېشى 3 قېتىم قوبۇل قىلغانىكەن.

جياڭ جىڭگو - جياڭ جيېشىنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ 1925 - 1937يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان، ئوقۇغان ۋە ئىشلىگەن. رۇسچىنى ياخشى بىلىدۇ ھەم راۋان سۆزلىيەلەيدۇ. ئۇ، بىر رۇس قىزىغا ئۆيلەنگەن.

جياڭ جىڭگو نەنجىڭدە ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆپ قېتىم يوقلاپ بارغان ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، كۆپ جايلارنى بىللە ئېكسكۇرسىيە قىلغان. ئۇلار ھەر ئىككىسى رۇسچىنى ياخشى بىلگەچ ھەم راۋان سۆزلىگەچكە بىۋاسىتە رۇسچە سۆزلىشەلەيتتى.

قۇرۇلتاي ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ئارىسال ۋاقىتتا، ئۇرۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئېكسكۇرسىيەنى باشلىدى.

ئەڭ ئاۋۋال گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئاساسىي قۇرغۇچىسى ھەم شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پېشۋاسى سۇن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدۇق.

## «سۇن جوڭشەن مەقبەرىسى»گە زىيارەت

نەنجىڭ شەھىرىنىڭ تەخمىنەن غەربىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان بىر ئېگىز تۆپىلىككە سۇن جوڭشەن مەقبەرىسى ياسالغانىكەن.

ھەممە ئەتراپى ياپيېشىل قارىغاي، ئارچا ۋە باشقا ھەرخىل دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بۇ تۆپىلىككە چىرايلىق پەلەمپەيلىك يول ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى قويۇق دەرەخزارلىق، خىلمۇ خىل گۈل-گىياھلار بىلەن ئورالغانىكەن. بىز ھەمراھ-

لارنىڭ باشلامچىلىقىدا، پەلەمپەيدىن ئاستا ـ ئاستا قەدەم تاشلاپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىدۇق.

ئوتتۇرا يولدا چىرايلىق ياسالغان پەي لۇ(3 دەرۋازا) بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن يۇقىرىغا قاراپ يەنە ماڭدۇق. بۇ يەردە سۇن جۇڭشەننىڭ تىك (ئۆرە) تۇرغان ھەيكىلىنى كۆردۇق. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ يۇقىرىغا چىقىپ، مەقبەرەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىر ئاز سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئېھتىرام بىلدۈردۇق. ئاندىن مەقبەرەنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردۇق. قارىساق ئايلانما شەكىللىك لەھەتتە، كىرىستالدىن ئىشلەنگەن تاۋۇتتا ياتقان سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ جەسىتىنى كۆردۇق ھەمدە جىمجىتلىقتا ئاستا دائىرىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ سىرتقا چىقتۇق. شۇنىڭ بىلەن سۇن جۇڭشەن مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىش تاماملاندى.

## ئۇچرىشىش

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۈمىكى نەنجىڭگە يېتىپ كېلىپ 2، 3 كۈن ئۆتكەندە، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەپتىش پالاتاسىنىڭ باشلىقى يۈ يۇرىن ئەپەندى ۋەكىللەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يۈ يۇرىن ئەپەندى شۇ يىلى (1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا) نەنجىڭدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ «قەسەمياد» مۇراسىمىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇ كىشى شۇ كەلگىنىچە ئۈرۈمچىدە 2 ئايدەك تۇرۇپ، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى نەنجىڭغا قايتىپ كېتىدۇ.

دېمەك، يۈ يۇرىن ئەپەندى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى بىلەن تونۇش دېگەن سۆز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى ئالدى بىلەن ۋەكىللەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغانلىقى چۈشىنىشلىك بىر



ئىش.

ۋەكىللەر تەكلىپ بويىچە زىياپەتكە ئىشتىراك قىلىپ، غىزالىنىش ئاياغلاشقاندا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھاۋالىنىش ئۈچۈن زىياپەت زالىدىن سىرتقا چىقىدۇ. دەل شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، يۈ يۇرىن ئەپەندىمۇ سىرتقا چىقىدۇ ــ دە، ئاباسوف بىلەن پاراڭلىشىپ:

— ھاۋا سوغۇقمىكەن؟ — دەيدۇ.

— شىنجاڭنىڭ سوغۇقىغا قارىغاندا، بۇنى سوغۇق دېمىسىمۇ بولىدۇ، — جاۋاب بېرىدۇ ئاباسوف.

يېقىندا مەن دۆلەت بىۋۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تىلغا ئېلىشىم بىلەنلا، ئۇ سىزنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، — دەيدۇ يۈيۇرىن.

ئاباسوف چۆچىگەندەك قىلىپ، يۈ يۇرىن ئەپەندىگە بىر قاراپ قويىدى ــ دە، دەرھال ئېسىگە: يۈ يۇرىن ئەپەندى بىلەن ئۈرۈمچىدە تونۇشۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ گومىنداڭ ئىچىدىكى ئىلغار زات ئىكەنلىكى ھەمدە كومپارتىيە ئىچىدىكى بىرمۇنچە رەھبىرىي ئەربابلار بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتى بارلىقى قاتارلىق جەھەتلەر يادىغا كېلىدۇ.

— ئۇ قەيەردە ئولتۇرىدۇ؟ ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ ئاباسوف.

— ھەي، ئالدىرىماڭ، ئۇ يەرگە ھەرگىز ئۆزىڭىز يالغۇز بېرىشقا بولمايدۇ... — دەيدۇ يۈ يۇرىن.

بۇنىڭ بىر بىشارەت ئىكەنلىكىنى ئاباسوف چۈشىنىدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاباسوف تۇرغان يەرگە بىر قىز پەيدا بولىدۇ.

— يۈ يۇرىن يۈەنجاڭدىن ماڭا تېلېفون كەلدى، سىزنى باشلاپ كەل، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بىرنەۋرە ھەدىسى يۈەنجاڭ مەھكىمىسىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى، دەپ مېنى

سىزگە ئەۋەتتى، — دەيدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى دەرۋازىدىن چىقىدۇ. ئىشىك
ئالدىدا بىر قارا پىكاپنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ، بىراق پىكاپنىڭ
شوپىرى كۆرۈنمەيتتى، شۇئاندا ھېلىقى قىز دەرھال ماشىنىنىڭ
رولىنى ئالىدۇ - دە، پىكاپنى ئۆزى ھەيدەيدۇ.

ئابباسوف بولسا، ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئۈن -تىنسىز، جىم-
جىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. ماشىنا بىرمۇنچە ئەگرى توقاي
يوللارنى ئايلىنىپ مېڭىپ، بىر خىلۋەت كوچىغا كەلگەندە، ئان-
دىن ھېلىقى قىز گەپ باشلاپ:

— مەن چىڭ ليەن بولىمەن! — يولداش دۇڭ بىۋۇ سىزنى
ئەكىلىشىمگە مېنى ئەۋەتكەن — دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان
ئاباسوف ھاياجانلىنىپ:

— ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيوم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى —
دەيدۇ.

چىڭ ليەن بولسا، جياڭ جيېشىنىڭ مۇلكى (مەمۇرىي)
ئىشلار كاتىپى چىڭ بۇلېينىڭ قىزى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى
زاتىغا يۈز ئۆرۈپ، ئىنقىلابقا ئۆزىنى بېغىشلىغان قىز.

ماشىنا 15 مىنۇتقا قالماي «مېيۈەن يېڭى كەنتى» گە يېتىپ
كېلىدۇ. ئاباسوف چىڭ ليەننىڭ ھەمراھلىقىدا، ھويلىغا كىرى-
دۇ. ھويلىدا بولسا، ئوتتۇرا بوي كەلگەن، ئاددىي كىيىنگەن،
ياش قورامى 30دىن سەل ئاشقان بىر ئەركىشى ئاباسوفنى ساقلا-
پ تۇرغانىكەن. ئۇ كىشى ئاباسوفنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ:
«يولداش ئاباسوف قېنى مەرھەمەت قىلىڭ، يولداش دۇڭ بىۋۇ
سىزنى ساقلاۋاتىدۇ» — دەيدۇ (بۇ كىشى تۇڭ شياۋپىڭ بولۇپ،
ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ كاتىپى ئىكەنلىكىنى ئاباسوف
كېيىن بىلىدۇ).

ئاباسوف كىرىپ، دۇڭ بىۋۇ بىلەن بىۋاستە كۆرۈشىدۇ.
يولداش دۇڭ بىۋۇ ئاباسوفنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. شىنجاڭ-



نىڭ ئەھۋالىغا ئائىت بىرقانچە سوئاللارنى سورايدۇ. ئاباسوف
ھەممە سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئاباسوف نەنجىڭغا مېڭىش ۋاقتىدا «شىنجاڭ
كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى»①نىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتى-
يىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان خېتىنى ئالغاچ بارغاچقا،
ئۇنى دۇڭ بىۋۇغا تاپشۇرىدۇ. بۇ خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقى
مەلۇم ئەمەس. ئاخىرىدا ئاباسوف يولداش دۇڭ بىۋۇغا تۆۋەندىكى
3 تەلەپنى قويىدۇ:

1، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيى-
سىنى ئۆزىنىڭ قارمىقىدىكى بىر تەشكىلات سۈپىتىدە قوبۇل
قىلسا؛

2، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرنەچچە رەھبىرىي كادىر
ئەۋەتىپ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلسا؛

3، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇرۇ-
شىمىز ئۈچۈن، شىنجاڭغا بىر نەپەر رادىئو تېلېگراف تېخنىكا
كادىرى ۋە رادىئو تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئەۋەتىپ بەرسە.

ئاباسوف سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، دۇڭ بىۋۇ بىر ئاز
ئويلىنىۋېلىپ: «سىز ئېيتقان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى بەك مۇ-
ھىم، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىشىمىزگە خې-
لى ياردىمى بار. سىز ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان 3 تەلەپنىڭ
ھەممىسى مۇھىم مەسىلىلەر، مەن ئۆز ئالدىمغا جاۋاب بېرەلمەي-
مەن. مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ.
مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن
سىزگە رەسمىي جاۋاب بېرەي» - دەيدۇ.

دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ بۇ قېتىم زىيارەت قى-
لىنىپ كەلگەنلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، دەرھال يەنئەن-

① «شىنجاڭ كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى» - ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم خەنزۇ زىيالىيلىرى
تەسىس قىلغان تەشكىلات.

گە تېلېگرامما يوللايدۇ.[1]

1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچ سائەت 10 لاردا، دۇڭ بىۋۇ ئابباسوفنى يوشۇرۇنچە مېيۇەنگە چاقىرتىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ.

دۇڭ بىۋو ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەقەتلا بىر رادىست بىلەن رادىئو تېلېگراف ئاپپاراتى توغرىسىدىكى تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، پىلىڭ گوئەننى بىر دانە رادىئو ئاپپاراتىنى ئېلىپ، ئابباسوف بىلەن شىنجاڭغا بېرىشىنى بەلگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئاياغلىشىدۇ.

## زۇڭتوڭ مەھكىمىسىدە

بىر كۈنى ۋەكىللەرگە: «بۈگۈن زۇڭتوڭ مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىزلەر» - دېگەن «تەكلىپنامە» كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دەل ۋاقتىدا شياۋلىزى، جاۋ شىگۇاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا زۇڭتوڭ مەھكىمىسىگە باردۇق. ھەمراھ بولغۇچىلار ۋەكىللەرنى دەم ئېلىش ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ھەممىمىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، شياۋ لىزى بىلەن جاۋ شىگۇاڭ ئىككىسى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار جياڭ جيېشىغا ۋەكىللەرنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان بولسا كېرەك، سەلپەل ئۆتۈپ جياڭ جيېشى بىلەن سۇڭ مېيلىڭ خانىم كىرىپ كەلدى، ۋەكىللەر ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈردۇق.

جياڭ جيېشى بىلەن سۇڭ مېيلىڭ خانىم ماس قەدەم تاشلاپ باش لىڭشىتىپ سالامنى قوبۇل قىلىپ، ھازىرلانغان ئورۇندا

---

① سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانلىرى»، 2 - توم، 204 - بەتكە قاراڭ.



ئولتۇردى. ئاندىن شياۋ لىزى بىلەن جاۋشىگۇاڭ ۋەكىللەرنى ئىسمى شەرىپى بىلەن ئۇلارغا تونۇشتۇردى.

جياڭ جيېشى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابباسوفلار ئۆزئارا پاراڭلاشتى. سۇڭ مېيلىڭ خانىم بولسا، ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەكىللەرنىڭ ئالدىغا (يېنىغا) كېلىپ، نۆۋەت بىلەن ھەر بىر ۋەكىل بىلەن پاراڭلاشتى.

نۆۋەتتە، جياڭ جيېشىغا لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمى باشلاندى: شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەييارلىغان لەۋھە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان ئىدى (سۆز يادىمدا يوق).

لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى، ئارتۇقچە دەبدەبىلىك ۋە داغدۇغىلار بولمىدى. جياڭ جيېشى بىلەن سۇڭ خانىم ۋەكىللەرنى زىياپەت زالىغا تەكلىپ قىلدى.

زىياپەت داۋامىدا، غىزالانغاچ پاراڭلىششقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، جياڭ جيېشى ساھىپخان سۈپىتىدە ئۇستەلنىڭ باش تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. سۇڭ خانىم بولسا، ئۇستەلنىڭ يەنە بىر باش تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن زىياپەت باشلاندى. زىياپەت داۋامىدا جياڭ جيېشى بىلەن سۇڭ خانىم ئۆزئارا ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، مېھمانلار بىلەن بىمالال سۆزلەشتى. زىياپەت باشتىن - ئاخىر خۇشال كەيپىياتتا ئۆتتى.

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ۋەكىللەرنى چىڭداۋ، تيەنجىن ۋە بېيجىڭلارنى ساياھەت قىلدۇرماقچى بولدى.

## «كۆمۈش لاچىن» ئاسماندا

1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرقى 10 كۈنى ئىچىدە ساياھەت قىلىش باشلاندى. ۋەكىللەر جاۋ شىگۇاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا نەنجىڭ ئايرودرومىغا كەلدۇق.

بىز كېلىشتىن ئاۋۋال، جياڭ جىڭگو باشلىق ئەربابلار ئايرودرومغا كېلىپ بولغانىكەن. ئۇچۇش تەييارلىقى تەق قىلىپ قويۇلۇپتۇ. يەنى، بىز چۈشىدىغان ئايروپىلان سۇڭ مېيلىڭ نامىلىق ئوتتۇرا تىپلىق مەخسۇس ئايروپىلان ئىكەن. ئاۋۋال جياڭ جىڭگو بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئاباسوفلار ئايروپىلانغا چىقتى. ئاندىن جاۋشىگۇاڭ قالغان ۋەكىللەرنى باشلاپ ئايروپىلانغا چىقتۇق.

«كۇمۇش لاچىن» ئاسمانغا كۆتۈرلۈپ، نەنجىڭ شەھەر ئاسمىنىنى بىر ئايلىنىپ، چۇڭداۋ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

چىڭداۋ شەھىرى ـ چىڭداۋ يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان، بوخەي دېڭىزى بويىدىكى پورت شەھىرىدۇر. ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرلۈپ بىرئاز ئۇچقاندىن كېيىن، كۆپ كۆك دېڭىز ئۈستىدە (دېڭىز ئاسمىنىدا) ئۇچقاچقا، ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى دېڭىز سۈيى «كۆك» ئاسمىنى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەر، خۇددى 2 قات ئاسماننى هاسىل قىلغاندەك؛ «كۇمۇش لاچىن» بولسا گويا ئەنە شۇ2 قات كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقان ئالەم كېمىسىگە ئوخشاپ قالاتتى.

جياڭ جىڭگو بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى يانمۇ يان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچقا، رۇسچە بىمالال پاراڭلىشىپ ئارىلاپ كۈلۈشۈپ قوياتتى.

ئايروپىلان خېلى ئۇچقاندىن كېيىن، ئايروپىلان خادىمى: «چىڭداۋ شەھەر ئاسمىنىغا يېتىپ كەلدۇق» ـ دەپ خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەر ئايروپىلاننىڭ دەرىزىسىدىن بۇ گۈزەل دېڭىز بويى شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ تۆۋەنگە قاراشقا باشلىدى. ئايروپىلان بارغانچە پەسلەپ ئۇچۇپ چىڭداۋ شەھەر ئايرودرومىغا قوندى.

ۋەكىللەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، چىڭداۋ شەھىرىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ئەربابلار ئۇ يەرگە چىققانىكەن. ئايروپىلاندىن



تەرتىپ بويىچە چۈشۈپ قارشى ئالغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتۇق ۋە بەلگىلەنگەن مېھمانخانىغا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق.

ئەتىسى، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، چىڭداۋ شەھىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. مەسىلەن، چىڭداۋ شەھىرى جايلاشقان چىڭداۋ يېرىم ئارىلى، دېڭىز ساھىلىدىكى پورت (سۇغا چۆمۈلىدىغان ئورۇن)، ھەرخىل تىپتىكى پاراخوت، كېمە قاتارلىقلارنىڭ كېلىپ ـ كېتىشلىرى ۋە باشقىلار...

ئاندىن بىزنى باشلاپ چىڭداۋ پورتىغا توختىتىلىپ قويۇلغان ئامېرىكىنىڭ بىر چوڭ ھەربىي پاراخوتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. بۇ پاراخوت دېگەندەك خېلى چوڭ پاراخوت ئىكەن. پاراخوت 3 قەۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى قەۋىتىگە تاماقخانا، مۇلازىمەت ئۆيى جايلاشقانىكەن؛ 2 ـ قەۋىتىگە دەم ئېلىش ئۆيى، پائالىيەت ئۆيى قاتارلىقلار جايلاشقانىكەن؛ 3 ـ قەۋىتىگە بولسا، دوختۇرخانا، بالنىس، ئاغرىقلارنى داۋالىتىش بۆلۈمى قاتارلىقلار جايلاشقانىكەن. بىرنەچچە يارىدارلار بالنىستا داۋالىنىۋېتىپتۇ. قارىغاندا پاراخوت ئارقا سەپ رولىنى ئوينىسا كېرەك. بىز پاراخوتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇ يەردىن قايتتۇق.

ھەمراھلار بىزنى يەنە ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيە تەرىپىدىن چىڭداۋ شەھىرىگە سېلىنغان دوختۇرخانىغا باشلاپ كەلدى. بۇ دوختۇرخانا پۈتۈنلەي قىزىل خىش بىلەن 8 قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان ئىمارەت ئىكەن. قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي ياۋروپا ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولغاچقا، تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ناھايىتى كۆركەم، زامانىۋى ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى سائەت 5 ـ 6 ئەتراپىدا ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ چىڭداۋدا ئولتۇرۇشلۇق قېيىن ئىگىچىسى (ئايالىنىڭ بىر نەۋرە ھەدىسى) نىڭ ئۆيىگە پەتىگە باردۇق (ھەممىمىز

ئەمەس).

ئاباسوفنىڭ بۇ تۇغقىنى چىڭداۋ شەھىرىنىڭ چېتىدەرەك، سەل خىلۋەت بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. ئاباسوف بىزنى باشلاپ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تىنچلىق ــ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. شۇنىڭغىچە ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ، قاش قارايغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا ئاباسوف سىرتقا چىقىپ يەنە ئۆيگە كىردى ــ دە، مەخسۇت تېيىپ بىلەن مېنى ئىما ــ ئىشارەت قىلىپ چاقىردى ۋە تالاغا چىقىپ بىزگە: «يۇرتداشلار، بىز ئاۋۇ يەرگە بېرىپ كېلەيلى» ــدېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنى باشلاپ ماڭدى. خېلى بىر يەرگىچە ماڭغاندىن كېيىن: «سىلەر ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە ئەتراپقا دىققەت قىلىپ تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بىردەمدىلا كېلىمەن» — دېدى ــ دە، ئۆزى يالغۇز كەتتى.

ئاباسوف شۇ بارغانچە ھېلىقى رادىست پىڭ گوئەن (كېيىن ئىسمىنى ۋاڭ نەندىگە ئۆزگەرتكەن) نىڭ ئىشىنى تەق قىلىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە: دۆڭ بىۋۇ بىلەن ئاباسوف كۆرۈشكەندە ماقۇل بولغان رادىست پىڭ گوئەن ئۇ چاغدا نەنجىڭدا ئەمەس، چىڭداۋدا ئىكەن، شۇڭا بۇنى مەخپىي تۇتقاچقا چىڭداۋغا بارغاندا ئۇنى تېپىپ ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشنى ھەل قىلغانىكەن.

چىڭ داۋدىكى ساياھەت تاماملىنىپ، تيەنجىنگە ماڭماقچى بولدۇق، ئەتىسى مېڭىش ئالدىدا ھېلىقى رادىست پىڭ گوئەن بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەم بىز بىلەن بىللە چىڭداۋدىن تيەنجىنگە ماڭدۇق.



## تيەنجىنگە ئۇچۇش

تيەنجىن شەھىرى ــ بوخەي دېڭىزىنىڭ بوخەي قولتۇقىغا جايلاشقان پورت شەھىرىدۇر.

بىز يەنە شۇ ئايروپىلان بىلەن چىڭداۋدىن تيەنجىنگە ئۇچتۇق. بۇ قېتىم بىزگە يەنە بىر ئادەم ــ پىڭ گوئەن قوشۇلغانىدى.

ئاباسوف بۇ ھەقتە ئالدىن ئالا جياڭ جىڭگوغا: «مېنىڭ ئايالىمنىڭ بىر نەۋرە ھەدىسى چىڭداۋدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. بۇ قېتىم چىڭداۋغا كېلىپ ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەنە شۇ ھەدەمنىڭ ئېرىنىڭ ئىنىسى شىنجاڭغا بېرىپ تۇغقىنىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئىكەن، بىز بىلەن بىللە شىنجاڭغا بارماقچى» ــ دەپ، ئۇنىڭ سەمىگە سالغان بولسا كېرەك، شۇڭا بۇ ھەقتە ھېچقانداق گۇمانلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى.

«كۇمۇش لاچىن» بوخەي دېڭىزىنىڭ بوخەي قولتۇقى ئۈستىدە ئۇچماقتا، دېڭىز ئۈستىدە ئۇچقاچقىمۇ ئايروپىلاندا ھېچقانداق سىلكىنىش يوق ئىدى. ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قارىسىڭىز ئاسمان بىلەن دېڭىز گويا تۇتاشقاندەك كۆپ كۆك كۆرۈنەتتى. ئايروپىلان خېلى ئۇچقاندىن كېيىن، تيەنجىن شەھەر بوشلۇقىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئايروپىلان خادىمى خەۋەر قىلدى.

ئاڭلىشىمىزچە: بىز نەنجىڭدىن ئۇچۇش ئالدىدا جياڭ جىڭگو ئايروپىلان خادىملىرىغا: ھەر بىر شەھەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە خەۋەر قىلىشنى تاپىلىغانىكەن، شۇڭا ئايروپىلان خادىملىرى بۇنى بېجىرىپ، ھەربىر شەھەرنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە خەۋەر قىلغانىكەن. بۇنىڭدىن مەقسەت: ۋەكىللەرنىڭ شۇ شەھەرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسى ئارقىلىق

بولسىمۇ بىر قۇر كۆرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. ئايروپىلان بارغانچە تۆۋەنلەپ، تيەنجىن شەھەر ئايرودرومىغا قوندى. قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا تيەنجىننىڭ شەھەر باشلىقى قاتارلىق بىرنەچچە ھەربىي، مۇلكى ئەربابلار چىققانىكەن.

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، ئەتىسى تيەنجىندىكى ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق باش فابرىكىسى - «شەرقىي ئاسىيا توقۇمىچىلىق باش فابرىكىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ توقۇمىچىلىق باش فابرىكىسىنىڭ يەنە شۆبە ھەم تارماقلىرى بار ئىكەن. مەسىلەن، «دورىگەرلىك زاۋۇتى»، «شىلەپە ياساش زاۋۇتى» قاتارلىقلار؛ باش فابرىكىنىڭ دىرېكتورى فابرىكىنىڭ قىسقىچە قۇرۇلۇش تارىخى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى، سېخلار ۋە باشقىلار توغرىسىدا قىسقىغىنە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرسەتتى.

1946-يىلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى، شۇڭا تيەنجىندە ئۇزاق تۇرمىدۇق. ئالدىمىزدا يەنە بېيجىڭغا بارىدىغان ئىش بار ئىدى.

## بېيجىڭغا ئۇچۇش

1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تيەنجىندىن يەنە شۇ ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتۇق.

بۇ قېتىمقى ئۇچۇش مۇساپىسى ئانچە ئۇزاق بولمىغاچقا، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا، بېيجىڭ شەھەر ئاسمىنىغا كەلگەن بولساق كېرەك، ئايروپىلان خادىمى ئادەتتىكىدەك: «بېيجىڭ شەھەر ئۈستىگە كەلدۇق» دەپ خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەر بۇ قەدىمىي شەھەر - بېيجىڭنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى (مەنزىر-



سىنى) ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسى ئارقىلىق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

ئايروپىلان بېيجىڭ شەھەر ئۈستى بوشلۇقىدا بىر ئايلىنىپ ئاستا تۆۋەنلەپ ئۇچۇپ، بېيجىڭ شەھەر ئايرودرومىغا قوندى.

بىز ئايروپىلاندىن تەرتىپ بويىچە چۈشتۇق. ئايرودرومغا بېيجىڭ شەھەر باشلىقى قاتارلىق ئەمەلدارلار قارشى ئېلىشقا چىققانىكەن.

ئەتىسى، 1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بۇ قەدىمىي شەھەر - بېيجىڭنىڭ مەشھۇر جايلىرىنى ساياھەت قىلدۇردى. ئاۋۋال خان ئوردىسى، قەسىرلەر، تيەنئەنمىن قاتارلىقلاردىن باشلىنىپ، ئۇلارنى ساياھەت قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، بېيخەي، يىخېيۈەن، تيەنتەن، مۇزېي ··· قاتارلىقلارنى كۆردۇق.

قىسقىسى كۆرۈشكە تېگىشلىك مەشھۇر جايلار، ئاسارە - ئەتىقە، مەنزىرىلىك ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساياھەت قىلىندى. بۇ جەرياندا فوتو سۈرەتچىلەر رەسىمگە ئالغان كۆرۈنۈشلەرنى كېيىن يۇيۇپ تەييارلاپ ۋەكىللەرگە بەرگەنمۇ بولدى.

ئەتىسى، 1946 - يىلى ئاخىرلىشىپ، 1947 - يىل يېتىپ كەلگەنىدى.

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، 1947 - يىلنىڭ يېتىپ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭى يىلنى قارشى ئېلىپ تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندۇق.

مۇراسىم ئورنى ناھايىتى ئازادە ۋە كۆركەم، بىر - بىرىگە يانداش سېلىنغان ئىمارەت ئىكەن. چوڭ زالدا ساھىپخان (بېيجىڭ شەھەر باشلىقى) ھەممە مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنغان خانىم - ئەپەندىلەر بولۇپ خېلى كۆپ كىشى ھازىر بولۇشقانىكەن.

شىنجاڭ ۋەكىللىرى زالغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن

زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالقىش ياغدۇرۇپ، قارشى ئالدىغانلىد-
قىنى ئىپادىلەشتى، شىنجاڭ ۋەكىللىرى ھەم ئۇلارغا قوشۇلۇپ
چاۋاك چېلىپ ماسلاشتى. ئۆزئارا ئىپادە بىلدۈرۈپ چېلىنغان
ئالقىش ساداسى زالنى ياڭراتتى، ئاندىن كېيىن مۇراسىم باشلان-
دى.

بېيجىڭ شەھەر باشلىقى يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش، تەبرىك-
لەش نۇتۇقى سۆزلىدى. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

— ھۆرمەتلىك خانىم - ئەپەندىلەر، مېھمانلار، جانابلار:

بىز بۈگۈن بۇ يەرگە جەم بولۇپ، يېتىپ كەلگ-
ەن 1947 - يىلىنىڭ 1 - كۈنىنى شەھىرىمىز بېيجىڭغا يېتىپ
كەلگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەمدە
ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مۆھتەرەم ئەخمەتجان قاسىمى ئە-
پەندى جانابلىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش
كاتىپى ھەم ۋەكىل ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەپەندى؛ ھەمدە ۋەكىل-
لەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىپ
ئىشتىراك ئېتىشى بىلەن بىرلىكتە قارشى ئالغانلىقىمىز ئۈچۈن
ئىنتايىن خۇشالمىز! شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىز جانابلارنىڭ ۋە
مېھمانلارنىڭ يېڭى يىلىڭىزلارنى تەبرىكلەيمىز!

ھەممىڭلارنىڭ يېڭى يىلىڭىزلارغا مۇبارەك بولسۇن!

بېيجىڭ شەھەر باشلىقى مېھمانلارنى ياندىكى يەنە بىر زىيا-
پەت زالىغا تەكلىپ قىلدى. بۈگۈنكى زىياپەت باشقىچە تۈس ئالغان-
دەك سېزىلەتتى. ئەمەلىيەتتە مۆلچەردىكىدەك بولدى.

بۇ بىزگە باشقىچەرەك تويۇلاتتى. چۈنكى، بۇ تۈنجى قېتىم
ئۇچراشقانلىقتىن بولسا كېرەك.

## «كوكتېيىل ھارىقى» زىياپىتى

كوكتېيىل ھارىقى - ئارىلاشما ھاراق زىياپىتى، نۇرغۇن



دىپلوماتىيە ۋە ئىجتىمائىي سورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل
ھاراق زىياپىتى.

كوكتېيىل ھارىقى «توخۇ قۇيرۇقى ھارىقى» دەپمۇ ئاتىلى-
دۇ.

بۇ خىل زىياپەتتە مېھمانلار زىياپەت زالىغا كىرگەندىن كې-
يىنلا، ئۆزئارا 2 - 3 كىشى ئىختىيارىي ھالدا يەڭگىل قەدەم
تاشلاپ، پاراڭلىشىپ ئۇياققا ياكى بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ. ئەنە
شۇ چاغدا كۈتكۈچى قىزلار ياكى مۇلازىمەتچىلەر كوكتېيىل ھارى-
قىنى رومكا ۋە زاكوسكا قاتارلىقلار بىلەن پەتنۇسقا سېلىپ كۆتۈ-
رۈشۈپ كېلىپ، مېھمانلارغا: قېنى مەرھەمەت قىلىڭ! دەپ،
ئۇلارغا سۇنىدىكەن. مېھمانلار خالىسا: قېنى ئەمىسە بىرەر قە-
دەھ ئىچەيلى - دەپ ھاراقنى ئىچىپ، يەنە پاراڭلىشىپ ماڭىدى-
كەن.

دېمەك، زىياپەت باشتىن - ئاخىر ئەنە شۇ يوسۇندا داۋام
قىلىدىكەن. شۇڭا ئۆزاققا سوزۇلىدىغان بۇنداق زىياپەت «كوكتې-
يىل ھارىقى زىياپىتى» ياكى «توخو قۇيرۇقى ھارىقى زىياپىتى
» دەپ ئاتىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، 1947 - يىل (يېڭى يىل)
نى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «كوكتېيىل ھا-
رىقى زىياپىتى» ئاخىرلاشتى.

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى
باشلىق بىر قانچىمىز، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى تەرد-
پىگە جايلاشقان «ۋېيگۇڭسۈن » (مۇسۇلمانلار مەھەللىسى) گە
باردۇق. ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بار ئىكەن، شۇ
قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئەينى يىللاردا مۇساپىرلىق سەرگۈزەشتى-
لىرىنى يەتكۈچە بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى بېيجىڭدا ئىستىقا-
مەتتە تۇرۇپ قىلىپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇم مەھمۇت
سىجاڭ (مەھمۇت مۇھىتى ) نىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدۇق.
مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلدۇق. ئاندىن

ئەخمەتجان قاسىمى يېنىدىكى گېرمانىيەدە ئىشلەنگەن «كونتاكس» ماركىلىق ئاپتوماتىك فوتوسۈرەت ئاپپاراتىنى ئېلىپ، مەرھۇم مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قەبرىسىنى رەسىمگە تارتتى، جۈملىدىن خاتىرە ئۈچۈن ھەممىمىز قەبرە بېشىدا رەسىمگە چۈشتۇق.

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، بىزنىڭ بېيجىڭدىكى بىرنەچچە كۈنلۈك ساياھىتىمىز ئاساسەن ئاخىرلىشىپ قالدى، ئەمدىلىكتە قايتىشقا توغرا كەلدى. جياڭ جىڭگومۇ بىز بىلەن بىللە نەنجىڭگە قايتتى. رادىست پىڭ گوئەن ئاپباسوفنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە نەنجىڭدىكى ئەنلى مېھمانخانىسىغا جايلىشىپ، تاكى ۋەكىللەر شىنجاڭغا قايتقىچە شۇ يەردە تۇردى.

بىز نەنجىڭگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ نەنجىڭگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

ۋەكىللەر ساياھەتتىن نەنجىڭغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ئارىدىن 2 - 3 كۈن ئۆتكەندە، جاڭ جىجۇڭ ئۆز نامىدا ۋەكىللەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، تەكلىپ بويىچە بىز زىياپەتكە باردۇق، جاڭ جىجۇڭ زىياپەتتە قىسقىچە سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر، مېھمانلار:

- سىلەر شىنجاڭ ۋەكىللىرى «مىللىي قۇرۇلتاي» غا قاتنىشىشتىن سىرت، ئارىسال ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، تەكلىپ بويىچە چىڭداۋ، تيەنجىن ۋە بېيجىڭدىن ئىبارەت 3 شەھەرنى ساياھەت قىلىپ قايتقانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بولدۇم. بۇ، تولىمۇ ئوبدان ئىش بوپتۇ، بۇ جەرياندا سىزلەرنى بىرمۇنچە تەسىراتلارغا ئىگە بولغاندۇ، دەپ ئويلايمەن.

قۇرۇلتايمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. سىزلەر شىنجاڭغا قايتىش ئالدىدا تۇرۇپسىزلەر، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن سىزلەردىن ھال سوراپ مۇشۇ ئاددىي زىياپەتكە تەكلىپ قىلدىم. مەن نەنجىڭدا



بىرئاز ۋاقىت تۇرۇپ ئاندىن شىنجاڭغا قايتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مېنىڭ سىزلەرنى ئۇزۇتۇپ قويۇش چېيىم دېسەممۇ بولىدۇ.

قۇرۇلتايمۇ ئاياغلىشىپ قالغانىدى، ۋەكىللەر بولسا، شىنجاڭغا قايتىش ھازىرلىقىنى كۆرمەكتە. نۆۋەتتە، شىنجاڭ ۋەكىللىرى نامىدىن نەنجىڭدىكى ھەربىي، مۈلكى ئەمەلدارلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىز شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئەتراپلىق كۈتۈۋالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىششقا توغرا كەلدى، شۇڭا، ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋاكالىتەن ئۆز نامىدا ئۇلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.

مېھمانلار ئىچىدە جاڭ جىجۇڭ ھەم بار ئىدى، مېھمانلار دەل ۋاقتىدا زىياپەت زالىغا ھازىر بولۇشتى.

زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا، ئەخمەتجان قاسىمى ئاز ھەم ساز خوشلىشىش نۇتۇقى سۆزلىدى:

ھۆرمەتلىك جانابلار، ئەپەندىلەر:

- بىز شىنجاڭ ۋەكىللىرى تەكلىپ بويىچە «مىللىي قورۇلتاي» غا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭگە كەلگەندىن بۇيان، ھەرقايسىڭلارنىڭ ھەرتەرەپلىمە، ئەتراپلىق كۈتۈۋېلىشىڭلارغا مۇيەسسەر بولدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە چىن كۆڭلۈمىزدىن تەشەككۈر ئىزھار قىلىمىز ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

بىزنىڭ نەنجىڭدىكى ۋاقتىمىز مەنىلىك ئۆتتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقاندىن سىرت، بىرمۇنچە مەشھۇر ئورۇنلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق، سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلەشتۇق، سۆزلەشتۇق، جۈملىدىن بىز يەنە تەكلىپ بويىچە چىڭداۋ، تيەنجىن، بېيجىڭلاردىن ئىبارەت 3 شەھەرنى ساياھەت قىلىپ قايتتۇق، بۇ، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزگە يەنە بىر مەزمۇن قوشتى.

نۆۋەتتە قۇرۇلتاي ھەم ئاخىرلاشتى. بىزمۇ شىنجاڭغا قايتىش ئالدىدا تۇرىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بۈنى سىلەر بىلەن خوشلى-

شىش چېپى دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قەدەھنى ھەممىڭلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىشكە تەكلىپ قىلىمەن!

بىزنىڭ زىياپەت دەستۇرخانىمىزغا شىنجاڭنىڭ تائاملىرى ھازىرلاندى، بۇنىڭدىن مەقسەت سىلەرنى شىنجاڭنىڭ مىللىي تائاملىرىغا ئېغىز تەككۈزۈش. «ياۋروپا تائاملىرىدا كۆز تويىدۇ؛ جۇڭگو تائاملىرىدا ئېغىز تويىدۇ؛ شىنجاڭ تائاملىرىدا قورساق تويىدۇ»، دېگەن تەمسىل بار، دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ تەمسىل سۆزىنى ئاڭلىغان مېھمانلار پاراقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

## شىنجاڭغا قايتىش

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ۋەكىللەر نەنجىڭ ئايرودرومىغا چىقتۇق. بىزنى ئۇزۇتۇشقا چىققان مۇناسىۋەتلىك ئەربابلار ئۇ يەرگە ھازىرلىنىپ تۇرغان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە جاڭ جىجۇڭمۇ بار ئىدى.

ئايروپىلان شۇ ئۇچقانچە شىئەن شەھىرىنىڭ ئايرودرومىغا قوندى. شىئەن شەھىرى — غەربىي شىمال بويىچە چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇشى بىلەن بىللە ئەينى يىللاردا پايتەخت شەھىرى ئىدى. شۇڭا شىئەن شەھىرىدە بىر كۈن تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، ئەتىسى شىئەن شەھىرىنىڭ ساياھەتگاھلىرىنى ئېكىسكورسىيە قىلدۇق.

ئەتىسى، 1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىئەن شەھىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇردۇق، ئايروپىلان سەھەردە شىئەن ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ خېلى ئۇچقاندىن كېيىن، تۆۋەنلەپ كېلىپ لەنجۇ شەھەر ئايرودرومىغا قوندى.

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، لەنجۇدىن شىنجاڭغا



قاراپ ئۇچتۇق. ئايروپىلان لەنجۇ ئايرودرومىدىن سەھەر ئۇچقاچقا، يول ئۈستىدە جاڭيېدە بىر قونۇپ مېڭىشقا توغرا كەلدى، ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئۇچۇشنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق.

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئايروپىلان جاڭيې ئايرودرومىدىن ئاۋۋالقىدەك ئۇچتى ۋە شۇ ئۇچقانچە قۇمۇلدا توختاپ، توپ - توغرا ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇردى. چۈشتىن كېيىن، سائەت 4 ئەتراپىدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا كېلىپ قوندى.

دېمەك، ۋەكىللەر ساق - سالامەت ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نەنجىڭگە قىلغان سەپىرىمىز ئومۇمەن تاماملاندى.

«قۇرۇلتاي» ئەسلىدە گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، قۇرۇلتاي ئېچىلىش ۋاقتىدا، گومىنداڭ تەرەپ كومپارتىيە بىلەن ھەمكارلىق قىلىشنى خالىماي، قۇرۇلتاي يالغۇز گومىنداڭنىڭ خاھىشىدا ئېچىلدى.

نەتىجىدە گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىتىم بۇزۇلۇپ، كومپارتىيە ئىشغال قىلغان جايلارغا گومىنداڭ ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كومپارتىيە بۇ يىغىنغا قاتناشمىدى.

بىز شىنجاڭ ۋەكىللىرى قۇرۇلتايدا خەلقچىللىق تۈزۈمىگە ئاساسلانغان قانۇننى قوبۇل قىلىشقا تىرىشقان بولساقمۇ، لېكىن ئۆلكە ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا قاتناشقان گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلغاچقا، بىزنىڭ تىرىشىشىمىز تەسىر قىلمايتتى. قۇرۇلتايغا بىزنىڭ قويغان توغرا پىكىر ۋە تەلەپلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان رېئاكسىيون ئاساسىي قانۇننى ئىنكارمۇ قىلمى-

دۇق، ئېتىراپمۇ قىلمىدۇق.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كومپارتىيە مەسىلىسىنى مانا شۇنداق سەل چاغلىغان ۋاقىتتا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تېخىمۇ ئاسان دەپ قىياس قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىچكىرىدىكى چاغدىلا ئۆلكىدە بىتىمنى بۇزۇشقا قارىتىلغان ھەرىكەتلەر باشلانغانىكەن. بىز قايتىپ كەلگەندە بولسا، بىز ئۆلكىدىن كەتكەن ۋاقتىمىزغا كۆرە پەرق كۆپ ئىدى. ۋەكىللەر تېخى نەنجىڭگە ماڭماي تۇرغان ۋاقىتتا، گومىنداڭ تەرەپ بىتىمنى ئىجرا قىلىش تەرەپدارى بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بىز قايتىپ كەلگەندە بولسا، بىتىمنى ئۆزگە بىر يۈك ھېسابلاپ، بىتىم دېگەن سۆز بىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ قالسا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر تاتىرىپ، بىر بوزىدىغان بولۇپ قالدى. ئەكسىيەتچىلەر بىتىمنى جەزمەن بۇزۇشقا قارىتىلغان ئىغۋاگەرچىلىكنى، ھۇجۇمنى باشلىدى.

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، بىز نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. ئۈرۈمچىدە زىيالىيلار، خەلقچىللىق ئېقىمىنى تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش تەرەپدارلىرى بولۇپ نۇرغۇن مۆتىۋەر زاتلار بىتىمنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى، فېۋرالغا كەلگەندە ئەھۋال جىددىيلىشىپ كەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بارغانسېرى غالجىرلىشىپ، ئاخىرى «25 - فېۋرال پاجىئەسى»① ئىغۋاسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ، ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىگە قارشى قارىتىلغان ئىغۋانىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققىنى ئىدى. 5 - مارتتا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ھەممە مۇسۇلمانلارنى تەكشى گۇناھسىز، سەۋەپسىز، ئاساسسىز ئاختۇرۇپ، كۆپ بىگۇناھ ئادەملەرنى تۇتۇپ، گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا قامىدى. ھەر ھالدا ئىلى تەرەپ ۋەزىيەتنىڭ

① «25 - فېۋرال پاجىئەسى»نىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 30 - سانىغا قاراڭ.



ئىگىرىلىشىۋاتقانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىشنى خالىماستىن چىداشلىق بەردى. ئىلى تەرەپنىڭ سەۋرچانلىقى، ئۇچقۇننىڭ ئوت بولۇشىغا يول قويمىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇلارنىڭ سەۋرچانلىقى نەگە بارىدىكىن دەپ، فېۋرالدا ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھۇجۇمى ئالتايدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ، خەلقنىڭ بىرلەشكەن كۈچى ئارقىلىق تار - مار قىلىندى، ئەلۋەتتە تار - مار بولۇشى كېرەك ئىدى.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى كومپارتىيىگە قارشى ئۇرۇشنى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيتتى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇۋاتقان كەيپىيات ئاستىدا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغانىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كومپارتىيە مەسىلىسىنى مانا مۇشۇنداق سەل چاغلىغان ۋاقىتتا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تېخىمۇ ئاسان دەپ قىياس قىلغانىدى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان جاڭ جىجۇڭ دەل شۇ ۋاقىتتا نەنجىڭدا ئىدى. قىسقىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمنى بۇزۇش ئۈچۈن يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە شىنجاڭدىكى ھەربىي - ساقچىلارنىڭ يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويغانىدى. جۇملىدىن مەسئۇدنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇش مەسىلىسىمۇ بىتىمنىڭ روھىغا زىت ئىدى. جاڭ جىجۇڭ ئىلى تەرەپنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماستىن، بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ماقۇل بولىدۇ. 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى رەسمىي بۇيرۇق ئېلان قىلىدۇ. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا مەسئۇدقا قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى، لوزۇنكىلار پەيدا بولىدۇ. جاڭ جىجۇڭ 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشۈپ، مەركەزنىڭ قارارىنى ئۇنىڭ-

غا ئۇقتۇرىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى شۇ زامات قوشۇلمايدىغان-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە نۇرغۇن دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ
قېتىمقى سۆھبەت 5 سائەتتىن ئۇزاق داۋام قىلىدۇ. مۇئاۋىن
رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى باشتىن - ئاخىر قوشۇلمايدۇ ۋە
ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەسئۇدنىڭ
ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىلى تەرەپكە ۋە-
كىللىك قىلىدىغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت - ئەزالىرى
مۇراسىمغا قاتناشمايدۇ.

دېمەك، گومىنداڭ جاھىللىرى بىتىمنى ئەنە شۇنداق قوپال-
لىق بىلەن بۇزدى.

غۇلجا تەرەپتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىگە قاتناشقان
ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى، رەھىمجان سابى-
رى، ئابدۇكېرىم ئاببasوف ۋە باشقىلار 1947 - يىلى 8 -
ئايدا ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق كومى-
تېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# پۈجى ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى توغرىسىدا

مەمتىمىن شېرىپ

## قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبى

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى 1937 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن
رايوننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، 1944 - يىلىغىچە بولغان
8 يىل جەريانىدا، خوتەن رايونىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەر-
بىي جەھەتلەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، خوتەن رايونىدىكى
نامى چىققان بايلارنى، سودىگەرلەرنى، دىنىي زاتلارنى ۋە خەلق
ئىچىدە ئىززەت - ئابرۇيى بار نوپۇزلۇق كىشىلەرنى ھەرخىل
سەۋەبلەر بىلەن تۇتۇپ، نەچچە 1000 بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈر-
گەن. ھازىرقى خوتەن شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى (بۇ جاي
شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا ئەرمىنىستانلىق
چوڭ باي خۇدابەردى ئەرمىنى دېگەن كىشىنىڭ شەخسىي قورۇ
جايى بولغان) نىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان چېگرا مۇداپىئە ئەترىتى
بىلەن ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورنىغا شېڭ
شىسەي ھۆكۈمىتى سالدۇرغان خوتەن ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق
جايلاردىن تاكى يېقىنغىچە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى
تېپىلغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. تۇتۇلغانلارنىڭ مال -
مۈلۈكلىرى (15 تونىنا ئەتراپىدا) مۇسادىرە قىلىنىپ، 1938 -
يىلى ماشىنا بىلەن يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى كىشىلەر ئېغىزىدا
ھېلىغىچە تەكرارلىنىپ كەلمەكتە.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، بىر چارەك غەللە قويۇلغان يەرلەرگە، ئاخىرىغا كەلگەندە 2 ھەسسە ئاشۇرۇپ 3 چارەكتىن غەللە قويۇلغان.

خوتەن رايونىدىن تېخىمۇ كۆپ ئالتۇن قېزىۋېلىش مەقسىتىدە، خوتەن ناھىيىسى لاڭرۇ يېزىسىنىڭ پۇجى كەنتىگە ئالتۇن كولاشقا نۇرغۇن ئادەملەرنى يىغىپ، ئۇلارنى كىچە - كۈندۈزلەپ ئالتۇن قېزىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، خىراجىتى بىلەن كارى بولمىغان. شۇ چاغلاردا بۇ يەرگە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى جىنكاڭ بەنسىچۇ (ئالتون كان ئىش بېجىرىش ئورنى) ناملىق ئورگان قۇرۇپ، خوتەن ناھىيىسى، قارىقاش ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى ۋە كېرىيە ناھىيىسى قاتارلىق 5 ناھىيىنىڭ ھەر بىرسىدىن 1000 دىن ئادەم بېرىش ۋەزىپىسىنى قويۇپ، 5000 ئادەمنى توپلىغان. بۇلارغا كېتىدىغان ئاشلىقنى ھەرقايسى ناھىيىلەردىن تۆگە بىلەن يۆتكەپ كەلگەن بولسىمۇ ئاشلىق يېتىشمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كان ئىشچىلىرىنىڭ ئەتىگەن سەھەردىن تارتىپ، كۈن قىزارغىچە بولغان ئارىلىقتا كانغا چىقىپ ئىشقا چۈشۈپ بولۇشى بەلگىلىنىپ، بۇنى سۈرۈشتە قىلىدىغان مەخسۇس ئادەم بېكىتىلگەن. كېچىكىپ قالغانلارنى تىك تۇرغۇزۇپ، 2 قولىغا 2 تاشنى ئالدۇرۇپ، قولىنى 2 تەرەپكە كېرىتىپ قويغان. 2 قولىدىن باشقا بېشىغىمۇ يوغان تاش ئېلىپ قويىدىغان ئىشلارمۇ بولغان (ئۇلارنىڭ 2 قولى ۋە بېشىدىكى تاشنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنىي ھېسابلىغاندا، 2 قولىدىكىسى 20 جىڭدىن 40 جىڭ، بېشىدىكىسى 30 جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، جەمئىي 70 جىڭ). ئۇلارنى ئاشۇنداق 1 سائەتتىن 2 سائەتكىچە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشقا سېلىشتىن تاشقىرى، يەنە ئاخشىمىمۇ قويۇپ بەرمەي كاندا ئىشلەتكەن. نەتىجىدە بۇنداق زۇلۇمغا چىدىمىغان ئىشچىلار ئىددىيە جەھەتتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا



تەييارلانغان. دەل مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئىمىن ئەزىمەت دېگەن كىشى ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە كېلىپ توختى بەگ بىلەن بىرلىشىپ، 40 - 50 ئادەمنى ئايلىق ئىشلىتىمىز دېگەن نامدا شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، پۇجى كەنتىدىن 2 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى گۆزە دېگەن تاغقا ئېلىپ چىقىپ تەخمىنەن 1 يېرىم ئاي ئەتراپىدا ئالتۇن قېزىشقا ئىشلەتكەن. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئالتۇنغا ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمىن ئەزىمەت بىلەن توختى بەگ ياقا جايلارغا بېرىپ، شۇ دەۋردىكى زۇلۇم ھەققىدە ئۆزئارا سۆھبەتتە بولغان. ئۇلار بۇ خىل زۇلۇمنىڭ پەقەت پۇجىدىلا، خوتەندىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا بارلىقى ھەققىدە سۆزلىشىپ، بۇ زۇلۇم ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىڭ شىسەينىڭ خوتەندىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش قارارىغا كەلگەن. توختى بەگ: «بۇ ئىشقا قارىتا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ، ئىقتىسادىمىزمۇ يوق» دېگەندە، ئىمىن ئەزىمەت: «بۇ ئىشىمىزنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك، سىلەر بۇ جايدا قوزغالساڭلار، بىز ئىلىدىن قوزغىلىپ، بۇ ھەرىكەتنى ئېلىپ بارىمىز» دېگەن. توختى بەگ: «ئىلىدا بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىز كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىمىن ئەزىمەت: «ئىلىدىكى بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىز قوناخۇن بايۋەچچە دېگەن كىشى بولىدۇ. ئۇنىڭ نەچچە زاۋۇتى بار. بىز قورال - ياراغ سېتىۋالساق شۇ يەردىن سېتىۋالىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ ئىچكىرىدىمۇ ئالاقە قىلىشىدىغان ئادەملىرىمىز بار. بىز ھە دېسەكلا، ئۇلار بىزگە ياردەم قىلىدۇ. بىز يېزىدىن قوزغىلىپ شەھەرگە كىرسەك شەھەردىكىلەرمۇ ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ ئالدىمىزغا چىقىدۇ» دېگەن.

توختى بەگ بۇ سۆزلەردىن كېيىن بارلىق ئىشلارنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، رەسمىي ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان. ئىمىن

ئەزىمەتمۇ: «ئەمىسە سىلەر بىلەن بولغان ھەرىكىتىمىز ھازىرچە
مۇشۇنچىلىك بولغاچ تۇرسۇن. مەن شەھەرگە كىرىپ ئۆز ئىشلىـ
ـرىمنى قىلغاچ تۇراي» دەپ، ھېلىقى 40 ـ 50 ئادەمنىڭ ئايلىـ
ـقىنى توختىتىپ شەھەرگە قايتىپ كەلگەن. توختى بەگ پۇجى
ئالتۇن كانىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى بىر قىسىم ياشلار
ۋە ئوتتۇرا ياشتىكى كىشىلەرگە ئىمىن ئەزىمەت بىلەن قىلىشقان
مەسلىھەتنى دېگەن. بۇ گەپلەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ جاي ـ بۇ
جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن. توختى بەگ بۇ گەپلەرنىڭ ئاشكارىلىـ
ـنىپ بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، «بىز ئىلىدىكى ھەرىكەتكە قارىماي
ئالدى بىلەن بۇ ئىنقىلابنى باشلىۋېتەيلى» دېگەن قارارغا كېلىپ،
ئەتراپىدىكىلەرگە: «شىڭ شىسەينىڭ خوتەندىكى تۈرمىسىدە 4 ـ
5 مىڭ ئادەم بار. بىز بۇ تۈرمىگە ئالدى بىلەن قول سالساق،
تۈرمىدىكى ئادەملەرنى چىقىرىۋېتىدىغان ئادەملەر بار، بىزنىڭ
ئۇلار بىلەن ئالاقىمىز بار، ھەتتا بىزنىڭ ھەربىيلەر ئىچىدىمۇ
تونۇشلىرىمىز بار. ئۇلارمۇ ياردەم قىلىدۇ» دەپ تەشۋىق، تەربىـ
ـيە ئېلىپ بارغان.

## قوزغىلاڭ جەريانى

توختى بەگ پۇجى ئالتۇن كانىدا ئىشلەۋاتقان 5000 دىن
ئارتۇق كان ئىشچىلىرى ئىچىدىن قوزغىلاڭ قىلىشتىن خەۋىرى
بارلارنى: «بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە كەچلىك چاي بار، مېھمان
قىلىمىز» دەپ ئۆيىگە چاقىرغان. ئۇلار يىغىلىپ بولغاندىن كېـ
ـيىن توختى بەگ: «ئەمىسە بۈگۈن ئاخشام قوزغىلاڭ قىلىمىز،
بىز بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پۇجىدىكى ھاكىمىـ
ـيەتنى ئاغدۇرۇپ، ئالتۇن كان ئىدارىسىنى ئىگىلەيمىز. بۇ ئالـ
ـتۇن كان ئىدارىسىنىڭ ئۆيلىرى ئەسلىدە نىياز كېرەمبەگ دېگەن
كىشىنىڭ ئۆيلىرى ئىدى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى خوتەن



رايوننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلەر-
نى مۇسادىرە قىلغان» . بۇ گەپتىن كېيىن كان ئىشچىلىرى
سىرتقا چىقىپ (تەخمىنەن 100 دىن 200 گىچە بولغان ئىشچى)
4 ئەتراپى باغ قىلىۋېتىلگەن بۇ ئىدارىنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ
يوشۇرۇنۇپ ياتقان. تاكى سەھەرگىچە شۈنداق تۇرغان. ئۇلار
دەرۋازىنى چېقىپ كىرەي دېسە، ئىدارە ئىچىدىن ئوق چىقىپ
قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلغان. بۇ ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ
ئىچىدە خىزمەت قىلىدىغان 15 تەك ئادەم بولۇپ، ئۇلاردا 8 ـ
10 دەك قورال بار ئىدى. ئۇلار شۇ قوراللاردىن پايدىلىنىپ كان
ئىشچىلىرىغا زوراۋانلىق قىلغان. سەھەر ۋاقتىدا توختى پاسابەگ
ئىسىملىك شۇ ئىدارىنىڭ تەرجىمانى ئالدى بىلەن تاماز ئوقۇش
ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىدىكى ئېرىقتا تاھارەت ئالىمەن، دەپ دەرۋازىـ
ـنى ئېچىپ چىققان. ئۇ ياش جەھەتتە توختالغان ئادەم بولغاچقا،
ئۇ كىشى چىققان ھامان دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان مەتقۇربان ئاخۇن
قاغا دېگەن كىشى ئۇنى دادىسىنىڭ يېقىن ئادىمى ھېسابلاپ ئۇنىڭـ
ـغا: «سىلە دەرھال بۇيەردىن چىقىپ كەتسىلە، بۇ يەردە ئىش
بار» دەپ ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەن. ئارقىدىنلا باشقىلارنى باشلاپ ئىداـ
ـرىنىڭ ئىچىگە كىرگەن. ئالدى بىلەن ئىدارىگە كىرگەن 5 كىشى
بولۇپ، ئۇلار مەتقۇربان ئاخۇن قاغا، روزاخۇن دەڭگە، ئابدۇراخـ
ـمانئاخۇن سېرىق، كامىلبەگ، ئابدۇقادىر ئاخۇن سېرىق. بۇلار
كىرگەندە باشقىلار ئۇخلاۋاتقان بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار پالتا،
تىۆەزىن، پىچاق، كالتەك، توقماق قاتارلىقلار بىلەن ئۇلارنى
ئۇرۇپ ياردار قىلغان. تاياق يەپ ياردار بولغان خادىملار ئۆلۈم
گىردابىغا كېلىپ قالغاچقا قوزغىلاڭچىلارغا: «بىزلەرنى ئۆلتۈ-
رۈۋەتمەڭلار، بىز سىلەرگە تەسلىم بولايلى» دەپ يالۋۇرۇپ قو-
لىدىكى 8 ـ 10 دەك قورالنىڭ ھەممىسىنى قوزغىلاڭچىلارغا
تاپشۇرۇپ بەرگەن. توختى بەگ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى
باشقىلار بىلەن بىللە سىرتتا كۆزىتىپ تۇرغان. دەرۋازا ئىچىگە

كىرگەنلەر ئىدارىدىكىلەرنى ياردار قىلىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلـ
دۇرۇپ، قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ چىقىپ توختى بەگكە
تاپشۇرغاندا، توختى بەگ ئاندىن ئىدارىگە كىرگەن ھەمدە ھېلىقى
ياردار بولغان ئىدارە خادىملىرىغا قارىتىپ: «سىلەر بىزگە زۇ-
لۇم قىلغان ئىدىڭلار، بىز ئەمدى سىلەرنى قولغا چۈشۈردۇق.
بىز پۈجىنىلا ئەمەس، بەلكى خوتەننىمۇ قولىمىزغا ئالىمىز.
ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، سىلەر بىزنىڭ قولىمىزدا خىزمەت
قىلىسىلەر؛ ئەگەر بىز يېڭىلىپ قالساق، ئۆز ئىشىڭلارنى ئۆ-
زۈڭلەر قىلىسىلەر. قېنى ئالتۇننى تاپشۇرۇڭلار» دېگەن. ئۇلار:
«ئالتۇن يوق، مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە 36 سەر ئالتۇن چۈشكەن
ئىكەن، ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى خوتەنگە ئېلىپ كەتكەنىدى.
مۇشۇ جايدا 5 ـ 6 مىڭ يۈەن پۇل بار» دەپ پۇللارنى توختى
بەگكە تاپشۇرغان (شۇ چاغلاردا 5 ـ 6 مىڭ يۈەن پۇلغىلا 60
سەر ئالتۇن ئالغىلى بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئالتۇن بەكمۇ
ئەرزان بولۇپ، بازاردا 1 سەر ئالتۇننى 100 يۈەنگە ئالغىلى
بولاتتى). توختى بەگ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن،
سىرتقا چىقىۋېتىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەر بىرىگە 10 يۈەندىن
تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ئاندىن قوزغىلاڭچىلارغا: «ئېتى بارلار
ئېتىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئېتى يوقلىرىڭلار بارلارنىڭكىدىن
ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن قوز-
غىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى توختى بەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەتـ
ـراپقا ئات ئەكېلىشكە ماڭغان. بۇ ئىشلارمۇ پۈتۈن يۇرتقا تارقالـ
غان. قوزغىلاڭچىلار شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا پۈتۈن پۈجىنى كونتـ
ـرول قىلىپ، ئاندىن خوتەن تەرەپكە قاراپ ماڭغان. بۇ چاغدا
قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ سانى 6 ـ 7 يۈزگە
يەتكەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پىيادە ماڭغان. قوزغىلاڭچىلار
پۈجىدىن چىقىپ، پوپۇناغا كەلگەن. بۇ يەردىكى خەلقلەرمۇ قوز-
غىلاڭچىلارنى قوللاپ، ئۇلارغا يېقىندىن ياردەم قىلغان. مەسىـ



لەن، پوپۇنادا نامى بار سايىت ھاجىم دېگەن بىر كىشى بولۇپ،
ئۇنىڭ ياراملىق بىر ئېتى بولغان. خوتەنگە ئەھۋالنى خەۋەر
قىلىپ قويغىلى ماڭغان تۇرسۇن بەگ (بۇرۇن پۈجىغا بەگ بولـ
غان) دېگەن كىشى پوپۇناغا كېلىپ، سايىت ھاجىمغا: «پۈجىدا
ئىنقىلاب چىقتى، ئاتلىرىنى ماڭا بېرىپ تۇرسىلا، خوتەنگە بېرىپ
كېلىۋالسام، ئەگەر ئاتلىرى يولدا ئۆلۈپ كەتسە مەن 1 سەر
ئالتۇن بەرسەم» دەپ يالۋۇرغان. لېكىن سايىت ھاجىم بەرمىـ
گەن. ئەمما قوزغىلاڭچىلاردىن مەتقۇربان ئاخۇن قاغا دېگەن كىـ
شى سايىت ھاجىمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ھاجىم، بىز ياخشى
بىر يولنى ئىرادە قىلىپ كېتىپ بارىمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز
بۇ زۇلۇمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، خۇدا بىزگە نۇسرەت بېرەر
دېگەن ئۈمىدتە كېتىۋاتىمىز. سىلى 2 ھەرەم كۆرگەن كىشى،
بۇ قوشۇنىمىزنىڭ راۋاج تېپىپ كېتىشىگە دۇئا قىلسىلا» دېگەن.
سايىت ھاجىم ماقۇل كۆرۈپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مەتقۇربان
ئاخۇن قاغا يەنە: «ھاجىم، ئەمدى ئاشۇ ئاتلىرىنى ياردەم قىلغان
بولسىلا، پىيادە ئەسكەرلەر كۆپ بولۇپ قالدى» دېگەندە، سايىت
ھاجىم ئىككىلەنمەيلا ئاتنى تەييارلاپ قوزغىلاڭچىلارغا بەرگەن.

قوزغىلاڭچىلار پوپۇنادىن ئۆتۈپ بىر نەچچە سائەت مېڭىپ
لاڭرۇغا يېتىپ كەلگەن. لاڭرۇدا تۇرسۇن بەگنىڭ قوزغىلاڭچىـ
لارنىڭ ئەھۋالىنى خوتەنگە خەۋەر قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلىـ
غان. ئەمەلىيەتتىمۇ تۇرسۇن بەگ خوتەنگە كېلىپ ھازىرقى خو-
تەن ناھىيىسىنىڭ بۇزاق يېزىسىغا جايلاشقان ئىمامى مۇستازىمدا
تۇرۇشلۇق پەيچۇسو (ساقچىخانا، ئۇ چاغدا بۇ يەرنى ئازنا بازار
پەيچۇسوسى دەپ ئاتايتتى) غا كىرىپ «پۈجىدا قوزغىلاڭ بولدى.
بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى بەك تولا، مەن شۇ جايدىن قېچىپ
كەلدىم» دەپ مەلۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن پەيچۇسودىكىلەر بۇ
ئەھۋالنى خوتەن ھەربىي رايونىغا خەۋەر قىلغان. ھەربىي رايون
بىرقانچە 100 ئەسكەرنى چىقىرىپ ئازنا بازار پەيچۇسوسىنىڭ

يېنىدا ساقلاپ تۇرغان.

قوزغىلاڭچىلار تۇرسۇن بەگنىڭ خوتەنگە ئەھۋالنى خەۋەر
قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىدىيە جەھەتتىن 2
خىل قاراشقا كەلگەن. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر، خوتەن
تەرەپكە ماڭماي، قارىقاش تەرەپكە بېرىپ كۈچىمىزنى كۈچەيتىپ
ئاندىن خوتەن تەرەپكە كېتەيلى، قارىقاشلىقلار مۇنداق ئىنقىلابقا
نىسبەتەن مەسلىھەت قىلمايلا قاتنىشىدۇ. خوتەنلىكلەر بولسا
مەسلىھەت قىلمىز، دەپ ئىشقا ۋاقتىدا قاتنىشالمايدۇ» دېگەن.
ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: «ئۇدۇل خوتەنگە بارايلى، مۇبادا
قورالىق قوشۇن ئالدىمىزغا چىقىپ قالسا، ئۇلار بىلەن قەتئىي
ئېلىشىمىز» دەپ چىڭ تۇرغان. نەتىجىدە كۆپ ساندىكىلەر قارى-
قاش تەرەپكە مېڭىش تەرەپدارى بولغاچقا، قاراقاش تەرەپكە ماڭ-
غان. ئۇلار بىر كېچە يول يۈرۈپ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا قارىقاشقا
يېقىن بولغان توزاقچى دېگەن يەرگە كېلىپ تاماق يەيلى دەپ
تۇرغاندا توساتتىن ساقچىلار بىلەن ئەسكەرلەر شۇ ئەتراپتا پەيدا
بولغان. ئەسلىدە ساقچىلار بىلەن ئەسكەرلەر خوتەن يولىدا ساق-
لاپ تۇرۇپ قوزغىلاڭچىلار كەلمىگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى-
لارنىڭ ماڭغان يولىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزى بويىچە تاڭ ئاتقان-
دا شۇ يەرگە كەلگەن.

قوزغىلاڭچىلار لاگىرۇدىن ماڭغاندا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم
بولسىمۇ، لېكىن قارىقاشقا قاراپ ماڭغاندا كۆزقاراشنىڭ ئوخشى-
ماسلىقى، شۇنىڭدەك بۇ ئىشقا ئىشەنچىسى يوقلار كېچىچە سۇغۇ-
رۇلۇپ قىلىپ قوزغىلاڭچىلاردىن 200 دەك ئادەم قالغان. شۇن-
داقتىمۇ قوزغىلاڭچىلار ئەتراپتىن كېلىۋاتقان ساقچىلار ۋە ئەس-
كەرلەر بىلەن ئېلىشقان. پۈجىدىكى ئالتۇن كان ئىدارىسىدىن
ئولجا ئالغان قوراللارنى قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى خوتەن قوزغى-
لىڭى ۋە ماخۇسەن ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا ئەسكەر بولغان پىشقان
ئادەملەر ئالغان بولغاچقا، ئۇلار قورال ئارقىلىق بىر نەچچە



سائەتكىچە قارشىلىق قىلغان. ساقچى باشلىقىغا ئوق تېگىپ ئې-
غىر ياردار بولغان. ئېلىشىش جەريانىدا، ساقچىلار بىلەن ئەس-
كەرلەر 4 تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارنى قورشىۋالغان. بىر قىسىم
قوزغىلاڭچىلار قېچىپ كەتكەن. 100 ـ 150 تەك قوزغىلاڭچى
تۇتۇلغان. ساقچىلار بىلەن ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باغ-
لاپ، باش كىيىملىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئېتى بارلارنى ئاتقا
مىندۈرۈپ، ئېتى يوقلارنى ماڭدۇرۇپ قارىقاش ناھىيىسىنىڭ
توزاقچىدىكى ئالتۇن كان ئىدارىسىغا ئېلىپ بارغان ۋە بۇ يەردىكى
بارلىق كانچىلارنى يىغىپ ئۇلارغا: «مانا ئىنقىلاب قىلغۇچىلارنى
تۇتتۇق، سىلەر خاتىرجەم ئىشلەڭلار، بۇنداق بۇزۇقلارنىڭ ئەدە-
بىنى بېرىمىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇ يەردىن ئېلىپ
مېڭىپ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئازنا بازارغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇ
يەرگە كېلىپ بولغىچە كەچ بولۇپ قالغاچقا، بۇ قوزغىلاڭچىلارنى
3 ئۆيگە سولاپ ئاندىن ئۇلارغا بىردىن نان ۋە سۇ بەرگەن.
كېچىسى 1 ليەن (روتا) ئەسكەر ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى ۋە ئۆگزىدە
پوستا تۇرغان. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە ئېلىپ
كەلگەن ۋە ئۇدۇل ساقچى ئىدارىسىغا ئەكىلىپ تۇرمىگە تاشلى-
غان. شۇ كېچىدىن باشلاپ ھەر خىل قىيىن ـقىستاق، سوئال
ـ سوراقلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ سوراق 10 كۈن ئەتراپىدا
داۋاملاشقان بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا،
بەزىلەر بولغان ئىشلارنى قالدۇرماي تولۇق دېگەن، نەچچە قېتىم
سوراققا ئېلىپ چىقىلغاندا شۇنچە قېتىم ئوخشاشلا دېگەن. بەزى-
لەر تۇنجى قېتىملىق سوراقتا ئۇنداق دېگەن بولسا، 2 ـ قېتىم-
لىق سوراقتا بۇنداق دەپ تاياق يېگەنلەرمۇ بولغان. بەزىلىرى:
«بىز ئەسلى كەلمەيتتۇق، پالانىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە كەلدۇق»
دېسە، بەزىلىرى: «بىز باشقىلارنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن كەل-
مىگەن، بەلكى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن كەلگەن» دەپ جاۋاب
بەرگەن. نېمە سەۋەبتىن قوزغىلاڭ قىلغان دېگەن سوئالنى پەقەت

توختى بەگدىنلا سورىغان بولۇپ، ئۇندىن باشقا ھېچقانداق بىر
قوزغىلاڭچىدىن ئۇنداق سوراق سورالمىغان. مەن تۆۋەندە توختى-
بەگنىڭ سوراق قىلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتى-
مەن.

سوراقچىلار توختى بەگدىن: «سەن نېمە ئۈچۈن قوزغىلاڭ
قىلدىڭ» دەپ سورىغاندا، توختى بەگ: «مەن قوزغىلاڭنى ئۆز
ھېسسىياتىم بىلەن قىلغان» دەپ جاۋاب بەرگەن. «ھېسسىياتىڭ-
نى سۆزلەپ باق» دېگەندە، «مەن ئۆز ھېسسىياتىمدا ھۆكۈمەتكە
قارشى ھۆكۈمەتمۇ ماڭا قارشى» دەپ جاۋاب بەرگەن. سوراقچى:
«ھۆكۈمەت ساڭا نېمە ئۈچۈن قارشى» دەپ سورىغاندا، توختى
بەگ: «مەن ئاتا - ئانامدىن كىچىك قېلىپ غېرىبچىلىقتا چوڭ
بولدۇم. يېتىمچىلىكتە باشقىلارنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم. بايلارنىڭ
ئۆيىدە يالىنىپ ئىشلىدىم. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ كۈنىنى ئۆزۈم
ئېلىپ ياخشىراق تۇرمۇشقا ئىگە بولاي دېسەم، ھەرخىل يوقىلاڭ
باھانىلار بىلەن مېنى 8 قېتىم تۇرمىگە سولاپ، ئىقتىسادىمنى
بۇلاپ ئالدى، ۋىجدانىم قايناپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتىم. ھۆ-
كۈمەتمۇ ماڭا قارشى چىقتى. ھۆكۈمەت مېنى سولاشقا، ئېزىش-
كە، نەرسىلىرىمنى تارتىپ ئېلىشقا تۇردى. مەن ھۆكۈمەتكە
قارشى تۇرۇپ ئۇنى ئاغدۇرۇشقا تۇردۇم» دېگەن. كېيىن باشقى-
لارنىڭ ئېيتىشىچە، باش سوراقچى توختى بەگنى: «بۇنىڭ قول-
دىن ئىش كېلىدىكەن، يەنىلا قويۇپ بېرىڭلار» دېگەن. بۇ قې-
تىمقى سوراققا قاتناشقانلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى، كې-
ڭەش، دۇبەن مەھكىمىسى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى
بولۇپ، ئۇلار: «توختى بەگ كەمبەغەل سىنىپدىن چىققانىكەن،
بۇنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن، بۇنىڭغا يەنە كەڭچىلىك قىلىڭ-
لار» دېگەن گەپنى قىلىپ قايتىپ كەتكەن. ئۇلار قايتىپ كوچاغا
بارغاندا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي قوزغالغانلىقىنى ئاڭ-
لاپ، كوچادىن خوتەنگە: «توختى بەگنى ئېلان قىلماي، كېچىسى



بېسىقتۇرۇۋېتىڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى بەرگەن. خوتەن ساقچى
ئىدارىسى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا توختى بەگنى كېچىسى
ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاتلىق ئەسكەرلەر
يېزا - كەنتلەردە، كوچا - كوچىلاردا كېچىلىرى پوست قىلىدى-
غان، ساقچىلار يېڭى شەھەردە كېچىلىرى پوست قىلىدىغان بول-
غان. پەيچۇسونىڭ خادىملىرى بولسا كونا شەھەردە كېچىلىرى
پوست قىلىدىغان بولغان. بۇ ئىش 10 كۈن ئەتراپىدا داۋاملاش-
قان.

توختى بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ
ئالتۇن - كۈمۈش، مال - مۈلۈك، ئۆي ۋە يەر - زېمىن قاتارلىق
بارلىق نەرسىلىرى مۇسادىرە قىلىنغان.

1948 - يىلىغا كەلگەندە، تۈرمىدە ياتقان قوزغىلاڭچىلار
خوتەن ۋالىيسى مۇھەممەت نۇرىغا ئەرز يازغان بولغاچقا، بۇ ۋالىي
ئۈرۈمچىدىن كەلگەن رەھبەرلەرگە بۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ:
«پۇجى ئالتۇن كان ئىشچىلىرى ھېسابات مەسىلىسىدە ئۇرۇشۇپ
قالغان ئىش بىلەن ئۇلارنى ئەكىرىپ سولاپ قويغىلى 5 - 6 يىل
بولدى. ئۇلارنى بىرتەرەپ قىلىنۇەتسەك بولاتتى» دېگەندە، ئۇلار
«قويۇپ بېرىلسۇن» دەپ جاۋاب قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى-
قويۇپ بەرگەن. قويۇپ بەرگەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىرىيە،
گۇما، لوپتىن كەلگەنلەرگە 50 يۈەندىن، خوتەندىن كەلگەنلەرگە
20 يۈەندىن پۇل بېرىپ يولغا سالغان.

بۇ قوزغىلاڭ گەرچە ئۇزاق داۋام قىلماي مەغلۇپ بولغان
بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە سىياسىي،
ئىقسادىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە زەربە بەر-
گەن. ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئۇرغۇتقان.

(ئاپتور: خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومىدىن)
جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**

# بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىش

(شايار ناھىيىسىدە 1946 ـ 1947 ـ يىللىرى تىنچلىق
بىتىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن بولغان
كۈرەشلەردىن قىسقىچە ئەسلىمە)

## توختى ھاشىم

شىنجاڭدا 1946 ـ يىلى 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى
بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا11 ماددىلىق تىنچلىق
بىتىم ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن
كېيىن، تىنچلىق بىتىمى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ
سىياسىي پروگراممىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىل-
لەت خەلقى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر
مەيدان كەسكىن ئېلىشىش بولغان ئىدى. تارىخىي چىنلىققا ھۆر-
مەت قىلغان ھالدا، 1946 ـ 1947 ـ يىللىرى شايار ناھىيىسىدە
تىنچلىق بىتىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەرنى
ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

«تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت-
نىڭ قۇرۇلۇشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي
باراۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يو-
لىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشتە ئېرىشكەن زور غەلىبىسى ئىدى».①

1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نىلقا ناھىيىسىدە پارتلىغان مىللىي

---

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 2 ـ قىسىم، «تەڭرىتاغدا گۈلدۈرماما»،
181 ـ بەت



دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرى تېزدىن جەنۇبىي شىن-
جاڭغا، جۈملىدىن ئاقسۇ رايونىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستلاشقان، زوراۋانلىق ھۆكۈم-
رانلىقى ئاستىدا دەھشەتلىك ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىۋاتقان ھەر
مىللەت خەلقىنى ئويغاتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 3 ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن «ئىلىدىكى 6 ئوغرى-
نىڭ توپىلىڭى پات ئارىدا بېسىقتۇرۇلىدۇ. كىمكى ئۇلارغا ھېس-
داشلىق قىلسا كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ خەلق ئاممىسىغا تەھدىت
سالغانىدى. كېيىنرەك شۇ ھەقىقەت ئايدىڭلاشتىكى، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى كۆچەپ تەشۋىق قىلغان ئاتالمىش «6 ئوغرى»
نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تېغىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قوز-
غاپ، گومىنداڭ قاراقچىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن ھەر
مىللەت خەلق قەھرىمانلىرىدىن سېيىت باتۇر، نۇر باتۇر، ئوس-
مان باتۇر، غىنى باتۇر، فاتىخ باتۇر، خەمىت باتۇر ۋە ئەكبەر
باتۇرلار بولۇپ، ئۇلار نىلقا، غۇلجا، سۈيدۈڭ قاتارلىق ناھىيە-
لەرنى ئازاد قىلىشتا ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنىكەن.

1944 ـ يىلى 12 ـ ئايلاردا موڭغۇلكۈرە، تېكەس قاتارلىق
ناھىيىلەردىكى گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ساقچى ئەمەلدارلىرى
خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا قېچىپ
كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە
مۈلكى ئەمەلدارلىرى ئالاقزادە بولۇپ، پات ـ پاراقچىلىقتا قال-
دى، يەنە قورقۇپ خوتۇن ـ بالىلىرىنى خوتەنگە يولغا سېلىۋەت-
تى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ خەلقنى ئالداپ سىياسى
جەھەتتە بىخوتلاشتۇرۇش نەيرىڭىمۇ كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان
قەمبىرى، سوپاخون پولكوۋنىك باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە
قىسىملىرى تەڭرى تېغىدىن ئۆتۈپ باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلدى.
گومىنداڭنىڭ مۇزداۋان يولىنى توسۇپ تۇرغان ھەربىي بازىسى

قورغاندىكى ئەسكىرىي كۈچلىرىنى بىت - چىت قىلىپ، 9 - ئايدا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ، ئاقسۇ سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. خەلق ئازادلىقى يولىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيىنىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئاقسۇ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللىي ئارمىيىگە ماددىي جەھەتتىن كۈچلۈك ياردەم قىلىپلا قالماي، پىدائىي بولۇپ ئارمىيە سېپىگە قوشۇلۇپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلاندى.

گومىنداڭ ھەربىيلىرى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ بىگۇناھ خەلق ئاممىسىنى قوراللىق باستۇرۇشقا كىرىشتى. جىنى تومشوقىغا كېلىپ قالغان گومىنداڭ فاشىست قاراقچىلىرى 1945 - يىلى 18 - سېنتەبىردە «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ قۇرغۇچىسى ئاتاقلىق شائىر، ۋەتەنپەرۋەر زىيالىي، جەسۇر ئىنقىلابچى لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى 30 غا يېقىن ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى فاشىستلارچە قىرغىن قىلدى.

1945 - يىلى سېنتەبىردە 3 ۋىلايەت قوراللىق كۈچلىرى ماناس ۋە ساۋەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ غالىبىيەت ئۈرۈمچىگە زور تەھدىت بولدى. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق بېسقتۇرۇش چارىلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە تەكلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىزجۇڭ ئوتتۇرىسىدا 3 ئايلىق جاپالىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» گە ئىمزا قويۇلدى.



11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالىنىپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت غەلىبە خۇش - خەۋەرلەر ئاقسۇ رايونىغا، جۈملىدىن شايار ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى خۇشاللىنىپ تەنتەنە قىلىشتى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى خەلققە پايدىلىق بولماقتا ئىدى. شايار ناھىيىسىدىكى ئىلغار زىيالىيلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، 1946 - يىلى 7 - ئايدا تەشكىللىنىپ «شايا ناھىيىلىك ياشلار تەشكىلاتى» نى قۇرۇپ، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن كۈرەشنى باشلىۋەتتى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى تەشكىلاتنىڭ پروگراممىسى قىلدى. «تارىم ئاۋازى» گېزىتىنى نەشر قىلىپ (شاپىگراف باسمىسى ئىدى) تىنچلىق بىتىمىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ئاممىغا تەشۋىق قىلدى. يەرلىك سايلامنى ياخشى ئۆتكۈزۈش، خەلق ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋان - ياساقنى ئازايتىش، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق كونكرېت ئىشلار ياشلار تەشكىلاتىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ بېكىتىلدى. ياشلار تەشكىلاتى كىچىكلىكتىن زورىيىپ ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئايلانغان بولۇپ، 1946 - يىلى 7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئەزالار چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈشكە مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، بىر قېتىملىق كىچىك يىغىندا مەن (توختى ھاشىم) بىلەن ئابلا ئەيسالار ئاساسىي مەسئۇللۇققا، قوربان خۇدابەردى بىلەن ئابدۇراخمان ئۆمەرۇپلا تەشكىلاتنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ۋەكىللىرى قىلىپ كۆرسىتىلگەندى. ياشلار تەشكىلاتى كوللېكتىپ رەھبەرلىككە تايىنىپ، دېموكراتىك ئاساستا ئىش ئېلىپ باردى. تەشكىلاتتا «رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ» دېگەندەك ۋەزىپىلەرمۇ بېكىتىلمىگەندى. ياشلار تەشكىلاتى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئىلغار زىيالىي ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئاسا-

سي گەۋدە قىلىش بىلەن دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، ئىلغار
يۈرت مۆتىۋەرلىرىنى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلغانىدى. تەشكىلاتنىڭ
يادروسى مۇھەممەت نىياز ناسىروف، توختى ھاشىم، ئابلا ئەيسا،
قۇربان خۇدا بەردى، روزى ئىبراھىم، مۇھەممەت ۋاھاپ، ئابدۇ-
راخمان ئۆمەروف، راخمان قاسىم، قۇتۇپ ھېسام، مۇھەممەتجان
مىرزى، مۇھەممەت ئەخمىدى، ئاببا س موزەك قاتارلىق ياشلار-
دىن تەركىب تاپقانىدى. يەنە ئىلغار ياشلاردىن ئابلىمىت شايوپ،
ھىمىت مۆمىن، ھىمىت ھاشىم، ساتتار رەخمىتۇللا، قادىر
كېرەم، ھىلىم ئەپەندى، ئابدۇۋايىت زايىتمى، ساۋۇت غازى،
ئىمىنجان باتۇر، ئاۋۇت ئەرشىدىن، ئىسمائىل سايىم، ئىسمائىل
ساۋۇت، تۇردى مەخسۇت، مىجىت تۇردى، يولۋاش موزەك،
ئۆمەر يەھيا، تايىپ مۇسايوف، ھارسول تۇردى، مۇھەممەت
ھەسەن، ئابدۇۋايىت سىيىت، ئابدۇرېھىم ھەققۇلى، ئابدۇۋايىت
ھوشۇر قاتارلىقلار ۋە ھەرقايسى يېزىلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار ياشلار
تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئوبدان رول ئوي-
نىغانىدى. ئىمىن داموللام، شىرىپ داموللام، راخمان ھاجىم
قاتارلىق دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە ھەرقايسى يېزىلاردىكى يۇرت
مۆتىۋەرلىرى تىنچلىق بىتىمىنى ھىمايە قىلىش بىلەن ياشلار
تەشكىلاتىغا ھېسداشلىق قىلغانىدى. ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن
بىر قىسىم گومىنداڭ ئەزالىرى ياشلار تەشكىلاتىغا كىرگەن بول-
سىمۇ، يەرلىك سايلام يېقىنلاشقاندا تەشكىلاتتىن ئاشكارا چېكى-
نىپ چىقىپ كېتىپ، گومىنداڭغا ساداقەتلىكىنى ئىپادىلىدى.
شايار ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا
جايلاشقان چەت ناھىيە بولۇپ، گومىنداڭ ئۇ چاغدا بۇ ناھىيىدە
ئەسكەر تۇرغۇزمىغانىدى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىلا بار ئى-
دى. ساقچى، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى يەرلىك مىللىيلار بو-
لۇپ، يەرلىك ئاھالىلار، ياشلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى.
بۇ خىل ئەھۋال ياشلار تەشكىلاتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇرلۇك



پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدا پايدىلىق ئامىل بولدى. بۇنىڭدىن
تاشقىرى ئابلىز مەخسۇم تىنچلىق بىتىمى ئاساسىدا ئاقسۇغا ۋالىي
بولۇپ كېلىپ ئاممىنى قوزغاشقا خېلى كۈچ چىقاردى. شايار
ناھىيىسىگە كەلسەك ھاكىم ئابدۇرېھىمنىڭ خىزمىتى پالەچ ھالغا
چۈشۈپ قىلىپ، يەرلىك سايلامنى كۈتۈپ ياتاتتى. 7 ـ ئاينىڭ
بېشىدىلا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەي شىڭۋۇ
ئالمىشىپ كېتىپ، ئورنىغا ئۈرۈمچىدىن بارات ئىسىملىك بىرى
باشلىق بولۇپ كەلدى. يەنە ئاقسۇدىن ئابلا ئەيسا بىلەن تاش
موھەممەتلەر ساقچى ئىدارىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كەلدى.
بارات، ئابلا ئەيسا، تاش مۇھەممەتلەر تىنچلىق بىتىمىنى ۋە
ياشلار تەشكىلاتىنى ھىمايە قىلدى. ئابلا ئەيسا بىلەن تاش مۇھەم-
مەتلەر ياشلار تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىپ ئاكتىپ رول
ئوينىغان ئىدى.
ياشلار تەشكىلاتى 8 ـ 9 ـ ئايلاردا ناھىيىلىك ئۇيغۇر
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ يې-
زىلارغا بېرىپ، سەييارە ئويۇن قويۇپ، تىنچلىق بىتىمىنى تەش-
ۋىق قىلىپ يەرلىك سايلامغا خېلى پوختا تەييارلىق قىلىنغانىدى.
ياشلار تەشكىلاتى نوپۇزلۇق ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئايلىنىپ سايلام-
نىڭ غەلىبىسى مۇقىملىشىپ قالغانىدى.
گومىنداڭچىلار ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن مەغلۇ-
بىيىتىگە تەن بەرمەي، 10 ـ ئايغا كەلگەندە ئوچۇق تېررورلۇق
ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ياشلار تەشكىلاتىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە
كىرىشتى. ئۈرۈمچىدىن خو كېچاڭ ئىسىملىك بىر ئەمەلدارنى
شايار ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ،
باراتنى ئاقسۇغا چاقىرتىۋالدى، ئابلا ئەيسا بىلەن تاش مۇھەممەت-
نى كۇچاغا چاقىرتىپ قامىۋالدى. ئاقسۇ رايونىنىڭ يەرلىك ساي-
لىمىغا نازارەت قىلىش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى، ئابدۇرېھىم ئەيسا
ۋە ياردەمچىلىرىدىن مەتىمىن يۇسۇپ قاتارلىق كىشىلەر شايارغا

كېلىشتى. بىر ھەپتە ئىلگىرى كۆچادىكى ئاتلىق پولكىنىڭ باشلىقى ليۇ چېڭشۈي شايارغا بىر روتا ئەسكەر بىلەن كېلىپ ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پېشىۋالىرىدىن 10 نەچچە كىشىنى تۇتۇپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە قامىۋالدى. تۈرمىگە قامالغانلار ئىچىدە توختى ھاشىم، قوربان خودابەردى، روزى ئىبراھىم، مۇھەممەت ۋاھاپ، قۇتۇپ ھېسام، مۇھەممەتجان مىرزى، تۇردى مەخسۇت قاتارلىق ياشلار بار ئىدى. قولغا ئېلىنماي قالغانلار باشقا جايلارغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

11 ـ ئايغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قورال كۈچى بىلەن يەرلىك سايلام ئۆتكۈزۈپ، ئە. س نى ھاكىملىققا سايلىدى. ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىمۇ يۇرت زومىگەرلىرىدىن قوراشتۇرۇلدى. سايلامغا نازارەت قىلىش ھەيئىتىدىكىلەر يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ ئامال قىلالمىدى. تۈرمىدىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پېشىۋالىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالماي، نائىلاج ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ قېتىم پۈتكۈل ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يەرلىك سايلامدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قورال كۈچى ئىشلىتىش، تۈرمىگە قاماش، ئاممىۋى يىغىنلارغا ئوق چىقىرىپ ئاممىنى باستۇرۇش، لۈكچەكلەرنى ئىشقا سېلىپ ئاممىنى ئۇردۇرۇش، خىزمەتتىن بوشۇتۇش، پۇل ۋە مەنسەپ بىلەن ئۆزىگە تارتىش قاتارلىق رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، تىنچلىق بىتىمىگە ۋە يەرلىك سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانىدى. مەسىلەن، كۆچادىكى ھورۇنباغدا تىنچ يىغىلىش ئۆتكۈزگەن ئاممىغا ئوق چىقىرىپ، ئاممىنى باستۇرغانلىقى بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىساللىرىدىن بىرى ئىدى.

شاياردا قورال كۈچى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «سايلام» دىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ (3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ) سۈرۈشتۈرۈپ ئېتىراز بىلدۈرۈشى، ئاممىنىڭ نارازىلىقى ۋە ئىمىن داموللام باشچىلىقىدىكى يورت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن گومىنـ



داڭ دائىرىلىرى تۈرمىگە قامالغان ياشلار ۋەكىللىرىنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ياشلار تەشكىلاتى 1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن كېيىن ئۆز خىزمىتىنى مەخپىي ئىشلەشكە كۆچۈپ، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يەرلىك سايلامدىكى بۇزغۇنچىلىق ۋە ساختىلىقلىرىنى داۋاملىق پاش قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەزەلدىنلا تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش سەممىيىتى بولمىغاچقا، تىنچلىق بىتىمگە باشتىن ـ ئاخىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى. تىنچلىق بىتىمىدە كۆرسىتىلگەن خەلقنىڭ ئۆزى ئىشەنگەن كىشىلەرنى سايلاشقا يول قويمىدى. مەتبۇئات، يىغىلىش، سۆز ئەركىنلىكىدىن قىلچە ئەسەر كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغان، تىنچلىق بىتىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان كىشىلەرگە تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن باستۇردى. «يەرلىك سايلام» دىن كېيىن خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان ـ سېلىقلار كۆپەيدى. بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا، شايار ناھىيىسى بۇيىچە 10 مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە يىغىپ كۆچادىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرىگە تەقدىم قىلىش بىلەن خەلقنىڭ قان ـ ئىلىكلىرىنى شورىۋالدى. ئىلغار زىيالىي ياشلارغا قارىتا تۈرمىگە قاماش، ئىشتىن بوشىتىش، قىزىل پاچاقلار…دەپ ھاقارەتلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللاندى. جۇڭگو كومپارتىيىسىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارىتا تۈرلۈك ئىغۋا ـ تۆھمەتلەرنى توختاتمىدى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا يىرتىپ تاشلىدى. گومىنداڭ قورچاقلىرىنىڭ خورىكى بەك ئۆسۈپ كەتتى. بۇ قورچاقلار خەلق ئۈستىدىن مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز دېگەن خىيالغا پېتىپ قالغانىدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى، 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلـ

شى، ناھىيىلىك ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاما ئارىسىدا خىزمەت
ئىشلىشى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-
نىڭ دەپسەندە قىلىشى ۋە مىللىي زۇلۇمىغا قارشى كۈرىشى
1947 - يىلى 3 - 4 - ئايلارغا كەلگەندە يېڭى يۈكسىلىشكە
باشلىدى. بولۇپمۇ 1947 - يىلى 5 - ئايلاردا ئەخمەتجان قاسىمى
قاتارلىق ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ جەنوبىي
شىنجاڭغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە كېلىش خەۋىرى يېتىپ كېلىشى
بىلەن خەلق ئاممىسىدا يېڭى ئۈمىد پەيدا بولدى. گومىنداڭچىلار
ئۈستىدىن ئەرز ئەھۋال ئېيتىش ئۈچۈن 50 تىن ئارتۇق خەلق
ۋەكىللىرى شاياردىن كۇچاغا كەلدى. كۇچا، شايار، توقسۇدىن
كۇچارغا يىغىلغان خەلق ۋەكىللىرى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان
قاسىمىنى كۈتمەكتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا كۇچادىكى گومىنداڭچىلار
ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالدى. ئەكسىيەتچىلەر خەلق ۋەكىللىرى-
نىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈشىنى توسوش ئۈچۈن،
قاتتىق - يومشاق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالدى.

ئالدى بىلەن گومىنداڭپەرەس كۇچالىق قوززات سىيىت
ئەخمەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، 3 ناھىيىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سۆھبەتتە سىيىت ئەخمەت:
«سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ» دەپ
ۋەز ئېيتىپ، ياشلار ۋەكىللىرىنى گومىنداڭ ئۈستىدىن شىكايەت
قىلماي، ئۆز ناھىيىلىرىگە قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى.
ياشلار ۋەكىللىرى ئۆز ئىرادىسىدىن قايتمايدىغانلىقىنى، ئەخمەت-
جان قاسىمى بىلەن چوقۇم كۆرۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا چىڭ
تۇردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى سۆھبەتتە مەقسەتكە يېتەل-
مىگەندىن كېيىن، زورلۇق كۈچى بىلەن ياشلار ۋەكىللىرىنى
باستۇرۇشقا كىرىشتى. پۇقراچە كىيىنگەن ھەربىي ۋە ساقچىلار-
نى ئىشقا سېلىپ، بىر قىسىم ياشلارنى ئۇرۇپ ساقچى ئىدارىسىگە
قامىدى. ئامان قالغانلىرى نائىلاج كۇچادىن كېتىشكە مەجبۇر



بولدى. ئاقسۇ رايونىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ۋەزىيەتتە،
ئىلغار ياشلار ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ گومىنداڭچىلار
ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى لايىق تاپتى. كۇچادىن ئەزىز يۇ-
سۇپ، ئابلىز ھامۇت ھاجى، ئىبراھىم ھاپىز قاتارلىقلار؛ شايار-
دىن توختى ھاشىم، مۇھەممەتنىياز ناسىروف، قادىر كېرەم،
مۇھەممەت ۋاھاپ، يولۋاس موزەك قاتارلىقلار تارىم دەرياسىدىن
ئايلىنىپ مەخپىي يوللار بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئەخمەتجان
قاسىمى باشلىق 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشى
ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشتۇق. گومىنداڭ تەرەپ 11 ماددىلىق
تىنچلىق بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، پانتۈركست مەسئۇدنى شىن-
جاڭغا رەئىس قىلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك قۇرۇلتاي ئېچىلمى-
دى، 7 ۋىلايەتتىن كەلگەن بىر قىسىم خەلق ۋەكىللىرى ئەخمەت-
جان قاسىمىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا 7 - ئايدا ئازاد رايون غۇلجى-
غا كەتتى .

شايار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك كېڭەش ۋە ناھىيى-
لىك گومىنداڭ پىرقىسى نامىدا يوقۇرىغا يوللانغان دوكلاتنىڭ
تەلىپى بويىچە، توختى ھاشىم قاتارلىق ياشلار ۋەكىللىرىنى تو-
تۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەققىدە قەشقەر ۋە ئاقسۇدىكى ھەربىي-
لەرگە بۇيرۇق كەلگەن بولسىمۇ، گومىنداڭچىلار كېچىككەنىدى.
توختى ھاشىم، مۇھەممەتنىياز ناسىروف، قادىر كېرەم قاتارلىق
ياشلار ئالىلىقاچان ئازاد رايونغا كەتكەنىدى. 1950 - يىلى بىر
قېتىملىق چوڭ كۈرەش يىغىنىدا ھاكىم ئە. س مەزكور بۇيرۇق-
نىچىقىرىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئە. س: «مەن بۇيرۇق-
نى باستۇرۇپ قويۇپ ياشلارنى قوتۇلدۇرۇپ قالغانىدىم» دەپ
تولكىلىك قىلىپتۇ. بۇ بۇيرۇق ھازىر شايار ناھىيىلىك ئارخىپ
بۆلۈمىدە.

1949 - يىلى 9 - ئايدا يورتىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن ئازاد بولدى. ھەر مىللەت

خەلقى خۇشال ـ خورام تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ماۋجۇشىغا، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە تەنتەنە قىلىشتى. ھەر مىللەت ياشلىرى ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە تۆھپە قوشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

(ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنىستىتوتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مال ئالماشتۇرۇشى

قادىر مەگىت

1936 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئورگانلىرى بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزگەندىن كېيىن، 1937 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مالنى ـ مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسىنى يولغا قويغان. 1937 ـ يىلى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدە ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى تەسىس قىلىنغان. شىركەتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىۋاسىتە باشقۇرغان. بۇ شىركەتنىڭ خىزمەت بىناسى ھازىرقى كوناشەھەر بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى ئەتراپىغا سېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيە بازىرى يېنىدىكى غەربىي ئارقا سەپ تەمىنات شۆبىسى ئورنىغا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى، ياتاق بىناسى سېلىنغان. بۇ شىركەتنىڭ شۆبىلىرى كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ كوناشەھەردىمۇ قۇرۇلغان. مۇشۇ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە ئىشلىگەن ساۋۇت بارات (ھازىر ھايات، 73 ياشقا كىرگەن) 1938 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە، 1941 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە، 1943 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە كۇچا ناھىيىسىدە پىرىيومچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە مالىيە، كاتىبات، كەسپىي بۆلۈملەر تەسىس قىلىن-

غان بولۇپ، ھەر بىر بۆلۈمدە 2 ـ 3 ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاتار، رۇس قاتارلىق ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان 15 كە يېقىن كىشى ئىشلىگەن. شۇ چاغدا ھوشۇر ئاخۇن، ھەمرائاخۇن، قاتارلىق كىشىلەر ئۇچۇر بېرىش، مال ئالماشتۇرۇش خىزمەتلىرىدە بولغان.

بۇ شىركەت قوي، ئۆچكە، كالا، ئات، ئېشەك، مۈشۈك، يولۋاس، يىلپىز، قاتارلىق ھايۋاناتلار تېرىسى ھەم يۇڭ، ئۇچەي قاتارلىق خام ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، پىرىيوم قىلىپ، كىرا-كەشلەرگە كىرا ھەققىنى بېرىپ، مالنى ئات، تۆگىلەرگە ئارتىپ بۇ ناھىيىنىڭ ئارال يېزىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرى ئارقىلىق يامانسۇنى بېسىپ ئۆتۈپ بەدەل داۋان ئېغىزى تۇۋىگە ئاپارغان. كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن بەدەل ئېغىزى ئارىلىقى تەخمىنەن 175 كىلومېتىر بولۇپ، بىرنەچچە كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. توشۇلغان خام مال بەدەل ئېغىزىدىكى مال تاپشۇرۇۋېلىش پونكىتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن تايلاپ قويۇلغان مال (سارجا، نىزا، خۇرۇم ئۆتۈك، ياغلىق، گەزلىمە) لار بىز تەرەپكە ئېلىپكېلىنگەن. كوناشەھەر يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئىسكىلاتىغا ئېلىپ كېلىنگەن سوۋېت ماللىرى ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقىتىلغان. كوناشەھەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مالنى ـ مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسى 8 يىل داۋام قىلغان بولۇپ، 1945 ـ يىلى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇ سودا ئۈزۈلۈپ قالغان. ھازىرقى كۈندە بەدەل ئېغىزى ئېچىۋېتىلىپ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. چېگرا سودىسىنىڭ گۈللىنىشى ئىقتىسادىي ئىگىلىكىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قىلغان ئىئانىلىرى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەت ھاجى**

1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 3 ئۆلكىنى بېسىۋېلىپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنى زىل ـ زىلىگە سالغان «18 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى» پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئارىدىن 6 يىل ئۆتۈپ، 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «7 ـ ئىيول لوگۇچياۋ ۋەقەسى» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جۇڭگوغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

جۇڭگو زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش غەرىزى بىلەن باشلانغان بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا قارشى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ مىللىي بىرلىكسەپ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، 8 يىل قان كېچىپ، جاپا-مۇشەققەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى 1945 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىنى جۇڭگو زېمىنىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شانلىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ شانلىق غەلىبە جۇڭگو خەلقىنىڭ 100 يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى جەريانىدا ئېرىشكەن تۇنجى قېتىملىق ئۇلۇغ غەلىبىسى بولدى.

8 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۆلكىسى مۇستەھكەم ئارقا سەپلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇشقا تېگىش-

لىك ھەسسىسىنى قوشتى. نوپۇسنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاياللىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىلىرى ئارقىلىق، بۇ شانلىق تارىخقا يېڭى سەھىپە قوشتى. شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ ئۇرۇشقا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى ئاساسەن شىنجاڭدا قۇرۇلغان «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى» قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قوزغىغان ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش بىلەن ئىپادىلەندى.

ئەينى چاغدا شىنجاڭدا شىڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا تولۇق كىرگۈزۈپ ئېلىش ئۈچۈن، «تەرەققىيپەرۋەرلىك» تونىنى كىيىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىشتىن ئىبارەت 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە بۇ 6 بۈيۈك سىياسەتنى «بۇ جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىسى ئاساس قىلىنغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن نىجاتلىق ئېلىپ كېلىدىغان سىياسەت، شۇڭا ھەرمىللەت خەلقى رىئايە قىلىشقا ۋە ھىمايە قىلىشقا تېگىشلىك» دەپ شەرھلىدى. 6 بۈيۈك سىياسەت بىلەن پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پروگراممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغاچقا، ئۇ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەيپىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا تۈرتكە بولدى ۋە ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاپ بەردى.

مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، 1935 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئۇرۇمچىدە رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئۇيۇشما قارمىقىدا كاتىبات باشقارمىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت بۆلۈمى، كېيىنچە يەنە ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. باشقارما ـ بۆلۈملەرگە بىردىن بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قويۇلدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا كەڭ تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى. ئۇيۇشما ئەزالىرى كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، 1935 ـ يىلى 2417 نەپەرگە، 1936 ـ يىلى 2954 نەپەرگە، 1937 ـ يىلى يەنە زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلىپ بىراقلا 5281 نەپەرگە، 1938 ـ يىلغا بارغاندا 8050 نەپەرگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللار 116 نەپەر ئىدى. 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇيۇشمىنىڭ رايونلۇق تارمىقى 17 گە، شۆبىسى 84 كە، بىۋاستە قاراشلىق گۇرۇپپىسى 18 گە، بىۋاستە قاراشلىق ياچېيكىسى 1 گە، پۈتۈن گۇرۇپپا 793 كە يەتتى. 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۇيۇشما ئەزالىرى تەرەققىي قىلىپ 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

شىنجاڭدا 1935 ـ يىلى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى ۋە 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قىلغان ماددىي ياردىمى ناھايىتى زور بولدى. بۇنى بىز جاڭ داجۈن «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىل» دېگەن كىتابىدا يازغان مۇنۇ بايانىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز: «ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۆلكىسى 1 ناھىيىدە 1 ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلغان. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (مىلادى 1944 ـ يىلى) 8 ـ ئايدىكى مەزكۇر ھەيئەتنىڭ ئېلانىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان ‹مەزكۇر ئۆلكىلىك ئىئانە توپلاش ھەيئىتى ئۆتكەن يىلى (14 ـ ئاۋغۇست) ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى قوزغىغاندىن

بۇيان، ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلار بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. خۇسۇسەن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ئەمەلدارلىرى بىلەن ۋالىيلار، ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى، ئىدارە باشلىقلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى قىزغىن ياردەم بەردى. توپلانغان پۇلنىڭ ئومۇمىي مىقدارى زور بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 144 ئايروپىلاننىڭ پۇلى توپلىنىپ، مۆلچەردىن 64 ئايروپىلان پۇلى ئېشىپ كەتتى›».

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ـ ھەرساھە ئاياللىرىنىڭ بۇ جەرياندىكى تۆھپىسىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ماددىي ياردىمى جەريانىدىكى كونكرېت ئەھۋاللاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە ئارقا سەپ ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى مەزگىلىدە «دىخۇا (ئۈرۈمچى) شەھىرىدە لى ۋاڭشى ئىسىملىك ئائىلە ئايالى ئالدىنقى سەپكە ھال سوراش خېتى يېزىپ، قىزىنىڭ 500 مىڭ سەرلىك پەدەز قۇتىسىنى ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە قىشلىق كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىئانە قىلدى. ئۇ: ‹مەن ئايال كىشى، مەن جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇشقا قاتنىشالمىساممۇ، ئالدىنقى سەپتە ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىشنى خالايمەن، بىرئاز پۇل خەجلەپ قىشلىق كىيىم ـ كېچەك ئېلىش، ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى ئىسسىقراق كىيىندۈرۈپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنى كۆپرەك يوقىتىپ، تېخىمۇ كۆپرەك جۇڭگولۇقنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن›، دېدى.

ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى جىن يۈنخۇا ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ئىئانە توپلاش يۈزىسىدىن قويۇلغان خالىس ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن، ئويۇن مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا 2 مىسقال 6 پۇڭلۇق ئالتۇن بىلەزۈكتىن بىرنى، ئالتۇن چاچ قىسقۇچتىن بىرنى ئىئانە قىلغان.



قۇتۇبى ناھىيىسىدە قىشلىق كىيىم ـ كېچەك توپلاش ھەيئىتى قۇرۇلۇش بىلەنلا، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ ئاياللىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئىئانە توپلىدى. توپلانغان ئىئانە ناھايىتى تېزلا 200 نەچچە مىڭ سەردىن ئارتۇق ئۆلكە پۇلىغا يەتتى. ئاقسۇدا بىر ئۇيغۇر ئايال ئىئانە توپلاشقا مەردانىلىق بىلەن 27 يامبۇسىنى ئىئانە قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر گېزىتىنىڭ مەلۇم سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، يېزىلاردىكى كۆپلىگەن تۇل ئاياللار ئۆزلىرى تەرگەن باشاقلارنى ئىئانە قىلغان. بۇ خىل ئەھۋال يۇقىرىغا يەتكەندىن كېيىن، مەمۇرىي پالاتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا 73% نى تەشكىل قىلغان ئاساسىي مىللەت ـ ئۇيغۇر خەلقىنى مەدھىيىلىگەن».①

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئالتۇن ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىدە ئۈرۈمچىدە ئولتۇرۇشلۇق شاجىشياڭ دېگەن كىشى خوتۇنى بىلەن 10 سەر ئالتۇننى ئىئانە قىلغان. بۇ خەۋەر گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئالتۇن ئىئانە قىلىش شىنجاڭنىڭ ھەممە ۋىلايەت، ناھىيە ـ يېزىلىرىدا كەڭ قانات يايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر سەردىن 50 سەرگىچە ئالتۇن ئىئانە قىلغان كىشىلەر بىرقانچە مىڭغا يەتتى. ئاياللار ئىچىدە ئالتۇن بىلەزۈك (بىر سەردىن 5 سەرگىچە)، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن قاداق، ئالتۇن زىرە، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن سىرغا، ئالتۇن چەيزە، كۈمۈش، يامبۇ، زىنچە ئالتۇن، كېپەك ئالتۇن ئىئانە قىلغانلار ھەددى ـ ھېسابسىز بولغان. ئاقسۇ كوناشەھەردە مەرھۇم ئىسمائىل باي ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا قەرز بەرگەن 27 يامبۇنى ساقچى ئىدارىسى سۈرۈشتۈرۈپ ئايالى ئاتىكىخانغا ئېلىپ بەرگەندە، ئاتىكىخان ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلغان. تۇرپان ئاستانىدا ھەر قېتىم ئاياللار ئارا ئالتۇن ئىئانە قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاندا،

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىل 3 ـ سان.

ئالتۇن بىلەزۈك، ھالقا، زىرە - ئۈزۈك ۋە باشقا كۈمۈش بېزەك-
لەر قولياغلىقتا پاتماي قالغان. ئاياللار بىر - بىرى بىلەن
بەسلىشىپ ئىئانە قىلىشقان. ئاقسۇدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قې-
تىملىق ئىئانە توپلاشتا، مەلۇم بىر ئايال 27 دانە 50 سەرلىك
يامبۇنى پەتنۇسقا سېلىپ چىقىپ ئىئانە قىلغان. باي ناھىيىسى-
نىڭ ئالتۇن ئىئانە قىلىش مۇنبىرى ئالدىدا ھەمراخانىم (باي
ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئايالى) بىلىكىدىن
2 سەرلىك ئالتۇن بىلەزۈكىنى سوغۇرۇپ ئېلىپ ئىئانە قىلغان.
باي ناھىيىسىنىڭ گۈلى دەپ نام ئالغان رابىيە خېنىم 5 سەر
ئالتۇن، گۈۋا خېنىم 100 سەر كۈمۈش تەڭگە، مەمەجان زەر-
گەرنىڭ ئايالى بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك، ئەخمەت ئەلەم (قازى
ئالان) نىڭ ئايالى 2 دانە ئالتۇن تۈگمە، ئەپكەشتە سۈچىلىق
قىلىدىغان ھامۇتنىڭ ئايالى ئايتولۇنخان كىر يۇيۇپ تاپقان پۇلىغا
ئالغان 2 مىسقال ئالتۇن زىرىسىنى ئىئانە قىلغان. باي ناھىيە-
سىدىكى 1 كۈنلۈك ئىئانە توپلاش پائالىيىتىدە نەچچە 100 يامبۇ،
نەچچە 1000 ئات، كالا، قوتاز، قوي، نۇرغۇن ئالتۇن جابدۇق،
كۈمۈش تەڭگىلەر توپلانغان. ناھىيە ھاكىمى ئىبراھىم ھاجىم شۇ
1 كۈنلۈك ئىئانە ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلىپ: «1 ناھىيە 1 ئايرو-
پىلان ئىئانە قىلىش پائالىيىتىدە باي ناھىيىسى 2 ئايروپىلان
سېتىۋېلىشقا يەتكۈدەك ئىقتىساد توپلىدى» دەپ ئېلان قىلغان.
شۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى
سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۇرۇژوكلىرى
سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كىرگەن
كىرىمنى ئالدىنقى سەپكە ئىئانە قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنى-
دى.

1942 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەل-
گەن قەمبەر خانىم، سىڭلىسى گۈلبەھرەم خانىم ئىلى - قەشقەر-
دىكى بىر قىسىم ئاتاقلىق ئارتىسلار بىلەن ئويۇن قويۇپ، كىر-
گەن كىرىمنى ئالدىنقى سەپكە ئىئانە قىلغان. ئۈرۈمچىدىكى
ھەرقايسى مىللەت ئۇيۇشمىلىرى ئۆزلىرىگە تەۋە سەنئەت ئۆمەك-



لىرى ئويۇن قويۇپ تاپقان 2557 يۈەن شىنجاڭ پۇلىنى ئالدىنقى
سەپكە ھال سوراپ ئەۋەتكەن.

ئاقتۇ - كوناشەھەر ئۇيۇشمىسى ئارتىسلىرى ئويۇن قويۇپ
كىرىم قىلغان 450 يۈەن پۇلنى؛ تۇرپان ناھىيىسى ئۇيۇشمىسى
ئارتىسلىرى 2 قېتىم ئويۇن قويۇپ كىرىم قىلغان 158 يۈەن
پۇلنى؛ تۇرپان ئاستانە مەكتىپى 450 يۈەن پۇلنى؛ ئۈرۈمچىدىكى
تىككۈچى ئاياللار 250 يۈەن پۇلنى ئالدىنقى سەپكە ھال سوراپ
ئەۋەتكەن. لوپنۇر ناھىيىسى ھەيئىتى ئارتىسلىرى ئويۇن قويۇپ
تاپقان كىرىمدىن 16425 يۈەننى؛ يارىدار ھەربىيلەردىن ھال
سوراش ئۈچۈن توپلانغان 7580 يۈەننى؛ قاراشەھەر سەنئەت ئۆ-
مىكى ئارتىسلىرى ئويۇن قويۇپ تاپقان كىرىمدىن 10000 يۈەن؛
كۇچا ناھىيىسى سەنئەت ئۆمىكى بىرلىشىپ ئويۇن قويۇپ توپلى-
غان 3600 يۈەن پۇلنى ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەيئىتىگە
تاپشۇرغان. بۇ مەزگىللەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئايال ئار-
تىسلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى. چۈشىنىش تەس ئەمەس-
كى، ئاياللار شىنجاڭدىكى ئىئانە توپلاش پائالىيىتىدە مۇھىم رول
ئوينىغانىدى.

1 ناھىيە 1 ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىدە، شىنجاڭ-
دىكى كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن باشقا ھەرقايسى ئىدارە ۋە
ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت گۇرۇپپىلىرىمۇ ئويۇن
قويۇپ قىلغان كىرىملىرىنى ئىئانە قىلىپ ئالاھىدە رول ئوينى-
غان. شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ نابورچىكلاردىن
سەنئەت گورۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۆزى يېزىپ چىققان «بوراندىن
كېيىنكى ئاپتاپ»، «كۆرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»
قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئورۇنداپ، قىلغان كىرىمنى ئۇي-
غۇر، قازاق، رۇس نابورچىكلىرى نامىدىن ئالدىنقى سەپكە ئە-
ۋەتكەن. ئەلۋەتتە، بۇ سەنئەت گۇرۇپپىسىدىكى ئارتىسلارنىڭ
كۆپچىلىكىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش،
شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى جەريانىدا،

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىئانە قىلىش ۋە ھەر خىل ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ سەنئەت كۇرۇژوكلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئويۇن قويۇپ قىلغان كىرىمنى ئىئانە قىلىش قاتارلىق ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسىنى نامايان قىلغاچقا، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمۇ ئالاھىدە چوڭ ئۆسۈش بولغانىدى.

1942 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ئۆلكىلىك 1 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىدىن 400 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يولداش ماۋزېمىن قۇرۇلتايغا دوكلات بېرىپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئۆستى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەرقايسى ئىدارىلاردا نۇرغۇن ئايال خادىملار ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ زور ئۇتۇقلار قازاندى».

ئاياللار قۇرۇلتىيى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى كۈچەيتىشكە ھەمدە ئاياللار مەنپەئىتى ۋە ئاياللار ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى ۋە سەپەرۋەر قىلدى. قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن كېيىن، خەلق ئىشلىرى نازارىتى نامىدا ئايال ۋەكىللەرگە زىياپەت بەردى.

1942 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يولداش لىن جىلۇ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاياللار يىغىنىدا دوكلات بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئاياللار زور كۈچكە ئىگە، ئەگەر بۇ كۈچ جارى قىلدۇرۇلمىسا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئاھالىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاياللارنىمۇ ئازاد قىلىش



كېرەك»①

شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىدىكى تۆھپىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى 30 -، 40 - يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تېمىسىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ئايال قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەش تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاساسى ئىدىيىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى كۈيلەش، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ «قىرىپ تۈگىتىش، ئوت قويۇپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىش» تىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش، ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا مەيدانغا كەلگەن قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەش، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئاممىنى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە، ئايال قەھرىماننى مەدھىيىلەش باش تېما قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن ئىدى. مەسىلەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغان «كۈرەش قىزى» ئوپېراسى، «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» داستانى، «جۇڭگو قىزى رەيھاننىڭ مارت شامىلىغا بۇيرۇقى» شېئىرى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1941 - يىلى يازغان «شانلىق قۇربان ھېكايىسى» قاتارلىقلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئايال قەھرىماننى مەدھىيىلەشنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەلۋەتتە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاياللىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش، بىلىمى

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىل 3 - سان.

بارلار بىلىمىنى چىقىرىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار شوئارغا قىزغىن
ئاۋاز قوشۇپ، ئىئانە توپلاشتەك ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئۆزلىرىنىڭ
چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئائىلىسىدى-
كى پۇل، مال - مۈلۈك قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلغاندىن سىرت،
ئۆزلىرىنىڭ قىممەت باھالىق ئەتىۋارلىق ئالتۇن جابدۇقلىرىنىمۇ
قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئالدىنقى سەپكە ئىئانە قىلىشتەك قىزغىن
ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىنكاسى ئەلۋەتتە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1985 -
يىللىق 3 - سانى، 1989 - يىللىق 2 -، 3 -، 4 - سانلىرى.
2. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 28 - سانى ۋە باشقا
مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

(ئاپتۇر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر
بۆلۈمىدىن)
جاۋابكار مۇھەررىر: **دىلدار ئېزىز**



# چۆل - باياۋاندىكى ئۆچمەس ئىزلار

ئو. چولتۇم

لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى غەربكە سوزۇلۇپ ئارا يۇلتۇز
(شىڭ - شىڭشىيا) غا يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن، دۆلەت شىنجاڭ-
نىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر-
قايسى ئازسانلىق مىللەت ياشلىرىدىن تۆمۈريول كەسپىي خادىملى-
رىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر نەچچە تۈر-
كۈم ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە باش-
لىدى. 1956 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 1 - لايىھىلەش
ئىدارىسىنىڭ 1 - باش ئەترىتى تۇنجى قېتىم ئىلى، بورتالا،
تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستتىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭ-
غۇل ياشلىرىدىن تەركىب تاپقان 41 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىپ، ئۈرۈمچى شۈيمۇگودا بىر سىنىپلىق تۆمۈريول لېنىيە
لايىھىلەش كۇرسىنى ئاچتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 1957 - يىلى
ئوقۇش پۈتتۈرۈپ 1958 - يىلىغىچە بىر يىل پىراكتىكا قىلغان-
دىن كېيىن، ھەرقايسى ئەترەتلەرگە تەقسىم قىلىنىپ، خەنزۇ
تېخنىك ۋە ئىشچىلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ بىللە ئىشلەپ
تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. مانا بۇلار تۆمۈريول ساھەسىدى-
كى لېنىيە لايىھىلەش، ئۆلچەش ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا تارىختا
تۇنجى قېتىم قاتناشقان شىنجاڭلىق ئازسانلىق مىللەت تۆمۈريول
تېخنىك خادىملىرى ئىدى. ئۇلار پايانسىز چۆل - باياۋانلارنى
كېزىپ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يولنى ئىككى پۇتىغا تايىنىپ
بېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ،

تومۇزكۈنلىرى خۇددى تونۇردەك يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ئىسسىق
چۆللــەردە سۇسىز قــالاتتى؛ زىمىستــان قىش كۈنلىرى دەھشەت-
لىك بوران - چاپقۇن، قار - شىۋىرغانلاردا يېتىپ قوپاتتى.
كۆز ئاچقۇسىز قۇم - بورانلاردا قېلىپ بىر- بىرىدىن ئادىشىپ
ۋەھىمە، ئەندىشە ئىچىدە ئۆتەتتى. شارائىتنىڭ شۇ قەدەر ناچار
بولغىنىنىڭ ئۈستىگە قاتناش قولايسىز، يول يىراق بولغانلىقتىن
يىل بويى 360 كۈن ئائىلىسىگە قايتمىغانلىق سەۋەبىدىن، بەزى-
سىنىڭ ئائىلىسى بۇزۇلۇپ خوتۇن - باللىرىدىن ئايرىلسا،
بەزىلىرى نەچچە يىل داۋام قىلغان ئىسسىق - سوغۇق، ئۇسسۇز-
لۇق، ئاچلىق سەۋەبىدىن كېسەلگە دۇچار بولۇپ كەتتى، يەنە بىر
قىسمىلىرى ھادىسىگە ئۇچراپ مېيىپ بولدى، ھەتتا قۇربان
بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە بىز ئەنە شۇنداق كۆرمىگىلىغان كىشىلەرنىڭ
جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە بەرپا بولغان تۆمۈر يولدا، ئۇچقاندەك
تېز ماڭىدىغان ئازادە پويىزدا ئولتۇرۇپ يول يۈرىمىز. مەن ھەر
بىر بېكەت، ھەر بىر تونىل، ھەر بىر داۋاندىن پويىز بىلەن
ئۆتىۋاتقاندا ئەنە شۇ سەپداشلىرىمنى، شۇ جاپالىق يىللارنى ئەسكە
ئالىمەن. چۈنكى، مەن ئەينى ۋاقىتتىكى تۈنجى قارار 41 نەپەر
ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەنە شۇ جاپالىق
يىللارنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ، پايانسىز چۆللەردە ئۆچمەس
ئىزلارنى قالدۇرغان نامسىز قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى
كېيىنكى ئەۋلادلارغا خاتىرە قالدۇرۇش مەسئۇلىيىتىم بار دەپ
قاراپ، بۇ ئەسلىمەمنى يازدىم. لېكىن بۇ ئەسلىمەم تۆمۈريول
قۇرۇلۇشىدىكى ھەممە ئەھۋالنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى
مېنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان 5 يىل داۋامىدا ئۆزۈم بىۋاستە
قاتناشقان، ئۆز سەپداشلىرىمنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەر-
گەن ئەينەن ئەھۋالىنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.



## «13 ئۆي»①دىكى قۇم - بوران

ئەينى ۋاقىتتىكى پىلان بويىچە شىنجاڭدىكى تۆمۈريول قۇ-
رۇلۇشى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1959 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردىن
بۇرۇن تاماملىنىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆمۈريولى
بىلەن «ئاق توقاي» دا تۇتاشتۇرۇلماقچى ئىدى. شۇڭا ۋەزىپىنى
ۋاقتىدا ئورۇنداش ئۈچۈن، پۈتۈن لىنىيە بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈ-
نۈپ بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا كىرىشتى. شۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە،
ئارا يۈلتۈزدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان 900 كىلومېتىر يولنىڭ
ئۆلچەش، لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى 3 - ئاي ئىچىدە ئورۇنداپ
بولۇش 5 - شۆبە ئەترىتىگە تاپشۇرۇلدى. 5 - شۆبە ئەترەت يەنە
2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىر گۇرۇپپا قۇمۇلدىن - ئارا يۈلتۈزغى-
چە، يەنە بىر گۇرۇپپا قۇمۇلدىن - تۇرپانغىچە بولغان ئارىلىقتا
ئىشلەيدىغان بولۇپ، 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى
رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. قۇمۇل - تۇرپان ئارىلىقىدىكى بىزنىڭ
گۇرۇپپىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر مىللەتلىرىدىن بولۇپ جەم-
ئىي 10 نەچچە ئادەم بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ياقۇپ (ئۇيغۇر)
، لىگە، ئايۇشجاپ، مەن (چولتۇم)، نېمجاپ (بۇلار موڭغۇل)
قاتارلىق 5 نەپەر شىنجاڭلىق ئازسانلىق مىللەت ياشلىرى بار
ئىدۇق. 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىز قۇمۇلدىن ماشىنا بىلەن
يولغا چىقىپ «7 قۇدۇق» دېگەن جايغا كەلگەندە، شىمالغا بۇرۇ-
لۇپ 3 سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن «13 ئۆي» دېگەن جايغا
يېتىپ كەلدۇق. ئەمما ئارىمىزدا ئىلگىرى بۇ جايغا كېلىپ باققان
بىرمۇ كىشى بولمىغاچقا، بىز پەقەت لىۋ ئىنژېنېرنىڭ يەر خەرى-

① بۇ جاي يەرلىك خەلق ئارىسىدا «گەمە» دەپ ئاتىلىدىكەن.

تىسى ئارقىلىقلا بۇ جايىنى ئىزدەپ تاپقانىدۇق. بۇ جاي چوڭ
جىرانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۇمشۇقتا جايلاشقان چوڭ قورۇ
بولۇپ، كۆلىمى 2 مو چامىسىدا ئىدى. قورۇنىڭ شىمالىي
تەرىپىدە 13 ئېغىز ئۇستى ئوچۇق ئۆي بار ئىكەن. سەپ سېلىپ
قارىسا، بۇ تاملار سوقۇلغاندىن بۇيان ئۇنىڭ ئۇستى يېپىلمىغانلى-
قى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئادەم ياشىمايدىغان بۇ جەزى-
رىدە قانداقچە سوقۇلۇپ قالغان تاملاردۇر، دەپ هەيران بولۇپ
ئىنژېنېر ليۇدىن سوراپ باقتىم. ئۇ ماڭا: «بۇ جاي قەدىمكى
يىپەك يولىنىڭ بىر قونالغۇسى بولسا كېرەك، كېيىنكى ۋاقىتلا-
ردا يېڭى يول سېلىنىپ بۇ جاي تاشلىنىپ قالغان. بۇ جاينىڭ
قونالغۇ بولۇشىغا كىچىككىنە بىر بۇلاق سەۋەب بولغان، ئۇنىڭ-
دىن باشقا، بۇ جاينىڭ 4 تەرىپىدە نەچچە يۈز كىلومېتىر ئارىلىق-
تىمۇ بىر تامچە سۇ تېپىلمايدۇ» دەپ سۆزلەپ بەردى. دېمىسىمۇ
بۇ جاينىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە كىچىككىنە بىر قۇمۇشلۇق بولۇپ،
1 چۆمۈچ پاتقۇدەك كىچىككىنە بۇلاق بار ئىكەن.

بىز ماشىنىدىكى يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، 3
ئېغىز ئۆينىڭ ئۇستىنى بېرزېنت بىلەن يېپىپ، ئۇ جاي ـ بۇ
جايلارنى ياساپ قونالغۇ ئۆي راسلىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن
ليۇ ئىنژېنېردىن: «ئۆي تېمىنى سوقۇپ قويۇپ ئۇنى نېمىشقا
ياپمىغاندۇ» دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا جاۋاپ بېرىپ: «بۇ جايدا
بوران قاتتىق چىقىدۇ، ئۆينى يېپىپ قويغان بىلەن بوران ئۆگزى-
نى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. بوراننىڭ قاتتىقلىقى شۇ قەدەر بولىدۇ-
كى، هەتتا خېلى چوڭ ماشىنىلارنىمۇ ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ» دېدى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئەتىسىدىن باشلاپ تەكشۈرۈش، ئۆلچەش
ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتۇق. بۇ شۇ قەدەر قاقاس جاي ئىكەنكى،
بىرەر ئۇششاق جانىۋار ياكى بىرەر گىيانىمۇ كۆرگىلى بولمايت-
تى. بىز ئىش باشلاپ 5 ـ كۈنى، كەچ ئىشتىن چۈشۈپ قايتاشى-
مىزدا قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بوران



تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۆرە تۇرالماي قالدۇق. كىم ئورنىدىن تۇرسا
شۇ هامان ئۆرۈلۈپ چۈشتى. بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملارنىڭ
دەستىدىن كۆز ئاچقىلى بولمايتتى. پۇرچاقتەك، قوناقتەك تاشلار
ئۇچۇپ كېلىپ باشلىرىمىزغا تېگىپ، بەزى هاللاردا پېشانە، يۈز
ـ كۆزلىرىمىزنى قانىتىۋېتەتتى. رېزىنكە ئاياغنىڭ ئۇستىدىن
تەككەن تاشلار خۇددى تاياق تەككەندەك ئاغرىتاتتى. قانداقلا بول-
مىسۇن تۇرالغۇجايىمىزغا بارمىساق بۇ جايدا تۈنەش خەتەرلىك
ئىدى، لېكىن بىز بىر قەدەممۇ ماڭالمىدۇق. شۇ چاغدا مۇئاۋىن
ئەترەت باشلىقى جاڭ ئۇنلۇك تووۋلاپ: «يولداشلار ئامال قىلىپ
تۇرالغۇمىزغا تېز يېتىپ بارايلى»، دەپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا
ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ 10 مېتىردەك يەرگە دومۇلاپ كەتتى. شۇ چاغدا
پېشقەدەم ۋاڭ ئۇستام ئەسۋاپ ساندۇقىنى يەلكىسىگە قويۇپ ئۆ-
مىلەپ ماڭدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىزمۇ ئۆمىلەپ ماڭدۇق.
ئەمما ئۆمىلەپ مېڭىپ بىر جايغا بارغاندا پۈت ـ قولىمىز ئاغرىپ
يەرگە تەككۈزەلمەي قالدۇق. ياقۇپ بىلەن ئىككىمىز ئۈچىمىزغا
قېلىن چاپان كىيگەن بولساقمۇ ئەمما مېڭىشقا يېنىكرەك بولسۇن
دەپ پاختىلىق ئىشتاننى كىيمىگەن ئىكەنمىز، ئەمدىلىكتە يالاڭ
ئىشتان يىرتىلىپ كېتىپ تىزلىرىمىز قاناپ كەتتى، ئامالسىز-
لىقتىن كۆينەكلىرىمىزنى يىرتىپ ئىككى تىزىمىزغا يۆگەپ ئۆمى-
لەپ ماڭدۇق. شۇ تەرىقىدە 4، 5 سائەت ئۆمىلەپ، قاراڭغۇ
چۈشەي دېگەندە ئاران قورۇغا كىردۇق. قورۇ ئىچى بولغاچقا
بوران قاتتىق تېگەلمىسىمۇ لېكىن قالايمىقان پىرقىرىغان قۇيۇن-
سىمان بوران قاياققىلا قارىساق ئالدىمىزدىن چىقىۋاتقاندەك تۇيۇ-
لۇپ، كۆز ئاچالمىدۇق هەم ئۆرە تۇرالمىدۇق. شۇ ئەسنادا سول
تەرەپتىكى تامنىڭ دالدىسىدا ياتقان ليۇ ئىنژېنېر: «ئارقا تەرەپ-
تىكى تام ئۆرۈلۈپ چۈشتى، غەرب تەرەپتىكى تامنىڭ تېگىگە
بارماڭلار، خەتەرلىك» دەپ ۋارقىرىدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ
قارىسام ئۆينىڭ ئۇستىگە ياپقان بېرزېنت قورۇدا ئۇيان ـ بۇيان

ئۇچۇپ يۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ بالىلىق چاغلىرىمدا تالادا ئويناپ يۈرۈپ، شامال چىقسا كېگىزگە يۆگىنىۋالىدىغان ئىشلار يادىمغا يېتىپ، يېنىمدىكى نىمجاپ ئىككىمىز بىر پارچە بېرزىنتنىڭ ئىچىگە يۆگىنىۋالدۇق. ئاندىن كېيىن باشقا يولداشلارغىمۇ بېرزىنتكە يۆگىنىشنى ئېيتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارمۇ بېرزىنتكە يۆگىنىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن شامالدىن بىر ئاز قوغدالغاندەك بولساقمۇ، لېكىن شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن تاشلار بېرزىنتنىڭ ئۈستىدىن قاتتىق تېگىپ تۇردى. قانداقلا بولمىسۇن بىر ئاز ئارام ئالغاندەك بولۇپ، بوراننىڭ توختىشىنى كۈتۈپ ياتتۇق. بىر ۋاقىتتا بېشىمنى چىقىرىپ قارىسام چۈش ۋاقتى بولغاندەك تۇرىدۇ، ئەمما بوران تۈنۈگۈنكىدىن قاتتىق بولۇپ، بېرزىنتنىڭ ئىچىدىن چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئامال بولمىغاچقا شۇ تەرىقىدە يېتىپ، كۈن يەنە كەچ بولدى. لېكىن قورساق ئاچ، ھېچقايسىمىزنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ياقۇپ، نىمجاپ ئۈچىمىز بىر بېرزىنتتا يۆگىلىپ ياتقان بولغاچقا بىر- بىرىمىزگە ۋارقىراپ سۆزلەپ، ئامال قىلىپ قورساق تويغۇزۇشقا چارە ئىزدىگەن بولساقمۇ، قاتتىق چىقىۋاتقان بوران بۇنىڭغا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن كېچىمۇ ئۆتۈپ، تاڭ ئاتقاندا ئۈچىمىز بىللە ئاشخانا تەرەپكە كېتىۋاتساق «توختاڭلار! خەتەرلىك» دېگەن ئاۋاز چىقتى، بۇرۇلۇپ قارىساق شۇ فامىلىلىك ئاشپەز بىزگە قول ئىشارىتى قىلىپ تۇرۇپ: «ئاشخانا ئۆرۈلۈپ كەتتى، ھەممە نەرسە بېسىلىپ قالدى» دېدى. ئامال يوق، شۇ ھالەتتە 3 ـ كېچە باشلاندى. لېكىن بۇ كېچە ئۆتكەنكى ئىككى كېچىگە ئوخشىمايتتى. ئاۋۋالقى كېچىلەردە قانداقلا بولمىسۇن ئانچە ـ مۇنچە ئۇيقۇ كېلەتتى، بۇ كېچە ئۇيقۇمۇ يوق بولدى. چۈنكى ئاچلىق، بولۇپمۇ ئۇسسۇزلۇق جانغا تېگەتتى. تاماقلىرىمىز قۇرۇپ گەپ قىلىشمۇ قىيىنلاشتى، لەۋلىرىمىز قۇرۇپ يېرىلىشقا باشلىدى. ھەممىمىزلا ئەگەر مۇشۇ ھالەت يەنە بىر



سوتكا داۋام قىلسا ئۆلۈپ كېتىمىز، دېگەن ئەندىشىدە قالدۇق. خىيالغا پېتىپ ياتسام نىمجان قولۇمنى تارتىپ ئاستا ئاۋازدا: «بىز ئۆلۈپ قالارمىزمۇ؟ بىكاردىن ـ بىكار ئۆلىدىغان بولدۇق» دەپ خورسىندى. ياقۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىسىلەرغۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ھەئە، شۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتىمىز، بىراق ئۆلمەيمىز، چۈنكى ھاۋا ئانچە ئىسسىق ئەمەس، دۇنيادا 7 كۈن چىقىدىغان بوران بولماس» دېدىم. ئەمما نىمجان بولۇپ قالغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بوران سەل پەسلەپ، شېغىل تاشلارنىڭ ئۇچۇشى توختىدى، ئەمما بوراننىڭ كۈچى خېلى زور ئىدى. شۇ تەرىقىدە تاڭ يورۇپ، ئەتراپنى كۆرگۈدەك بولغاندا ھەممىمىز بېرزىنت ئاستىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقتۇق ـ يۇ ئۆرە تۇرغۇدەك مادار يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەممىمىزنىڭ دىققىتى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئاشۇ ئاشخانا تەرەپتە ئىدى. ھەممىمىز ئۆمىلەپ مېڭىپ دېگۈدەك ئاشۇ توپا توزۇپ تۇرغان ئاشخانىنىڭ يېنىغا بارساق، ئاشپەز ئۇستام ئاشخانىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن تېمىنىڭ توپىسىنى قولى بىلەن كولىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەترەت باشلىقى جاڭ ئۇنى كۆرۈپ، شىمال تەرەپتىكى تامنىڭ تېگىدىن بىر تۆمۈر گۈرجەك تېپىپ كەلدى، گەرچە ھەممىمىز ھالىمىزدىن كەتكەن بولساقمۇ جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گۈرجەك بىلەن، گۈرجەك يېتىشمىگەنلەر قول بىلەن تاتىلاپ، توپىغا بېسىلىپ قالغان ئاشخانىنى ئېچىشقا كىرىشتۇق. بىر ھازادىن كېيىن بىرسى «قاسقان كۆرۈندى!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى، ئۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىزلا خۇددى ئۆلۈككە جان كىرگەندەك بىردىنلا تېتىكلىشىپ، خۇشال بولۇپ كەتتۇق. قاسقان تېپىلدىيۇ ـ بىراق ئۈمىد يەردە قالدى. چۈنكى، بوران چىققان كۈنى ئاشپەز مانتا ئەتكەنىكەن، قازان بىر قايناپ مانتا چالا پىشقاندا، تام

ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ قاسقاننى بېسىپ ئاپتۇ. ئاردىن 3 كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، جان ساقلاش ئۈچۈن مانتىنى يېيىشكە باشلىدۇق. لېكىن توپا، قۇملار ئارىلىشىپ كەتكەن مانتىنى گالدىن ئۆتكۈزۈش تەس بولدى، شۇنداقتىمۇ قول بىلەن سۈرتۈپ، تىل بىلەن يالاپ مانتىنىڭ ئاستىدىكى قۇملارنى شۇنچە تازىلىساقمۇ، يەنىلا گىچىلداپ تۇردى. بىراق 4 كۈن سۇ ئىچمىگەن بولغاچقا مانتا بەزىلەرنىڭ گېلىغا تۇرۇپ قېلىپ، ئۆلۈپ قېلىشقا تاس قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسىمىز بىر قانچىدىن مانتىنى يانچۇققا سېلىپ بۇلاق بېشىغا بارساق، قۇم - بوران بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېلىپ ئەتراپتىكى نەملىكنىمۇ قويماپتۇ. بىز بىر ئامال قىلىپ چېلەكنىڭ ئاغزىچىلىك يەرنى ئېچىپ سۇ تاپتۇق، ھەم نۆۋەتلىشىپ سۇ ئىچىپ بىر ئاز جان كىرگەندەك بولدى. بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن سىياسىي كومىسسار: «ھوي، ماشىنا يوققۇ» دەپ ۋارقىراپ كەتتى، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قورۇ تەرەپكە قارىساق، ھەقىقەتەن ماشىنا يوق ئىدى. ئەترەت باشلىقى ئەنسىرىگەن ھالدا ھەممىمىزگە بىر قاراپ چىقىپ، ئارىمىزدىن ما ئۇستامنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ ھەممىمىز ئۆز ھالەكچىلىكىمىز بىلەن ما ئۇستامنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقىماپتىمىز. ھەممىمىز ئەنسىزلىك ئىچىدە سول تەرەپتىكى جىراغا قاراپ ماڭدۇق. بېرىپ قارىساق جىرانىڭ ئىچىدە ماشىنىنىڭ پەقەت ئۈستىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، باشقا جايلىرى پۈتۈنلەي قۇمغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. ماشىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملار ئېگىز بولغاچقا، ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئادەم بار - يوقلۇقى بىلىنمەيتتى. ئەندىشە ۋە ھاياجاننىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ھالسىزلىقىمىزنى ئۇنتۇپ ھەممىمىز تەڭلا ھەرىكەتلىنىپ، ماشىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇمنى قولىمىز بىلەن كولاپ ئېچىشقا باشلىدۇق. كابىنكىنىڭ ئەينىكى ئېچىلغاندىن كېيىن ما ئۇستامنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ رولنى 2 قوللاپ تۇتقان ھالدا، بېشىنى رولغا



قويۇپ قىمىر قىلماي تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەممىمىز قورقۇپ كەتتۇق. ئەترەت باشلىقىمىز ئوڭ تەرەپتىكى ئەينەكنى چاقتى، بىز شوپۇرنى كېپىنكە ئىچىدىن تارتىپ چىقتۇق، ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي ئۆلۈكتەك ياتاتتى. لىيۇ ئىنژېنېر ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ: «جېنى بار ئىكەن، تومۇرى سوقۇۋاتىدۇ» دېدى، بىز بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتۇق. بىر ئازدىن كېيىن شوپۇرنىڭ ئاغزى ھەرىكەتكە كېلىپ سۇ ئىچتى ۋە كۆزىنى ئاچتى. بۇ چاغدا بوراننىڭ كۈچى خېلى پەسلەپ قالدى، بىز ھەممىمىز قايتىپ كېلىپ ئوچۇق تامنىڭ ئۈستىگە بېرزېنت يېپىپ، ئۆي ياساشقا كىرىشىپ كەتتۇق. قانداقلا بولمىسۇن بۇ قېتىمقى بوراندا ئۆلۈش ياكى چوڭ يارىلىنىش بولمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نەچچە كۈندە بىر قېتىم قاتتىق بوران چىقىپ تۇردى، ئادەتتىكى بورانلاردا ئىش توختىمىدى. شۇنىڭ بىلەن 40 نەچچە كۈن جاپالىق ئىشلەپ تاپشۇرۇلغان پۈتۈن ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ بولۇپ، تۇرپان بىلەن پىچان ئارىلىقىدىكى ۋەزىپىنى ئىشلەشكە يۆتكەلدۇق.

## تەكلىماكاندىكى سەپەر ئىزلىرى

8 - شۆبە ئەترەت كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىدىكى 400 كىلومېتىرلىق لىنىيىنى ئۆلچەش، لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى 3 ئايدا ئورۇنداپ بولۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1958 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئىش باشلىغانىدى. لېكىن ئىنسان ياشىمايدىغان بۇ جايدا تۇرۇش قىيىن بولغاچقا، ئىشنى بالدۇر پۈتتۈرۈپ، بالدۇر قايتىش ئۈچۈن كۈندىلىك ئىش ۋاقتىنى 12 سائەتتىن ئۇزارتىپ ئىشلەپ، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چاقىلىقتىن قايتماقچى بولغانىدى. لېكىن يۇقىرىدىن بىزگە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەسلىدە شىنجاڭ - چىڭخەي تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ

ئۆلچەش، لايىھىلەش قىسمى ئورۇندىيالماي قالغان تەكلىماكاندى-
كى 100 كىلومېتىر لىنىيەنى قوشۇپ ئىشلەشنى تاپشۇردى،
ئەمما بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى. چۈنكى
بۇ جاينىڭ يەر شارائىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، يەنە كېلىپ ئىچىد-
ىغان سۇ بولمىغانلىقى ئۈستىگە پۈتۈنلەي قۇم ۋە شورلۇق،
هاۋاسى ئۆزگىرىشچان ئىدى. ناۋادا بىرەر ئەھۋال كۆرۈلسە،
قۇتقۇزۇشمۇ قىيىن ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە، تارىختا بۇ جايدا
نۇرغۇن كىشىلەر ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتكەنىكەن، شۇڭا
بۇ جايدا ئىشلەشنى ھېچكىم خالىمايتتى، ئەمما ۋەزىپىنى ئورۇن-
دىماسلىق يەنە بولمايتتى. ئاخىرى شۆبە ئەترەت پارتىيە تەشكىلى
بىزنى 4 كۈنلۈك مۇزاكىرە ۋە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، يولداش-
لارنىڭ ئىختىيارىي پوزىتسىيە بىلدۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى، كې-
يىن شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىشلەشنى خالايدىغان 6 نەپەر كىشىنى
تاللىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەن (چولتۇم)، ياقۇپ ئاكا ۋە 3 نەپەر
خەنزۇ يولداش بار ئىدۇق.

بىز 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەندە، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ
چاقىلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن 65 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى
مىرەن دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. مىرەن چاقىلىق ناھىيىسىگە
تەۋە كەنت بولۇپ، بۇ جايدا بىر ئاتىدىن بولغان 30 نەپەر ئاھالە
بار ئىكەن. ئۇلار ئازغىنە دېھقانچىلىق قىلىپ، كۆپىنچە ھاللاردا
ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، ئېشەكتىن باشقا چارۋى-
سى بولمايدىكەن. بۇ كەنت شۇ قەدەر كىچىك بولسىمۇ، تەكلىما-
كاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىنسان ياشايدىغان يەردە بولغاچ-
قىمىكىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئېكسپېدىت-
سىيىچىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلانغانىكەن، شۇنداقلا دۇنيا يەر خەرى-
تىسىدىمۇ ئوچۇق تاپقىلى بولىدىكەن. بىز ئەنە شۇ كەنتتىكى
ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، 3 ئېشەككە يۈك -
تاق، يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنى ئارتىپ 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى



يولغا چىقىپ، توختاۋسىز يول يۈرۈپ كۈن ئولتۇرۇشتىن سەل
بۇرۇن مەنزىلگە يېتىپ باردۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا جىددىي
كىرىشىپ كەتتۇق. بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار
بولۇپ، بەزىدە سۈيى ئاچچىق شورلۇققا دۇچ كەلسەك، بەزىدە
قۇم دۆۋىسى ياكى چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ دۇمچەكلەرنى ھاسىل
قىلغان قەدىمىي ئورمانلارنىڭ چىرىندىلىرىغا دۇچ كېلەتتۇق.
گايىدا تاشتەك قېتىپ قالغان شورلۇق دۆڭنىڭ ئارىلىقىدا ماڭ-
ساق، گايىدا قۇم دۆۋىلىرىگە يامىشىپ ماڭاتتۇق. بەزى جايلاردا
ھەر بىر قەدەم يۆتكىگەندە پۇتىمىز قۇمغا 20 - 30 سانتىمېتىرچە
پېتىپ قالاتتى. شۇڭا 1 كۈنلۈك يولىمىز ئاران 5 كىلومېتىر
بولۇپ، ئىشىمىز ناھايىتى جاپالىق بولدى. ئىش ئۈنۈمىنى ئۆس-
تۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىپ كۆرسەكمۇ، بىر كۈنلۈك يولى-
مىزنى 10 كىلومېتىرغا يەتكۈزەلمىدۇق. ئارىدا 3 كۈن ئۆتكەن-
دىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەك، بولۇپمۇ سۇ ناھايىتى تېز
تۈگەشكە باشلىدى. يول باشلىغۇچى دېھقان مۇندىن كېيىنكى يول
ئەھۋالىنى بىلمەيدىكەن. ئەگەر يەنە ۋاقىت ئۇزارسا روزىغارلىرى-
مىز پۈتۈنلەي تۈگەپ قايتىپ كېتىشىمۇ تەس بولاتتى. شۇڭا يول
باشلىغۇچى دېھقاننى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىمىز يۈك تاقلىرىمىزنى
يۈدۈپ مېڭىپ ئىشىمىزنى داۋام قىلدۇق. 11 - ئاينىڭ 19 -
كۈنى بىز تۇرغان جاينىڭ شىمالىي تەرىپىدىن توپا - چاڭ ئاسمانغا
كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى كېڭىيىپ بىز تەرەپكە يېقىنلاشقا باشلى-
دى. شۇڭا نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ھەممىمىز
بىر يەرگە توپلۇشۇپ ئولتۇردۇق. بوران يېتىپ كېلىشى بىلەن
بىزنىڭ گەنسۇلۇق ئەترەت باشلىقىمىزنى سۇر باستى، ئۇ ئەنسىز-
لىك بىلەن ۋارقىراپ: «ئورنۇڭلاردىن قىمىرلىماي بىر يەردە
ئولتۇرۇڭلار!» دېدى، بىز باشلىرىمىزنى بىر يەرگە قىلىپ جىم
ئولتۇردۇق. ئەتراپ بىردىنلا قاراڭغۇلۇشۇپ كېچە - كۈندۈزنى
پەرق ئەتكىلى بولمىدى. شۇ تەرىقىدە ئولتۇرۇپ، بىر ۋاقىتتا

قورساق ئاچتى، نانلىرىمىزنى سوغۇق سۇ بىلەن يېدۇق، چاينى-
غان نانلىرىمىز قۇم ئارىلىشىپ گىچىرلايتتى. تارىدىم ۋادىسى
11 - ئايدا ئانچە سوغۇق بولمايتتى، لېكىن بۈگۈنكى قۇيۇن،
بوران، ئولتۇرغان ئورنىمىزنىڭ سوغوقى ھەم يېگەن تامىقىمىز-
نىڭ سوغۇق بولغانلىقى قوشۇلۇپ ئاستا - ئاستا مۇزلاپ، بارغان-
سېرى تىترەشكە باشلىدۇق. بىر ۋاقىتتا ئەتراپنى بىر ئاز بولسى-
مۇ كۆرگۈدەك يورىدى. لاۋۋاڭ سائىتىگە قاراپ: «سائەت 8
بوپتۇ» دېدى. دېمەك تاڭ ئاتقانىكەن. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىمۇ بىر
ئاز پەسەيگەندەك بولدى. سۇدانلىرىمىزدىن ئازراق سۇ ئىچىپ،
قۇرۇق موملارنى يېگەن بولدۇق. بىراق سوغۇق سۇ بىلەن
قاتتىق موما گالدىن ئاسان ئۆتمەيدىكەن. كۆنلەر شۇنداق ئۆتتى-
ۋەردى. يەر يۈزى گۈڭگا بولسىمۇ بىر ئاز كۆرۈنسىلا كۈندۈز
ئىكەن، كۆرۈنمىسە كېچە ئىكەن، دەپ پەرەز قىلىپ، بوراننىڭ
توختىشىنى كۈتۈپ ئىشىنىمۇ قىلالماي شۈمشىيىپ ئولتۇرىۋەر-
دۇق. بوران توختىدى، بىراق ئەتراپ يەنىلا تۇمان باسقاندەك
قاراڭغۇ، توپا - چاڭ ئىچىدە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى.
يامان بولغىنى روزغار تۈگىدى، ھەممىمىز غەم - ئەندىشىدە
قالدۇق. ئاچلىق، سوغۇق، ئۇسسۇزلۇق جاندىن ئۆتەتتى. بار-
غانسېرى ھالسىزلىنىپ كەتتۇق. بىر چاغلاردا بوران توختىغان
بولسىمۇ، بۇ كېچە ئاچلىق ۋە سوغۇق دەستىدىن بەك قىينال-
دۇق. بەزىلەرنىڭ قورساقلىرى ئاغرىپ، چىدىيالماي ۋارقىراپ
كەتتى، شۇنداقتىمۇ بىر - بىرىمىزگە ئىلھام بېرىپ تاڭنى ئات-
قۇزدۇق، ھاۋامۇ ئېچىلدى. لېكىن 2 سوتكا تاماق يېمەي ھالى-
مىزدىن كەتكەنىدۇق. ۋاڭباۋ خۇا بىزنى چاقىرىپ: «يولداشلار،
كۈن ئېچىلدى، لېكىن بىز خەتەردىن قۇتۇلمىدۇق. 4 كۈن
ئىشلەپ ئاران 30 كىلومېتىر ئىلگىرىلىدۇق. ئالدىمىزدا يەنە 70
كىلومېتىرلىق ۋەزىپە بار. بىزنى ئالدىمىزدا كۈتۈۋالىدىغان يەر-
گە يەنە 30 كىلومېتىر بار، لېكىن ھالىمىزدىن كەتتۇق، قانداق



قىلساق بولار» دەپ مەسلىھەت سورىدى. كۆپچىلىكنىڭ پىكرى
بىلەن ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. كەچ بولدى، يەنە تاڭ ئاتتى،
3 سوتكا تاماقسىز قالدۇق. بۈگۈن ئارىمىزدىن بىر كىشى تۇرال-
ماي قالدى. ئەمدى ھەممىمىزلا ھايات قېلىشتىن ئۈمىد ئۈز-
دۇق. كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر دۆڭگە چىقىپ، قۇ-
رۇپ قالغان سۆكسۆككە سەرەڭگە چېقىپ ئوت ياقتىم، ئوت
دەرھال تۇتۇشۇپ كۆپكۆك تۈتۈن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بىراق
مەن ئەس ھوشۇمنى يوقاتتىم.
بىر ۋاقىتتا ئاغزىمغا سوغۇق بىر نەرسىنىڭ تەككەنلىكىنى
سەزدىم، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام بىر كىشى بېشىمنى يۆلەپ
تۇرۇپ ئاغزىمغا سۇ تېمىتىۋاتقانىكەن، لېكىن ئۇنىڭ كىم ئىكەن-
لىكىنى تونىيالمىدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىز-
نىڭ ئاشپىزىمىز ليۇ ئۇستام ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. شۇنداق
قىلىپ ھەممىمىز خەۋپتىن قۇتۇلدۇق. ليۇ ئۇستامنىڭ چىرايى-
دىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھالىمۇ ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى. بىز
ئۇنىڭدىن: «سىز باشقىلا بىر ئادەمگە ئۆزگۈرۈپ قاپسىزغۇ؟»
دەپ سورىساق، ئۇ: «خۇدا ساقلاپتۇ، مەن سىلەرنى بۇ ھالەتتە
كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. سىلەر كېتىپ 4 - كۈنى سىيا-
سىي كومىسسار، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ئۈچىمىز سىلەرنى
كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جايغا كەلگەنىدۇق. بىراق بو-
راننىڭ چىقىپ نىشاندىن ئادىشىپ قايسى تەرەپكە مېڭىشىمىزنى بىلەل-
مەي، 2 كۈن ساقلاپ، 3 - كۈنى بوران بىر ئاز بېسىلغاندىن
كېيىن بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىراق 3 كۈن
يول يۈرۈپ سىلەرنىڭ دېرىكىڭلارنى ئالالماي، تۈنۈگۈندىن باش-
لاپ ئۈچىمىز 3 تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياقتى-
كى تۈتۈننى كۆرۈپ ... دەپلا گەپ قىلالماي يىغلاپ چۈشتى.
بىز ئۇنى يۆلەپ، سۇ ئىچكۈزۈپ، ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن
ليۇ ئۇستام بىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىۋاتقان سۇدىن

2 كۈندىن بېرى بىر يۇتۇم ئىچمىگەنلىكىنى بىلدۇق.

## ئىبراھىم ئىستانسىسى

1959 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، تۆمۈريول 1 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ 5 ـ شۆبە ئەترىتى توقسۇندىن كورلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى لىنىيەنى ئۆلچەش، لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ۋەزىپىنى تېزرەك ئورۇنداش ئۈچۈن مەزكۇر ئەترەت يەنە 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، توقسۇندىن كۈمۈشكىچە 1 گۇرۇپپا، كۈمۈشتىن كورلىغىچە يەنە 1 گۇرۇپپا بولۇپ 2 ئورۇندىن بىرلا ۋاقىتتا ئىش باشلىماقچى بولىدۇ. توقسۇندىن كۈمۈش ئارىلىقىدىكى ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئىبراھىم (غۇلجىدىن)، مۆجە (جىڭ ناھىيىسىدىن)، يەنە جاڭ، شۇ، ۋاڭ فامىلىلىك 3 نەپەر خەنزۇ يولداش بولۇپ جەمئىي 6 كىشى تەيىنلىنىدۇ. بۇلار دەسلەپتە توقسۇندىن قۇرۇق تاغقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى قۇرۇق تاغقا يۆتكەلگەنىدى. بىراق قۇرۇق تاغنىڭ شارائىتى ناچار، سۇ مەنبەسى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە يول بولمىغاچقا، ماشىنىمۇ ماڭالمايتتى. شۇڭا ئىچىدىغان سۇنى ماشىنا بىلەن مەلۇم يەرگىچە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئادەم كۈچى بىلەن توشۇلاتتى. 6 كىشىلىك بۇ گۇرۇپپا كۈمۈشتىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپلا ئەتىسى ئىش باشلايدۇ. لېكىن بۇ ئەتراپتا ئولتۇراق ئاھالە بولمىغاچقا، يول باشلايدىغان كىشى بولمىغانلىقتىن پەقەت يەر خەرىتىسىگىلا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. 6 كىشى دەسلەپتە 30 كىلومېتىر يولنى ماشىنا بىلەن مېڭىپ، بىر سايىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ بارىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەشغۇلات ئورنىغا بېرىش ئۈچۈن سايىنىڭ ئىچى بىلەن يەنە 10 كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. گۇرۇپپا باش-



لىقى جاڭ شوپۇرغا، بۈگۈن كېچە مۇشۇ سايىنىڭ ئېغىزىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، 3 ـ سايىنىڭ ئېغىزىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى جېكىلەپ قويۇپ ئىش ئورنىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلار سايىنى بويلاپ 10 كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ بارغىچە كۈن چۈش بولىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئىسسىق كۈنلىرى چۈش مەزگىلىدە، بۇ جاينىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ 50 گرادۇستىن ئېشىپ كېتىدۇ. يەر يۈزىدىكى شېغىل تاشلارمۇ قىزىپ كەتكەن بولغاچقا ئىشلەش بۇياقتا تۇرسۇن، ئولتۇرۇش، ھەتتا يەرگە دەسسەشمۇ قىيىن بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، پۇتلىرىنى دەممۇ ـ دەم يۆتكەپ تۇرۇپ ئىشنى داۋام قىلىدۇ. چۈشتىن كېيىن ھاۋا تېخىمۇ ئىسسىپ كېتىپ ئېغىز ـ بۇرۇن قۇرۇپ كەتكەچكە، تامىقىنى ھۆلدەش ئۈچۈن سۇنى بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ، سۇنى شۇقەدەر تېجەپ ئىشلەتسىمۇ، كىچىك سۇدانىدىكى سۇ يەنىلا تۈگەپ ھېچنىمە قالمايدۇ.

تۇنجى كۈنى ئۇلار يەر شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ نىشانىنى ئېنىق تاپقىچە بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەم يۇقىرىقىدەك قىيىن ئەھۋالدا بولغاچقا، كۈن ئولتۇرغىچە ئىشلىسىمۇ 1 كۈنلۈك ۋەزىپىسىدىن يەنە 5 كىلومېتىر يول ئېشىپ قالىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا ئۇلار ئىشنى توختىتىپ، ماشىنا كۈتۈپ تۇرىدىغان ئورۇنغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلار 3 سائەت يول يۈرۈپمۇ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ بارالمايدۇ. ئىش ئورنى بىلەن ماشىنا كۈتۈپ تۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئارىلىقى 15 كىلومېتىرچە بولۇپ، 3 سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن نىشانغا يېتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇسسۇزلۇق، چارچاش ئازابىدىن ماشىنىنى تېپىش ئۈچۈن داۋاملىق ماڭىدۇ، ماشىنا يەنىلا ئۇچرىمايدۇ. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ مېڭىشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، ئادىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، يۈرۈشنى توختىتىپ شۇ جايدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۇلار ئەتىسىمۇ ئىزدەپ ماشىنا تۇرىدىغان جاينى تاپالمايدۇ،

بەلكى ئەتراپنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئويمان - دۆڭ بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىدۇ. ئۇلار ئۇياق، بۇياقلارغا مېڭىپ يۈرۈپ 3 كۈننى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ يەنىلا تاغ ئىچىدىن چىقالمايدۇ، بۇ جەرياندا ھايات يولى ئىزدەپ ئوت قالاپ بەلگە بېرىش، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېگىز دۆڭگە ئېسىپ بەلگە بېرىشتەك خىلمۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللانغان بولسىمۇ، ئامال بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 3 سوتكا تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي تاغنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەچكە روھسىزلىنىپ ھالىدىن كېتىپ قالىدۇ.

4 - كۈنى قىزىرىپ چىققان كۈننى كۆرۈش بىلەن، ھەممىسىگىلا بۈگۈن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى يېتىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. گورۇپپا باشلىقى جاڭ يەنە ئۈمىدىنى ئۈزمەي، ئاخىرقى ئامالنى تاپىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سىيىپ سۈيدۈكىنى ئىچىپ جان ساقلاش ئىدى. ئۇ ئاۋۋال سۇدانغا سىيىش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ، لېكىن سۈيدۈك چىقمايدۇ. ئاندىن سۇداننى باشقىلارغا تەڭلەپ، سىيىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. لېكىن 4 كۈن سۇ ئىچمىگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىدىن بىر تامچە سۈيدۈك چىقمايدۇ.

كۈن چۈش بولۇپ ھاۋا يەنە ئىسسىيدۇ، ماشىنىدىن خەۋەر بولمايدۇ، ئەمدى ھايات قېلىشتىن ئۈمىد قالمايدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرىغا ۋەسىيەت يېزىشنى ئويلاپ، قەغەز - قەلەملەرنى تۇتقان بولسىمۇ ماغدۇرسىز قوللىرى تىترەپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ۋەسىيەتنىمۇ تۈزۈك يازالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىبراھىم 22 ياش بولۇپ، ئۇلار بىر ئاكا، بىر سىڭىل ئىككىلا بالا، ئاتا - ئانىسى ياشىنىپ قالغانىدى. ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان، ماغدۇرىدىن كېتىپ ھاياتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئىبراھىم ئاخىرقى قېتىم ئامال ئىزدەپ، بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئوتۇن يىغىپ ئوت يېقىپ، بەلگە بەرمەكچى بولىدۇ. ئۇ تىرىسى سويۇلۇپ قاناۋاتقان ئىككى تىزىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ بىر



ئاز ئۆمىلەپ، تاغ قاپتىلىغا ئۆسكەن بىر نەچچە تۈپ قوراي ۋە باشقا ئوت - خەشەكلەرنى كۆرۈپ ئۇنى يۇلۇشقا تىرىشىدۇ، بىراق قولىنى تۆۋەن سۇنغاندا سېرىلىپ كېتىپ، ماغدۇرسىزلىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي دومىلاپ چۈشۈپ بېشى تاشقا تېگىدۇ. قالغان 5 ئادەم ھەممىسى ئۆز ھالەكچىلىكى بىلەن ئۇيەر، بۇيەرلەردە ماغدۇرسىزلىقتىن ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتىدۇ.

ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغان ماشىنا كەچ سائەت 6 دە بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ ئۇلارنى ئۇچرىتالماي، خېلى ۋاقىت ساقلاپ قاراڭغۇ چۈشىدۇ، ماشىنىنىڭ گۇدۇكى توختاۋسىز بېرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۆڭگە چىقىپ قول چىراغ بىلەن بەلگە بېرىدۇ، ئەتراپنى ئىزلەيدۇ، ۋارقىرايدۇ. شۇ تەرىقىدە تاڭ ئاتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دېرىكى بولمايدۇ. ئاخىرى ئۇلار دەسلەپكى قونالغۇغا قايتىپ، باشقىلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش توختاپ، ھەممە ئادەم ئىزلەشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار يەنە بىر چوڭ ماشىنا بىلەن كومۇشكە ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەترەت پارتكومىدىن ئادەم كېلىپ 4 كۈندىن بويان ئىز - دېرىكى بولمىغان 6 ئادەمنى قەتئىي ئىزدەپ تېپىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇلار يوقاپ كەتكەن بۇ 6 نەپەر ئادەمنىڭ قاياققا مېڭىش ئېھتىمالى ۋە ئادىشىپ كېتىش ئېھتىمالى قاتارلىق ھەممە جەھەتلەرنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، 4 تەرەپنىڭ ھەممىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ تۇشمۇ تۇشتىن ئىزلەيدۇ. كېچە - كۈندۈز ئىزلەپ 4 - كۈنى ئەترەت باشلىقى جاڭ سايىنىڭ ئىچىدىكى قۇم ئۈستىدە ئادەم ئىزىنى بايقاپ، شۇ بويىچە ئالغا قاراپ ماڭىدۇ. خېلى يۈرگەندىن كېيىن دۆڭنىڭ ئۈستىدە بىر قىزىل نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقاپ «تاپتۇق!»، «تاپتۇق!» دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچىسى ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلانغان مايكىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۈن - تۈنسىز سوزۇلۇپ ياتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنى يۆلەيدۇ، لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ. چىرايىنىڭ

ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولماي قالىدۇ. ئۇلار بارلىق چارىلەرنى قوللىنىش بىلەن ئۇنى هوشىغا كەلتۈرىدۇ. شۇ ئەسنادا ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەنلەر يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ 3 ئادەمنىڭ قىپ يالىڭاچ هالدا تاشقا يۆلۈنۈپ ياتقانلىقىنى، يەنە بىر ئادەمنىڭ مەيدىسىنى قۇمغا يېقىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر - بىرىنى قۇچاغلاپ يىغلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى قارىداپ، ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكتىن تونۇغىسىز هالغا كېلىپ قالغانىدى. ئەترەت باشلىقى جاڭ دۆڭنىڭ يان تەرىپىدە بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بىز يۈگۈرۈپ بارساق ئىبراهىم بېشىنى تاشقا قويۇپ، بىر قولىدا بىر تۇتام چۆپنى تۇتقان هالدا يېتىپتۇ. بىز ئۇنى دەرهال يۆلەپ ئىبراهىم! ، ئىبراهىم! دەپ شۇنچە قاتتىق ۋارقىرىساقمۇ ئۇ كۆزىنى ئاچمىدى. ئۇ، شۇقەدەر ئېچىنىشلىق هالدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن ......

قارىساق ئۇنىڭ بېشى تاشقا تەككەندە يېرىلىپ ئاققان قان تاش ئۈستىدە قېتىپ قاپتۇ، يۇمۇلغان قولىدا 5 تال چۆپ بار ئىكەن، سائەتنىڭ ئەينىكى چېقىلىپتۇ، سائەت ئىستىرىلكىسى 3دىن 10 مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن هالدا توختاپ قاپتۇ. ئەترەت باشلىقى ۋە هەممىمىز ئۇنى سىلىپ يىغلاپ كەتتۇق. بىز جاپالىق، مۇشەققەتلىك يىللاردا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، بىر تەن، بىر جان بولۇپ كېچە - كۈندۈز، ئىسسىق - سوغۇقلاردا هارماي - تالماي بىللە ئىشلىگەن سۆيۈملۈك سەپدىشىمىز، قېرىندىشىمىز، زاماندىشىمىزدىن ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق هالدا ئايرىلىپ قالدۇق......

1959 - يىلى 9 - ئايلاردا، تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈريول لايىهەلەش ئىدارىسى 1 - باش ئەترىتىنىڭ يىغىن زالىدا ئىنقىلابىي قۇربان يولداش ئىبراهىم بىلەن ۋىدالىشىش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى هەم سىڭلىسى



قاتنىشىپ، گۈلچەمبىرەكلەرنىڭ ئالدىدا توختاۋسىز ياش تۆكۈپ يىغلاپ تۇردى. زالنىڭ ئىچى ئېغىر سۈكۈتتە ئىدى، باش ئەترەتنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن يولداش ئىبراهىمغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، شۇنداقلا تۆمۈريولنىڭ قۇرۇق تاغ لېنىيىسىنى ئىبراهىم قۇربان بولغان جاي بىلەن ئۆتكۈزۈپ، شۇ جايغا ئىنقىلابىي قۇربان ئىبراهىم خاتىرىسى ئۈچۈن «ئىبراهىم ئىستانسىسى» دەپ نام بېرىشنى جاكارلىدى. شىنجاڭ تۆمۈريول ساهەسىدە، هەتتا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى دائىرىسىدە شۇنچىلىك تەسىر قوزغىغان سەپدىشىمىزدىن پەخىرلىك هېس قىلىپ، كۆڭلىمىز سەل ئەمىن تاپقاندەك بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىمىز ئېچىشىپ تۇراتتى. ئېغىر سۈكۈتكە تولغان زال ئىچىدە كۆزلىرىمىز ياشقا تولغان هالدا هەممىمىز ئۆرە تۇرۇپ، ئوڭ قولىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئىنقىلابىي قۇبان ئىبراهىم ئالدىدا ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئاداققىچە هارماي - تالماي كۈرەش قىلغان شانلىق روهىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ هايات ۋاقتىدا ئورۇنلاشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان جاپالىق ئىشىنى ئورۇنلاشقا ۋەدە بەردۇق.

## ۋەسىيەتنامە

1960 - يىلى 4 - ئايدا، 2 - شۆبە ئەترەت شىنجاڭ پامىر تېغىنىڭ جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چاقىلىقىقا قەدەر بولغان تۆمۈر يول لېنىيىسىنى لايىهىلەش ۋە ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ ۋەزىپە ئېغىر هەم ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى. ۋەزىپىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاپ بولۇش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئىش باشلاپ، نىيە ناهىيىسىدە ئۇچراشماقچى بولۇپ ئىككى گۇرۇپپىغا

بۆلۇندۇق. بۇ يىل 2 ـ ئەترەتتە مىللىيلاردىن پەقەت ئىككىلا
كىشى بولۇپ، مەن (چولتۇم) پامىر گورۇپپىسىغا، يولداش ئاكا
تارىم گورۇپپىسىغا بۆلۈندۇق. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئىككى
گورۇپپا كورلىدىن يولغا چىقىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا ماڭدى.
بىزنىڭ گورۇپپا 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئۇلۇغچات تەۋەسىدىكى
«قىزىلنىڭ دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان دەريانىڭ باشلىنىش نۇق-
تىسىغا يېتىپ باردۇق ھەم ئەسىرلەر بويى مۇز بېسىپ ياتقان
جايدىن ئىش باشلاپ، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نىيە ناھىيىسىگە
يېتىپ باردۇق. لېكىن تارىم گورۇپپىسى تېخىچىلا يېتىپ كەل-
مەپتۇ، ئۇقۇشىمىزچە، ئۇلار چاقىلىقتىن يۆتكىلىپ چىققىنىغا
بىر ئاي بوپتۇ، خەۋەر ئۈزۈلۈپ قالغىلىمۇ 20 كۈن بوپتۇ.
ئەسلىدە چاقىلىقتىن نىيەگە قەدەر 400 ـ 450 كىلومېتىر يول
بولۇپ، ئۇنىڭ 150 ـ 200 كىلومېتىرچە قىسمى چاقىلىقتا
تۇرۇپ ئىشلىنىپ بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئېشىپ قالغان قىسمىنى
20 كۈن ئىچىدە ئىشلەپ بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بىز
ھاۋانىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن كېچىككەن بولسا كېرەك، دېگەن
قىياس بىلەن نىيەدىن ئۆتۈپ 5 كۈن ئىشلىدۇق. ئۇلار يەنىلا
يېتىپ كېلەلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋال خەتەرلىك ئىكەن-
لىكىنى ھېس قىلدۇق. چۈنكى نىيە بىلەن چاقىلىقنىڭ ئارىلىقى
ئىنسان ياشىمايدىغان پايانسىز چۆل ـ باياۋان بولۇپ، ئەگەر
ۋەزىيە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئورۇندىلىپ بولمىسا ئۇس-
سۇزلۇقتىن ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىش ئېھتىمالىمۇ بار ئى-
دى. شۇڭا بىزنىڭ گورۇپپا بىر قانچە ئادەمنى تەشكىللەپ سۇ
ۋە يېمەك - ئىچمەك تەييارلاپ ئېشەك بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا
ئېۋەتتى، بىز ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋەردۇق. بىز ئىش باشلاپ
7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تىن ئاشقاندا، دۇربۇن
ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەلگە بايرىقىنى كۆرۈپ، بىزمۇ بايرىقىمىزنى
ئاسمانغا ئېتىشقا باشلىدۇق. سائەت 7 بولاي دېگەندە ئىككى تەرەپ



ئۇچرىشىپ، خۇددى جەڭدىن غەلىبە قۇچۇپ قايتقان جەڭچىلەر-
دەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق، ئەمەلىيەتتىمۇ يول قۇرۇلۇش
خىزمىتى قان تۆكمەيدىغان جەڭ ئىدى.

سەپدىشىم ئاكا مېنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلاپ،
ئۆزىنى باسالماي ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ 3 ئايدىن بېرى
ئۇنى شۇنچە سېغىنغانلىقىم ئۈچۈن كۆزۈمگە لىققىدە ياش ئېلىپ،
ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق ئورۇق گەۋدىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدىم.
ئۆز يۇرت ۋە بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، چەت ـ داللاردا
ئىشلىگەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىللە ئىشلىگەن سەپداشلاردىن
يېقىن ئادەم بولمايدىكەن.

سەپدىشىم ئاكا مېنى قۇچاقلىغىنىچە خېلى ئۇزۇن يىغلاپ
كەتتى، مەن ئۇنىڭ مۇنداق قاتتىق يىغلىشىنى تۇنجى قېتىم
كۆرۈشۈم ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: «سالامەت كۆرۈشكەنلىكىمىزگە
خۇشال بولماي نېمىشكە يىغلايسەن؟» دېدىم، ئۇ كۆز يېشىنى
سۈرتىۋېتىپ ئۈن چىقارماي تۇرۇپ يانچۇقىدىن بىر خاتىرنى چى-
قىرىپ ماڭا سۇندى، خەت مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«قەدىردان دوستۇم چولتۇم، ئەمدى سەن بىلەن مەڭگۈ
كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم، لېكىن مېنىڭ بالامغا قاراپ قويۇشىڭ-
غا ئىشىنىمەن، ئەگەر شارائىت يار بەرسە جەسىتىمنى تېپىپ
ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، كەچۈرمىشلىرىمنى باللىرىمغا سۆزلەپ
بېرەرسەن ...»

مەن ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن ئورۇق يۈزى، ئولتۇرۇشۇپ
كەتكەن قاپقارا ئۆتكۈر كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ شۇقەدەر چارچاپ
كەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسامۇ، ئەمما، نېمە ئۈچۈن مۇنداق
ۋەسىيەت يازغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. شۇ چاغدا ئەترەت
باشلىقىنىڭ: «يۇرۇڭلار قايتايلى» ، دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم،
ئاندىن ھەممىمىز ئىشتىن قايتتۇق. كەچلىك تاماقتىن كېيىن،
ئىككىمىز كارىۋاتنى جۈپلەپ يېتىپ پاراڭغا چۈشتۇق. ئۇ كە-

چۈرمىشلىرىنى مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

«5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئىدى، بىز 4 كىشى بىر گورۇپپا بولۇپ لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى لىنىيىنى ئۆلچەشكە باردۇق. 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېشەككە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئارتىپ، 5 كۈن ئىچىدە چىڭخەي ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئىشلەنمەي قالغان قىسمىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدۇق. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يول باشلايدىغان دېھقان قايتىپ كەتتى. بىز ئىككى كىشىگە روزغارلىرىمىزنى كۆتەرگۈزۈپ، قالغان 4 كىشى ئۆلچەشنى داۋام قىلدۇق. 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىپ، ئەتراپنى قاپقارا توپا ـ چاڭ قاپلاپ كەتتى. مەن باشقا يولداشلاردىن 500 مېتىرچە يىراقتىكى ئالدىنقى توچكىدا ئىشلەۋاتقان ئىدىم. تۇيۇقسىز چىققان قارا بوراندا ئەتراپنى چاڭ ـ توپا قاپلاپ، ھېچنېمىنى پەرق قىلالماي قالدىم. بوران كۆز ئاچقۇزمايتتى، كۆز ئاچقان بىلەنمۇ 1 مېتىر ئارىلىقنى كۆرگىلى بولمايتتى، ھەتتا ئۆزۈم يۈرگەن ئىزنىمۇ بايقىيالماي نىشاندىن ئادىشىپ قالدىم. بەزى جايدىكى ئىزنى تاپقان بولسامۇ بەزىلىرىنى تاپالمايتتىم، قانداقلا بولمىسۇن ئېزىم بار تەرەپكە ماڭدىم. بوراننىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلسا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، لېكىن ھېچ بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئارىلىقتا 7، 8 سائەت ۋاقىت ئۆتتى، جىم ئولتۇرۇپ تىڭشىسام بىر تۇرۇپ بۆرە ھۇۋلىغاندەك، بىر تۇرۇپ باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋارقىرىغاندەك سېزىلدى. ئەگەر ئۇخلاپ قالسام يىرتقۇچلار يەپ كېتىدۇ، دەپ قورقۇپ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ تۇردۇم. بىر ۋاقىتتا ئەتراپنى سەل ـ پەل كۆرۈشكە بولىدىغان بولدى، ئۇنىڭغا قاراپ تاڭ ئاتقان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم. بىر جايدا تۇرغاندىن كۆرە مېڭىپ تۇرسام ئادەم بار جايغا چىقارمەن، دېگەن ئۈمىد بىلەن توختىماي ماڭدىم. لېكىن قايسى تەرەپكە ماڭغانلى-



قىمنى زادىلا بىلمەيتتىم. بوران توختاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. بىر ۋاقىتتا ئەتراپ يەنە كۆرۈنمەي قالدى، ئۇنىڭغا قاراپ يەنە كەچ بولدى، دەپ پەرەز قىلدىم. ھېرىپ ھالىم قالمىدى، بىردەم ئولتۇرۇپ دەم ئالاي دېسەم ھەر تەرەپتىن ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا قاراپ كەچ بولدى، يىرتقۇچلار ئوزۇق ئىزلەپ چىققان بولسا كېرەك ياكى بولمىسا مېنىڭ پۇرىقىمنى بىلىپ قالدى، دېگەن ئەندىشە بىلەن بىر يەردە ئولتۇرالماي قولۇمدىكى ئۆلچەشتە ئىشلىتىدىغان نومۇرلۇق ئالا كالتەكنى مەھكەم تۇتۇپ، ئەتراپىمغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ يەنىلا يولۇمنى داۋام قىلدىم. بىراق 2 سوتكىدىن ئارتۇق ۋاقىت نە تاماق، نە سۇ ئىچمىگەن بولغاچقا پۇتۇمنىڭ ماغدۇرى قالماي يىقىلىپ چۈشتۈم. شۇنداق قىلىپ كېچىمۇ يېتىپ كەلدى، ئەمدى مېڭىشقا ماجالىم قالمىدى. 4 ـ كۈنى بوران ۋە چاڭ ـ توزاڭ بېسىقتى، 100 ـ 200 مېتىرچە يىراقنى سەل كۆرگىلى بولىدىغان بولدى، بىراق 4 كۈنگىچە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ھەم قورقۇنچ ئىچىدە يۈرۈپ زادىلا ماغدۇرۇم قالمىدى. پۇت ـ قولۇم تىترەيتتى، گېلىم قۇرۇپ نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلاشتى. شۇنداق بولسىمۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن، ئالا كالتەكنى تايىنىپ يەنىلا ماڭدىم. بىر چاغدا 100 مېتىرچە نېرىدا بىر قومۇشلۇق كۆرۈندى. بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي شۇ تەرەپكە ماڭدىم. بىر ئازدىن كېيىن كۆزۈم قاراڭغۇلۇشۇپ، بېشىم قايدى، يەنە يىقىلىپ چۈشتۈم، ھوشۇمدىن كەتكەن ئوخشايمەن. ئۇ يەردە قانچىلىك ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، بىر ۋاقىتتا بېشىم ئاغرىغاندەك قىلدى، ھوشۇمغا كەلگەن ۋاقتىم ئىكەن. بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، ئۆرە تۇرغىدەك مادارىم يوق. ئاخىرى 4 پۇتلۇق بولۇپ قومۇشلۇققا قاراپ ئۆمىلەپ ماڭدىم. ئۆمىلەپ، يىقىلىپ، يەنە ئۆمىلەپ ئاخىرى قومۇشلۇققا باردىم، قارىسام بىر بۇلاق بار ئىكەن، تەلىيىمگە مۇزدەك سوغۇق سۇنى

قانغۇچىلىك ئىچىپ، يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ، بىر ئاز سەگىگەندەك بولۇپ قالدىم. لېكىن ئاچلىق قىيناۋاتاتتى، ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئىنتىلسەم زادىلا مۇمكىن بولمىدى. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى. كېچە ئۇزۇن بولغاچقا ئەتىكى تاڭنى كۆرۈشتىن ئۈمىد يوق ئىدى. كۆپ خىياللارنى قىلىپ، ئاخىرى ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى بۇرچۇمنى ئادا قىلاي، دەپ ساڭا مۇشۇ خەتنى يازدىم ...» دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ نەچچە قېتىم كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇپ ئولتۇرغانىدىم، گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم.

قېنى داۋام قىل، سەن قانداق ئامان قالدىڭ؟ دەپ سورىدىم، ئۇ بېشىنى بىر سىلاپ قويۇپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى: مەن بۇ ۋەسىيەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن يورۇق دۇنيانىڭ سۈيىنى ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ئىچەي، دەپ ئويلاپ، بولاقتا دۈم يېتىپ راسا ئىچتىم، ئاندىن خەتنى يانچۇقىمغا سېلىپ قويۇپ بىردەم ئولتۇردۇم. بىر ۋاقىتتا كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بولدى. مەن، ئەمدى ئۆلگەن دېگەن شۇ ئىكەن، دەپ ئويلىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن.

بىر ۋاقىتتا كۆزۈمنى ئاچسام ھاۋا سۈپ - سۈزۈك ئېچىلىپ كېتىپتۇ، كۈنگە قاراپ چۈش بولۇشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدىم. ئۇياق - بۇياققا قاراپ خۇداغا شۈكرى، تېخى ئۆلمەپتىمەن، دەپ ئويلىدىم. يەنە بىر ئازدىن كېيىن، تۈنۈگۈن سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئوڭ قولۇم بىلەن پۇتۇم سۇغا چىلانغان ھالدا بىر كېچە ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلدىم.

ھە، ئاكا، تېخى ھايات ئىكەنسەن، تېخى ئۆلمەپسەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلىدىم، بۇ چاغدا ھاۋا ئوچۇق، توپا - چاڭدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. لېكىن جاھاننىڭ قايسى جايىدا تۇرغانلى-



قىمنىمۇ بىلمەيتتىم، ئەتراپقا زەڭ سېلىپ قاراپ ئالتۇن تاغقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئەمما ئۇ ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ لېكىن ھايات قېلىشنى ئويلاپ، ئاخىرى ئالتۇن تاغقا قاراپ مېڭىشنى قارار قىلىپ، قومۇشلۇقتىن چىقماقچى بولدۇم. بىر مەزگىل ئۆمىلەپ ماڭغاندىن كېيىن قومۇشلۇقنىڭ چېتىگىرەك چىقتىم، بىراق ئىچىم ئېلىشىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش بولدى، ئارىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى ھېچنېمىنى بىلەيمەن. بىر ۋاقىتتا «ھە، ئەمدى ياخشى بولاي دەپ قالدىڭ، يەنە بىر ئاز ئىچ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، بىراق كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. پەقەتلا «يەنە بىر ئاز ئىچكىن، خۇدايىم ساقلىدى، ھايات قالدىڭ ........» دېگەن ئاۋازلار تەكرار - تەكرار ئاڭلىنىپ تۇردى. بىر ۋاقىتتا ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام بەستلىك، ئاپپاق ساقال بىر ئۇيغۇر بوۋاي ئاغزىمغا سۇيۇق بىر نەرسىنى قۇيۇپ: «ھە، ئەمدى قۇتۇلدۇڭ» دېدى.

كۆزۈمنى ئاچسام چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت بوپتۇ، بوۋاي مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، قارىسام قومۇشلۇق بىزدىن ئانچە يىراق ئەمەس، بوۋاينىڭ ئېشىكى قومۇشلۇقتا ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ: «بالام ياخشى بولۇپ قالدىڭ، بۇ قېتىنقىتىن يەنە بىر ئاز ئىچ، تېزلا قۇۋۋەت كىرىدۇ» دەپ يېنىدىكى قاپاقتىن قېتىق ئىچكۈزدى. بوۋاينىڭ مېنى قانداق ئۇچراتقانلىقى ۋە قۇتقۇزغانلىقىنى سورىسام، ئۇ مۇنداق دېدى:

ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا چاقىلىقتىن بىر ئادەم كېلىپ: «تۆمۈر يول پىلانلايدىغان ئادەملەردىن بىرى يۈتۈپ كېتىپتۇ»، دېدى. دەسلەپتە ئېرەن قىلماپتۇق، ئارىلىقتا بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىسى: «ناھىيىدىن ئادەم چىقىرىپ ئىزلەپتۇ»، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، مەنمۇ ئىزلەپ چىققانىدىم. بۇ بولاقنى مەندىن باشقا ئادەم كۆرگەن ئەمەس. 13 ياش چاغلىرىمدا دادام بىلەن بىللە ئوۋچىلىققا چىقاتتىم. بىر قېتىملىق ئوۋ قىلىشتا ئوۋنىڭ كەينىدىن

قوغلاپ يۈرۈپ مۇشۇ قومۇشلۇقتا كېلىپ قالدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ ئارىدىن 81 يىل ئۆتتى، ئەمما مەن بۇ تەرەپكە كېلىپ باقمىدىم، بۇ قېتىم سېنى ئىككى كۈن ئىزلىدىم، ئېشىكىم ئۇسسۇز قالغاچقا سۇغۇراي دېگەن خىيال بىلەن بۇ بۇلاققا كەلگەنىدىم. ئەمما سىنى بۇ بۇلاقنى تېپىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ئويلىمىغان يەردە سېنى ئۇچرىتىپ قالدىم، بالام ساڭا خۇدا يول كۆرسىتىپتۇ، مەن بۇ يەر (مىرەن) گە كەلگىنىمگە 84 يىل بولۇشقا قەدەم قويدى. مېنىڭ بالاۋاقىتلىرىمدا چەتئەللەردىن رۇس، ئىنگلىز ئىنژېنېرلىرى يەر بايلىقى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ، بەزىلىرى ساڭا ئوخشاشلا بوراندا قېلىپ يولدىن ئادىشىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. خۇدا ساقلىسۇن، بالام، سەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن، دەپ كۆڭلۈمنى سۆيۈندۈردى.

1961 - يىللىرىدىكى قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، تۆمۈر يول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىسقارتىلىپ يېزىلارغا چۈشۈرۈلدى. ئەمما يولداش ئاكىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئەسلى يۇرتى ئارشاڭ ناھىيىسىگە يۆتكەپ بەرگەنىدى. ئارشاڭ ناھىيىسى ئۇنى بانكا ساھەسىگە ئورۇنلاشتۇردى، ئاكا ئاساسىي قاتلام بانكا ئورنىدا مەسئۇل خىزمەت ئىشلەپ يۈرۈپ، 1986 - يىلغا كەلگەندە جىگەر راك كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلى

ئادىل تۇران

مەكىت ناھىيىسى 1928 - يىلى 8 - ئايدا رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلدى. ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە لىۋ فامىلىلىك بىر كىشى تۇنجى ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدا بىرقانچە بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. بۇ بۆلۈملەر ھۆكۈمەت ئورگىنى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى بىجىرگەن:

1. كاتىبات بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم يۇقىرى - تۆۋەندىن كەلگەن خەت - چەك، ھۆججەت - ماتېرىياللارنى بىرتەرەپ قىلغان ۋە ھاكىمغا ۋاكالىتەن ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بېجىرگەن.

2. خەلق ئىشلار بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلىرىغا ئائىت ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلغاندىن باشقا، ئەدلىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

3. مالىيە بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ غەللە - پاراق، ھەر خىل باج يىغىش، يېزا ئىگىلىك، سودا - سانائەت قاتارلىق تەرەپلىرىدىكى خىزمەتلەرنى بېجىرگەن.

4. مائارىپ بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلى-

رىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئاساسلىقى شۆتاڭ (ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ) نى باشقۇرغان. 1930 ـ يىلى جۇباشۇي (جۇ يۇلىڭ) مەكىتكە ھاكىم بولۇپ كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى سالدۇرغاندا، بىر سىنىپلىق شۆتاڭ سالدۇرۇپ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، مەكتەپ نامىنى گويۇ شۆتاڭ (دۆلەت تىلى مەكتىپى) دەپ ئاتاپ، بارلىق راسخوتىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ بۆلۈمنىڭ رولى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرۇلغان.

5. ئىسلاھات بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئېتىز ـ ئېرىق، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، ئورمان ئەھيا قىلىش، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىجىرگەن.

مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكە مەزگىللەردە، ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت شەكلى ـ ھاكىمىيەت تۈزۈلىشىدە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىش بولۇپ تۇرغان. تۆۋەندە، ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە 80 ـ يىللارغىچە بولغان ئارلىقتىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

## 1. شاڭيولۇق تۈزۈمى (乡约制)[①]

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادى 1928 ـ يىلى) مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىدە 6 يېزا تەسىس قىلىنىپ، شاڭيولۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. يەنى ھەر بىر يېزىغا بىردىن شاڭيو قويۇلغان (يەرلىكتىكى كىشىلەر شاڭيونى «بەگ» دەپ ئاتايدۇ). يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان 6 يېزا تۆۋەندە-

① بۇ يەردىكى «شاڭيو» نامى خەنزۇچىدىكى تەلەپپۇزى بويىچە ئېلىندى. «شاڭ» خېتى يالغۇز كەلگەندە، ھازىرقى ئىستېمال مەنىسى بويىچە «يېزا» دەپ ئېلىندى.



كىلەردىن ئىبارەت:

(1) چامغۇرلۇق (لايلىق) يېزىسى: بۇ ھازىرقى چامغۇرلۇق، ھاڭغىتلىق ۋە شەھىتدۆڭ قاتارلىق يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) يانتاق يېزىسى: بۇ ھازىرقى يانتاق يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنت مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) ئۆيبۇغداي يېزىسى: بۇ ھازىرقى يانتاق، تۇمەنتال ۋە قۇرما قاتارلىق يېزىلارنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4) قارائۆي يېزىسى: بۇ ھازىرقى يانتاق يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىلىرى ۋە بازار جەمى، قۇمقۇسار يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(5) قۇمقۇسار يېزىسى: بۇ ھازىرقى قۇمقۇسار، غازكۆل يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(6) يوقىرى ـ تۆۋەن ئاۋات يېزىسى: بۇ ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ( بۇ يېزا مىنگونىڭ 25 ـ يىلى ‹مىلادى 1936 ـيىلى › 10 ـئايدا مارالبېشى ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن ).

## 2. رايون، كەنت تۈزۈمى (区村制)

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (مىلادى 1938 ـ يىلى) شاڭيولۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا رايون، كەنت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. رايوندا رايون باشلىقى، كەنتتە كەنت باشلىقى تەسىس قىلىنغان. پۈتۈن ناھىيە 3 رايون، 31 كەنت، بىر كوچا باشقۇرۇش ئورنىغا ئايرىلغان. 1 ـ رايون غازكۆل رايونى بولۇپ، 14 كەنتى بولغان؛ 2 ـ رايون يانتاق رايونى بولۇپ، 11 كەنتى

بولغان؛ 3 ـ رايون تۆمەنتال رايونى بولۇپ، 11 كەنتى بولغان. كوچا باشقۇرۇش ئورنى «مەكىت بازارلىق كوچا باشقۇرۇش ئورنى» دەپ ئاتىلىپ، 1 مۇدىر ۋە بىرقانچە مۇئاۋىن مۇدىرلار قويۇلغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان.

## 3. شاڭ، باۋجا تۈزۈمى ( 乡保甲制 )

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (مىلادى 1946 ـ يىلى) رايون، كەنت تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئورنىغا شاڭ، باۋجا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە 3 يېزا، 35 باۋ، بىر كوچا باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

1 ـ يېزا ـ جيەنشىن ( 建新 ) يېزىسى (بۇ ھازىرقى قىزىل ئاۋات يېزىسى بولۇپ، ئىلگىرى يەكەننىڭ قىزىلچى كەنتى ئىدى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەكىتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن) بولۇپ، باشقۇرىشىدا 14 باۋ بولغان.

2 ـ يېزا ـ ۋېنمىڭ ( 文明 ) يېزىسى ( ھازىرقى يانتاق يېزىسى) بولۇپ، باشقۇرىشىدا 9 باۋ بولغان.

3 ـ يېزا ـ جېنشىڭ ( 振兴 ) (ھازىرقى تۆمەنتال يېزىسى) يېزىسى بولۇپ، باشقۇرىشىدا 12 باۋ بولغان.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى بازارلىق كوچا باشقۇرۇش ئورنى يەنە ئەسلى ھالىتى بويىچە ساقلىنىپ قالغان.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (مىلادى 1948 ـ يىلى) 1 بازار، 2 يېزا تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىكى تەيخې ( 太和 ) بازىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا 24 باۋ، 231 جا، 4913 ئائىلە، 18114 ئادەم بولغان.

جيەنشىن يېزىسىنىڭ باشقۇرىشىدا 20 باۋ، 128 جا، 4433



ئائىلە، 17263 ئادەم بولغان.

جېنشىڭ يېزىسىنىڭ باشقۇرىشىدا 17 باۋ، 120 جا، 4433 ئائىلە، 17263 ئادەم بولغان.

## 4. رايون، يېزا تۈزۈمى ( 区乡制 )

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە 3 رايون، 24 يېزا، 1 كوچا باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

1 ـ رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا ئۆرداكۆل يېزىسى، قوش ئېقىن يېزىسى، ھاڭغىتلىق يېزىسى، چامغۇرلۇق يېزىسى، بازار جەمى يېزىسى، تاۋاكېسكى يېزىسى، بېلىقچى يېزىسى، ئوۋكا يېزىسى، يېڭىمەھەللە يېزىسى، بازار يېزىسى، بازارلىق خەلق كوچا ئىش باشقۇرۇش ئۇرنى بولغان.

2 ـ رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا قىزىلئاۋات يېزىسى، لايداڭ يېزىسى، قومۇش مەھەللە يېزىسى، قۇمقۇسار يېزىسى، پاختەكلىك يېزىسى، غازكۆل يېزىسى، خانكۆل يېزىسى بولغان.

3 ـ رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا يانتاق يېزىسى، ئۆيبۇغداي يېزىسى، ئاقتىكەن يېزىسى، تۇگىدۆڭ يېزىسى، تۆمەنتال يېزىسى، شىھىتدۆڭ يېزىسى قاتارلىقلار بولغان.

1951 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدە 5 رايون، 31 يېزا، 1 بازارلىق خەلق كوچا باشقۇرۇش ئورنىغا ئايرىلغان.

1953 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە 7 رايون، 34 يېزا، 1 رايون باشقۇرۇشىدىكى يېزا دەرىجىلىك بازارلىق خەلق كومىتېتىغا ئايرىلغان بولۇپ، 1 ـ رايون (چېڭگۈەن 城关 رايونى) باشقۇرۇشىدا 7 يېزا، 1 بازارلىق خەلق كومىتېتى، 32 تەبىئىي كەنت بولغان.

2 ـ رايون (ھاڭغىتلىق رايونى) باشقۇرۇشىدا 4 يېزا، 16

كەنت بولغان.

3 - رايون (يانتاق رايونى) باشقۇرۇشىدا 5 يېزا، 22 كەنت بولغان.

4 - رايون (تۇمەنتال رايونى) باشقۇرۇشىدا 5 يېزا، 22 كەنت بولغان.

5 - رايون (غازكۆل رايونى) باشقۇرۇشىدا 4 يېزا، 23 كەنت بولغان.

6 - رايون (قىزىلئاۋات رايونى) باشقۇرۇشىدا 5 يېزا، 6 كەنت بولغان.

7 - رايون (قۇمقۇسار رايونى) باشقۇرۇشىدا 3 يېزا، 8 كەنت بولغان (1955-يىلى 7-رايون تارقىتىۋېتىلىپ، 1-رايونغا 4 كەنتى، 5 - رايونغا 4 كەنتى قوشۇپ بېرىلگەن).

## 5. خەلق گوڭشېسى تۈزۈمى (人民公社制)

1958 - يىلى 9 - ئايدا، ھەرقايسى رايونلاردا خەلق گوڭشېسى قۇرۇلۇپ، 1 - رايوننىڭ نامى خوجيەن (火箭) گوڭشېسى دەپ ئاتالغان (بۇ نام 1967 - يىلى دوڭفاڭخوڭ (东方红) گوڭشېسى بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن)؛ 2 - رايون دوڭفېڭ (东风) گوڭشېسى دەپ ئاتالغان؛ 3 - رايون خوڭچى (红旗) گوڭشېسى دەپ ئاتالغان؛ 4-رايون خوڭگۇاڭ (红光) گوڭشېسى دەپ ئاتالغان؛ 5 - رايون ۋېيشىڭ (卫星) گوڭشېسى دەپ ئاتالغان؛ 6 - رايون جەندۇ (战斗) گوڭشېسى دەپ ئاتالغان. ھەرقايسى گوڭشېلار يەنە رەت تەرتىپى بويىچە 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 - گوڭشې دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. بازارلىق خەلق كومىتېتى شەھەر - بازارلىق باشقۇرۇش رايونى (城镇管理区) دەپ ئۆزگەرتىلىپ، خوجيەن گوڭشېسىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. ئەسلىدىكى رايون باش-



قۇرۇشىدىكى يېزىنىڭ ھەممىسى باشقۇرۇش رايونى (管理区) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

1962 - يىلى 1 - گوڭشېنىڭ 4 كەنتى، 5 - گوڭشېنىڭ 4 كەنتى ئايرىلىپ، شاڭياڭ (向阳) گوڭشېسى قۇرۇلۇپ، 7 - گوڭشې دەپ ئاتالغان.

1966 - يىلى خوجيەن گوڭشېسىنىڭ شەھەر - بازارلىق باشقۇرۇش رايونى شەھەر - بازارلىق خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ناھىيە بويىچە 8 خەلق گوڭشېسى بارلىققا كەلگەن.

1978 - يىلى ھەرقايسى خەلق گوڭشېلىرىنىڭ ناملىرى يەرلىك خەلقنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇرۇنقى نامىغا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى گوڭشېلار تەرتىپ بويىچە بازارجەمى گوڭشېسى، يېڭىئاۋات گوڭشېسى، يانتاق گوڭشېسى، تۇمەنتال گوڭشېسى، غازكۆل گوڭشېسى، قىزىلئاۋات گوڭشېسى، قومقۇسار گوڭشېسى، شەھەر - بازارلىق خەلق گوڭشېسى بولسا مەكىت بازىرى دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

## 6. يېزا (بازار)، كەنت تۈزۈمى (乡镇村制)

1984 - يىلى ھەرقايسى گوڭشېلار «يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلدى. يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى كەنتلەردە كەنت كومىتېتى تەسىس قىلىندى. يېزىلار بۇرۇنقى نامى بىلەن ئاتالدى.

يېڭى ئاۋات گوڭشېسى يەكەن دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، دەريانىڭ غەربىي شەھىتدۆڭ يېزىسى، دەريانىڭ شەرقى ھاڭقىتلىق يېزىسى دەپ ئايرىلدى.

1988 - يىلى تۇمەنتال يېزىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېڭىدىن قۇرما يېزىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيىدە 9 يېزا، 1 بازار، 6 ئاھالىلەر كومىتېتى، 137 كەنت كومىتېتى، 209

تەبىئىي كەنت ۋە 520 مەھەللىۋى گورۇپپا بارلىققا كەلدى.

( ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش – باشقۇرۇش ئورنىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **جۇرئەت ئابلىمىت**



# ئانا مەكتەپ

## ئۈرۈمچى 2 – دارىلمۇئەللىمىن توغرىسىدا ئەسلىمە

ئەكبەر ۋەلى

ئۈرۈمچى 2 – دارىلمۇئەللىمىن 1960 – يىلىغا قەدەر مائارىپ نازارىتىغا قاراشلىق ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىناتتى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپلەپ قۇرۇلغان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇندىن كېيىنكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئۈرۈمچى 2 – دارىلمۇئەللىمىن زور تۈركۈم ئوقۇتقۇچى ۋە كادىر تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇلار ھازىر بېيجىڭدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيە قاتارلىق جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ۋە مائارىپ، نەشرىيات قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلماقتا. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتچى، رەسسام ۋە ئىنژېنېرلاردىن بولۇپ قالدى. ھازىر گەرچە ئۇلارنىڭ يېشى 50 تىن ھالقىغان ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان، جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى شاگىرت ھېسابلاپ، ئەينى يىللاردىكى ئۇستازلىرىنى ھېيت، بايرام، توي – تۆكۈنلەردە ئالاھىدە يوقلاشتىن تاشقىرى، يەنە كوللېكتىپ ھالدا مەكتەپ پۈتۈرۈپ، خىزمەتكە چىققانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەپ كەلمەكتە.

بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بىز ئوقۇغۇچىلار ئەي-

نى ۋاقىتتا كىشىلەرنى مەنسىپكە قاراپ پەرقلەندۈرمەي، مەكتەپ مۇدىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى ئىشچىلارنىمۇ ھۆرمەتلەپ «مۇئەللىم» دەپ ئاتايتتۇق. چۈنكى، مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ئوقۇتقۇچى ـ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دەپ بەرگەن تەلىم ـ تەربىيىسى ۋە ماكارىنكوفنىڭ «پېداگوگىكىلىق پوئىما»، پەتتار تۇرسۇننىڭ «ئوقۇتقۇچى» رومانلىرى بىزدە ئوقۇتقۇچى بولۇش ئارزۇسىنى پەيدا قىلىپ قالماستىن، بەلكى «مۇئەللىم» دېگەن نامنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ شەرەپلىك نام ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغانىدى. شۇڭا، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدە رەھبىرىي كادىر بولۇشنى ئەمەس، بەلكى يېزىلارغا بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇلايتتى. ھەتتا 18 ياشقا توشمىغان «بالا جىنايەتچى»لەرنى تەربىيىلەپ ئادەم قىلىشنى ئۆزىگە غايە قىلاتتى.

ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈشتەك پەزىلەت شۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ ئادىتىگە ئايلانغان دېيىشكە بولاتتى. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇۋاتقان بالىلارغا كۆيۈنۈشتىن تاشقىرى، جەمئىيەتتە ئوقۇيالماي قالغان بالىلارنى كۆرگەندە ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنى مەكتەپكە باشلاپ كېلىپ، ئوقۇتقان مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە كېسەل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ناھەق ھالدا قالپاق كىيىپ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشىدەك كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ جەھەتتە، ئەينى يىللاردىكى تەنتەربىيە مۇئەللىمىمىز، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى مەرھۇم تۇرسۇن رەھمىتۇللانىڭ: «ئەگەر مەن ئۆلسەم، ئالدى بىلەن 2 ـ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان باللىرىمغا خەۋەر قىلىڭلار» دېگەن ۋەسىيىتى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقىي تەسىرى دېگىلى بولىدۇ.



ئەينى يىللاردا ھازىرقىدەك ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان قوڭغۇراقلىق سائەت يوق ئىدى. لېكىن، ئاتىخان ئاكامنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان قارىياغاچقا ئېسىلغان چوڭ قوڭغۇراق ۋە مۇجىلىپ كەتكەن بولقا بىلەن ئۇستەل سائىتى ماشىنىسى خوددى ھازىرقى ئېلېكترونلۇق قوڭغۇراقلىق سائەتتەك بىزنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەي دەرسكە كىرىش ۋە چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز پەننىي دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ تەييارلاپ ئۆتۈش بىلەن چەكلەنمەستىن، يەنە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىپ، ئادەم تەربىيىلەشنى مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ قاراپ، دەرس ئۆتۈش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باراتتى. ئۇلار يەنە يامان ئوقۇغۇچى بولمايدۇ، بەلكى يامان ئوقۇتقۇچى بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىگە ئالاھىدە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىجابىي تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلاتتى. شۇنداقلا كۆڭلىگە ياقمىغان ئىشلارنى ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئورۇندا ئوقۇغۇچىنىڭ كۆڭلىگە قارىماي، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى سۆزلەپ كۆرسىتىپ، دەرھال تەربىيە بېرەتتى.

بىز ئوقۇغۇچىلار جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشچانلىق، ئىقتىساتچانلىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ، بايرام ۋە تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ كېسەك قويۇپ تۇرمۇش ۋە ئوقۇش خىراجىتىنى ھەل قىلاتتۇق، يەنە «ساتىراش» ساۋاقداشلىرىمىزغا چېچىمىزنى ئالدۇراتتۇق. قىزىقارلىقى شۇكى، بىزنىڭ ئۈستىرىدا چۈشۈرۈلگەن پايىنەك بېشىمىز قوشنا قىزلار مەكتىپىدىكى ساۋاقداشلارنىڭ كۆڭلىگە ياقماي، «دارىلىنىڭ تازلىرى» دېگەن نام ئالغاندۇق.

ھالبۇكى، شۇ چاغدىكى «دارىلىنىڭ تازلىرى» بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، بىڭتۇەن سىلىڭبۇسى، ھەرقايسى نازارەت، ئالىي مەكتەپ، پارتىيە مەكتەپلىرى قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلاردا رەھبەرلىك خىزمىتى

بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئۇ چاغدا ئەمگەك تەربىيىسى پۈتكۈل ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش جەريانىغا سىڭگەن بولۇپ، مەكتەپ، سىنىپلار تازىلىق، تەنھەرىكەت مەيدانى ياساش، كۆچەت تىكىش قاتارلىق ئەمگەكلەر ئۇدۇللۇق ئىشلەنگەندىن تاشقىرى، يەنە چوڭ تىپتىكى ئەمگەكلەرگىمۇ قاتنىشاتتۇق. ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، 57 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېھىم قېيۇم «دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان، بىز سوتسىيالىزمنى ئۆز قولىمىزدا قۇرۇمىز، ئىككى كۈندىن كېيىن نەنسەنگە ‹ياشلار ئۆستەڭى› ياساشقا چىقىمىز، كېيىم ـ كېچەكلەرنى ياماپ، يۇيۇپ تازىلاپ تەييارلىق كۆرۈڭلار» دەپ قىسقىچە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى. بىز ياشلار ئۆستەڭىگە چىقىپلا قاتتىق شىۋىرغانغا قارىماي چېدىر راسلاپ، ئاستىغا سامان يانتۇزۇپ، يوتقانلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاش توشۇش ئەمگىكىگە قاتناشتۇق. 1 ـ كۈنى تەجرىبىسىزلىكتىن، نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە گىرادۇسلۇق سوغۇقتا موملىرىمىزنى توڭلىتىۋېلىپ، ئىستېمال قىلالمىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مومىنى قوينىمىزغا تىزىپ، بەدەن ھارارىتى ئارقىلىق ئىسسىق ساقلاشتەك ئۇسۇلنى ئويلاپ تېپىپ، ئەمگەك ئارىلىقىدا ئۇدۇللۇق «ئىسسىق موما» ئىستېمال قىلىپ، سىنىپلار ۋە مەكتەپلەر ئارا سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرىدىن بەلگىلەنگەن ئەمگەك نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، ئاخىرى قىزىل بايراق ئالدۇق. بۇ قېتىمقى ئەمگەك بىزدە شۇ قەدەر چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردىكى، ساۋاقداشلىرىمىز ھازىرغا قەدەر ئۇنى پەخىرلىنىپ سۆزلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ چاغدا خاتىرە سۈپىتىدە تارقىتىلغان ئىزناكنى ھازىرغا قەدەر قەدىرلەپ ساقلاپ كەلمەكتە.

ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش داۋامىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكتەربىيىسى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو» دېگەن شېئىرىنى يادقا



بىلەتتى، يەنە ساۋاقداشلارنىڭ ۋەتەن ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى سىنىپلاردىكى تام گېزىت، شافىگىرافتا بېسىلغان «مەكتەپ گېزىتى» دە ۋە مەكتەپ رادىئوسىدا ئېلان قىلىناتتى. ۋەتەن ئىشقى ھەممەيلەننىڭ قەلبىگە شۇقەدەر سىڭگەن ئىدىكى، ئەينى يىللاردا مەكتىپىمىزدىن خەلقئاراغا بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققان ساۋاقداشلىرىمىز چەت ئەلنىڭ يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە قىزىقماي، 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى قىيىنچىلىق دەۋرىدىمۇ ۋەتەنگە قايتىپ، پەن ـ تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى بۇنىڭ ئېنىق مىسالى بولىدۇ.

مەكتەپتە غايە تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، پارتىيە ۋە ياشلار ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي غايە ۋە شەخسىي غايە تەربىيىسىنى بىرىشنى چىڭ تۇتاتتى. بىزدە ئۇيۇندوفنىڭ «بارلىقىمنى پارتىيەگە بېغىشلايمەن» ، ئوستروۋسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانلىرى توغرا كىشىلىك قاراش شەكىللەندۇرۇپ قالماستىن، ئەينى يىللاردىكى ئوقۇتۇش شارائىتى، مەكتەپ شارائىتى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشىدەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆگىنىشنى ئاخىرىغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا مەنىۋى كۈچ بېغىشلىغانىدى.

مەكتەپتە، ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرى تولۇق ئۆتۈلگەندىن تاشقىرى، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، دارۋىنىزم قاتارلىق كەسپىي پەنلەرمۇ ئۆتىلەتتى (قوشۇمچە ماتېرىيالغا قاراڭ). ھەمدە ئوقۇتۇش پراكتىكىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەندە ئۆزلىرىگە پېداگوگىكا بەلگىلىمىسى بويىچە تەلەپ قويۇپ قالماستىن، يەنە ئىمتىھاندا بىرەر ئوقۇغۇچىغا يان بېسىش ياكى كۆچۈرتىشنى «جىنايەت» دەپ قاراپ ھەرگىز يول قويمايتتى. بۇ جەھەتتە ئەينى ۋاقىتتا بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا «سەن» دەپ سۆزلەيدىغان، كېيىن ئەمەلىيەت داۋامىدا «تىلى قاتتىق، دىلى تات-

لىق» دېگەن باھاغا ئېرىشكەن، بىرمۇنچىلىغان بالىلارغا خىزمەت ئىشلەپ مەكتەپكە كىرگۈزگەن، مەكتەپتىكى بالىلارنى ئەلا ئوقۇشقا يېتەكلىگەن ھەمدە پۈتۈن ئۆمۈرىنى پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ 1992 ـ يىلى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ، «1 ـ ماي» ئەمگەك ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان غالىپجان بېكجاتتايېف مۇئەللىمنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر تىپىك ئوبرازى دېيىشكە بولىدۇ.

يەنە شۇنى ئېيتىش لازىمكى، مەكتەپتە سەنئەت، مۇزىكا، رەسىم كۇرۇژۇكلىرى ئېچىلىپ، ئوتتۇرا تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىدە ئويناپ چىقىش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتتە ئالقىشقا ئېرىشتى. ئوقۇغۇچىلارسىزغان بەزى گۈزەل ـ سەنئەت ئەسەرلىرى «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىندى. تەنتەربىيە جەھەتتە، ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ مىللەتلەر دارىلمۇئەللىمىنى، 40 ـ پولك ۋە باشقا قېرىنداش مەكتەپلەر بىلەن ۋالىبول، پۇتبول، ۋاسكېتبول مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈپ، ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلگەنىدى. يەنە ئوقۇغۇچىلاردىن تاللانغان پۇتبول، ۋالىبول كوماندىلىرىدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى.

بۇ يەردە تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە شۇنى ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىنىڭ قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تەرەپتىن «تولۇقسىز ئوتتورا مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ، ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىش چارىسى» يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن دارىلمۇئەللىمىننىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا سۈپەتلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىننىڭ



تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلدى ۋە چەت ئەلگە چىقىرىلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جۇغراپىيىلىك ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتكەن ناھايىتى زور تەسىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، مىللىي باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەرسلىكلىرى قوللانما قىلىندى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ئۆلگە قىلىنغانىدى. شۇنداقلا 1956 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغان جۇڭگو مائارىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش» توغرىسىدا تەلەپ قىلىندى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر، جۈملىدىن ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە كەڭ ئوقۇتقۇچىلار كەيروفنىڭ «پېداگوگىكىسى» ۋە ماكارىنكوفنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. يەنە مائارىپ نەزەرىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرى 5 باسقۇچلۇق دەرس ئۆتۈش، 5 لىك نومۇر قويۇش تۈزۈمى، ئېغىزچە، قەغەزچە ئىمتىھان تاپشۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ خىزمىتى تەجرىبىلىرى، مائارىپ خىزمەت نەزەرىيە تەتقىقاتى مەكتىپىمىزدىكى ئومۇمىي مائارىپ ۋە ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

## قوشۇمچە ماتېرىيال
## ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىننىڭ تولۇق كۇرس سىنىپلىرىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەر

| | 1 ـ يىللىق | | 2 ـ يىللىق | | 3 ـ يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | تىل ـ ئەدەبىيات (نەزەرىيىسى) | 1 | تىل ـ ئەدەبىيات (بىئوگىرافىيە) | 1 | ئەدەبىيات (جوڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى) |
| 2 | كۇرس فىزىكىسى (1) | 2 | كۇرس فىزىكىسى (2) | 2 | كۇرس فىزىكىسى (3) |
| 3 | ئالگېبرا | 3 | ئالگېبرا | 3 | تىل مېتودىكىسى |
| 4 | پلانىمېتىرىيە | 4 | سترېئومېتىرىيە | 4 | ترىگىنئومېتىرىيە |
| 5 | ئومۇمىي خىمىيە | 5 | ئورگانىك خىمىيە | 5 | ئورگانىك خىمىيە |
| 6 | ئاناتومىيە | 6 | پېداگوگىكا | 6 | پسىخولوگىيە |
| 7 | قەدىمكى دۇنيا تارىخى | 7 | ئومۇمىي يەر بىلىمى | 7 | پېداگوگىكا |
| 8 | دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي جۇغراپىيەسى | 8 | دارۋىنىزم ئاساسلىرى | 8 | خەنزۇچە |
| 9 | خەنزۇ تىلى | 9 | سىياسەت | 9 | مۇزىكا |
| 10 | مۇزىكا | 10 | خەنزۇ تىلى | 10 | رەسىم |
| 11 | رەسىم | 11 | مۇزىكا | 11 | تەنتەربىيە |
| 12 | تەنتەربىيە | 12 | رەسىم | 12 | يېڭى تارىخ (1)<br>ج ك پ تارىخى (2) |
| | | 13 | تەنتەربىيە | 13 | ئارىفمېتىكا مېتودى |
| | | 14 | ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى | 14 | ئاسترونومىيە |



1960 ـ يىلى «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش،
ئۆستۈرۈش»تىن ئىبارەت فاڭجېن ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى،
مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە دارىلمۇئەللىمىن مائا-
رىپىدا ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشنى يەرلىكلەر باشقۇرۇشنى ئاساس قى-
لىش رولىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن ئۈرۈمچى
دارىلمۇئەللىمىن بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك
مائارىپ ئىدارىسى (سابىق مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمى) نىڭ باش-
قۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭغا قەدەر 1953 ـ يىلى
ئالىي تېخنىكوم خاراكتېرىدە تەسىس قىلىنغان تولۇق كۇرسىتى-
كى، 1956 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلىغا قەدەر مەكتەپ پۈتتۈرگەن
13 سىنىپتا ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر-
دىن تەركىب تاپقان 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈ-
رۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوتتۇرا
مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە تەقسىملەندى. يەنە بىر
قىسمى ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئۆزىدە قالدۇرۇلۇپ،
ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن مەكتىپىمىز پۈتكۈل
شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېزدىن راۋاجلىنىشىغا كۆر-
نەرلىك تۆھپە قوشتى.

ئەلۋەتتە، دارىلمۇئەللىمىندىكى ئومۇمىي ئوقۇش ـ ئوقۇ-
تۇش نەتىجىسى ماكرو جەھەتتىن شۇ چاغدىكى چوڭ ۋەزىيەتتىن
ئايرىلالمايدۇ، ھالبۇكى مېكرو جەھەتتىن ئالغاندا، دارىلمۇئەللى-
مىندىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قېتىرقى-
نىپ تەربىيە بېرىپ ئوقۇتۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، دارىلمۇئەللى-
مىننىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى سولچىل لۇشيەننىڭ
تەسىرىدىن خالىي بولالمىدى. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ناھەق

هالدا ھەرخىل قالپاق كەيدى. بىراق 4 كىشىلىك گۇرۇھ يوقى-
تىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سىياسەت ئەمەلىيە-
لىشىپ ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى ئەسلىگە كەلتۈر-
لۈپ، ئۇلار يەنە ئۆز كۈچىنى مائارىپ ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن ئۇستازلارمۇ خۇرسەن بو-
لۇپ قالماستىن، بىز بىر ئەۋلاد شاگىرتلارمۇ ئىنتايىن خۇشال
بولدۇق. لېكىن ئەينى يىللاردىكى سولچىللىق لۇشيەنى تەسىرى-
دە، جەمئىيەتتىن ئىسمى، جىسمى بىلەن ئىز - دېرەكسىز
يوقالغان 2 - دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ نامسىز قەھرىمان
بولۇپ قېلىۋەرگىنى بىزنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

بىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى زېھنىي كۈچى ۋە جىسمانىي كۈچى
ئۇرغۇپ تۇرغان قىرانىدەك قابىل ئۇستازلىرىمىز بىرنەچچە 10
يىل داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى پارتىيىنىڭ مائارىپ
ئىشلىرىغا تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنكى مەز-
گىللەردە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى،
مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك
نام ۋە مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بەزىلىرى خەلقئارادىكى ئىلمىي
يىغىنلارغا قاتناشتى. شۇنداقلا يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ،
تەبىئىي ھالدا ئايىغى چاچلىق بوۋاي، موماي‌لارغا ئايلىنىپ، پېن-
سىيەگە چىقىپ ئاخىرقى ئۆمۈرىنى خۇشال - خورام ئۆتكۈز-
مەكتە.

(ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئىلى مائارىپى ۋە مائارىپپەرۋەرلەر

## مۇختەبەر

1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن،
ئىلى ۋەزىيىتىدە چوڭ بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن
ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، مىللىي مائارىپنىڭ يې-
ڭى دەۋرى باشلاندى. ۋىلايەت قارمىقىدىكى شەھەر، ناھىيە،
يېزا، قىشلاقلاردىكى مائارىپ خىزمىتى بىر تۇتاش رەھبەرلىككە
مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، تەرەققىيات نىشانى بويىچە ئىلگىرىلىدى.
ئالدى بىلەن خۇسۇسلار باشقۇرۇشىدىكى بارلىق مەكتەپلەر تەر-
تىپكە سېلىنىپ ۋە بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇنتىزىم باشلانغۇچ مەكتەپ-
لەر بارلىققا كەلدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەر - دەرىجىلىك
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ مىللىي مائارىپنى را-
ۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىغا خەبىپ
يۇنچى مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، خۇسۇسلار ئاچقان دىنىي بىلەن
پەن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەر بىلەن ئايرىم ئائىلىلەردىكى دى-
نىي ياكى پەننىي سىنىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىپ،
ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇقلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قېرىنداش جۇم-
ھۇرىيەتلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن باشلان-
غۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئانا تىلى، ھې-
ساب، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئالگېبرا، فىزىكا، خى-
مىيە، ئاناتومىيە، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلىك كىتابلىرىنى ئال-

غۇزۇپ بىر تۇتاش قوللاندى.

ئالدى بىلەن، ۋىلايەتلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى غۇلجا
شەھىرىدە ئىلگىرى قۇرۇلغان خۇسۇسلار باشقۇرۇشىدىكى «بەي-
تۇللا مەكتىپى»، «مەدرىسە مەكتىپى»، «مۇختەر خەلپىتىم
مەكتىپى»، «سەيدۇللا مەخسۇم مەكتىپى» قاتارلىق خۇسۇسىي
مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ «ئىلى مەكتىپى»نى قۇردى. ئارقى-
دىنلا ھاشىرزاقى، مەمتىمىن ئۆمەر، ھاشىر ئىمىن قاتارلىقلار
ئاچقان بەيتۇللا جامەسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 3 سىنىپلىق پەن-
نىي مەكتەپنى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنى قوشۇپ ئىلى مەك-
تىپى بىلەن بىرلەشتۈردى، بۇ 3 ئوقۇتقۇچى ئىلى مەكتىپىنىڭ
ئاساسىنى قۇرغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.

ئىلى مەكتىپى يېڭىدىن تەشكىللەنگەندە، ھەرقايسى خۇسۇ-
سىي مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن
تولۇپ، سىنىپ سانى 18 دىن، ئوقۇغۇچىلىرى 500 نەپەردىن
ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرى بىلەن
تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئايرىلدى. كېيىن يېزا - قىشلاق
باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇشقا
باشلىغاندا، ياتاقلىق سىنىپلار ئېچىلىپ، تاماقخانىلىرى قۇرۇل-
دى. يېڭى مەۋسۇمدىن باشلاپ ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى قوبۇل
قىلىنىپ، ئارىلاش ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ راسخوتلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر-
نىڭ مائاشلىرى ئىلى ۋىلايەت قارمىقىدىكى 84 شاڭيو تەرىپىدىن
تەمىنلەندى، كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۆشرە - زاكات كىرىمىدىن
قامدىدى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ ئېلىش بۇيرۇقى
چۈشكەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىدىن بىر تۇتاش
تەمىنلەندى.

**ئايدۆڭدە:** ئىككى سىنىپلىق دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈ-
رۈلگەن خۇسۇسىي مەكتەپ بار ئىدى. ۋىلايەتلىك مەدەنىي -



مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سىنىپ سانى-
نى 5 كە كۆپەيتتى. ئاندىن مويكا مەھەللىسىگە 2 سىنىپلىق
شۆبە مەكتەپ قۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ «ئايدۆڭ
مەكتىپى» دەپ ئاتىلىپ، ئاساسلىق مەكتەپلەردىن بولۇپ قالدى.
«ياردەم شىركىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆز پەرزەنتلىرىنى
ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئايرىم مەكتەپ قۇرغانىدى. غۇلجا شەھەرلىك
مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغاندا، ئايدۆڭ مەكتىپى بىلەن
ياردەم شىركىتى مەكتىپىنى بىرلەشتۈرۈپ «ياردەم مەكتىپى»
دەپ ئاتىدى. كېيىن دۆلەتباغ مەھەللىسىدىكى 4 سىنىپلىق خۇ-
سۇسىي مەكتەپنى ياردەم مەكتىپىگە شۆبە مەكتەپ قىلىپ قوشۇپ
بەردى، 3 مەكتەپ رەھبەرلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش
پروگراممىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى سەۋىيە-
سىگە قاراپ سىنىپلارغا ئايرىپ، رەسمىي تولۇقسىز ئوتتۇرا
سىنىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى باشلانغۇچ مەكتەپ
قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. بۇ ۋاقىتتا ياردەم مەكتىپىنىڭ سىنىپ
سانى 20 دىن، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى 40 نەپەردىن ئاش-
تى، ئوقۇغۇچىلىرى 700 نەپەرگە يەتتى.

**دۆڭ مەھەللىدە:** ھاشىر رازاق ئەپەندى باشقۇرۇپ كەل-
گەن مەكتەپنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، شەھەرلىك مەدەنىي - مائا-
رىپ ئىدارىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غىنى باي، تىيىپ ھاجى
قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ياردەم قىلىشى، كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە 6 سىنىپلىق
يېڭى مەكتەپ سالدۇرۇپ «دۆڭ مەھەللە مەكتەپ» دەپ ئاتىدى.
بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلىرى 10 غا، ئوقۇغۇچىلىرى 200 نەپەرگە
يەتكەنىدى. ھاشىر باقى مۇدىر بولغاندا مەكتەپ تېخىمۇ كېڭەي-
يىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئېچىلىپ، 1 - يىللىقتىن
7 - يىللىققىچە بولغان رۇشتە مەكتەپكە ئايلاندى. ئوقۇغۇچىلار-
مۇ - شىمالدا «ۋاڭ قادىربىغى» دىن، غەربتە زەيمكە، جەنۇبتا

خۇمدان مەھەللىسى ۋە دەريا بويىدىن شەرقتە مال بازىرى قاتارلىق مەھەللىلەرگىچە سوزۇلغان كەڭ دائىرىدىن كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. يېڭى مەۋسۇمدىن باشلاپ ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سىنىپلارغا ئايرىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى، نەتىجىسىگە قاراپ، باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرى بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىغا بەلگىلىدى. مەكتەپ قائىدىسى، ئوقۇغۇچىلار تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، 6 سائەتلىك ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى بىلەن ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. كېيىن سىراجىدىن مۇدىر بولغاندا سىنىپ سانى تېخىمۇ ئېشىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار كۆپەيدى، مەكتەپ نامى ئۆزگىرىپ «رۇشتە مەكتەپ» دەپ ئاتالدى.

**ناغىرچى مەھەللىسىدە:** ئەسلىدىكى ئەسقەر قارىمنىڭ «قورۇ مەكتىپى» خانىقا ئىچىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، «خانىقا مەكتىپى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەندى. كېيىن مۇراقىبىك ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھاجىبىك بىلەن مۇقەممىبىكلەر ئاتىسىنىڭ نەزىرىگە ئاتىغان چارۋا - ماللارنىڭ بىر قىسمىغا مەكتەپ سالدۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە «دۇرات مەكتەپ» دەپ نام بېرىلدى. مەكتەپ كېڭىيىپ، سىنىپ سانى ئېشىپ، ئوقۇغۇچىلار كۆپەيگەندە، مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇسالام ئەپەندى مەكتەپ ئىقتىسادىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن داۋۇت باۋۇدۇن، مەخسۇت ھاجى، ئىبراھىم ھەمدۇللا مەسئۇللىقىدا «ئاتىلار كومىتېتى»نى قۇردى، كومىتېت يېتەكچىلىكىدە كەڭ ئاتا - ئانىلار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، مەكتەپ خىراجىتىنى ھەل قىلىش، ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تولۇقلاش، مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇش جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئابدۇسالام ئەپەندى مەكتەپ باشقۇرۇشنى ئامىمىنىڭ نازارىتى



ئاستىغا قويۇپ، خەلقچىللىقنى جارى قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئابباس، يارمۇھەممەت مەخسۇم، بۇئايشەم قاتارلىق قابىل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئورتاق كۈچ چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېز ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپنى تەرتىپكە سېلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

كۆپ ئۆتمەي «دۇرات مەكتەپ» ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپلەردىن بولۇپ قالدى. كېيىن «دارىلئېيتام مەكتىپى»نى شۆبە مەكتەپ قىلىپ بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، سىنىپ سانى 27 گە، ئوقۇغۇچىلىرى 1300 نەپەرگە يەتتى.

ئىلگىرى شەنگەن يامۇل ئىچىدە «خەنزۇ مەكتىپى» بار ئىدى. كېيىن مەكتەپنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھازىرقى 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ غەربىدىكى كونا بۇتخانىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى مەكتەپ سېلىپ كۆچۈپ كەلدى. يېڭى مائارىپ يولغا قويۇلغاندا، سىنىپ سانى ئېشىپ، ئوقۇغۇچىلار كۆپەيگەندىن كېيىن، «1 - جۇڭلى مەكتەپ» دەپ ئاتالدى. ھازىرقى 4 - ماگىزىننىڭ ئارقىسىدىكى سۇ بويىدا «خەنزۇ مەكتىپى» قۇرۇلغانىدى. ئۇنى «يويوڭ مەكتىپى» دەپ ئاتىدى. 1937 - يىلدىن كېيىن بۇ مەكتەپ لەڭزە بېشىغا كۆچۈپ كەتتى.

بۇ مەزگىلدە، شەھەر دائىرىسىدىكى نۇرغۇن خۇسۇسىي مەكتەپلەر تەرتىپكە سېلىندى ھەم رەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېزا - قىشلاقلاردىمۇ مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خۇسۇسلارنىڭ مەكتەپلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ئىلگىرى، مەرىپەتپەرۋەر نوغايبىبەكنىڭ ئىنىسى قاناتبەك ئۆز ئاۋۇلىدا دىنىي مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇشنى باشلىغانىدى. «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن يېڭى مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى قوزغالغاندا، مەكتەپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، 1 - سىنىپتىن 4 - سىنىپقىچە بولغان يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتى. شەھەردىن پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ

قىلىپ، پەننىي دەرسلەرنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتتى. 1934 - يىلىغا كەلگەندە، زامانىۋى يېڭى مەكتەپ سالدۇرماقچى بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدىن ئۆمەر ئاخۇن بىلەن سىيت ئاخۇن دېگەن ئۇستىلارنى ئالدۇرۇپ، ئوتتۇرىسىنى كارىدورلۇق قىلىپ، 2 چېتىگە 14 سىنىپلىق كۆركەم يېڭى مەكتەپ بىناسىنى سالدۇردى. ئاندىن دوسكا، پارتا، ئورۇندۇق، ئۈستەل قاتارلىقلارنى ياسىتىپ، دەرىزىلەرگە ئەينەك قويغۇزۇپ، تەنھەرىكەت مەيدانلىرىغىچە قۇرۇپ چىقتى. قابىلىيەتلىك كونا ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، دەسلەپكى يىلى ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىدىن 380 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

قاناتىبەك - ئادالتۇپ كەڭسۇدىكى مەرىپەتپەرۋەر ئىستەمەس زەڭگىننىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى باشلاپ بەرگەن مەرىپەت يولىنى چوڭ ئاكىسى نۇغايىبەك داۋاملاشتۇرغانىدى. ئۇ ئاتىسى قۇرغان دىنىي مەكتەپنى ئۆزگەرتىپ، دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى مەكتەپ قۇرۇپ چىققانىدى. ئىنىسى قاناتىبەك ئاكىسى قۇرغان يېڭى مەكتەپنى رەسمىي پەننىي مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ 1 - سىنىپتىن 4 - سىنىپقىچە ئايرىپ، سائەتلىك ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان تۇنجى مائارىپپەرۋەر ئىدى.

بۇ يېڭىلىق خەۋىرى كۇنەس ناھىيىسىگە يېتىپ بارغاندا، تالدا يېزىسىدىكى مائارىپپەرۋەر ساتىبالدىباي بىلەن مەخسۇت بايلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ياردەم قىلىشى بىلەن كەڭ ئامما ھەرىكەتكە كېلىپ، تۇنجى پەننىي مەكتەپ بولغان «تۇران مەكتىپى»نى قۇرۇپ چىقتى. ساتىبالدىباي يېتەكچىلىكىدە غۇلجا شەھىرىدىن خەنزۇ زىيالىي جاڭ جاۋلىن بىلەن قازاق ئوقۇتقۇچىسى ئادىل سەكسەن ۋە تېكەس ناھىيىسىدىكى تاتار زىيالىيسى ئەخمەتبەك قاتارلىق قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن پېشقەدەم



مائارىپچى سىدىق بەلبەۋتى دېگەن زىيالىينى ئەكەلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكى كۈچەيتىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىرى خىللىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئوقۇتۇشتا شەھەر مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى ۋە دەرسلىك مەزمونلىرىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ باردى. ئاندىن مەكتەپ قائىدىلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، مۇنتىزىم مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانىسىنى بەلگىلەپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. 1936 - يىلىغا كەلگەندە، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئېچىلىپ كۇنەس ناھىيىسى بويىچە نۇقتىلىق 3 ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ساتىبالدىباي قازاقىستاندىن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، يېزا شارائىتىغا قاراپ، ئالدى بىلەن مەسچىت سالدۇرۇپ، ئاندىن 5 ئېغىزلىق ياغاچ ئۆي ياسىتىپ، غولجا تاتار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قالىمۇللابەكتورلىن دېگەن تاتار زىيالىيسىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئالمىلىقتىكى جىڭشكە ساي مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەكتەپ پەننىي دەرسلەرنى ئاساس، دىننى قوشۇمچە قىلىپ ئوقۇشنى يولغا قويغان تۇنجى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى يېڭىچە مائارىپ بۆشۈكى ئىدى. بۇ مەرىپەت گۈلزارىدا تەربىيىلەنگەن ھەر - مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرى ئۇزۇن مۇددەت تەشنا بولۇپ كەلگەن ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەپ چىقىپ، ئانا يۇرتىنىڭ يېزا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

شۇ مەزگىلدە، پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى بويىچە پەننىي مائارىپنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى ۋە قەيسەر جەڭچىلىرىدىن بىرى مەرۇپ - سەئىدى ئىدى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئىلىنىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش نىيىتى بىلەن شەھەر ئىچىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ بېسىمى، مۇتە-

ئەسسىپ قارا نىيەتلەرنىڭ قارشىلىقى بىلەن ئۆز ئارزۇسىنى
ئەمەلگە ئاشۇرالماي، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خىلۋەت بىر كىچىك
يېزىسى بولغان نوغايتۇغا چىقىپ پەننىي مەكتەپ ئاچقانىدى.
ئەمدىلىكتە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ جاي ـ جايلاردا ئارقا- ئارقىدىن
قۇرۇلۇشى ئۇنىڭغا تولۇپ ـ تاشقان غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا
قىلدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيە-
لەشكە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، كىشىلەر تەرىپىدىن مەدھە-
يىلىنىشكە باشلىدى. مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئوقۇتۇشتىكى مۇۋەپپە-
قىيەتلىرى شەھەرگە يېتىپ بارغاندا، غۇلجا شەھىرىدىن چىقىپ
ئوقۇيدىغانلار كۆنسايىن كۆپەيدى. شۇ ۋاقىتتا شەھەردىن چىقىپ
ئوقۇغانلاردىن ئابدۇكېرىم تۇردى، نىجات نىياز قاتارلىقلار بار
ئىدى. بۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىلى مائارىپ ساھەسىنىڭ ئا-
ساسلىق كىشىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى.

مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى داڭقىنى ئاڭلى-
غان غۇلجا يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ھۇسەيىنبەگ يۇنۇس، ئابدۇ-
راخمان شادى، مەمتىلى ئاخۇن، مۇھەممەت يۇسۇپ، ئابابەكرى
ئەلى قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاتاپ كىيىم ـ كېچەك ۋە سوۋغا
ـ سالاملار بىلەن نوغايتۇ يېزىسىغا ئادەم چىقىرىپ، شەھەرگە
كۆچۈرۈپ كېلىپ، توغرا كۆۋرۈك مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ،
بۇنىڭ بىلەن مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈ-
لىدۇ.

ئىلگىرى 3 دەرۋازا جامائەتچىلىكى مەسچىت يېنىغا دىنىي
مەكتەپ ئاچقانىدى. كېيىن مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى
بىلەن 6 سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ «3 دەرۋازا
مەكتىپى» دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى. بۇ مەكتەپكە كۆپرەك مەرىپەت-
پەرۋەر ھۇسەيىنبەك مەتبەچى ئاتادارچىلىق قىلىپ، مەكتەپنىڭ
ئوقۇتۇش قوراللىرى بىلەن ماددىي تەمىناتىنىڭ كۆپ قىسمىنى
ئۆزى قامداپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۇسەيىنبەك



يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن سىدىق شاڭيو، مىرزاھىت قاتارلىق كى-
شىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەچكە، مەكتەپ
تېز راۋاجلىنىپ، ئوقۇغۇچىلىرى 250 نەپەردىن ئاشقانىدى.
ھۆسەيىنبەك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلتىيىغا ئىلى ۋەكىلى قا-
تارىدا بارغاندا، بەختكە قارشى سەپەر ئۈستىدە ماشىنا ھادىسىسىگە
ئۇچراپ قازا تاپقاندىن كېيىن، جامائەت بۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى
ئۈچۈن مەكتەپ نامىنى «ھۇسەيىنىيە مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتى-
دۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، مەرۇپ سەئىدىنى شەھەر بويىچە نۇقتىلىق
بولغان «ھۇسەيىنىيە مەكتىپى »گە يۆتكەپ كېلىپ مۇدىر قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، مەرۇپ ئەپەندى يۇكسەك قىزغىنلىق ۋە مەس-
ئۇلىيەتچانلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلى-
مىلىك بىلىمى، ئوقۇتۇشتىكى يۇقىرى ماھارىتى ۋە تەشكىللەش
ئىقتىدارى بىلەن تونۇلغان ھەم مەكتەپنىڭ ئىناۋىتىنى زور دەرى-
جىدە ئاشۇرغانىدى. ئۇ كېلىشى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكىنى
تەرتىپكە سېلىپ، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ،
مەكتەپ قائىدىلىرىنى يېڭىدىن بېكىتىپ، ئوقۇتۇش تۈزۈملىرىنى
كۈچەيتكەن. ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ ئانا تىل، ھېساب، جۇغ-
راپىيە قاتارلىق دەرسلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىش-
مەسلىك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان
ھەم باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا ئۈلگە يارىتىپ، ئىلھام بېرىپ زور
نەتىجىلەرنى قازانغان. مەرۇپ ئەپەندى دائىم ئوقۇغۇچىلارنى بى-
لىملىك، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش، جىسمانىي جەھەتتىن
چېنىقتۇرۇش، ئەقلىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن،
دەرستىن تاشقىرى ھەر خىل كۇرۇژوكلارنى تەشكىللەپ، مۇزى-
كا، ئەدەبىيات- سەنئەت قاتارلىق مەدەنىي مەشغۇلات دەرسلىرىنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرى-
شاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ كونس-
رىت، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلى-

رىنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم
ئېلىشقا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ
ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

مەرۇپ سەئىدى ــ مول بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئىلغار
زىيالىيلاردىن بولۇپ، ئاق كۆڭۈل، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئا-
مىلە قىلىدىغان يۈكسەك ئەخلاقىي ــ پەزىلەتكە ئىگە مائارىپپەر-
ۋەرلەردىن ئىدى. ئۇ، تەلىم ــ تەربىيە خىزمىتىدە بالىلارغا
ئەزەلدىن ئىجابىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيە بېرىپ يېتىلدۈ-
رۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى، ھەر قاچان ئۇلارغا تەن جازاسى
بېرىشكە قەتئىي قارشى تۇراتتى. مەرۇپ ئەپەندى ئوقۇتقۇچىلىق
ھاياتىنى باشلىغان غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدىكى ۋە-
تەنپەرۋەر سالىخجان باي مەكتىپىدە يېڭىچە مائارىپنى راۋاجلاندۇ-
رۇش ئارقىلىق خەلقنى، مىللەتنى نادانلىق، قالاقلىقتىن قۇتقۇ-
زۇش ئۈچۈن، ياش ــ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن، مەدەنىيەت سەۋىيە-
سىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈ-
رۈشنى ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتى ۋە ئۆمۈرلۈك غايىسىگە ئايلاندۇ-
دۇرغان. لېكىن ئۇ چاغدا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە مۇتەئەس-
سىپ كۈچلەر ھامان يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا، پەننىي دەرسلەرنى
ئوقۇتۇشقا ئىنتايىن قارشى ئىدى. شۇڭلاشقا مەرۇپ ئەپەندى
ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن كۆپىنچە پەننىي دەرسلەرنى يوشۇ-
رۇنچە ئۆتۈشكە مەجبۇرلانغانىدى. ئەينى چاغدا بەزى مۇتەئەس-
سىپ، جاھىل كۈچلەرنىڭ «كالتە قۇيرۇق» ، «جەدىدچى» دەپ
ھاقارەتلىشىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى تاللىغان ئوقۇتقۇ-
چىلىق يولىدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مېڭىشتەك قەيسەر ئىرادىسى-
دىن يانماي، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلغان.
ھەتتا قاش دەرياسى بويىدىكى يېزا مەكتىپىدە ۋە بورۇسۇن يېزا
مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ، ئەكسىيەتچى
كۈچلەر بىلەن قارا قورساق دىندارلارنىڭ ھاقارەت قىلىشى،
تۆھمەت چاپلىشى نەتىجىسىدە قوغلاندى قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ



مەرۇپ سەئىدى ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي، بىر يېزىدىن يەنە بىر
يېزىغا بېرىپ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە يېڭىلىقنى دادىل
ياقلىغۇچى، مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىـ-
قىپ، خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا ئىناۋەتكە ئېرىشتى.

بۇرۇنقىلار: بىلىم ئەھلى ــ ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەن باشقى-
لارغا مەرىپەت چاچمىسا، ئۇنىڭ بىلىمى نۇرسىز چىراغقا ئايلى-
نىپ قالىدۇ، دېگەندەك، مەرۇپ سەئىدىمۇ «كىشىلەرنىڭ قەلبى-
گە بىلىم شەربەتلىرىنى سىڭدۈرۈش ــ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ
شەرەپلىك، ئەڭ مۇشكۈل ھەم ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنىڭ بىرسى-
دۇر» ، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ «ھۇسەينىيە مەكتىپى» گە كەل-
گەندە، «بىزنىڭ ياش غۇنچىلىرىمىز، كېلەچىكىمىزنىڭ ئۈمىد-
لىرى» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن «ھۇسەينىيە مەكتىپى» نامىنى
«ئۈمىد مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتكەنىدى.

ئۈمىد مەكتىپىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئاچقاندا
شەھەر، ناھىيە، ھەتتا يېزا ــ قىشلاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى
پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار مۇكەممەل ۋە يۇقىرى ئوقۇتۇش مېتودىغا
ئىگە ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئىزدەپ بۇ مەكتەپكە قاراپ
يۈزلەندى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئوسمان ئەيسا، ئابدۇرېھىم ئەيسا،
خۇدابەردى تالىپ، ئۆمەرجان ئەپەندى، ۋىلەم ئەپەندى، ئالىم
ئەيسا، ئابدۇرېھىم تالىپ، مەمەتجان تۇردى، مۇنجىيە خانىم،
رەشىدە خانىم قاتارلىق خىللانغان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار دەرس
بېرەتتى. بۇلار ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، كەس-
پىي قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، دەرس ئۆتۈش مېتودىنىڭ ئىل-
مىيلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئېتىد-
خارلىنىپ تىلغا ئالاتتى. شۇڭا بۇ مەكتەپنىڭ نامى شەھەر بويىچە
مەشھۇر ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇغانلاردىن ھاكىم جاپپار، داۋۇت
ساتتار، ئەنۋەر ئەزىز، ئابدۇراخمان ھەسەن قاتارلىق كۆزگە
كۆرۈنگەن زىيالىيلىرىمىز يېتىشىپ چىققانىدى.

بۇ مەزگىلدە، يېڭى مائارىپچىلىق ئىلى ۋادىسىدا جۇش ئۇ-

رۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى-
نىڭ قۇرۇلۇشى، بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ
تەشەببۇسكارلىقى بىلەن 27 نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقان ئامما-
ۋى خاراكتېردىكى «ئىلى مائارىپ سېكسىيەسى» (بۆلۈم ياكى
تارماق مەنىسىدە) قۇرۇلدى. بۇنىڭغا نەجىپ ئەپەندى، ھى-
ممەت - سەئىدىلەر مەسئۇل بولدى. سۇلتان ئاخۇن ھاكىم،
مەتيۇسۇپ ھاجى، نىزامىدىن ئەپەندى، ھۇسەنبەك، نامان ئاخۇن
قاتارلىقلار ھەيئەت ئەزالىرى بولدى. سېكسىيە تەركىبىدە، مەدە-
نىي - مائارىپ، تەشۋىقات، مالىيە بۆلۈملىرى قۇرۇلدى. بۇلار
يۇقىرىنىڭ تەستىقى بويىچە 30 باب، 250 ماددىلىق نىزامنامە
بىلەن ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋىلايەت بويىچە
ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: يېڭى پەننىي مائارىپنى
راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ خەلق ئاممىسىنى مەكتەپ قۇرۇشقا
ھەركەتلەندۈرۈپ، شەھەر، ناھىيە، يېزا - قىشلاقلاردىكى ھازىر
بار بولغان مەكتەپلەرنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ ۋە يېڭىدىن قۇ-
رۇپ چىقىش؛ كەچ كۇرسلار ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنى قايتا
تەربىيىلەپ، باشلانغۇچ خەلق مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش؛
خەلق ئاممىسىنى ئىختىيارىي ھالدا ئىئانە، ياردەم قىلىشقا سەپەر-
ۋەر قىلىپ ، ئۆشرە - زاكاتلارنى يىغىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش؛
ھېسابات ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، مالىيە تۈزۈمىنى ئورنى-
تىپ؛ ئوقۇتقۇچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ياشلارنى تاللاپ قوبۇل
قىلىپ، ئوقۇتقۇچى قوشۇنىنى تولۇقلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچى-
گە ئالغانىدى.

ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانىنى چىقارغاندىن كېيىن،
200 نەپەردىن ئارتۇق يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا مەلۇماتلىق زىيالىيلار،
ئىشتىن توختاپ قالغان ئوقۇتقۇچىلار، ئىدارە - جەمئىيەت كادىر-
لىرى تىزىملاتتى، تەكشۈرۈپ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر قوبۇل قى-
لىنىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىر، ئىلمىي
مۇدىر، ئوقۇتقۇچى، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەت-



چىلىرى قىلىپ تەقسىملەندى. شۇنىڭ بىلەن، دەسلەپكى قەدەمدە
ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭ ئار-
قىدىنلا غۇلجا شەھەردە 3 ئايلىق «ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش
كۇرسى» ئېچىپ، ھەر بىر مەكتەپلەردىكى ئىلمىي مۇدىردىن
يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش،
مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئوقۇتۇش
پروگراممىلىرىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق كەس-
پىي بىلىملىرىنى تولۇقلىدى.

بۇ جەرياندا، ئىلى مائارىپ سېكسىيەسىنىڭ تەشەببۇسى بى-
لەن غۇلجا شەھىرىدە «مىللەتلەر كۇلۇبى»، «ئۆزبېك كۇلۇبى»
، «رۇس كۇلۇبى» قاتارلىق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى قۇرۇلدى.
بۇلار ئىلىدا مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يې-
قىندىن ياردەملەشتى.

ئارالتۆپە ئۈچ كەپتەردە، 1933 - يىلى مەرىپەتپەرۋەر قانا-
باي ئۆز خىراجىتى بىلەن 2 سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئاچقانىدى.
كېيىن شەھەردىكى يېڭى مائارىپ دولقۇنىنى كۆرۈپ، مائارىپ
باشقارمىسىنىڭ قوللىشى، كەڭ چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ياردەم
قىلىشى بىلەن يەنە 5 سىنىپ سالدۇرۇپ، مەكتەپ دائىرىسىنى
كېڭەيتتى، دوسكا، پارتا، ئورۇندۇق ياسىتىپ بەردى. سىرتتىن
تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى چارۋىچىلار ئۈس-
تىگە ئالدى. ئەتراپتىكى ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قى-
لىپ، 4 سائەتلىك ئوقۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇنىڭدىن
ئىلھاملانغان ئارالتۆپە ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلاردا ئولتۇرۇش-
لۇق رۇس ئاھالىلىرى بىرلىشىپ ئىقتىساد چىقىرىپ، خەلق
باشقۇرۇشىدىكى «رۇس مەكتىپى»نى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭغا
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئالغۇ-
زۇپ، ئوغۇل - قىز ئارىلاش 1 - سىنىپتىن 3 - سىنىپقىچە
ئاچتى. رۇس تىلىنى ئۆگىنىشنى خالىغان باشقا مىللەت بالىلى-
رىمۇ كىرىپ ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى مەكتەپ قۇرۇش

ولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئۈچبۇلاقتا «مىس مەكتىپى» ، چاقىدا «سادى مەكتىپى» ، قارابۇغدادا «جۇيۇنباي مەكتىپى» ، قىزىل ئالىدا «ئىسمىك مەكتىپى» ، ئۈچ كەپتەردە «قاناباي مەكتىپى» ، «ئاقبۇخان مەكتىپى» ، ئاقبۇلاقتا «ساغا قاسىمبەك مەكتىپى» ، نارات يېزىسىدا «ئۇيغۇر مەكتىپى» بىلەن «سۇلتان غازى مەكتىپى» ، «قارا ئويدا مەكتىپى» ، ئۆرۈكلۈك ئارالدا «5 سىنىپلىق مەكتەپ» قاتارلىق يىڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يىڭى مائارىپ تەرەققىياتىدىن قەدەممۇ قەدەم مۇستەقىل ئىلىم ـ پەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن پەننىي مائارىپ باسقۇچىغا كۆتۈرۈلدى.

1934 ـ يىلى «ئىلى مائارىپ سىكسىيەسى» نىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، «ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. بۇنىڭ رەئىسلىكىگە تىيىپ ھاجى، مۇئاۋىنىغا مەتيۇسۇپ ھاجى، سۇلتان ئاخۇن تەيىنلەندى. ھەيئەت ئازالىرىغا ھېكىمبەك خوجا، مۇتائالى خەلپە، ھۇسەنبەك، نامان ئاخۇن، رەھىمجان سابىرھاجى، ئايۇپبەك، ئوسمان ئاخۇن، ئەخمەتجان، غاپپار ۋەلىباي، قاسىم مىراپ، شاي ئاخۇن، قاسىمجان قەمبىرى، جالالىدىن يەھيارى، نەجىپ ئەبزى، مەرۇپ سەئىدى، شېرىپ قارى، داموللارازى، مەجىت مۇساباي قاتارلىق ئىناۋەتلىك پېشقەدەملەر سايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل كاتىپلىققا قاسىمجان قەمبىرى، تەشكىلات بۆلۈمىگە مەرۇپ سەئىدى، مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمىگە ھاشىم گۆھەرباقى، سانايىنەپسە بۆلۈمىگە جالالىدىن يەھيارى بەلگىلەندى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكولتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# كىنونىڭ قەشقەرگە كىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئېلان سەنئىتى

ئابباس بۇرھان

مەن ئېسىمگە كېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن چاغلىرىم 39 ـ 40 ـ يىللىرى ئىدى. بىز قەشقەر شەھەر ئىچىدە ئولتۇراتتۇق. دادام قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە ـ سودا ئىشلىرىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇراتتىم.

30 ـ يىللاردا قەشقەردە كىنو پەيدا بولدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شېڭ شىسەي تەختكە ئولتۇرغان 1933 ـ يىلىدىكى «12 ـ ئاپرېل ۋەقەسى» دىن كېيىن پەيدا بولدى. ئۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ساختا «ئىلغار» لىق تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئاتالمىش «6 بۈيۈك سىياسەت» يۈرگۈزگەندى. ئۇ سىياسەتنىڭ بىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي ـ سودا ئالاقە، مەدەنىي ـ مائارىپ ئالاقىسى ئورنىتىپ سودا قىلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئوقۇغۇچى چىقىرىشلار باشلانغانىدى.

گەرچە كىنودىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت سەنئىتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپادا كەشىپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىزنىڭ تېخى قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان رايونىمىزغا (قەشقەرگە) 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئاندىن كىرگەنىدى. بىز شۇ يىللارنىڭ ئاخىرىدا كۆرگەن كىنولىرىمىز كۆپىنچە ئاۋازسىز كىنولار ئىدى، كېيىن ئاۋازلىقلىرىمۇ كىرىشكە باشلىدى. بۇ كىنولارنىڭ كۆپىنچىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن فىلىملەر بو-

لۇپ، بۇ كىنولارنى سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا ئالاقە شىركىتى
(سوۋسىن تورگ) ئەكىرىپ، قەشقەردە قۇرۇلغان كىنو تەرەققى-
يات شىركىتى تارقاتتى. كىنو تەرەققىيات شىركىتى قەشقەردىكى
بىر نەچچە تەرەققىيپەرۋەر بايلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان خەلق تەش-
كىلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ شىركەت قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇي-
غۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا ياكى شۇلار
بىلەن ئالاقىدار ئىدى. چۈنكى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىسىنىڭ ھەر يىلى ھەر خىل ئۆشرە ـ زاكاتلارنى، قۇربانلىق
قىلغان قوي تېرىلىرى، ھەر خىل ۋەخپىلەرنى يىغىپ، ئۇنىڭدىن
كىرگەن كىرىملەرنى ئۇيغۇرلار باشقۇرغان مەكتەپلەردە سانايىنە-
پىسە ئۆمىكى تەشكىللەش چىقىملىرىغا ئىشلىتىدىغانلىقلىرىنى
دادامدىن كۆپ قېتىملاپ ئاڭلايتتىم. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رە-
ئىسلىرىدىن تارتىپ تاكى ھەممە خادىملىرى پاك ـ دىيانەتلىك
كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىمۇ تىرىشچان، ئىشچانلىقىنى
كۆرگەن ئىدىم. ئۇلار ھەر يىلى «ئابروي»، «نومۇس» دېگەنلەر-
گە پىسەنت قىلماي، خەلق مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى-
دا قۇربانلىق تېرە، ئۈچەي، يۇڭلارنى يىغىپ «سوۋسىن تورگ»
(سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا ئالاقە شىركىتى) گە تاپشۇرۇپ، سو-
ۋېتتىن ئوقۇشلۇق كىتاب، قەلەم، قەغەز، دەپتەر، كىنو فىلىم-
لىرىنى، كىنو دىۋىژىكلىرىنى ۋە توك چىقىرىدىغان گېنېراتورلار-
نى كىرگۈزىدىغانلىقىنى، ھەتتا ھېيتگاھتىكى خەلق تىياتىر كۇ-
لۇبىنى سېلىشقا پەنەركە، قاڭالتىر قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيال-
لىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلەتتىم ۋە كۆرگەنىد-
ىدىم.

كىنو تەرەققىيات شىركىتى يارباغ دەرۋازىسى تېشىدا بىر
ۋاقىتلىق كۇلۇب سالغان بولۇپ، كۇلۇبنىڭ كىنو دىۋىژىكى
قويغان ئۆيىدىن باشقا ئۆيلىرىنىڭ ئۈستى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا
بورا بىلەن يېپىلغانىدى. شۇڭا بۇ كۇلۇبنى «بورا ياپقان كۇلۇب»
دەپمۇ ئاتايتتى. كۇلۇب ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئورۇندۇقلىرى
پۈت بېكىتىلگەن ئۇزۇن شال ئىدى. كىم بۇرۇن كىرسە مۇۋاپىق



يەردە، قالغانلار ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئولتۇراتتى.
كىنو ناھايىتى جانلىق سەنئەت بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ۋا-
قىتتا تەسىر قىلىش كۈچى چوڭقۇر، قوزغىتىش رولى چوڭ
بولغان. كىنو بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كىرگەن ھامان، ئەدەبىيات
ـ سەنئەت سۆيەر تەرەققىيپەرۋەر خەلقىمىزدە ناھايىتى چوڭ ھايا-
جان قوزغىدى. بىراق ئۇ مەزگىللەردە قەشقەردە ساۋاتسىزلارنىڭ
نىسبىتى خېلى چوڭ ئىدى. كىنونى قانداق ئېلان قىلىش چوڭ
بىر ھۈنەر بولۇپ، كىنونى ئېلان قىلىشنىڭ ئۆزى بىر تىياتىر-
دەك قىززىق كۆرۈنۈش ئىدى.
شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەردە ساۋۇتكام دېگەن ئېگىز بويلۇق،
ئاۋازى جاراڭلىق ئېلانچى بار بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بالا سۇنايچى،
بالا ناغرىچى، بالا دۇمباقچى، بالا ئېلان تاختىسى كۆتەرگۈچى،
بالا ئورۇندۇق كۆتەرگۈچىدىن ئىبارەت بىر گۇرۇپپا ئادىمى بار
ئىدى. ساۋۇتكام ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ئېلان تاختىسىغا ساۋۇت-
كام ئاۋازلىق ئېلان قىلىدىغان سۆزلەر يېزىلغانىدى. بازار دوق-
مۇشلىرى، كىشىلەر كۆپرەك يەرلەرگە كەلگەندە ئۇلار توختاپ،
ئورۇندۇق كۆتۈرگەن بالا ساۋۇتكامغا ئورۇندۇق قويۇپ بېرەتتى.
بۇ ۋاقىتتا ناغرا، دۇمباق، سۇنايلارنىڭ رەتلىك چېلىنغان ئاۋاز-
لىرىمۇ توختايتتى. ساۋۇتكام ئورۇندۇققا چىقىپ: «بۇرادەرلەر،
بۈگۈن يارباغ دەرۋازىسى تېشىدا، كىنو تەرەققىيات شىركىتىدە
ئاۋازسىز كىنو قويۇلىدۇ، قويۇلىدىغان فىلىم ‹گىرانشىتات›،
تامامەن سوقۇش. كۆرۈشنى ئىختىيار قىلغان بۇرادەرلەرنىڭ ھا-
زىردىن باشلاپ ئۆيۈنگا ھازىرلىنىشلىرى سورىلىدۇ. بىلەت باھا-
سى 5 كوي » (مىڭ كوي) دەيتتى.
ساۋۇتكامنىڭ تىزىققا تىزىلغان مارجاندەك سۆزلىرى، جا-
راڭلىق ئاۋازلىرى خۇددى بىر كۆرۈنۈشلۈك تىياتىر ـ درامىدەك
ھەر قانداق كىشىنى مەپتۇن قىلماي قالمايتتى. 1 يەردىكى ئېلان
تۈگىگەندىن كېيىن، ناغرا، دۇمباق، سۇنايلار چېلىنىپ، يەنە
شۇ كۆرۈنۈشتە ئىلگىرىلەيتتى، يەنە شۇنداق تەكرارلىناتتى. بە-
زىلەر خېلى كۆپ يەرلەرگىچە ئەگىشىپ مېڭىپ، ساۋۇتكامنىڭ

ئېلان سەنئىتىدىن ھوزۇرلىناتتى. گەرچە بۇ ئىشلارغا 50 ـ 60 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، شۇ يىللاردىكى زامانداشلار بىر يەرگە كەلسەك، ھەممىمىز دېگۈدەك بۇ ئېلان سەنئەتچىسىنى ئەسلەپ، ئېلانلىرىدىكى ھەر بىر جۈملە سۆزلەرنى ئاساسەن ئوپمۇ ئوخشاش يادلاپ بېرەلەيمىز.

ئۇ ۋاقىتلاردا «ۋاسىلىسا» (پاقا چوكان) ناملىق چۆچەك فىلىم، «گىرانشتات»، «تىرناسىت» (13 قەھرىمان)، «چاپايوف» قاتارلىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا ئائىت فىلىملەر، «شال سولدات»، «ئانا ژاشت رودنو» (ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بار)، «پاپىندارىناي»، «مارىتا»، «ماشىنكا» قاتارلىق جاھان ئۇرۇشى فىلىملىرى؛ «ئالىكساندىر نوۋىسكى»، «ئالىكساندىر»، «پارخامىنىسكى» قاتارلىق تارىخى فىلىملەر؛ «پەرغانە قانىلى» قاتارلىق قۇرۇلۇش، ئىسلاھات تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان فىلىملەر؛ «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق بەدىئىي فىلىملەر قويۇلاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى قويۇلغان فىلىملەر ئاۋازسىز بولۇپ، 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاندىن ئاۋازلىق كىنولار قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال كىنو تەرەققىياتىدىكى باسقۇچ، قەدەملەرنىڭ قەشقەرگە كىنو كېلىش ئارقىلىق ئىنكاس قىلىنىشى ئىدى. ھەمدە بۇ كىنولارنى ئېلان قىلىش سەنئىتى قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە باي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ زامان، شۇ ماكان، ئاشۇ مۇھىتقا لايىقلاشتۇرۇپ لايىھىلىگەن ئىجادىي ئەسىرى ئىدى. بۇنى ئۆتمۈشنى ئەسلەپ تېخىمۇ كۆپ دوستلارغا ئورتاق بولۇشقا سۇندۇم.

(ئاپتور: شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# خوتەن تىياتىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

ز. ئى. كازىم

بىرەر شەيئىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، بىرەر ئاكتىپ ئامىلنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ئۇچۇن بەلگىلىك تارىخىي جەريان كەتكىنىگە ئوخشاش، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 60 يىل ئىچىدىمۇ، خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت بايلىقلىرىنى قېزىش، رەتلەش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، يەنە خەلق ئاممىسىغا قايتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش ئۇچۇن، ئىدىيىۋىلىكى ساغلام، مىللىي ئالاھىدىلىكى يۇقىرى، ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە مول مەزمۇنلۇق خىلمۇ خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۇچۇن، سوتسىيالىزم ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇشقىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريان كەتتى.

مەن خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

# قەدىمي ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى

خوتەن خەلقى ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ناخشا ـ
ئۇسسۇلغا ئومۇمىيۈزلۈك ھېرىسمەن بولۇشى ۋە ئۇنى تۇرمۇش
زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىغا ئايلاندۇرۇشى، ئەز-
ئەنئۆى سەنئەت بايلىقىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىنى ئەۋلادتىن ـ
ئەۋلادقىچە مىراس قالدۇرۇشى ۋە ئۈزۈلدۈرمەي داۋام ئەتتۈرۈشى
ـ بىر ئۇلۇغ مۆجىزە.

خوتەن خەلقى قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ
ئۇزۇن يىللىق مۇساپىسى جەريانىدا ھاسىل قىلغان ئۆزگىچە مىل-
لىي ئۆرپ ـ ئادەت، گۈزەل ئەخلاقىي ـ پەزىلەتلىرىنى ئەڭ
گۈزەل ۋە كۆركەم، شۇنىڭدەك ئەڭ نەپىس ھەم نازاكەتلىك
بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەش ۋە ئۇنى تەسۋىرىي
يۈكسەكلىك بىلەن ئەتىۋارلاش، تىللاردا داستان قىلىپ قەدىر-
لەش، ئۆتكەنكى ھالاۋەت ۋە رىيازەتلىك كۈنلەر، ھازىرقى تۇر-
مۇشنى ئوبرازلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش، گۈزەل ئەتىگە مەنسۇپ
ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشنىڭ ھەممىسىنى ناخشا ـ
ئۇسسۇلغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقاي-
سى تەرەپلىرىگە مۇجەسسەملەشكەن تەبىئەتنىڭ قايناق ھاياتىدا
ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق مۇزىكا، ياڭراق ناخشا، لىرىكىلىق ئۇسسۇل
ھەرىكىتى ئارقىلىق سەنئەتنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى؛ ئەنە شۇ ۋە-
جىدىن ياش يىگىتلەرنىڭ تىنىمسىزلىكىنى، ئۇلارنىڭ بەللىرىگە
چىت پوتا ياكى گۈل بېسىلغان شايى بەلۋاغنى ئوراپ، بويتاسمى-
لىق قەلەمتۇراچىنى قىسىپ، چوكان ـ سىڭىلەكلەر ئالاھىدە
كەشتىلەپ بەرگەن چىمەن دوپپىلىرىنى كىيىپ، ئەمگەك سورۇن-
لىرى، چېلىشىش مەيدانلىرى ۋەياكى ئوغلاق تارتىشىش بەيگىسى-



دە ماھارەت كۆرسىتىپ، كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋاتقانلى-
قىنى؛ قۇرامىغا يەتكەن چوكان ـ سىڭىلەكلەرمۇ يىگىتلەردىن
قېلىشمىغۇدەك ھالەتتە چىرايلىق ياسىنىپ، پۇتىغا ئىسكىلاچ
مەسە كىيىپ، بەلدىن ئاشىدىغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ئۇششاق
ئۆرۈپ، تۆكۈلۈپ تۇرغان قاشلىرىغا ئوسما قويۇپ، بارماقلىرىغا
يارىشىملىق خېنە يېقىپ، ھاياجانلىق ئىلكىدە كۆز تاشلاپ، مە-
يىقىدا كۈلۈپ، قىيپاش ئېگىلىپ سالام بېرىشتەك تەبەسسۇملۇق
ئوبراز يارىتىۋاتقانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ھېس قىلىسىز.

ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر قانداق سورۇندا بىرەر
كىشى ناخشا باشلاپ بەرسە ھەممە كىشى ئوقۇيدىغان، ئاددىي
مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئارقىلىقمۇ چوڭ ـ چوڭ مەشرەپ سورۇنلى-
رىنى ئۇيۇشتۇرالايدىغان، ئاقباش بوۋاي ـ مومايلاردىن تارتىپ،
نارەسىدە بالىلارغىچە ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئى-
گە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تارىختا خوتەن ـ قەدىمي ناخشا ـ ئۇسسۇل
ماكانى دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن.

خوتەن خەلقى يىراق قەدىمقى زامانلاردىن باشلاپ ئىپتىدائىي
نەرسىلەردىن چالغۇ ئەسۋابى ياساپ، كۆڭۈل تارىنى سازلاشقا
كىرىشكەن. ئەنە شۇلاردىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى:
سېغىزدىن ياسالغان «چولاڭ» (پۈۋلەپ چالىدىغان بىر خىل
ئىپتىدائىي چالغۇ)، قومۇشتىن ياسالغان «بالىمان» (4 تۆشۈك-
لۈك يەللىك مۇزىكا)، ھايۋان مۈڭگۈزىدىن ياسالغان «بوغدى-
غۇچ» (ھازىرقى كاناي ـ سۇناينىڭ ئىپتىدائىي شەكلى)، «ساپا-
يى»، ھايۋان تېرىسىدىن ياسالغان «داپ»، «ناغرا» قاتارلىقلار-
دىن ئىبارەت.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۈجمە، چىلان ياغىچىدا را-
ۋاپ، دۇتار ياساپ، ئۇنىڭغا پەردە باغلاپ ۋە مەشۇت يىپىدە تارا
بېكىتىپ، ناھايىتى مۇڭلۇق ھەم جاراڭلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى
ياسىغاندىن تاشقىرى، نەي، سۇناي، تەمبۇر، ساتار، ھەشتار

(هازىرقى خوشتار) ، غىجەك، قالۇن… قاتارلىق ئىسىل مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياساپ، ئۇدۇن (هازىرقى خوتەن) كۈي ـ نەغمىلىرىنىڭ ئاھاڭ ئاساسىنى ياراتقان.

خوتەن خەلقى مىلادى 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا مۇناسىپ مىللىي مەدەنىيەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ يېڭىچە سەنئەت شەكلىنى ھاسىل قىلىشقا ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا كىرىشتى. گەرچە فېئودال ـ موتەئەسسىپ كۈچلەر ئەمگەكچى خەلقنى نادانلىق ئاسارىتىدە قالدۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، سەنئەت سۆيەر ئەجدادلىرىمىز ئالدىنقىلىرى يېقىلسا، كېيىنكىلىرى ئىز بېسىشتەك روھنى جارى قىلدۇرۇپ، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغانلاردىن 12 ـ ئەسىردىكى كۈچلۈك خان دەۋرىدە ياشىغان ئەللامە ئالاۋىدىن مۇھەممەت خوتەنى، «ئاقساراي» ناملىق كىتابنى يېزىپ خەلقئارادا شۆھرەتلىك نام چىقارغان جامالىدىن قارىقاش، مەشھۇر شائىرە، ئاتاقلىق مۇزىكانت موتىرىيبە ئاخۇنباي (ئايال) ، «مەختومى ئەزەم» ۋە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (ھۆكۈملەر يىغىندىسى) نىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئىۋەز قارىقاش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە مۇزىكا سەنئىتىنى دەۋرى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ نامايەندە قىلغۇچى «تارىخىي موسىقۇيون» نىڭ ئاپتورى موللائىسمەتۇللا بىننى موللائىسمەتۇللا، شۇنىڭدەك موللا بىلال يۈسۈپ خوتەنى، ئاشىقى سۇزۇك، نەۋبىتى… قاتارلىق ئالىم ـ ئۆلىما، يازغۇچى ـ ئەدىبلىرىمىز ۋە يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن گۇمىدىكى ئىسمائىل ھاجىم، خوتەندىكى يولدىشاخۇنلۇقۇم، ھەزىينى، يۇرۇڭقاشتىكى ئەلى ـ مەردان ھاجىم، غېرىبى، چىرادىكى ئالاۋىدىن مىرزا، ئەيسا ـ خەلپەم، كېرىيەدىكى زەھورى ۋە ئۆز زامانىسىدا نامسىز ئۆتكەن سان ـ ساناقسىز تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى، خەلق سۆيەرلىكى بىلەن مەردانە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى، تەلەپ ـ مەقسەتلىرىگە كۈچلۈك مەدەت بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك پەلسەپەۋى نەزەرىيە دۇنيا قاراشلىرى بىلەن خەلق قەلبىگە ئۆچمەس مەشئەل ياققانىدى. ئۇلار خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلىدىغان مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشقا يول ئېچىپ بەرگەنلىكتىن، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە مىللەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇش بىلەن ھەر خىل نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىنىمۇ ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغانىدى. مەسىلەن:

ئوغۇل توي ئىگىسى مەرىكە خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان «توي مەشرىپى» («يىگىت مەشرىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.)

قودىلاشقۇچى يېڭىدىن تۇغقان بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزىدىغان «چىللاق مەشرىپى» («قودا مەشرىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

ئاياللارنىڭ نەۋرىلىك بولغانلىقىنى مۇبارەكلەيدىغان (ئاياللار ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان) «جۇۋان توي مەشرىپى».

دوست ـ ئاغىنىلەر ئۆزئارا تۇتۇشقان تەۋپىقتە ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان «تەۋپىق مەشرىپى».

ئوغلاق تارتىشىشتا غەنىيمەت ئېلىنغان ئوغلاقنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان «ئوغلاق مەشرىپى».

قارلىق تاشلىغۇچى ۋە تاشلانغۇچىلار ئارىسىدا ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان «قارلىق مەشرىپى».

قوغۇن ـ تاۋۇز پىشقاندا قوغۇنچى ئالاھىدە مېھمان چاقىرىپ ئۆتكۈزىدىغان «كۈزلەگ مەشرىپى».

ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «نورۇز مەشرىپى».

ھەر يىلى 10 ـ ئايدىكى قوناق ئاقلاش مەزگىلىدە نۆۋەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان «كۈزلۈك يىغىم مەشرىپى».

ھەر يىلى يازلىق يىغىمدىن كېيىن مەنزىرىلىك جاي ياكى مېۋىلىك باغلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان «سەيلە ـ ساياھەت مەشرىپى».

بۇلاردىن باشقا، «ئىمامى ئاسىم سەيلىسى»، «كۆھىمارىم سەيلىسى» ۋە ياكى ئەزىز مېھمانلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان «كۈتۈۋېلىش مەشرىپى»، «ئۇزۇتۇپ قويۇش مەشرىپى»… قاتارلىقلاردۇر.

ئەنە شۇ مەشرەپلەردە خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ ھەممىسى يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان نەغمە ـ ناۋا ئىچىدە مۇقام توۋلاپ، ناخشا ئېيتىپ، كۆڭۈل ئارامىغا ھوزۇر بەخشەندە قىلغاندىن تاشقىرى، ئەل ئىچىدىكى قىزىقچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ «نوغۇچ ئويۇنى»، «بوۋاي ئويۇنى»، «ئوغۇل بالا چاققان»، «ئەمەت بىلەن نەمەت»، «توكۇر باخشىم»، «چىلىم ئۇسسۇلى»، «41 يالغان»، «داستىخاندىكى ھۆكۈم»… قاتارلىق كومېدىيىلىك ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ قىزىقچىلىق قىلىش؛ چوكان ـ سىڭىلەكلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ «چاچ ئۇسسۇلى»، «چىن تەخسە ئۇسسۇلى»، «چىراغ ئۇسسۇلى»، «ئۇسما قويۇش ئۇسسۇلى»… قاتارلىقلارنى ئويناپ ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇش؛ يەنە بەزى ياشانغان موماي ـ جوۋانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ «تۇغۇت ئۇسسۇلى»، «پىرە ئۇسسۇلى»، «جوۋان ئۇسسۇلى»… قاتارلىقلارنى ئويناپ، كۈلكە ساداسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش؛ شۇنىڭدەك «تاھىر ـ زۆھرە»، «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» داستانچىلىقى بويىچە بېيىت ـ قوشاق ئوقۇش ئارقىلىق، مەشرەپ ئەھلىنى ھەر تەرەپتىن رازى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن، خوتەن خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى تارىخىي ئەھمىيەتلىك



يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. ئەنە شۇ زاماندا يەكەن خانلىقىدا ئوقۇغان تالىپلار ئاتاقلىق مۇزىكا ئالىمى ئامانىسا خانىم رەتلەپ چىققان 12 مۇقامنى ئۆگىنىپ، خوتەن دىيارىدىكى ھەرقايسى جايلارغا كەڭ كۆلەمدە تارقىتىشقا باشلىدى. خوتەندىكى سەنئەت خۇمارلار 12 مۇقامدىن ئىبارەت ئەڭگۈشتەرنى تەۋەررۈك بىلىپ، مەنىۋى ھاياتتا زور يۈكسىلىش ياساپ، خەلق ئارىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيەتتە گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويدى.

ئۇزۇن يىللار مابەينىدە 12 مۇقامنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن قارىقاش ناھىيىسىدىكى ھاشىم ھاجىم تەمبۇرچى، ئايىمخان ھاجىم دۇتارچى، ساۋۇتخان ساتارچى، نىياز موللام تەمبۇرچى؛ خوتەن ناھىيىسىدىكى بۇلبۇل ئاخۇن ساتارچى، ئەخمەت ئاخۇن بالىمانچى؛ خوتەن شەھىرىدىكى قاراخۇنۇم ساتارچى، توختى ئاخۇن قالۇنچى، ئىمىن ئاخۇن سۇنايچى؛ لوپ ناھىيىسىدىكى ھاشىم ئاخۇن باغۋەن (ساتارچى)؛ يۇرۇڭقاشتىكى دادا، بالا داۋۇت ئاخۇن شاخا (تەمبۇرچى)، ساۋۇت ئاخۇن شاخا (ساتارچى)؛ چىرا ناھىيىسىدىكى سۇلايمان ئاخۇن تەمبۇرچى؛ كېرىيە ناھىيىسىدىكى مەتنىياز ئاخۇنۇم ساتارچى، تۇرسۇن ئاخۇن تەمبۇرچى، كېرەم ئاخۇن ساتارچى، خوتەن ھازىرقى زامان سەنئەتكارلىرىنىڭ پېشۋاسى ھاجى خانىم، ئاتاقلىق مۇزىكانت يۇسۇپ زىيا، مەشھۇر مۇقامشۇناس مەڭلەشخان، ماھىر ناخشىچى ھەدىيە خانىم، بالىمان ئۇستىسى بەكرى تۇردى، مۇقام ئەۋلادلىرى سايىت ئاخۇن يوغا، تۇرسۇن ئاخۇن سائەت، رېھىم ئاخۇن ئاشپەز… قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى بىلەن خوتەن خەلقى ئارىسىدا مەڭگۈ ياشنايدۇ. ئۇلارنى تۈمەنلىگەن سەنئەت ئىشقىۋازلىرى ھەر دەقىقە يادلايدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 1953 ـ يىلى سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئالا-

ھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، شىنـ
جاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى يەكەنلىك مۇقامشۇناس تۇردى
ئاخۇن، چىرا ناھىيىسىدىكى سۇلايمان ئاخۇن، كېرىيە ناھىيىسىـ
دىكى كېرەم ئاخۇن قاتارلىق 3 كىشىنى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ
قىلىپ، 12 مۇقامنى سىمغا (ئاۋاز لىنتىسىگە) ئالغاندى.
ئورۇنلاشتۇرۇش دەل ۋاقتىدا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى ئۈـ
چۈن، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن 12 مۇقامدىن ھازىرقى
ئەۋلادلىرىمىز بەھۇزۇر پايدىلانماقتا.
ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ماۋجۇشى خۇەيرېنتاڭ زاـ
لىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ يازغان
«ۋەنشىشا» ناملىق شېئىرىدا:
«ياڭرىدى ھەر ياندا ساز، ئۇدۇنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەن
تەسىرلىك بىر مىسرا بولۇپ، «ئۇدۇن» ھازىرقى خوتەندۇر.
خوتەن خەلقىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيەت، سەنئەت
ئىشلىرى ئازادلىقتىن كېيىن تېخىمۇ گۈللەپ ـ ياشناش باسقۇـ
چىغا كىردى. خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىـ
كى قەدىردان جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ تەكلىپى بىلەن يولداش ئىسـ
مائىل ئەھمەد يېتەكچىلىكىدە 1965 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پايتەختىـ
مىز ـ بېيجىڭگە بېرىپ، قەدىمىي ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىنىڭ
يەرلىك، ئەنئەنىۋى، مىللىي سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ تاللانغان
جەۋھەرلىرىنى كۆرسەتكەندە، ئويۇننى كۆرگەن دۆلەت رەھبەرلىـ
رى خوتەن خەلقىنىڭ مىللىي سەنئىتىگە يۇقىرى باھا بەردى.

## خوتەن تىياتىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى

1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، خوتەندە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشـ
مىسى قۇرۇلدى ھەمدە تەركىبىدە سانايىنەپىسە (سەنئەت ئۆمىـ



كى) تەشكىللىنىپ، بۇنىڭغا ھاجى خانىم[1] مەسئۇل بولدى. ساناـ
يىنەپىسە قۇرۇلغاندىن كېيىن، جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ «ئاپـ
رېل بايرىمى» دا ئويۇن كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، شۇ يىلى ياز
ۋە كۈزدە گۇما، كېرىيە ناھىيىلىرىگىچە بېرىپ، ھال سوراش
ئويۇنى كۆرسەتكەندى.
ئۇ ۋاقىتتا ھازىرقىدەك تىياتىرخانا بولمىغانلىقتىن، ۋىلايەتـ
لىك سانايىنەپىسە جۇرىباي دېگەن ئۆزبېكنىڭ چايخانىسى[2] ئىچىدە
سەھنە ياساپ، سەھنىنىڭ ئالدىغا پەردە تارتىپ، سەھنىنىڭ
ئۈستىگە گازۋاي چىراغ يېقىپ، مەخسۇس بىر كىشى ئىلان
قىلىپ، ئارتىسلار نومۇر تىزىمى بويىچە ئويۇن كۆرسىتىدىغان
شەكىلنى پەيدا قىلغان.
جۇرىباينىڭ چايخانىسىدا ئىلگىرى، فاتېفون (كاناي نەغمىـ
سى) چېلىناتتى. بەزى ۋاقىتلاردا نىياز موللام ساتار، ھېيت
ئاخۇن قالۇن، ھوشۇر ئاخۇن داپ چېلىپ نەغمە قىلىپ تۇرغاـ
لىقتىن، بۇ يەرگە كېلىپ كېتىپ تۇرىدىغانلار نىسبەتەن كۆپ
بولغاچقا، سانايىنەپىسەنىڭ كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرىدىغانلارـ
مۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. كېيىن بورا كەپىدە ياسالغان بۇ
چايخانىغا تاماشىبىنلار سىغىشمىغانلىقتىن، خوتەن شەھىرىدىكى
ئىلغار سودا ـ سانائەتچىلەر، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار ياردەم
قىلغان 2 مىڭ يۈەن (1500 چارەك بۇغداينىڭ پۇلى) ۋە ئۇيغۇر
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاجرىتىپ بەرگەن ماددىي نەرسىـ
لەر بىلەن، سەھنە ئەسلىھەلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى
تولۇقلاپ، بىر مەزگىل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ چوڭ

① ھاجى خانىم ھەققىدە 39 ـ سانىمىزدا ئېلان قىلىنغان «ھازىرقى زامان خوتەن مائارىپىغا
ئاساس سالغۇچى، خوتەن تىياتىرىنى قۇرغۇچى ۋەتەنپەرۋەر ھاجى خانىم توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا
تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانلىقتىن، بۇ يەردە قايتا تونۇشتۇرۇش بەرمىدۇق.
② بۇ چايخانىنىڭ ئالدىغا 1940 ـ يىلى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنغان، بۇ مەكتەپ
شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە «چايخانا مەكتەپ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

قورۇسىدا سەھنە ياساپ ئويۇن قويغان. 1939 ـ يىلى سېلىنىشقا باشلىغان 1500 كىشىلىك «خوتەن خەلق كۇلۇبى» 1941 ـ يىلى ئەتىيازدا ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بۇ يېڭى ئورۇنغا كۆچۈپ چىقىپ ئىش باشلىغان (بۇ كۇلۇب، هازىرقى خوڭشىلىڭ سودا مەركىزىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلەتتى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا كۆيۈپ كەتكەن) . «خوتەن خەلق كۇلۇبى» زامانىۋى پاسوندا، ئىنتايىن گۈزەل، كۆركەم، مىللىي پاسوندا سېلىنغانلىقى ئۈستىگە، قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كونسېرت كېچىلىكمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئورغۇتۇش رولىنى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، هەر قېتىملىق ئويۇندا، كۇلۇب تاماشىبىنلار توپى بىلەن لىق توشۇپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا ئويۇن كۆرۈشكە كەلگەن تاماشىبىنلاردىن ئەرلەر كۇلۇبنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقتا، ئاياللار 2 تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئايرىلىپ ئولتۇرىدىغان رەسمىيەت بار ئىدى.

1940 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان «4 تاكتىلىق» ماتور كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، تىياتىر سەھنىسىنىڭ چىراغلىرى ئېلېكترلەشكەن. ماتورنى چىڭ كويەن ئىسىملىك بىر مېخانىك باشقۇراتتى. ئۇ يەنە سەھنە دېكراتورلۇقىنىمۇ قىلاتتى.

ساناپىنەپسەدە ئىشلىگەن 1 ـ ئەۋلاد ئارتىس ـ مۇزىكانتلار: هاجى مۇھەممەت، ئابدۇرېھىم لىتىپ، تالىپ ئاخۇن، زىياۋىدىن (ئۆزبېك) ، ئابدۇرۇپجان (ئۆزبېك) ، قاھارجان... قاتارلىقلار ئىدى. 1939 ـ يىلىغا كەلگەندە، هاجى خانىم سەنئەت قوشۇنىنى كېڭەيتىپ، زىياۋىدىن، ئابدۇرۇپجان، قاھارجان، روزى قارى، ئەمەت ئۆمەر، ئابلىز هاجى قاتارلىقلارغا ناخشا، ئۇسسۇل، كومېدىيە، قوشاق ئېيتىشنى؛ هاجى مۇھەممەت، ئابدۇرېھىم لىتىپ، يۈسۈپ زىيا ئارقىلىق نادىرخان، ھوشۇر ئەيسا، نۇسرەتلەرگە ئىسكىرىپكا ئۆگىتىشنى؛ ئابدۇقادىر روزى،



ئابلىز ماخمۇتجان (ئۆزبېك) ، تۇرسۇن توختى، دىمىن ئاخۇن، ئىمىن ئاخۇن، ئوبۇل ئاخۇن، ئابدۇقادىر خوجا قاتارلىقلارغا چاڭ، راۋاپ، تەمبۇر، ساتار، نەي، بالىمان، سۇناي، داپ، ناغرا چېلىشنى ئۆگىتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئويۇن قويۇش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۇرگەن.

1939 ـ يىلى ئەمەت ئۆمەر بىلەن قاھارجان مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ۋە رېژىسسورلۇققا ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى تۇرسۇن قادىر، ئابلىمىت روزى، ئەيسا ياسىن، ھەدىيەخان، هاۋا ساقى، هاۋاخان، تۇنساخان، مۇنەۋۋەرخان، سانىخان (خۇيزۇ) ، ئالمىخان، ئەمبەرنىسا... قاتارلىق ياش كۈچلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ساناپىنەپسەنىڭ ئادەم سانى 30 نەچچىگە يەتكۈزۈلۈپ، مۇكەممەل سەنئەت قوشۇنىنى هاسىل قىلغان.

1940 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق، خوتەن ۋىلايەتلىك ساناپىنەپسەنىڭ راسا روناق تاپقان مەزگىلى بولۇپ، ئۇلار سەھنىلەشتۇرگەن «چۆل ئىراق» ، «يالغۇز» (بوستان) ، «سىن خىراج ۋە دىل خىراج» ، «جانان» ، «ئىستەك» ، «غەيرەتى» (قەندىل ناۋا) ، «تارانچى» ، «نارزۇ ئەجەم» ، «پەنجىگاھ مۇقامى ۋە ئۇنىڭ مەرغۇلى» ، «بايات» ، «گۇلىندار» ... قاتارلىق كونسېرت نومۇرلىرى كەڭ تاماشىبىنلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ تۇرغان. شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپلەر بويىچە هاجى خانىم ئويناپ چىققان «مۇناجات» ، «جازايىل» ، «تەنەۋەر» ، «مۇشكىلات» ، «مىرزى دۆلەت» ۋە «ئوسمانىيە» قاتارلىق ئۇسسۇللار، هاجى خانىم بىلەن ئەمەت ئۆمەر ئويناپ چىققان «سۇ بويىدا تۇرغان يىگىت» ، «ياريار» ، «رومالىم ئۇچۇپ كەتتى» قاتارلىق لەپەرلەر ۋە هاجى خانىم يېزىپ چىققان، ئەكسىيەتچىل ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان «ئۆگەي ئانا» ناملىق مۇزىكىلىق دراما كەڭ تاماشىبىنلار قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلـ

غان.

ھاجى خانىم 1940 - يىلىدىن 1942 - يىل ئاخىرىغىچە «چىمەنگۈل»، «قانلىق داغ»، «غېرىپ - سەنەم»... قاتارلىق دراممىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرۈشكە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلغان.

خوتەنگە كېلىپ خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرى 1942 - ۋە 1943 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېتىلىپ، تۈرمىگە تاشلانغاندا، ھاجى خانىم، قاھارجان قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلار «كوممۇنىستىك ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغۇچى»، «كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرۇقى» دېگەن «جىنايەت» بىلەن 1942 - يىلى 11 - ئايدا قولغا ئېلىندى.

## گومىنداڭ دەۋرىدىكى خوتەن سەنئەت ئۆمىكى

1943 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر قىسمى ئۆشرە - زاكاتتىن، بىر قىسمى تاپقان كىرىمىنىڭ پىرسەنتىدىن مائاش ئالىدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا، ھەتتا يەنە بىر قىسمىنىڭ ھەۋەسكار بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە 1943 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە يولداش مۇھەممەت شېرىپ ئۆمەك باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قارىلىپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. 1944 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە يولداش ئەمەت ئۆمەر ئۆمەك باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەندە، سەنئەت كەسپىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى مەدەنىيەت بىلەن ئاقارتىش يولىدا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن،



گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى: «3 ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن مۇناسىۋىتى بار، خەتەرلىك ئۇنسۇر»، «جەڭگىۋار ئوغۇل - قىزلار»[①]ناملىق دراممىنى سەھنىلەشتۈرۈپ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولدى» دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ كۆپ قېتىم سوراق قىلغان. گەرچە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، خىزمىتىدىن بوشىتىپ، ئانا يۇرتى قەشقەرگە سۈرگۈن قىلغان.

1946 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە، يولداش سابىت باسىت، 1947 - يىلىدىن ئازادلىققا قەدەر يولداش مەمتىمىن توختى ئۆمەك باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەندە ساھىبجامال، مەت روزى مۇسا، خەدىچە ئىمىن، ھەبىبە، پاتەمخان، مۇتىرەم ھوشۇر، مايمۇنەخان، خەيرىنىسا تۇرسۇن قاتارلىق ياشلار سەنئەت سېپىگە قوشۇلۇپ، «ئالماخان»، «داۋانچىنىڭ»، «سىرىلما»، «شەمىلىگە تاق - تاق»، «داستىخاندىكى ھۆكۈم»، «41 يالغان»، «ئەمەت بىلەن نەمەت»، «قاغىلىق سەنىمى» قاتارلىق كونسېرت نومۇرلىرى ۋە «رابىيە - سەئىدىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «ئوينىغاننىڭ دەردى شۇ» قاتارلىق دراممىلارنى سەھنىلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئارتىس - مۇزىكانتلارنىڭ جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئورنى بولمىغان. ئەكسىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئارتىسلار ئارىسىغا پايلاقچى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئالغان. ئارتىسلارنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ، كاپالەتسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، بىر قىسىم قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئارتىسلار ئۆز كەسپىنى تاشلاپ، باشقا ئورۇنلارغا ئالمىشىپ كەتكەن.

---

① «جەڭگىۋار ئوغۇل - قىزلار» ناملىق مۇزىكىلىق دراممىنى ل. مۇتەللىپ يازغان. ئۇنى 1944 - يىلى ئەمەت ئۆمەر باش بولۇپ سەھنىلەشتۈرگەنىدى.

# ئازادلىقتىن كېيىنكى خوتەن سەنئەت ئۆمىكى

خوتەن خەلقى ئۆزۈندىن بېرى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ كەلـ
گەن خەلقىنىڭ ھەقىقىي سەنئەت قوشۇنى ـ خوتەن ۋىلايەتلىك
سەنئەت ئۆمىكى 1950 ـ يىلى چوكانتال مەزگىلىدە يېڭىباشتىن
رەسمىي قۇرۇلدى.

شۇ يىلى «شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» ھەرقايسى نا-
ھىيىلىك ئىجرائىيە كومىتېتلىرىنىڭ[1]قارمىقىدا كەسپىي سەنـ
ئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلغاندىن تاشقىرى، ھەرقايسى رايون[2]لاردىـ
مۇ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، خەلقىنىڭ
ئەدەبىيات ـ سەنئىتى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. ئازادـ
لىققا ئېرىشكەن ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ھەر خىل سورۇنلارنى
تۈزۈپ، مۇڭلۇق مۇزىكا، ياڭراق ناخشا، يېقىملىق ئۇسسۇللىرى
بىلەن بەختىيار تۇرمۇشنى نامايەندا قىلىشقا باشلىدى.

ئادەم سانى 37 كىشىدىن تەركىب تاپقان خوتەن ۋىلايەتلىك
سەنئەت ئۆمىكىگە 1950 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلىغىچە يولداش
يۈسۈپ زىيا، 1953 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلىغىچە يولداش نەجمەـ
دىن، ئابلىز ھاجىم ئۆمەك باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇلار
خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان قىزىقارلىق كونسېرت نوـ
مۇرلىرى بىلەن، قارىقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىدىكى چوڭ زومىگەر
ئەخمەتخان خوجانىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسىنى بايان قىـ
لىدىغان «شاخلىق يېزىسىنىڭ قانلىق تارىخى» دېگەن مۇزىكىلىق
درامىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرۈپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ
شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، مۇۋاپىق
سىلىق، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇـ

[1] ئەسلىدىكى «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» ئاساسىغا قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلاـ
ت.

[2] رايون ـ ھازىرقى يېزا ـ بازار.



رۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرى، شۇـ
نىڭدەك «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە
ياردەم بېرىش» چاقىرىقلىرىنىڭ غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى
ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن
قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە قۇرۇلغاندىن كېيىن،
1955 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن قەشقەر
ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «جەنۇبىي شىنجاڭ
سەنئەت ئۆمىكى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، خوتەن ۋىلاـ
يەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرى قەشقەرگە يۆتـ
كىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن
خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت سارىيى نامىدا قېپقالغان نادىرخان،
مەت روزى مۇسا، ساھىبجامال قاتارلىق ئارتىسلار ۋىلايەت دەردـ
جىلىك ئىدارە جەمئىيەتلەردىكى بىر قىسىم ھەۋەسكارلارنى تەشـ
كىللەپ، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئىجادـ
يەت قىلىش ۋە سەييارە ئويۇن قويۇش بىلەن شۇغۇللانغان.

1957 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى
بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بۆرۈنقىدەك ئەسـ
لىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت
ئۆمىكىگە 1957 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلىغىچە يۈسۈپ زىيا،
1959 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلىغىچە ئابدۇقادىر ئوسمان،
1965 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلىغىچە توختى قۇربان ئۆمەك
باشلىقى بولغان.

بۇ جەرياندا، ھەجەرخان، ھەسەنجان، تەۋەككۈل قاسىم،
ئۆمەرجان، رەيھانەم مەخسۇت، مەدىيەخان، زىياۋىدىن قۇربان،
جامال ئەيسا، كېرىموللا، مۇختەر ئىمىن، ئوبۇل ھەسەن، سۇلاـ
يمان روزى، سالامەت مەخسۇت، سودىيە مەخمۇت، گۈلنار يۈـ
سۈپ، مۇنەۋۋەر مەتتوختى، ئىگەمبەردى مۇھەممەت، پاتىگۈل،

خاسىيەت، سەيدىنىسا، ئابدۇۋەلى، ياسىن ئەمەت... قاتارلىق ياش كۈچلەر كەينى ـ كەينىدىن يېتىشىپ چىقىپ، «تۇن ۋە كۈن»، «قارا يورغام»، «تەبرىك»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «قىزىل گۈل ئۇسسۇلى»، «گىلەمچى قىزلار»، «كىر يۇيۇش ئۇسسۇلى»، «دېھقانلار شادلىقى»، «لەيلىخان ئىشچان»، «ياشا ئۇلۇغ پارتىيەم»، «ماۋجۇشىغا ھەشقاللا»، «سوۋغا تەقدىم قىلىش»، «شوپۇرلار قوشىقى»، «خوتەن بەك ياخشى»، «نازىركوم»... قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كونسېرت نومۇرلىرىنى، «تاھىر ـ زۆھرە»، «غۇنچەم»، «ئانارخان» (سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېزىلغان)، «ئانارگۈل» (خوتەننىڭ داڭلىق كلاسسىك ئەسىرى)، «ئۇجمە سايىسى»، «تامغىنى تارتىۋېلىش» قاتارلىق مۇزىكىلىق دراممىلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان.

شۇ نەرسىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسى كەڭ، بوستانلىقلارنىڭ جايلىشىشى ئىنتايىن تارقاق بولغانلىقتىن، ھەرقايسى ناھىيە ۋە يېزا ـ بازارلارغا بىر قېتىم بېرىپ ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش ئۈچۈن (ئاساسىي غول لېنىيە تاش يولى ۋە ناھىيە ـ يېزا تاش يولىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 2435 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. 80 ـ يىللارنىڭ ئالدىدا، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق قاتناش قورالى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋىلايەتتىن ناھىيىلەرگە ماشىنا كىرا قىلىپ بارسىمۇ، ناھىيىلەردىن يېزا ـ بازار (مەيدان)لارغا پىيادە يول يۈرۈپ بېرىپ، ئويۇن قويۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ جەرياندا ئارتىسلار «جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» روھىنى جارى قىلىپ، يۈك ـ تاق، ساز، پەردە، دېكوراتسىيە، چىراغ (ماتور) ۋە سەھنە كىيىملىرىنى ئېشەك ياكى تۆگە ـ قوتازلارغا ئارتىپ، ئۆزلىرى قوللىرىغا بىر تال تاياقنى ئېلىپ ئۇنى ھاسا قىلىپ تايىنىپ،



كۈن بويى پىيادە يول يۈرۈپ، كەچ كىرگەندە ئويۇن قويۇش مەنزىلىگە يېتىپ بارسىمۇ دەم ئالماستىن، سەھنە ياساپ، گىرىم قىلىپ ئويۇن قويۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇلار خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى جانلاندۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا نەچچە 10 يىلنى مانا مۇشۇنداق 1 كۈندەك ئۆتكۈزدى. پىيادە يول يۈرۈپ پۇتلىرى قاپىرىپ كەتسىمۇ، ئاچ ـ توق قېلىپ، يۈز ـ كۆزلىرى يېرىلىپ كەتسىمۇ، كېچىلىرى ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزسىمۇ، ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئايلاپ جەم بولالمىسىمۇ بىرەر قېتىم ۋايجانلىماي، پارتىيە ـ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈمىدىنى ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن ئاقلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەر يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تاغ ـ يېزىلىرىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش ئىستىلىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇردى. 1963 ـ يىلى بىر قېتىم كېرىيە ناھىيىسىنىڭ تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دەريا بويى كەنتىگە بېرىپ، چارۋىچىلارغا ئويۇن كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، بۇ كەنتكە 12 كۈن پىيادە يول يۈرۈپ كىرىپ، كىرگەن كۈنىلا ئويۇن كۆرسەتكەن. 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا لوپ ناھىيىسىنىڭ ناۋا يېزىسىدا ئويۇن قويۇۋاتقاندا، باش رولچى سودىيە مەخمۇتنىڭ ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى تېلېفوندا ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئويۇن بېلىتىنىڭ سېتىلىپ بولغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ 6 نومۇردا رول ئالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، چاندۇرماي ئويۇن كۆرسەتكەن ۋە ئويۇن ئاخىرلاشمىغىچە قايتىپ كەتمىگەن.

## شەرەپلىك - نام «يېڭى قاشتېشى»نىڭ مەيدانغا چىقىشى

خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى 60 - يىللاردا ئاجايىپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، گۈللەپ ياشناۋاتقان مەزگىلىدە، قەدىردانىمىز جۈئېنلەي زۇڭلىنىڭ «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدى. شۇندىن بۇيان، بۇ ئۆمەك مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ بىر ئىپتىخارلىق تەۋەرۈك نام مۇنداق ئوتتۇرىغا چىققان.

1965 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئارتىسلار باگار[①] تۈۋىدە قالغاچتەك پەرۋاز قىلىپ، ئاساسىي ماھارەت مەشىقى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، شۇ مەزگىلدە خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يولداش ئىسمائىل ئەھمەد سىرتتىن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ: «يولداشلار! مەن سىلەر ئۈچۈن بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. بۈگۈن كەچتە پارتكوم يىغىن زالىدا جۇزۇڭلىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئويۇن كۆرسىتىدىغان بولدۇڭلار» دېگەندە، ئارتىسلار خۇشاللىقىدىن چەكسىز ھاياجانلىق ئىلكىدە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

ئارتىسلار جىددىي ئالدىراشچىلىق ئىچىدە، ئەڭ ئېسىل، نادىر ئەسەرلەردىن نومۇر تىزىمى ئېلىپ رەپتىس قىلدى ۋە بارلىق تەييارلىقلارنى ئەستايىدىل پۈتكۈزۈپ، ئويۇن قويۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

قەدىردان جۇزۇڭلى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئويۇننى ناھايىتى قىزىقىپ كۆردى ۋە ھەر بىر نومۇر ئۈچۈن باش بولۇپ قىزغىن

① «باگار» - ئۇسسۇل مەشىقى قىلىدىغان تۇتقۇچ.



ئالقىش ياڭراتتى.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، جۇزۇڭلى سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلار بىلەن سەممىمىي ھالدا، بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ: «نومۇرىڭلار ناھايىتى ياخشى ئىكەن، قىزىقارلىق ئىكەن. ئارتىسلار بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇپ يېتىشىپتۇ. يولداشلار! چارچىدىڭلار، سىلەرگە رەھمەت» دەپ ئىلھاملاندۇردى ۋە بىرلىكتە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

جۇزۇڭلى بېيجىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭغا خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىشنى ھاۋالە قىلغان.

شۇ يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، خې لۇڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ خوتەنگە كەلگەندە، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى خۇددى جۇزۇڭلىنى كۈتۈۋالغاندەك تولۇپ تاشقان قىزغىن كەيپىياتتا ئويۇن كۆرسەتكەن.

خې لۇڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن، يەرلىك، مىللىي ئەنئەنىۋى پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان، ئىدىيىۋىلىكى ساغلام، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك تۈسكە ئىگە ناخشا ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇرسەن بولغان ۋە ئويۇن ئاخىرىدا سەھنىگە چىقىپ، ئارتىسلارنى قوبۇل قىلغاندا، قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سۆز قىلىپ: «يولداشلار! نومۇرىڭلار ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، سىلەر بېيجىڭغا بېرىپ، پايتەخت ئاھالىسىگە ئويۇن كۆرسىتىڭلار» دەپ يوليورۇق بەرگەن.

جۇئېنلەي زۇڭلى ۋە مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، بۇ ئۆمەك يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يېتەكچىلىك-

ده 1965 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ
بېرىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈم
مېھمانخانىسىغا چۈشكەندىن كېيىن، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى
ۋە پايتەختتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ قىزغىن قارشى
ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

شۇ ۋاقىتتا بېيجىڭغا بارغانلار: (ئۆمەككە يېتەكچىلىك قى-
لىۋاتقان يولداش ئىسمائىل ئەھمەدتىن باشقا) سالامەت مەخسۇت،
رىزۋان، سودىيە مەخمۇت، گۈلنار يۇسۇپ، قەمەرنىسائىمىن،
پاتىگۈل، مەلىكە، مەلىكەم، ئامىنە مۇھەممەت، خاسىيەت، چە-
مەنگۈل (چىخۇڭ)، گۈلنىياز تۇرسۇن، تۇرسۇنئاي، كېرىمول-
لا، سۇلايمان روزى، تۇرۇپ ھەسەن، مۇرات مەخسۇت، ئابدۇۋە-
لى، مۇختەر ئىمىن، ئوبۇلھەسەن ئىلى، مەتتۇرسۇن قۇربان،
زاكىر شاغۇجى، زىياۋىدىن قۇربان، ئابلىمىت ئەخەت، تۇردى
ئەخمەت، مەتنىياز قاتارلىق 26 نەپەر ئارتىس (رېژىسسور)،
دۇخەيىۇ (ئېلانچىڭ)، ۋاڭ چىڭبو (دىكىراتور)، چىڭ پامىن
(تەرجىمان)، فولىڭ (زاپخوز) قاتارلىق 5 نەپەر خىزمەتچى،
جەمئىي 31 كىشى ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تۇنجى مەيدان ئويۇن قويۇلغاندا،
ئويۇننى ھەر ساھە زاتلىرى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى بىلەن جۇز ۋېڭلى، دۇڭ بى-
ۋۇ، جۇدې، چېن يى، لى شيەنيەن، خې لۇڭ قاتارلىق دۆلەت
رەھبەرلىرىمىز قىزىقىپ كۆرگەن ۋە ئويۇن ئاياغلاشقاندىكى دەم
ئېلىشتا، دۆلەت رەھبەرلىرىمىز ئارتىسلارنى قوبۇل قىلىپ،
بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشكەن.

شۇ ۋاقىتتا پايتەخت سەھنىلىرىدە «ماۋجۇشىنىڭ سۆزى
قەلبىمىزدە»، «ماۋجۇشى قىزىل قۇياش»، «يىپەكچى قىزلار»،
«قىزىل قۇياش»، «گىلەمچىلىك ئۇسسۇلى»، «مال باققۇچى
قىز»، «ئانار ئۈزۈش»، «قۇربان تۇلۇم ماۋجۇشىنى كۆردى»،



«بوز يەر شاتلىقى»، «ماۋجۇشىنى كۆرگۈم بار»، «باغۋەن ئاكا»
، «كۈئىنلۈندا باھار»، «بايرام شاتلىقى» دىن ئىبارەت 13 نومۇر
ئوينالغان.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، خې لۇڭ جۇڭنەنخەيدە مەخسۇس
زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالغاندىمۇ زىياپەتكە جۇز ۋېڭلى، جۇدې، چېن
يى، لى شيەنيەن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىمىز ئالاھىدە قاتنى-
شىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلارنى بىر-
لىكتە قوبۇل قىلغان.

تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە چەكسىز ھاياجان بىلەن تولغان
زىياپەتتە، قەدىردان جۇز ۋېڭلى سۆز قىلىپ: «سىلەرنىڭ ئويني-
غان نومۇرىڭلار ـ ئىنقىلابلاشقان، جەڭگىۋارلاشقان، ئاممىۋىلاش-
قان نومۇرلار ئىكەن. سىلەر تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەرەب
دۆلەتلىرىگە چىقساڭلار، ئۇلار سىلەرنى جەزمەن قارشى ئالىدۇ»
دېگەن ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «سىلەر، قەدىمكى قاشتېشى دىيا-
رىدا ئۆسۈپ يېتىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ نامىڭلار
بۈنىڭدىن كېيىن ‹يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى› بولسۇن»
دېگەندە، مەيداندىكىلەر قىزغىن ئالقىش ياڭراتقان ۋە ئارتىسلار
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە ئىختى-
يارسىز ئىسسىق ياش ئېلىپ، بۇ شەرەپلىك مۇبارەك نامغا قىز-
غىن تەنتەنە قىلغان.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، جۇز ۋېڭلى جۇڭنەنخەيدە زىياپەت
ئۆتكۈزۈپ، «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» نىڭ ئارتىسلىرىنى
قوبۇل قىلغان. بۇ قېتىمقى قوبۇل قىلىشقا ئىچكى موڭغۇل
ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئۆلەنموچور» سەنئەت ئەترىتىدىكى ئارتىس-
لار بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈم
سەنئەت ئۆمىكىدىكى بىر قىسىم ئارتىسلارمۇ قاتناشقان. جۇز ۋېڭ-
لى زىياپەتتە قىزغىن سۆز قىلىپ: «‹يېڭى قاشتېشى سەنئەت
ئۆمىكى› نىڭ ئادىمى ئاز، نومۇرلىرى ئىخچام، مەزمۇنى ياخشى»

دەپ ئىلھاملاندۇرغان ۋە يەنە: «سىلەر تېخىمۇ كۆپ تۇرمۇش ئۆگىنىڭلار، خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىڭلار، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار» دەپ يوليورۇق بەرگەن. قەدىردان جۇ زۇڭلى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ئۇسسۇلچى گۈلنار يۈسۈپنى كۆرسىتىپ: «خوتەن سەنئەت ئۆمىكىدە بىر ئارتىس بار، ئۇ مانا مۇشۇ قىزنىڭ ئاپىسى! ئۇ، ئۆزى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى ئوينايدىكەن. يەنە ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئېيتىدىكەن، سىلەر ئەنە شۇ ئارتىستىن ئۆگىنىشىڭلار كېرەك» دېگەندە، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، ھەجەرخانىمدىن ئۆگىنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن.

باش سىياسىي بۆلۈم سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار بىلەن «ئۆلەنموچۇر» سەنئەت ئەترىتىدىكى ئارتىسلار، چېگرا رايوندىكى سەنئەت سېپىدە ئۇزۇن يىل تەر ئاققۇزۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن ھەجەرخانىمغا چىن قەلبىدىن تەشەككۈر ئېيتىپ، 30 پارچىغا يېقىن ھۆرمەت تېلېگراممىسى ۋە تەبرىكلەش خەتلىرىنى ئەۋەتكەن. ئەنە شۇ چەكسىز مېھىر شەپقەتتىن تۈگىمەس - پۈتمەس كۈچ - قۇۋۋەت ئالغان ھەجەر خانىم، ھازىرغىچە جۇ زۇڭلىنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ: «بىز بۇ ئۇلۇغ زاتنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە مەڭگۈ ئەسلەيمىز. چۈنكى ئۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ سۆيۈملۈك ئاتىسى» دەيدۇ.

خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى بېيجىڭدە تۇرغان 60 كۈن ئىچىدە، جۇ زۇڭلى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ 7 قېتىم قوبۇل قىلىنىشىغا ۋە 1966 - يىلقى يېڭى يىل ۋە باھار بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزۈش شەرىپىگە ئىگە بولغان. ئۇلار ئىلگىرى خوتەندىن يولغا چىققاندا، بېيجىڭدىلا ئويۇن كۆرسىتىپ قايتىپ كېلىمىز، دېگەن تەييارلىق بىلەن بارغانلىقى ئۈچۈن، قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى يېتەرلىك ئېلىۋالمىغان، بۇ ئەھۋالدىن قەدىردان جۇ زۇڭلى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئارتىس-



لارغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پاختىلىق پەلتوسىدىن بىر دانىدىن تارقىتىپ بەرگەن.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى پايتەخت تىياتىرخانىلىرى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى قىسىملىرىدا 30 نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن، تەكلىپ بويىچە تيەنجىن، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، ۋۇخەن، چاڭشا، شىئەن ۋە يەنئەن قاتارلىق جايلاردىمۇ 30 نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ، شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى سەنئەتچىلەر بۇ جايلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر نومۇرلىرىنى كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، شاڭخەي خەلق ناخشىسى «ئەمگەك قوشىقى»، خۇبېي خەلق ناخشىسى «بەخت كويى»، گۇاڭدۇڭ خەلق ناخشىسى «جۇجياڭغا مەدھىيە» قاتارلىق خەنزۇچە ناخشىلارنىمۇ بارغان جايلاردا ئۆگىنىپ، يەنە شۇ جايدىكى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۇرگەن.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى بۇ قېتىمقى شەرەپلىك سەپەرنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەدىردان جۇ زۇڭلى ۋە خې لۇڭ ۋە باشقا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، دەرھال 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەڭ يىراق يېزا - قىشلاقلىرىغىچە بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ھاياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلغان.

## «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ زىيانكەشلىكى

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق جەريانىدا، ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىككە ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

دۆلەتكە بالا، خەلققە قازا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قانلىق تۆمۈر تىرنىقى ھەممىدىن ئاۋۋال سەنئەتكارلارغا سانچىلدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن جان - پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن ۋە بۇ جەرياندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسلار كەينى - كەينىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەش - پىپەن قىلىندى. چىرايىغا قارا سۈرۈلدى، ئۇزۇن كۆلا كەيدۈرۈلدى، بوينىغا تاختاي ئېسىلدى، كوچىلارغا ئېلىپ چىقىپ سازايى قىلىندى. 1966 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە 33 ئادىمى بولغان بۇ سەنئەت ئۆمىكىدىن ئۆمەك باشلىقى ئابدۇقادىر ئوسمان، سىياسىي كومىسسارى ۋىن پىڭ قاتارلىق 9 كىشى تارتىپ چىقىرىلىپ نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىندى. ئۇلارنى خالىغانچە قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولىدى. مەجبۇرىي ئەمگەكلەرگە سالدى. ئادىمگەرچىلىك قېلىپدىن چىققان ھالدا ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلدى. «جىن - شەيتان»، «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرگۈچى»، ھەتتا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ قارىلاپ، ھەر كۈنى «مەسىلە» تاپشۇرۇشقا قىستىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى خوتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرگۈچىلەر دەپ مەدھىيىلەنگەنلەر مانا ئەمدىلىكتە «قارا جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى»گە ئايلىنىپ قالدى.

1970 - يىلدىكى «يىداسەنپەن» (1گە زەربە بېرىپ، 3



كە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدا، سەنئەت ئۆمىكىگە چۈشكەن «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ ئەزالىرى شتات ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۆمەكنىڭ ئادەم سانى 57 كىشىگە يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسى تەشنالىق بىلەن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ نازاكەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل، مۇڭلۇق مۇزىكا ۋە ئەلنەغمىنىڭ ئورنىنى قىزىل قوغدىغۇچىلار ئوبرازىنى شەكىللەندۈرىدىغان پېرسوناژلار، «دېڭىزدا پاراخوت رولچىغاتايىنىپ ماڭار»، «ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق»... دېگەنگە ئوخشاش نومۇرلار ئىگىلىگەنتى.

## ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، لىن بياۋ «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلغاندىن كېيىن، «يېڭى قاشتېشى» قۇياش ئىلكىدە قايتا چاقناپ، جۇلالىق نۇر قايتۇرۇشقا باشلىدى. ئارتىسلار قايتىدىن ياپراق چىقىرىپ، يېڭىدىن چېچەكلەپ، مېۋە بېرىشكە كىرىشتى. 1978 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭگە 2 - قېتىم بېرىپ، قەدىردان جۇزۇڭلى بەخشەندە قىلغان «يېڭى قاشتېشى»دىن ئىبارەت شەرەپلىك نامنى يېڭىباشتىن قايتا نامايان قىلدى.

1980 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد، شارشىبېك سىدىق، ماموتوف، نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى، مامۇت نىياز قاتارلىق يولداشلار بىلەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنى كۆز-

دىن كەچۈرگەندە، چوڭ يىغىن ئېچىپ، «مېنىڭ 3 يىل ئىچىدە ئۆمەكنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمنى» تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئانام ھاجى خانىمنىڭ ئىزباسارى بولۇپ ئەمەلدىيەتتە 14 يىل ئىشلىدىم (1993 - يىلى يېشىم چوڭىيىپ، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئىز باسار ئورنىدا يېتىشتۈرگەن يولداش ياسىن ئەمەت مېنىڭ ئورنىمدا ئۆمەك باشلىقى ۋە ئۆمەك پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىدى). 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق جەريانىدا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدە ھەممە ئىشنى يېڭىدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەشەببۇس قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، ئالدى بىلەن تەرەپبازلىقنى تۈگىتىپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشتۇق؛ مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا خاتا دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، ناھەق كۈرەش قىلىنغان ۋە ئېسىپ قويۇلغانلارنى ئازاد قىلىش بىلەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق؛ تەشكىلىي جەھەتتە چارە كۆرۈلۈپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ۋە تۈرمىگە قامالغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، قايتا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەكتىكى 78 كىشى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى كەيپىيات شەكىللەندى.

كىشىلەر ئارىسىدا، «سەنئەت - يۇرتنىڭ يۈزى، خەلقنىڭ كۆزى، پارتىيىنىڭ سۆزى» دېگەن سۆز بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يېتەكچى ئىدىيىنى «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئىختىساس ئىگى-



لىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئويۇن قويۇش سۈپىتىنى دەۋر روھىغا ماسلاشتۇرۇش» قا قارىتىپ، تېلېۋىزور ھەممە ئائىلىلەرگە كىرىۋاتقان، ھەرقايسى جايلاردا سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، قانداق قىلىپ رىقابەت بازىرىغا كىرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، تۆۋەندىكى ئىشلار قىلىندى.

1. خەلق ئاممىسىدىن ئۆگىنىش. خوتەن خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرلىقىدىن ئىبارەت ئۇستۇنلۇكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەل مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن زامانداشلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشنى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشنى ئىجادىيەتنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ھەر يىلى ئالتۇن كۈزدىن كېيىنكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مول ھوسۇلنى تەنتەنە قىلىپ، مىللىي مەشرەپ ئويناش مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆگىنىش چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، نۇرغۇن كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا ئاھاڭلىرى يىغىۋېلىنىپ، «خوتەن سەنىمى»، «يۈرۈڭقاش بويىدىكى شادلىق»، «ئوغۇل بالا چاققان»، «سۇمبۇل چاچىم»، «قادىر مەۋلان»، «پىرە ئۇسسۇلى»، «دېھقانلار شادلىقى»… قاتارلىق 30 نەچچە نادىر ئەسەرنى ئۆزگەرتىپ (تولۇقلاپ) ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

2. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىجاد قىلىش. ئۆمىكىمىزدىكى ئىجادىيەتچىلەر سەھنە سەنئىتىنىڭ خىلمۇ خىللىقى جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، 1980 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە بولغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات جەريانىدا سەنئەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تونۇشنى ئۆزگەرتىپ، ئىدىيىنى يېڭىلاپ، دەۋر روھىنى ئىپادىلەشتە ئاجايىپ يېڭى مۆجىزىلەرنى ياراتتى. سەنئەت ئىجادىيىتىدە، «ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، تۇرمۇشتىن يۇقىرى تۇرۇش، ئاممىنى

يېتەكلەش رولىنى ئويناش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۇرلۇك
مۇزىكا ئاھاڭلىرى، ھەر خىل ناخشا ـ ئۇسسۇل، لەپەر، قوشاق،
كومېدىيە ۋە كۆپ ئۆزگىرىشلىك مەشرەپلەردىن «قويچى ناخشى-
سى»، «دەۋرانىم گۈزەل»، «ئۆگەي ئانام ئۆز ئانام»، «قاشتېشى
گۈلى»، «جۇزۇڭلى قالدۇرۇپ كەتكەن بادام ئۇرۇقى مېۋە بەر-
دى»①، «كۆئىنلۈن شۇڭقارلىرى»، «يىگىتلەر شادلىقى»، «شا-
يى رومال»… قاتارلىق 630 دىن ئارتۇق نومۇر ئىجاد قىلىپ
سەھنىلەشتۈرگەن ھەمدە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى،
شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ ۋە خوتەن تېلېۋىزد-
يە ئىستانسىلىرى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقدىم قىلىپ، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا راھەت بەخشەندە قىلدى.

3. مۇتەخەسسىسلەردىن ئۆگىنىش. مەركىزىي مىللەتلەر
ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتى قەشقەردە ئاچقان
«دىرىژور ـ كومپوزىتورلار» ئۆگىنىش كۇرسى، شىنجاڭ ناخشا
ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام
تەتقىقات ئورنى قاتارلىق جايلارغا 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر
يىلى كۆپ بولغاندا 30 نەپەر، كەم بولغاندا 2 نەپەر ئارتىسنى
6 ئايلىقتىن 2 يىللىققىچە ئەۋەتىپ، مۇكەممەل كەسپىي بىلىم
ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغاندىن تاشقىرى، خىزمەت ئورنى-
دىن ئايرىلمايدىغان كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسىدىن 11 قارار ئې-
چىپ، بۇ كۇرسلارغا ئاپتونوم رايوندىن ھاجى راخمان، ئادىل-
جان، ئەمەتجان، نۇرمۇھەممەت سايىت، خەلچەم سىدىق، سەيپارە

① جۇزۇڭلى 1965 ـ يىلى پاكىستاندىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ خوتەنگە كەلگەندە، 1 كىلودەك بادام ئۇرۇقىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنى خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسى 1 ـ ئاھالە كومىتېتىدىكى دېھقانلار تېرىپ ئۆستۈرگەن. ھازىر بۇ بادام كۆچەتلىرى چوڭىيىپ، مول مېۋە بەرمەكتە. مەن بۇ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىققاندىن كېيىن، رىژىسسور ئابلىز مەتقاسىم چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل قىلىپ ئىشلىدى. 1984 ـ ۋە 1985 ـ يىللىرى، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە سەھنىلەشتۈرگەندە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇكسەك باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى.



قاتارلىق 33 نەپەر (ئادەم قېتىم) دۆلەت دەرىجىلىك ئاتاقلىق
ئارتىس، كومپوزىتورلارنى تەكلىپ قىلىپ، ياش ئارتىس مۇزد-
كانتلار تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن
«بۇ قەيەر، بۇ خوتەن»، «مۇلايىم چاققان»، «يۇرتىمىز گۈزەل
ـ شىنجاڭ»، «يېڭى دەۋرانىم گۈزەل»، «كۆرۈپ كەتكىن بوزاق-
نى»، «تۆھپىكارغا مەدھىيە»، «خۇشال ياشلار»، «ئالتۇن ھال-
قا»، «ياشلىق كۈيى»، «ئاكا سەن قەيەردە»، «يار بولسا»، «ئۇي-
غۇر قىزى»، «ۋەتەن سۆيگىسى»، «ئۇلۇغ ۋەتىنىم»، «مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا مەدھىيە»، «ئۇدۇن كۆيلىرى چاڭئەندە»…
قاتارلىق 100 نەچچە ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرى ۋە ئۇنىڭ بىر
يۈرۈش مۇزىكىلىرى بارلىققا كەلدى.

4. قېرىنداش سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن ئۆگىنىش. رادىئودا
ئاڭلىتىلغان، تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەن باشقا سەنئەت ئۆمەكلى-
رى ئورۇنلىغان سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ئورۇنلىنىش ماھارىتىد-
كى ئارتۇقچىلىقلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئۆز ئارا تەجرىبە
ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش
نومۇر ئورۇنلاۋاتقانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش
ئىزچىل تەشەببۇس قىلىنغانلىقتىن، ئارتىسلارنىڭ نەزەر دائىرد-
سى كېڭىيىپ، كەمتەر بولۇش، مەغرۇرلانماسلىق، كىچىك 1
ئوقۇغۇچى بولۇش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

5. ئاساسىي ماھارەت مەشىقى چىڭ تۇتۇلدى. سەنئەت تۇ-
زۇلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئاسا-
سىي ماھارەت مەشىقىدە «1 كۈن مەشىق قىلىغىسىز قالساڭ ئۆ-
زۈڭگە چانىسەن، 2 كۈن مەشىق قىلىغىسىز قالساڭ سەپداشلىرد-
نىڭ ئالدىدا چانىسەن، 3 كۈن مەشىق قىلىغىسىز قالساڭ سەھند-
دە چانىسەن» دېگەندىن ئىبارەت كەسپىي ئاڭلىقلىقىغا ئىلھام
بېرىلىپ، «مىللىي ئۇسسۇل»، «بالىت ئۇسسۇلى»، «مىللىي
مۇزىكا»، «ئېلېكترونلۇق مۇزىكا»، «ئەتىگەنلىك ئاۋاز تەڭ-

شەش» نى 17 يىل ئىچىدە 6 قېتىم تەگشەپ، تولۇقلاپ، ئۆزگەر-
تىپ، كۆنلۈك مەشىق قىلىش چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، قايسى بىر
تۇردە بولمىسۇن، يالغۇز ماھارەت كۆرسىتىدىغانلارنىڭ سانى يىل-
مۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
6. بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇش. «ئىجاد قىلىش
بىلەن ئورۇنلاش، ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن دىرامچىلىقنىڭ بىر-
دەكلىكى» گە ئەھمىيەت بېرىش باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇلغان-
لىقتىن، ئارتىسلار ناخشا - ئۇسسۇلدىلا يېڭى تەرەققىياتلارغا
ئېرىشىپ قالماستىن، دىرامچىلىق كەسپىدىمۇ ياخشى نەتىجىلەر-
نى قولغا كەلتۈرۈپ، «ئانارگۈل» (ئۆزگەرتىلگەن قىسمى)،
«ئانا ۋە بالا»، «ئارشىن مال ئالالان»، «پۇشايمان»، «ھەسەنىكام
ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق»… قاتارلىق مۇزىكىلىق دىرامىلارنى مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرۈپ، سەنئەت گۈلزارىغا يېڭى مەز-
مۇن ۋە يېڭى ھۆسىن قوشتى.
7. مۇكاپات - جازا ئەمەلدە كۆرسىتىلدى. ئىدىيىۋى -
ئىستىلدا ساغلام بولۇش، ئىجادىيەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇش،
ئورۇنلاش ماھارىتى يۇقىرى بولۇش، ئويۇن قويۇشقا تولۇق قات-
ناشقان بولۇش، تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلىغان ياكى
ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە، ھەر بىر
كىشىنىڭ كۆرسەتكەن نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قا-
راپ، ھەر ئايدا (ياكى بىر باسقۇچلۇق - سەپەردىن كېيىن) بىر
قېتىم باھالاپ، نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش تۈزۈمى يولغا قويۇل-
غانلىقتىن، ئارتىسلارنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى زور دەرى-
جىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى يۇقىرىقى 7 خىل تەدبىر -
تۈزۈم ئارتىسلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئىجادكارلىق رو-
لىنى جارى قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۆمەكتىكى 101 كىشىدىن،
ئالىي مائارىپ سەۋىيىسىگە ئىگە كىشى ئەسلىدىكى 1 نەپەردىن



10 نەپەرگە، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە كىشى ئەسلىدى-
كى 24 نەپەردىن 86 نەپەرگە يەتتى. مۇندىن باشقا 1 كىشى
دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە ئۇنۋانغا، 3 كىشى دۆلەتنىڭ 3 -
دەرىجىلىك ئۇنۋانىغا، 29 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا،
26 كىشى ياردەمچى ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

## زور نەتىجە

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى ئۆزىنىڭ ئەۋزەل سەنئەت
شەكلى ئارقىلىق، تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ھەقىقىي تۈردە جارى
قىلدۇرۇپ، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان خوتەن خەلقىنىڭ
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇش جەريانىدىكى ئۇلۇغۋار نەتىجىلىرى بىلەن جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان ئەقىدە - ئىخلاسىنى، شەكلى
مىللىي، مەزمۇنى ساغلام، يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە گۈزەل -
كۆركەم سەھنە ئەسەرلىرى ئارقىلىق نامايەندە قىلىپ ۋە مەدھى-
يىلەپ، پارتىيىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ھەر مىللەت خەلق
ئاممىسىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭىنى يۇقى-
رى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەسسە قوشۇپ كەلدى.
«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار 50 -
يىللاردىكى جەۋرى جاپاغا چىداپ ئىشلەش، قەيسەرلىك بىلەن
ئالغا ئىلگىرىلەش، خەلق ئاممىسى بىلەن ھەم نەپەس بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلىتى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلەش
روھىنى ئۈزۈن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر يىلى خوتەن ۋىلايى-
تىنىڭ تاغ - يېزىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم ئايلىنىپ،
دېھقان - چارۋىچىلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىشنى ئۈزۈلدۈرمەي
داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەندىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقاي-
سى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدىمۇ قەرەللىك ئو-

يۇن قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلار 17 يىلدىن بۇيان «3 خىل كۆرسەتكۈچ» (ئويۇن قويۇش قېتىم سانى، تاماشىبىن سانى ۋە كىرىم قىلىش سانى)نى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، 1980 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە 2633 مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ، 1 مىليون 921 مىڭ 109 نەپەر (ئادەم قېتىم) تاماشىبىننى كۈتۈۋېلىپ، 2 مىليون 30 مىڭ 668 يۈەن كىرىم قىلدى. ئۆمەكنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغا ئەگىشىپ، ئارتىسلارنىڭمۇ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللاپ، ئەمەلىي ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، 1482 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە بىر يۈرۈش زامانىۋى رەپېتىسخانا، ئىشخانا، مەجلىسخانا، ئامبار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى، بويتاقلار ياتىقى سېلىنغاندىن تاشقىرى، ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرى ۋە ئائىلىلىكلەرگە پار بېكىتىلدى. مىللىي ھەم زامانىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرى تولۇقلاندى، ئىلگىرى ـ ئاخىر شاڭخەيگە 4 قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ۋە ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلەپ، 400 قۇردىن ئارتۇق سەھنە كىيىمى تىكتۇرۇلدى. 1 قارا ماشىنا، 2 ئاپتوبۇس سېتىۋېلىندى (يۇقىرىدىن بىر كىچىك ماشىنا تولۇقلاپ بېرىلدى).

## دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، گەنسۇ، سىچۈەن، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق 4 ئۆلكىدىكى مەدەنىيەت نازارەتلىرى بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىمگە ئاساسەن، «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە، يۇقىرىقى ئۆلكىلەردە سەييارە ئويۇن قويۇپ، قېرىنداش مىللەتلەر



ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ باشلىقلىرى ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا نومۇرلىرىمىزنى كۆرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش جانابىل، مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مامۇتنۇر بىلەن ئىككىمىزنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، ئۆمىكىمىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت تەشكىلاتلىرىغا ۋەكىل بولۇپ 4 ئۆلكىگە بارىدىغانلىقىمىزنى، بۇ جەرياندا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆگىنىپ، سەنئەت تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يولغا چىقىش ۋاقتىمىزدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭ تەنتەربىيە مېھمانخانىسىغا كېلىپ، ئارتىسلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن: «سىلەر، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي سەنئىتىنى قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇش، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شەرەپ بىلەن قايتىپ كېلىڭلار، بۇ قېتىمقى ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر، سەپىرىڭلارغا ئاق يول تىلەيمەن» دېگەنىدى.

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بىز ئولتۇرغان پويىز لەنجۇ ۋوگزالىغا كىرگەندە، «شىنجاڭ يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكىنى قارشى ئالىمىز» دېگەن پىلاكاتنى كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ كىشى بىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئامان ئېسەنلىكنى سوراشتى. بىز لەنجۇ شەھەرلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى لەنجۇ شەھىرىدىكى گۈزەل ۋە قەدىمكى جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت

قىلدۇق. 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى لەنجۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. زىياپەتتە لەنجۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىزغىن سۆز قىلىپ: «سىلەر بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز، سىلەر جۇڭگو شەرەپلىك نام بەرگەن داڭلىق ئۆمەك، ئۇزۇندىن بېرى سىلەرنىڭ ئويۇنلىرىڭلارنى كۆرۈشنى تەشنالىق بىلەن كۈتكەنىدۇق، سىلەر لەنجۇ خەلقىنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ‹شاپتۇل چېچىكى بايرىمى›غا ئۆزگىچە يېڭى ھۆسن قوشتۇڭلار» دېدى. بىز لەنجۇ شەھىرى ۋە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا 1 ھەپتىگە يېقىن ئويۇن كۆرسەتكەندە، لەنجۇ شەھەرلىك پارتكوم، لەنجۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە ئويۇن كۆردى. گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى ۋە بىرلىكتە رەسىمگە چۈشتى.

سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى چېڭدۇ ئىنتايىن پاكىزە، گۈل - گۈلىستانلىق، كۆرۈنۈشى ھەشەمەتلىك گۈزەل شەھەر بولۇپ، خەلقى مەدەنىيەتلىك، باياشات ماكان ئىكەن. بىز بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سەممىي قارشى ئېلىپ، ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇق. بىز «چېڭدۇ شەھەرلىك خەلق تىياتىرى»دا ئويۇن قويغاندا، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ... قاتارلىقلار كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە ئۇدا بىر قانچە ئاخشام ئويۇن كۆرۈش جەريانىدا، نەچچە قېتىم سەھنىگە چىقىپ، ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن مېھمانخانىغا كېلىپ ئارتىسلاردىن ھال سورىدى، قايتىش ۋاقتىمىزدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇزىتىپ قويدى.

بىز كۈنمىڭغا كەلگەندە ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىن قارشى ئېلىندۇق. پويىز ۋوگزالغا كىرگەندە، 22 مىللەت ياشايدىغان



يۈننەن ئۆلكىسىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىزنى ئىنتايىن سەممىي كۈتۈۋالدى. چۈنكى، 1952 - يىلى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بۇ جايغا كېلىپ بىر قېتىم ھال سوراش ئويۇنى قويغاندىن كېيىن، 34 يىل ئىچىدە شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىكەن.

يىل بويى باھاردەك ئۆتىدىغان، باغۇ - بوستانلىق گۈزەل شەھەر كۈنمىڭدا قويغان ئويۇنىمىزنى يۈننەن ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئۆلكىلىك پارتكوم مىللەتلەر خىزمىتى بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەر ساھە ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە كۆرۈپ، قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىش بىلەن ھەر كۈنى ئويۇن ئاخىرىدا سەھنىگە چىقىپ، ئارتىسلاردىن ھال سورىدى ۋە خاتىرە ئۈچۈن بىرلىكتە رەسىمگە چۈشتى.

بىز گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ قارىغايلىرى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدىغان ياپيېشىل تاغلىق شەھىرى گۈيياڭغا كەلگەندىمۇ ئاجايىپ قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا مۇيەسسەر بولدۇق.

گۈيجۇ ئۆلكىلىك خەلق تىياتىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا، رەڭگا رەڭ بايراقلار چىقىرىلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ تۇرغان كۆرۈنۈشى چوڭايتىپ چاپلانغان، «شىنجاڭ يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز»، «يېڭى قاشتېشى گۈيياڭدا نۇر چاچقۇسى»، «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى مەنىۋى ھاياتىمىزغا يېڭى مەزمۇن قوشقۇسى»، «گۈيياڭدا كۆپرەك تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز»، «ياشىسۇن مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» دېگەنگە ئوخشاش پلاكاتلار ئېسىلغانىدى.

بىز بۇ شەھەردە بىر ھەپتىدەك ئويۇن قويدۇق.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى 33 كىشى 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، 13 - ئاپرېلدىن 29 - مايغىچە 4 ئۆلكە مەركىزىدە 46 كۈن تۇرۇپ، 22 مەيدان ئويۇن

قويۇش جەريانىدا:

1. ھەرقايسى ئۆلكە مەركىزىدە، ئۇلارنىڭ ئەزىز مېھمىنى قاتارىدا كۈتۈۋېلىندۇق. ئۇلارنىڭ بىزنى كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، زىياپەت بېرىش، سەيلە - ساياھەت قىلدۇرۇش، تېلېۋىزورغا ئېلىش، سوۋغا - سالام بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش... قاتارلىقلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپ چىقىم تارتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

2. ئارتىسلىرىمىز ئورۇنلاپ چىققان ئۇيغۇرچە نومۇرلاردىن باشقا، خەنزۇ، قازاق، زاڭزۇ، ياپون ۋە ھىندى تىلىدىكى ناخشىلار بىلەن موڭغۇلچە، خويزۇچە، قىرغىزچە، ئۆزبېكچە ۋە تاجىكچە ئۇسسۇللار، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى چۈشىنىش، مىللەتلەر ئارا دوستلۇق گۈللىرىنى بىرلىكتە ئېچىلدۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

3. «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار، ھەرقايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتلىرى بىلەن ئۆزئارا ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «داپ ئۇسسۇلى» ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ 5 خىل تۈرى، شۇنىڭدەك خەلق ناخشىلىرىدىن 2 نى ئۆگىتىپ قويغاندىن تاشقىرى، ئۇلاردىن مياۋزۇ خەلقىنىڭ «گوفىڭ» ئۇسسۇلى، ئەينىزۇ خەلقىنىڭ «خۇشال قوڭغۇراق» ئۇسسۇلى، دەيزۇ خەلقىنىڭ «سۇ» ئۇسسۇلى، خانىزۇ خەلقىنىڭ «تيەلولو» زاڭزۇ، خەلقىنىڭ «يى شاۋلو» ناملىق ناخشىسىنى ئۆگىنىپ، شۇ جايدىكى تاماشىبىنلارغا كۆرسەتتى.

4. يۇننەن ئۆلكىلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىگە بەي زۇ خەلقىنىڭ يەرلىك مىللىي



مۇزىكا ئەسۋابى «خولۇسى»نى تەقدىم قىلغاندا، «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى ئۇلارغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «بالىمان»دىن 1نى تەقدىم قىلدى، مۇندىن باشقا ھەرقايسى ئۆلكە مەركەزلىرىگە بارغاندا، «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار، مېھمانخانا ۋە تاماقخانىلارنىڭ ئىشلىرىغا خالىسانە ياردەملەشكەنلىكتىن، ئۇلار ئارتىسلارنىڭ بۇ خىل روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى.

5. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب رايونلىرىدا قىزغىن قارشى ئېلىنىۋاتقان «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا، شۇ جايلاردىكى نەشرىيات - ئاخبارات ئورۇنلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

ئۆمىكىمىزدىكى ئارتىسلار 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غەلىبە بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە مۇئاۋىن نازىرلىرى دوكلاتىمىزنى ئاڭلاپ ۋە نەق مەيداندىن خاتىرىلەنگەن سىن ئالغۇ فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولۇشقان ھالدا: «سىلەر ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن شان - شارەپ كەلتۈردىڭلار» دەپ ئىلھاملاندۇردى.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار يەنە خەلقئارا سەھنىلەردىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويۇن كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.

ياش ئۇسسۇلچى خانقىز 1981 - يىلى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە تۈركىيە قاتارلىق 6 دۆلەتكە چىقىپ، ئويۇن كۆرسەتتى.

جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئاتاقلىق لەپەرچى سودىيە مەخمۇت 1986 - يىلى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە پاكىستانغا چىقىپ ئويۇن كۆرسەتتى.

ياش ناخشىچى مۇنەۋۋەر مەتتوختى شىنجاڭ ناخشا - ئۇس-

سۇل ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە 1989 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالما ـ ئاتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا «ئالتۇن ئالما» سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىن باليمان چېلىش ماھىرى بەكرى تۇردى باشچىلىقىدىكى 8 كىشى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە 1989 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش بىلەن يەنە ياپونىيىنىڭ 25 شەھىرىدە دوستلۇق ئويۇنى كۆرسەتتى.

1990 ـ يىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ياش ئۇسسۇل ماھىرى گۈلنار يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى 12 كىشى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى» نامىدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە، «خامادا شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە خامادا پورتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى» نى تەبرىكلەپ، ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى ۋە ياپونىيىنىڭ 5 چوڭ شەھىرىدە ئويۇن كۆرسەتتى.

1991 ـ يىلى ئۆمىكىمىزدىن 32 كىشى قازاقىستاننىڭ ئالما ـ ئاتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا «قىزىل ئالما» سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، خەلقئارا دوستلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە يۇقىرى باھا بېرىشىگە ئېرىشتى.

1992 ـ يىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى پايتەختكە 3 ـ قېتىم بېرىپ ئويۇن كۆرسەتتى.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خوتەندىن ئاپتونوم رايونىمىزغا، ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، جۇمھۇرىيەتتىن خەلقئاراغا يۈزلىنىشى ۋە يىلمۇ يىل يۇقىرى



ئۆرلەپ، يېڭىدىن ـ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ، جۈملىدىن، خوتەن خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپى.

## شان ـ شەرەپ خەلققە مەنسۇپ

1980 ـ يىلى سۇلايمان روزى بىلەن سودىيە مەخمۇت ئورۇنلىغان «ئەمگەك ۋە مۇھەببەت» مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1981 ـ يىلى گۈلنار يۈسۈپ بىلەن قەمەرنىسا ئورۇنلىغان ئۇسسۇل «پىلىچى قىزلار» ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1 ـ نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3 ـ نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە «شىرىنجان» دېگەن لەپەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «مۇبارەك» دېگەن ناخشا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۆگەي ئانام ئۆز ئانام» بىلەن «گۈللىنىۋاتقان خوتەن» 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تىيانشان ئاۋازى» سەنئەت كۆرىكىدە «دەۋرانىم گۈزەل» 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۇنتۇلمايدۇ تۆھپىكار» بىلەن «يۇرتۇم مەنزىرىسى» 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1987 ـ يىلى 1 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى «تەڭ-

ـرى تاغدا كۈز» سەنئەت فېستىۋالىدا كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك «ئالتۇن لوڭقا» مۇكاپاتىغا، «بۇ قەيەر، بۇ خوتەن» قاتارلىق 4 نومۇر «مۇنەۋۋەر» ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1989 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى «تەڭرىتاغدا كۈز» سەنئەت فېستىۋالىدا كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «چاڭئەندىكى ئۇدۇن بەزمىسى»، «يۇرۇڭقاش بويىدىكى شاتلىق» قاتارلىق 8 نومۇر «مۇنەۋۋەر» ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1989 ـ يىلى «يىپەك يۇرتىدا نورۇز» بەدىئىي فىلىمنى ئىشلەپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «قاشتېشى ئات» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1993 ـ يىلى سۇلايمان روزى بىلەن سودىيە مەخمۇت ئورۇنلىغان لەپەر «ئاشپەزخان بىلەن زەگەرجان» مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1995 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن مەملىكەتلىك مۇزىكا تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە، «باغۋەن ناخشىسى» پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن 1988 ـ ۋە 1989 ـ يىللىرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى، 1994 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە داۋاملىق 3 يىل «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتلىنىپ كەلمەكتە.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇشۇ بىرنەچچە يىل



ئىچىدە رىزۋان، ئابلىز مەمەتقاسىم، باھارگۈل ئىمىن، مەتروزى تۇرسۇن، بۇخەلچەم، ئايتۇنە، ھاۋانىسا، نەبىجان، جۇرئەت، پەرىدە قاتارلىق 10 نەپەر ئارتىسنى «شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى»، «شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى»، «شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى»، «شىنجاڭ سىرىك ئۆمىكى» قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىگە يۆتكەپ بەردى.

«يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىسلاھات داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ئەلۋەتتە خەلققە مەنسۇپ.

## خەلق ئاممىسىنىڭ رەھمەت ساداسى

خەلق تۆھپىكارنى قەدىرلەيدۇ. خەلقنىڭ باھاسى ـ ئادىل تارازا.

نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەنلەرنى خەلق ئاممىسى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بەلكى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي دائىم ماختايدۇ. ھۆرمەتلەيدۇ.

مۇشۇ 17 يىل ئىچىدە، شىنجاڭ گېزىتى «تېخىمۇ چاقناۋاتقان يېڭى قاشتېشى»، شىنجاڭ نېفىت گېزىتى «زەپمۇ ئۆز ئىكەن قاشتېشىنىڭ زەرۇ جۇلاسى، نۇر ئىلكىدە شاتلاندى جۇڭغارىيە ۋادىسى»، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى «يېڭى قاشتېشىنىڭ يېڭى ناۋاسى»، ئىلى گېزىتى «مەرھابا يېڭى قاشتېشى سەنئىتى، ئۇرغىدى ئالمازار يۇرتىنىڭ ھۆرمىتى»، «تاغ ـ دەريا بېسىپ كەپسەن ئىلىغا ئېلىپ، سەن ئوينىغان ھەر ئويۇن چىقماس كۆڭۈللەر قېتىدىن»، قەشقەر گېزىتى «سەنئەت بېغىدىكى غۇنچىلارغا بارىكاللا»، خوتەن گېزىتى «سايرا بولبۇللار، شاتلىنىپ سايرا، ۋەتەن گۈلزارىدا زوقلىنىپ يايرا»، «كۈئىنلۇن ئېتىكىدە چاقنىغان يېڭى قاشتېشى»··· دېگەن سەرلەۋھەدىكى ماقالىلەرنى

ئېلان قىلدى.

مۇندىن باشقا، قازاقىستان، ياپونىيە، تۈركىيە، ماراكەش، پاكىستاندا چىقىدىغان گېزىتلەر كۆپلىگەن ماقالە ۋە سۈرەتلىك خەۋەرلەرنى ئېلان قىلغان.

يەنە مۇشۇ 17 يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر ساھە ئاممىسى ۋە ھەرقايسى ئورۇنلار «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىگە 60 تىن ئارتۇق لەۋھە، تەقدىرنامە، 200 پارچىدىن ئارتۇق مىننەتدارلىق خېتى ئەۋەتتى.

ھازىر «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار تىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپالىق ئىشلەش روھىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى، «تەڭرى تاغدا كۈز» سەنئەت فېستىۋالىغا سوۋغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، خوتەننىڭ يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن «دېھقان روھى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق مەشرەپنى ئەستايىدىل رەپىتىس قىلماقتا.

«يېڭى قاشتېشى» جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېقىندىلا كېلىۋاتقان 21 ـ ئەسىرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم تاشلىغۇسى ۋە تېخىمۇ جۇلالىق نۇر قايتۇرغۇسى!

(ئاپتور: خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# ناتىقنىڭ جاۋابى

(ئەسلىمە)

## مۇھەممەت رەھىم

قاچان ۋە قەيەردە بولسۇن گېزىت، ژۇرنال مۇخبىرلىرىنى كۆرسەم، قىرىق نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر يىغىن يادىمغا كېلىدۇ ـ دە، ئۇنتۇلماس بىر ئىنساننىڭ يارقىن سىماسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

1948 ـ يىلى 3 ۋىلايەتتە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىندى. بۇ ئاممىۋى جەمئىيەت ئادەتتە قىسقارتىلىپ «ئىتتىپاق» دەپ ئاتىلاتتى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇ «ئىتتىپاق» غۇلجا شەھىرىدىكى مەتبۇئات ۋە تەشۋىقات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن 1 يىغىن چاقىردى. بۇ يىغىنغا «ئىتتىپاق» رەئىسى، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ، بۇ يىغىننىڭ مەقسىتىنى سۆزلەپ، يېقىندا ئاممىباب ۋە ئۇنىۋېرسال بىر ژۇرنال نەشر قىلىنىدىغانلىقىنى، بۇ ژۇرنالنىڭ ئىسمى «ئىتتىپاق» بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ژۇرنالنىڭ تېماتىك دائىرىسى، سۈپىتى ۋە ھەجمى ئۈستىدە توختالدى: «بۇ ژۇرنىلىمىزغا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا، تۈرلۈك ساھە ۋە تۈرلۈك مەزمۇندىكى يېڭى ـ يېڭى خەۋەرلەرگىمۇ ئورۇن بېرىلىدۇ» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قىزغىن مۇزاكىرە باشلىنىپ كەتتى.

ژۇرنال خىزمىتىگە دائىر پىكىر، تەكلىپ ۋە سوئاللارنىڭ ھېچقايسىسى جاۋابسىز قالمىدى. كىمدۇر بىرىنىڭ سوئالى مەزمۇن جەھەتتىن تەكرار بولۇپ قېلىۋىدى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا:

— يۇسۇپ قازىغا[1] بەرگەن جاۋابىمنى ئىككىڭلار تەڭ بۆلۈشۈۋېلىڭلار، — دېدى.

— بۆلۈپ بەرمىسە قانداق قىلىمەن؟ — دېدى ھېلىقى كىشى گەپدانلىق قىلىپ.

— قازى دېگەن ئادىل بولىدۇ، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

بىر مۇخبىرنىڭ مۇنۇ سوئالى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

— بەزى ئىدارە، جەمئىيەتلەر يىغىن ئاچسا، ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋالىدۇ، ھەتتا بىزنىمۇ كىرگۈزمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن بىز مۇنداق يىغىنلار توغرىسىدا خەۋەر يازالمايدىكەنمىز، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟

— بۇگۈن مەن مۇخبىرلىق ئىشى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى ئەمەس ئىدىم، سىز ئاغزىمنى تاتىلاپ قويدىڭىز، ئەمدى جاۋاب بەرمىسەم بولماس، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — مۇخبىر بولغان ئادەم، مەسىلەن، سىز شۇنداق قېلىن ۋە تەدبىرلىك بولۇشىڭىز كېرەككى، سىزنى ئىشىكتىن كىرگۈزمىسە، دېرىزىدىن كىرىڭ، دېرىزىدىنمۇ كىرگۈزمىسە، مورىدىن چۈشۈپ ئوچاقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاڭلاڭ!

يىغىن زالى كۈلكە ۋە ئالقىش بىلەن جانلىنىپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ جاۋابى مۇخبىرلارغىلا ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياققانىدى.

مەن بۇ ئەزىز رەھبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي سۆھبەتلىرىدە 2 ـ 3 قېتىم ئاڭلىغانىدىم. مۇنازىرە بىلەنمۇ ھەل بولمىغان بەزى مۇشكۈل مەسىلىلەرگە ئېنىق، توغرا ۋە قىسقا جاۋاب بېرەتتى (ئەپسۇسكى، شۇنداق مەسىلىلەردىن بىرىنىمۇ ئەسلىيەلمىدىم). بۇنىڭدىن سۆھبەت قاتناشچىلىرى خۇددى بىر چىگىش يىپنىڭ ئۇچىنى تېپىپ يېشىۋەتكەندەك، كۆڭۈل ئازادىلىق ھېس قىلىشاتتى. بۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىلىم تەھسىل قىلغان سىياسىيون ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى.

شۇ كۈنكى «ئىتتىپاق» يىغىنىدا مەن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ھېلىقى مۇخبىرنىڭ سوئالىغا بەرگەن جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ئىخچام جاۋابىنى ئاڭلاپ، يېتىلگەن ناتىق ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم. «بۇ ئادەم ـ خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۈتكەن ۋە ئىزدىگەن ئارزۇ ـ ئۈمىدى ھەم بەخت ـ تەلىيى ئىكەن» دېگەن پىكىر كۆڭلۈمدىن كەچكەنىدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ خەلقى ئەخمەتجان قاسىمىنى سېغىنىپ ئەسلىمەكتە. مەنمۇ بۇ ئۇلۇغ ئىنساننى ئەسلەپ، ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئۆچمەس ھەيكىلىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن سۇرتۇپ چىقتىم، بۇ ئەسلەش مېنى دولقۇنلۇق خىياللار دەرياسىغا غەرق قىلدى... ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇبارەك قولىنى تۇتقان قوللىرىم، نۇرانا قامىتىنى كۆرگەن كۆزلىرىم ۋە داھىيانە سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قۇلاقلىرىم ئۆزۈمگە تەۋەرۈك بولۇپ قالدى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن)
جاۋابكار مۇھەررىر: **دىلدار ئېزىز**

---

[1] يۇسۇپ قازى ـ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن زىيالىي كادىر. قازى ـ شۇ كىشىنىڭ قوشۇمچە ئىسمى ئىدى.

# ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زات — ئابدۇكېرىم داموللا ھاجى توغرىسىدا

## ھۇسەن روزى تىرىك

بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى مەرھۇم ئابدۇكېرىم داموللا ھاجىمنىڭ ئۇۋال قىلىنغان دىلوسى ئاقلىنىپ، ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كومپارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ھەققانىيلىقىغا تەنتەنە قىلىپ، مەرھۇمنىڭ 12 يىلدىن كېيىن (1984 - يىلى) بېرىلگەن ئاشكارا، خالىس نەزىرىگەداخىل بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، قارا شەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى مېنىڭ كونا ئارخىپىمدىكى بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ئۆزۈمگە قايتۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ ماتېرىياللار ئىچىدە 1964 - يىلدىن ئېتىبارەن شايار «تارىم» ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدە يېزىشقا باشلىغان، يېرىم يىلدىن كېيىن تۈرمە دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئاختۇرۇپ تېپىۋېلىنىپ، مۇسادىرە قىلىنغان بىر دانە خاتىرە دەپتىرىم قولۇمغا چىقىپ قالدى. دەپتەرنى ۋاراقلاۋېتىپ ئەينى ۋاقىتتا مەرھۇم ئابدۇكېرىم داموللاھاجىمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن خاتىرىلەپ ئېلىنغان «ئۈمىد» ناملىق بىر پارچە شېئىرى مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى ھەم چوڭقۇر ئويغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كىچىك پېئىل، خۇشچاقچاق مىجەزى، سۈتتەك ئاپئاق چاچ ساقاللىرى، قىزىللىق كەتمىگەن نۇرانە سىماسى شۇئان كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسى-



مۇ، مەرھۇمنى ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلەپ، ئۇ توغرۇلۇق بىرەر پارچە ئەسلىمە ماقالە يېزىشنى بىر كۈنمۇ ئېسىمدىن چىقارماي كەلدىم. ئاخىرى ئۇ مەرھۇمنى چەكسىز سېغىنىش، ئۇنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئېسىل ئەخلاقىي - پەزىلىتى، كەمتەرلىكى، ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار روھىنى كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. يازمىشلىرىم ئىچىدە كۆرۈلگەن نۇقسانلارنى ئۇستازلارنىڭ، دوستلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزىتىپ كېتىشكە ئىشەنچىم كامىل.

### 1

نۇرىدىن ئوغلى ئابدۇكېرىم 1896 - يىلى سېنتەبىردە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى مەشئەت كەنتىدە بىر تامچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1905 - يىلىدىن باشلاپ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىپ، ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. دادىسىنىڭ بىمەزگىل قازا قىلىپ كېتىشى، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىق ئۇنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىغا يار بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئابدۇللا دېگەن چارۋىدار كىشىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ، ئائىلىسىنىڭ نامرات تۇرمۇشىنى قامداشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1914 - يىلى يېتىم ئابدۇكېرىمنىڭ شۇنچە زېرەك تۇرۇپ مەكتەپتە ئوقۇيالماي قالغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغان ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر سودىگەر كىشى ئۇنى خىزمىتىگە سېلىپ، ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىنى قوللايدۇ. تىرىشچان ئابدۇكېرىم ئاتۇشتىكى مۇددەرىسلەردىن بىلىم ئېلىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، قەشقەردىكى چوڭ بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىس» كە

كىرىپ سىرتتىن ئوقۇيدۇ. 1920 - يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ ئۇ ئاتۇشتىكى دىنىي مەكتەپلەردە شاگىرت تەربىيىلەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ شاگىرتلىرىغا بىلىمنىڭ كۈچ قۇدرىتى توغرىسىدا كۆپلەپ تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ. 1924 - يىلى يۇرتىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ «جەدىتلىكنى تەرغىپ قىلغان...» دەپ بۆھتان چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىشى سەۋەبلىك «تاغ ئارقىسى» دەپ ئاتالغان كورلىغا كېلىپ، دەسلەپتە مەدىكارچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى شۇنچە غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتسىمۇ ئاۋام خەلق ئالدىدا بىلىمى بىلەن ماختىنىپ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە يېلىنىشنى نومۇس دەپ بىلىپ، نامرات خەلق ئاممىسى بىلەن تەقدىرداش بولۇشقا رازى بولىدۇ. 1926 - يىلى باھاردا يۈسۈپ ئاخۇن دېگەن تەقۋادار بىر كىشى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كورلىدىن لوپنۇر ناھىيىسىگە ئەكىلىپ ئوقەتكە سېلىپ قويىدۇ. ئۇ بۇ جايدا بىر تەرەپتىن ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى سېتىپ ئوقەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەر ئىجارە ئېلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بارا - بارا ئۇنىڭ بىلىملىك بىر ياش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئاما ئۇنى مەسچىتكە ئىمام بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ ئىماملىق قىلغاچ دىنىي مەكتەپ ئېچىپ شاگىرت تەربىيىلەيدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىدە تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. خۇسۇسەن، ئۇنىڭ ھەر قانداق ئەھۋالدا خەلق ئاممىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىشى، ئاممىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ھەممىنى قايىل قىلىدۇ.

1933 يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، جايلاردا يېڭى مەكتەپلەر خۇددى باھاردىكى مايسىلاردەك قەد كۆتۈرۈپ، بەرپا بولۇشقا باشلايدۇ. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇش،



ئوقۇغۇچىلارنى ھەم دىنىي ساۋاتتىن ھەم پەننىي ساۋاتتىن خەۋەردار قىلىش يولىدا كۆپ باش قاتتۇرىدۇ ھەم قول سېلىپ ئىشلەيدۇ. 1934 - يىلى ئاتاقلىق ئىنقىلابىي قۇربان، مەدەنىيەت سەركەردىسى كەنجى ئېلىيوفنىڭ رەئىسلىكىدە كورلا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى تېزدىن راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئۇيۇشما بىلىملىك ھەم قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە جىددىي مۇھتاج بولىدۇ. ئاشۇ پەيتتە ئۇ كورلىدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن مۇسا شاڭزۇڭ، نىيازبەگ ھاجىم، ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن لوپنۇردىن كورلىغا كېلىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېڭى قۇرۇلغان مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ يېڭى مەكتەپلەرنى قۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ. 1937 - يىلى كەنجى ئېلىيوف كورلىدىن يۆتكىلىپ بۈگۈر ناھىيىسىگە ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم داموللام سايلامدا كورلا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، كورلىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ھارماي - تالماي ئاجايىپ شىجائەت بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇ 1937 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نەنجىڭدا ئېلىپ بارغان ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش شوئارىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەركىبىدە ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىقات ئۆمىكى

تەشكىللەپ، «كۇرەش قىزى»، «شاڭخەي كېچىسى» قاتارلىق
سەھنە ئەسەرلىرىنى كەڭ ئاممىغا كۆرسىتىپ، ياپونغا قارشى
ئالدىنقى سەپكە ئىئانە توپلاشقا باشچىلىق قىلىدۇ. قىسقىغىنە
ۋاقىت ئىچىدە 32 مىڭ دوللار (شۇ چاغدىكى پۇل) توپلاپ
ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدۇ. 1939 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىڭ شىسەي
غالجىرلىشىپ، ئاتالمىش «ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن»
دېگەن نام بىلەن نۇرغۇن پايلاقچىلارنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دۈبەن مەھكىمىسى مۇشۇ پايلاق-
چىلارنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن ئادەملەرنى ئۆز مەيلىچە قولغا
ئېلىپ، خالىغانچە ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە پاي-
لاقچىلار ئابدۇكېرىم داموللامنىڭمۇ ئىزىغا چۈشىدۇ ۋە شۇ يىلى
2 ـ ئايدا ئۇ مەخپىي بۇيرۇق بويىچە تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۈرۈمچىد-
گە يالاپ ئاپىرىلىپ شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە قامىلىدۇ ھەمدە
قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. 1942 ـ يىلى
شىڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ كوممۇنىست-
لارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشقا باشلايدۇ. ئابدۇكېرىم دا-
موللامنىڭ بىرەر پاكىتلىق جىنايىتىنى تەكشۈرۈپ تاپالمىغانلىق-
تىن، ئۇنى ئامالسىز تۈرمىدىن قويۇۋېتىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چى-
قىپلا ئىلگىرى تۇرغان جايى لوپنۇرغا بېرىپ، يەنىلا دېھقانچىلىق
بىلەن ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ئىلىم ـ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيگەچكە، مىل-
لەتنىڭ روناق تېپىشى، ئۆز دىيارىنىڭ گۈللىنىش تەقدىرىنى
تامامەن مائارىپقا باغلاپ، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.
1944 ـ يىلى، 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ قارا شەھەردى-
كى چوڭ مەسچىتنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىققان، قارا شەھەرلىك
مەشھۇر دىنىي زات يۈسۈپ ئەلەم ھاجى ئابدۇكېرىم دامولامنى
بۇ مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر
تاپقان ئەكسىيەتچى دائىرىلەر خاتىرجەم بولالماستىن، دەرھال



ئۆزلىرىنىڭ سادىق مۇرتلىرىدىن بولغان ناسىر دامولىنى قارا
شەھەرنىڭ قازىلىقىغا (سوت باشلىقلىقىغا)، رەخمىتۇللا دامول-
لىنى «مۇپتى» لىققا تەيىنلەپ ئەۋەتىپ، تاقابىل تۇرۇشنىڭ چا-
رىسىنى قىلىدۇ. ئابدۇكېرىم دامۇللام بۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر
بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ خەلق ئاممىسىنى ئادالەتنى، ھەقىقا-
يەتنى ياقلاشقا چاقىرىدۇ. مۇشۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە ئۇ كۆپ-
لىگەن ئىلغار زىيالىيلار ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشىدۇ. ناسىر دامولla قاتارلىقلار تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ
ھۆكۈمەتكە تايىنىپ ئاممىنى پارچىلاپ، تەرەببازلىق قىلىپ،
ئەكسىيەتچىلىكتە تېخىمۇ ئۇچىغا چىقىدۇ. بۇنىڭ پاكىتى سۈپى-
تىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتىمەن.
1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت
شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنى تەشكىل قىلىپ، ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت رەئىسلىرىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقىش
ئۈچۈن، شىنجاڭ بويىچە جايلاردىن سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش
ئەزالىرىنى يىغىنغا چاقىرىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەر ۋىلايىتىدىن
ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغان سۇزۇك ھاجىيوف قاتار-
لىقلار قارا شەھەردىن ئۆتىدۇ. سۇزۇك ھاجىيوف شىنجاڭ تارىخ
ماتېرىياللىرى 15 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «11 ماددىلىق تىنچلىق
بىتىم ۋە ئاتالمىش دېموكراتىك سايلامنىڭ سىرى» ناملىق ماقالى-
سىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... بىز قارا شەھەرگە يېتىپ كەل-
دۇق، قارا شەھەردىكى گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارى، قورچاق
ۋالىي زۇ شوپىڭ بىز كېلىشتىن بۇرۇنلا يۇقىرى خەلق سوتىنىڭ
رەئىسى ناسىر دامولla باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنى تەربىيە-
لەپ، بىزگە قارشى تەييارلاپ قويغان ئىكەن. بىز قارا شەھەرگە
يېتىپ كېلىشىمىز بىلەن بۇ ئەكسىيەتچى گۇرۇھ ئاقسۇدىكى
ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ بىزگە تېخىمۇ جىددىي
ھۇجۇم قوزغىدى...... ئاقسۇنىڭ ئەكسىيەتچى كېڭەش ئەزالىرى

بىلەن قارا شەھەرنىڭ قارا كوچىلىرى بىرلىشىپ دىنىي مۇتەئەس-
سىپلىكنى بايراق قىلغان ھالدا، ئارىمىزدىكى ئاخۇنلىرىمىز ۋە
مۆتىۋەرلىرىمىزنى بىزدىن تارتىۋالماقچى بولدى. قارا شەھەردە
ناسىر داموللا دېگەن يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قۇرئان تۇتۇپ
قەسەم ئىچىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى
قارىلاپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغاچقا، بەزى دىنىي زاتلىرىمىز ئار-
سالدى بولۇپ قالدى... شۇنداقتىمۇ، بىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆس-
تۇرۇپ، ئۇلارغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى-
نى بىت - چىت قىلدۇق...» بۇ پاكىتتىن ئەينى ۋاقىتتىكى قارا
شەھەردىكى 2 گورۇھ ئاتالغان ئابدۇكېرىم داموللام بىلەن ناسىر
ۋە رەخمىتۇللا داموللا ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ شەخسىي
ئۆچ - ئاداۋەت، مەزھەپ رىقابىتى بولماستىن، بەلكى تەرەققىي
پەرۋەرلىك بىلەن مۇتەئەسسىپلىك، ئىلغارلىق بىلەن ئەكسىيەت-
چىلىك، ھەققانىيەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى تىغمۇ
تىغ ئېلىشىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. 1946 - يىلى
11 يېتىم روھىغا ئاساسەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئاتاقلىق شائىر
ئىبراھىم تۇردى باشچىلىقىدىكى سايلام ئۆمىكى جەنۇبىي شىنجاڭ-
نىڭ سايلىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىش سەپىرىدە قارا شەھەرگە
چۈشۈپ، 3 كۈن تۇرۇپ ھاكىم سايلىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا
قارا شەھەردىكى ئەركىنلىك، ئادالەتنى ياقلىغۇچىلارنىڭ كۈچ-
لۈك تەلىپىگە ئاساسەن، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي جونەيد بەكرى
قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، ئابدۇكېرىم
داموللام ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىنىدۇ. شۇنىڭ-
دىن ئېتىبارەن ئۇ جامائەت ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي كەڭ خەلق ئام-
مىسى تەرەپتە تۇرۇپ، مەدەنىي ئاقارتىش، خەلقنى ئويغىتىش
ئىشلىرىدا ئالاھىدە نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ. مەسىلەن، شۇ چاغدا
قارا شەھەردە قۇرۇلغان دارىلئاجىزىن (يېتىم - يېسىرلار، تاياق-
چىسىز كىشىلەر) مەكتىپىگە ئىئانە توپلاش، ياردەم بېرىش



ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىشلەيدۇ ھەمدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە
ھاۋالە قىلىدۇ، ئۇ 1946 - يىلى جونەيد بەكرى ئۇرۇمچىگە بىلىم
ئاشۇرۇشقا كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قارا شەھەر ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىسىنىڭ رەئىسلىك خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. بۇ جەرياندا
ئۇ يېڭى مەكتەپلەرنى قۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يې-
تىشتۇرۇش، «يۇلتۇز» گېزىتىنى نەشىر قىلىش، ئۇيۇشما قار-
مىقىدىكى سەنئەت ئۆمىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەت-
لەرنى ئىشلەيدۇ ۋە جامائەت مەسچىتلىرىنىڭ مۇنبىرى، ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات مۇنبىرى، مەكتەپلەردىكى دەرسخانا
مۇنبەرلىرىنى تەشۋىقات، ھەرىكەتلەندۈرۈش، سەپەرۋەر قىلىش،
ئىئانە توپلاش بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ، قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ
مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تېز يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى
قوشىدۇ. ئۇ يەنە 1947 - يىلىدىن باشلاپ قارا شەھەر ۋىلايىتى-
نىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان مۇھەممەت قاسىم بىلەن يېقىن
ئالاقىدە بولۇپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسى-
تىپ، قارا شەھەر رايونىدا يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش، دارىلئېتاملارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش، ھەر خىل مەك-
تەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى نورماللاشتۇرۇش، ئوقۇتقۇچى-
لارنى خاتىرجەم قىلىش جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەر-
نى ئىشلەيدۇ.

1949 - يىلى 6 - ئايدا ئابدۇكېرىم داموللام قارا شەھەردى-
كى ھەر ساھە مۆتىۋەرلىرى، بىلىم ئەھلىنىڭ قوللىشى ۋە ياردى-
مى بىلەن ھەج قىلىشقا ماڭىدۇ. ئۇ سەپىرىدە كۇچادىكى مۇسا-
يوف داموللام (1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كۇچاغا
كەلگەن ئابدۇرېھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى سايلام ھەيئىتىنىڭ ئە-
زاسى) بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق، ھەم-
كارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ.

## 2

ئابدۇكېرىم داموللا ھاجىم 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھەج قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ ھەمدە ئازاد، بەختىيار كۈنلەرنىڭ ئاخىرى يېتىپ كەلگەنلىكىگە قىزغىن تەنتەنە قىلىدۇ. ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ ھەمدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ قارا شەھەردىكى قارمىقىغا رەئىس بولىدۇ ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن چوڭ مەسچىتنىڭ ئىماملىق، ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىنى، مەسچىت قارمىقىدىكى مەدرىسىنىڭ شاگىرت تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەيدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا كىشىلەرنى يېڭى قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنى قوغداش، ھىمايە قىلىشقا چاقىرىدۇ.

1951 ـ يىلىدىكى ھەرىكەتتە ئايرىم يامان نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم قىلغان يالغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، ئابدۇكېرىم موللا ھاجىم تۈرمىگە قامىلىپ تەكشۈرۈلىدۇ. 15 ئايلىق تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش نەتىجىسىدە ئۇ پۈتۈنلەي ئاقلىنىپ، بۇنىڭ ئەكسىچە تۆھمەت قىلغۇچىلار، ھەقىقىي جىنايەتكارلار قانۇن تورىغا چۈشىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ ۋە ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدۇ.

ئۇ 1956 ـ يىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قاراشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولۇپ سايلىنىدۇ. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قاراشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلىنىدۇ. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. شۇنداقلا دېموكراتىك زاتلارنىڭ ياخشى ـ يامان كۈنلەردە كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن



ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا سىر ساقلىماسلىقتەك ئېسىل روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

خۇسۇسەن، ئۇ 1956 ـ يىلىدىكى قاراشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى ئۇيغۇر قەبرىستانلىقىنى يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باينىغولىن پارتىيە ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنى سېلىش خىزمىتى جەريانىدا ھەم ئاكتىپ تەكلىپ بەرگۈچى ھەم ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىر تاپقۇچى ھەم تەشۋىقاتچى بولۇپ، خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئۈلگە بولارلىق ھالدا ئۆتەپ، بۇ خىزمەتنىڭ دەل ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ.

ئۇ 1957 ـ يىلى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈمىكى تەركىبىدە پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن دىدارلىشىدۇ، شۇنداقلا مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كۆرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى شەرقىي ـ شىمال رايونىدىكى چوڭ ـ چوڭ زاۋۇت ـ فابرىكىلار بولىدۇ. ئۇ ئىلىم ـ پەننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئاشۇ جايدا يەنە بىر قېتىم قايىل بولىدۇ. ئېكسكۇرسىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرۈش، قايىل بولۇش ھېسسىياتى بىلەن ھەرقايسى سورۇنلاردا پەننىڭ كۈچىنى، پارتىيىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئاكتىپ تۈردە پائال تەشۋىق قىلىدۇ.

ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ئىدى، ئەزەلدىن ھەشەمەتچىلىك قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلارنى ئاددىي، تېجەشلىك ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانىدى.

ئەپسۇسكى، ئابدۇكېرىم داموللا ھاجىمنىڭ يۇرتىنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن قوشقان ئۆچمەس تۆھپە-

سى، ئېسىل ـ ئالىيجاناپ پەزىلەتى ۋە يۈكسەك ئىناۋىتى،
ئۇنىڭ كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەب-
بىتى، ئاز ساندىكى ھەسەتخور، تۆھمەتچىلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا
ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار ھەرىكەتلەردە پۈرسەتپەرەسلىك قىلىپ،
خىلمۇ خىل رەزىل، يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ، يالغان «گۇۋاھ-
چى»لارنى تەربىيىلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تارقى-
تىدۇ ھەمدە ئۇنى قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. سۇيىقەستچى-
لەرنىڭ ئويدۇرما سۆزلىرى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ـ
قانۇن ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەستايىدىل تەك-
شۈرۈپ ـ تەتقىق قىلماي، ساختا پاكىتلارنى ئىنچىكىلەپ تەك-
شۈرمەسلىكى، بولۇپمۇ ئىنتايىن «سول» لۇشيەنىنىڭ زىيانكەش-
لىكى بىلەن، ئۇ 1959 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاتالمىش
«ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت سادىر قىلدى» دېگەن بۆھتان بىلەن
قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇ تۈرمىگە 21 ئاي قامىلىپ نۇرغۇن قېتىم
سوراق قىلىنىدۇ ھەمدە ئاخىرغىچە بارلىق يالغان ئىسپاتلارنى
قەتئىي رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئۈستى-
دە سوراقچىلار بىلەن كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ تۈر-
مىدە شۇنداق دېگەن: «...مەن 62 ياشقا كىردىم، كىچىك چې-
غىمدىن تارتىپ كەمبەغەلچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈردۈم. ئازادلىق-
تىن كېيىنلا ھەقىقىي قەد كۆتەردىم، ھۆرمەتكە سازاۋەر بول-
دۇم. مەن نېمىگە ئاساسەن، قايسى ئۆچمەنلىك بىلەن سوتسىيا-
لىستىك ئىنقىلابقا قارشى تۇرغىدەكمەن؟ مەن سوتسىيالىستىك
قانۇنغا ئىشىنىمەن، كومپارتىيىگە ئىشىنىمەن، ئەمما سۇيىقەست-
چىلەر، تۆھمەتخورلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! ...». ئۇنىڭ
ھەققانى سۆزلىرى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشى ئاخىرقى ھېساپتا
«جاھىللىق بىلەن ئەكسىيەتچى مەيداندا چىڭ تۇرغان» دەپ
خۇلاسىلىنىدۇ. ئۇ 1961 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قارا
شەھەر خەلق مەيدانىدىكى سەھنىگە يالاپ ئېلىپ چىقىلىپ، كۆ-



رەش قىلىنىدۇ، ئاندىن قارا شەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھ-
كىمىسى ئۇنىڭغا «ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت ئۆتكۈزگەن، جا-
ھىللىق قىلغان، پوزىتسىيىسى ناچار...» دەپ 20 يىللىق مۇد-
دەتلىك قاماق جازاسى بېرىپ، 5 يىل سىياسىي ھوقۇقىدىن
مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىدۇ... ئۇ نەق مەيداندىلا ئۆزىنىڭ
نارازىلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «مەن بىر بەندە، ئۆلۈمدىن
خەۋىرىم باركى، ماڭا توقۇلغان بۇ بەدنام ـ تۆھمەتلەردىن قىلچە-
مۇ خەۋىرىم يوق... مەندە جىنايەت يوق، ھەق ئىگىلەر، سۇناس
... مەن بۇ ھۆكۈمگە نارازى، ئاخىرغىچە ئەرز قىلىمەن...».
ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىغا نۇرغۇن قېتىم نارازىلىق
ئەرزى يازغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ناھەق ئەنزىسى قايتا تەك-
شۈرۈلۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان.

## 3

مەن ئابدۇكېرىم داموللا ھاجىمنى كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ
تونۇيتتۇم، كېيىنچە ئۇنىڭ قولىدىمۇ بىر مەزگىل ئوقۇغانىدىم.
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىمدىمۇ ئۇنى پات ـ
پات چوڭ يىغىنلاردا، ھېيت نامازلىرىدا كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرات-
تىم. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا
بىرگە بولۇپ قېلىشىمنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن. كۈتۈل-
مىگەندە مەنمۇ بىر ئەنزىگە ناھەق چېتىلىپ قېلىپ، تولۇق
تەكشۈرۈلمەيلا 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ،
1964 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شايار «تارىم» ئەمگەك
بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى تۇرۇشلۇق يېڭى چىمەن دېگەن جايغا
ئېلىپ كېلىندىم. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل
بىرگە بولدۇم ھەمدە سىردىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.
تۆۋەندىكى ئىشلار ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: ئۆزگەر-

تىش ئەترىتىگە كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ ناھەق جازالىنىپ بۇ جايغا كېلىپ قالغانلىقىم ئىدىيەمدىن ئۆتمەي «ئاغرىپ» قېلىپ ئىشقا چىقماي يېتىۋالغانىدىم. سەۋەبى، «مەن ناھەق جازالاندىم، نارازىلىق ئەرزى يازدىم، يەنە نېمە ئۈچۈن بۇ جايدا قورال ئاستىدا مەجبۇرىي ئىشلىگۈدەكمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقان داموللا ھاجىم بىر يەكشەنبە كۈنى بىزنىڭ گۇرۇپپىغا مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. بىز ئۇزاق ئەھۋاللاشتۇق، مەن كۆڭلۈمدىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم، ئۇ ئاخىرىدا ماڭا: «ھۇسەينەم، تىرىك بالا، مەن سېنى كىچىكىڭدىن باشلاپ تونۇيمەن، داداڭ روزى ناۋاي رەھمەتلىكمۇ ئۇستا سازەندە، ئېسىل ئادەم ئىدى. سەن ئوقۇغان، سەۋىيەڭ يۇقىرى، داداڭ ئورنىدا ساڭا مۇنداق ئىككى نەسىھىتىم بار، ئاڭلاپ بېقىپ ئويلاپ كۆرسەڭ، 1 ـ نەسىھىتىم، مەنلا ناھەق جازالانغان، دەپ ئويلىما، بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ھەقىقىي جىنايەت ئۆتكۈزگەن دېيىش ئانچە ئادىللىق بولمىسا كېرەك. ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلار ئاز ئەمەسكەن. مېنى ئوبدان بىلىسەن، ناھەق 20 يىل كېسىلدىم. مەندە قانداق جىنايەت بار؟ ئاللا ئىگەم گۇۋاھ. ئۆمرۈمدە بۇ مېنىڭ 3 ـ قېتىم ناھەق قامىلىشىم، ماڭا ھۆكۈم ئېلان قىلغاندا دېگەن سۆزلىرىم ئېسىڭدىمۇ؟ بۇ 3 يىل جەرياندا 25 قېتىم نارازىلىق ئەرزى يازدىم. ‹ھەق ئىگىلىدۇ سونمايدۇ! ...›، ئادەم ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك. بىزدەكلەرنىڭمۇ دەردىگە يېتىدىغان ئادەم چىقىپ قالار. 2 ـ نەسىھىتىم، بۇ بىز ئەمگەك قىلىدىغان جاي، تارىم چۆلىنىڭ بىر قىسمى، بىزنىڭ ئانا ماكانىمىزنىڭ مۇقەددەس بىر بۇرجىكى، بۇ بىزنىڭ يۇرتىمىز، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيارىمىز ئەمەسمۇ؟ مەيلى بىز ھازىرچە جىنايەتچى ئاتالساقمۇ بۇ تۇپراققا تەر تۆكۈشنى ھار ئالماسلىقىمىز، ئەكسىچە شەرەپ دەپ بىلىشىمىز لازىم. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقانلىق بولىدۇ. تارىم



چۆلى ئاشلىق ئامبىرىغا ئايلانسا بۇنىڭغا بىزنىڭمۇ ئەجرىمىز سىڭگەن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ چۆلنى بوستان قىلىش ئۈچۈن تەر تۆككەنلىك ساۋاپ ئىش ئەمەسمۇ؟ مەن ياشىنىپ قالدىم، مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ كۆچەت تىكىۋاتىمەن، سەي ـ كۆكتات تېرىۋاتىمەن، ھەر كۈنى تەبىئەت مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىپ تۇرمىسام ئىچىم پۇشىدۇ...».

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى 3 كۈن ئويلاپ ئاخىرى قايىل بولدۇم. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىر تەرەپتىن نارازىلىق ئەرزى يازسام، يەنە بىر تەرەپتىن چۆلدىكى يۇلغۇن، توغراقلارنى قومۇرۇپ قۇم بارخانلىرىنى تۈزلەپ، بوز يەر ئېچىشقا داۋاملىق قاتناشتىم. روھىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن چېنىقتىم. شۇ يىلى سېنتەبىردە ئابدۇكېرىم دامولla ھاجىم بىزنىڭ گۇرۇپپىغا ئالماشتى. بىز بىرلىكتە ئىشلىدۇق. تۇرمۇشتا بىرگە بولدۇق. ئۇ مېنىڭ ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يازىدىغىنىمنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى.

ئۈمىدىم بۇ چىمەندە بىر چىمەن پەيدا قىلۇرمەن دەپ،
كېچە-كۈندۈز ئۇرۇق تەردىم، بۇ مەقسەتكە يېتۇرمەن دەپ.
تېرىپ قويسام بۇچۆللۈككە بىرەرمىڭ تۈپ ئۆرۈك، شاپتۇل،
ئاز بولسىمۇ بىر باغ ئاساسنى قۇرارمەن دەپ.
قېرى بولسامۇ يارانلار تۆكسەم قان بىلەن تەرنى،
قۇرۇشقا سوتسىيالىزمنى ھەسسە قوشۇرمەن دەپ.

1964 ـ يىلى 24 ـ سېنتەبىر شايار يېڭى چىمەن.

1964 ـ يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دائىرىلىرى ئۇنى تۇيۇقسىزلا بىزنىڭ قېشىمىزدىن يۆتكەپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زادىلا كۆرەلـ

مىدىم. كېيىن ئاڭلىسام 1972 - يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 1 - تۈرمىدە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ...

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① بۇرھان شەھىدى؛ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى».
② شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 15، 20، 24 - سانلار.
③ «بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى» 2، 5، 6 - سانلار.
④ مەرھۇم ئابدۇكېرىم داموللا ھاجىمنىڭ ئارخىپى.
⑤ 1964 - يىلىدىكى كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىم.

(ئاپتور: قارا شەھەر ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتىن)
جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# خەلقپەرۋەر ئابدۇقادىر ھاجى تۇڭلۇك[1]

سەدۇللا تاھىرى

قادىر ھاجى تۇڭلۇكنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قەدىمكى زاماندا تۇرپاندىن گەنسۇنىڭ ئەنشى دېگەن جايىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن ئىدى.

1780 - يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى يەر زېمىننى قايتا تەكشۈرۈپ رويخەتكە ئېلىش ۋە ئىگىلىك ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندا، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ ئەنشىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن ياقۇپ بابا دېگەن كىشىنى تىلماچلىققا سېلىش ئۈچۈن، تۇرپان ۋادىسىغا بىرگە ئېلىپ كەلگەن. ئىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ياقۇپ باباغا توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى شاھ يېزىسىغا تەۋە جايدىن بىر قىسىم تېرىلغۇ يەر، بىر ئېرىق سۇ بۆلۈپ بەرگەن. ياقۇپ بابا ئىچكىرىگە قايتىپ بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى باشلاپ چىقىپ، بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا بۇ يەر «ئەنشى مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. ياقۇپ بابانىڭ گۈيۈ بوشقى، سۇپى[2] بوشقى، توختى بوشقى دېگەن ئوغۇللىرى بولغانتوختى بوشقى دېگەن ئوغلىنىڭ سامساق زەڭگى[3] ئىسىملىك ئوغلى بولغان؛ ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر زەڭگى، ھوشۇر زەڭگىنىڭ ئەززەڭ، شادىل، غازىم، قادىر دېگەن ئوغۇل-

① تۇڭلۇك - ھەربىي مەمۇرى ئەمەل نامى.
② بوشقى - مانجۇچە ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى مەھەللە كومىتېتى دەرىجىلىك ئەمەل نامى.
③ يېزا دەرىجىلىك ئەمەلدار.

لىرى بولغان؛ قادىرنىڭ بولسا مەمتابدۇل، خوجابدۇل، ھەمدۇل
دېگەن ئوغۇللىرى بولۇپ، ياقۇپ بابادىن باشلاپ ئالتە ئەۋلاد چىڭ
سۇلالىسىنىڭ بوشىقى، زەڭگى ۋە توغلىنىڭ دەرىجىدىكى ئەمەلل-
رىنى تۇتۇپ ئۆتكەن.
قادىر ھاجى 1841 ـ يىل توقسۇندا ھوشۇر زەڭگى ئائىلىسى-
دە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ، 12 ياشقىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ،
12 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئاتىسى ھوشۇر زەڭگى ئۇنى ئۆيلەپ
قويىدۇ.
1858 ـ يىلىغىچە قومۇلدىكى خانلىق مەكتەپكە بېرىپ شۇ-
تاڭدا خەنزۇچە ئوقۇيدۇ. ئۇ خەنزۇ تىل ـ يېزىق ۋە كۆڭزى
دەستۇرلىرىدىن بولغان 4 مۇھىم كىتابنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ،
كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن 1860 ـ
يىلىغىچە 2 يىل تۇرپان يامۇلىدا توڭچى (تەرجىمان) بولۇپ
ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قۇرۇل-
مىسى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان دەھشەتلىك
ھۆكۈمرانلىقىنى بارا ـ بارا چۈشىنىشكە باشلىغان. قادىر ھاجى
ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، ئىش ئۈستىدىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن
تۇرپان ئامبىلىغا ياراپ قالغانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرپان
ئامبىلى ئۇنىڭغا ئاتىسى ھوشۇر زەڭگىنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ بې-
رىپ، توقسۇننى سوراشقا ئەۋەتىدۇ (ئۇ چاغلاردا ئۇرۇش مالىما-
چىلىقى ھەم كەڭ كۆلەمدە نوپوس كۆچۈرۈش نەتىجىسىدە توق-
سۇن نوپۇسى ناھايىتى ئازلاپ كەتكەنىدى). قادىر ھاجى توخسۇ-
غا زەڭگى بولغاندىن كېيىن توقسۇن ناھىيىسىنى باشقۇرىدۇ،
ھەر يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا ئىشلار ھېسابىغا
ئېلىنىدىغان باجلارنى يىغىپ، ۋاقتىدا تۇرپانغا تاپشۇرۇپ تۇرى-
دۇ.
توقسۇن يامۇلى ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇ يەردە مە-
لۇم ساندا ئەسكىرى كۈچ تۇراتتى. يامۇلنىڭ قارمىقىدا سوراقخانا



(داتاڭ)، قاماقخانا قاتارلىق دىكتاتورا ۋاستىلىرى بولغان.
گەرچە بۇ ئامىللار قادىر زەڭگى ئۈچۈن ئوشۇقچە بولسىمۇ،
لېكىن شۇ چاغنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن بۇنداق قۇرۇلما ناھايىتى
زۆرۈر ئىدى.
قادىر زەڭگى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ
بارلىق ۋاستىلار بىلەن خەلقنىڭ شىلىلىسىغا مىنىپ، ئۇلارنىڭ
تېرىسىنى شىلىپ، مال دۇنيا توپلىسا بولاتتى. بىراق ئۇ ئۇنداق
رەزىللىكلەرنى قىلماي، بەلكى خەلقنىڭ دەردىگە دەرتمەن بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى
ياخشىلاش توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدۇ.
ئۇ، قالاق ئۇسۇلدا يەر سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى ئۆزگەر-
تىش ئۈچۈن خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يېڭى ئېرىق ـ ئۆستەڭ-
لەرنى چاپتۇرىدۇ. كەڭ بوش بىنەملەرنى كىشىلەرگە تەقسىم
قىلىپ بېرىپ، توقسۇننىڭ چەكلىك تېرىلغۇ يەر مەيدانىنى كۆ-
رۈنەرلىك دەرىجىدە كېڭەيتىدۇ.
ئۇ، ھەرقايسى مەھەللىلەردە باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپ مۇ-
ئەسسەسەلىرىنى تەسىس قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇ-
تۇشنى يولغا قويىدۇ. ئېرىق بويلىرىغا تۇگمەن قۇرۇش، پاختا
چىقىرىدىغان (چورۇق) چىغىرىق قۇرۇش بىلەن خەلقنىڭ كۈن-
دىلىك تۇرمۇشىدىكى مۇھىم قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىدۇ. ئۇ
بىر خىل يېڭىلىق يارىتىش ئېھتىياجى ھەمدە يۇرت كېزىپ سايا-
ھەت قىلىش ئىستىكى بىلەن ئۆزىنىڭ «زەڭگى»لىك ئەمىلىدىن
ئىستىپا بېرىدۇ ـ دە، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قاراپ ئاتلىنى-
دۇ. ئۇ يولبويى ھەرقايسى چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردە توختاپ،
بۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشىدۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر
بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان كۆز
قاراشلىرىنى توغرىلاپ، ئۆزگەرتىپ، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى
بىلىمىنى تولۇقلاپ بارىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق جاھانكەزدىلىك قى-

لىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەردە تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر دوتىيى ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۆز يېنىدا تۇڭچى (تەرجىمان) بولۇپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلغانلىقتىن ئۇ قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ئۆيلۈك بولۇپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ توخسۇنغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ شۇندىن باشلاپ ئەمەلدارلىق ئىشىدىن قول ئۈزۈپ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە جىسمانىي ئەمگىكى بىلەن هايات كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ دىيانەت يولىغا قەدەم قويۇش بىلەن خىراجەت هازىرلاپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ هەج تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇرۇمچىگە بىر بۆلۈك ئادەملەرنى باشلاپ چىقىپ، نەنسەندە «پەن چاڭزا» ئاچىدۇ (شال تارتقان)، بۇ جۇڭگو مىقياسىدا جىددىي ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان چاغلار ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭگودىكى 300 يىللىق فېئوداللىق هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى گۇمران بولۇپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ يېڭى هاكىمىيەت هەرقايسى ئۆلكىلەردىكى هەر ساهە، هەر تەبىقىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، سايلام ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بېرىپ ئاشۇ سايلامغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋەكىل نامزاتىنى بېكىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. باشقىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ياڭ زېڭشىن تۇرپان ئامبىلىغا قادىر هاجىنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بېرىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرگەندە، تۇرپان ئامبىلى سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۇرۇمچى نەنسەندە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇئەهۋالنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن نەنسەنگە ئادەم چىقىرىپ، قادىر هاجىنى چاقىرتىپ، ئەهۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىدۇ. قادىر



هاجى بۇ ئىشقا رازى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارىكۆلنىڭ هاكىمى لى رۇڭ (كېيىن شايار ناهىيىسىگە هاكىم، ئۇرۇمچىگە ۋالىي بولغان، شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئۆلكىگە رەئىس بولغان) هەم باشقا بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن بىرگە ئۆزىگە ئەۋەيدۇللا (قاراموللا) دېگەن كىشىنى كاتىپ قىلىپ، ئىچكىرىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ئۇ چاغلاردا ئىچكىرىگە ماڭىدىغان يوللار راۋان ئەمەس، خەتەرلىك كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋەكىللەر رۇسىيە تەرەپكە ئۆتۈپ، شەرقىي شىمال ئارقىلىق ئاندىن بېيجىڭغا بارالايتتى. شۇڭا ئەهۋالنى رۇسىيە هۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ، ماقۇللۇق ئالغاندىن كېيىن، ئۇلار رۇسىيە زېمىنى تەۋەسىگە ئۆتۈپ، پويىز بىلەن شەرقىي شىمال ئارقىلىق بېيجىڭگە يېتىپ بارىدۇ.

قادىر هاجى هەمراهلىرى بىلەن بېيجىڭگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بېيجىڭ شەهىرى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن يۈەن شىكەي ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سايلام رىقابىتى ئۈستىدىكى جىددىي هالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋەزىيەتنىڭ ناهايىتى يامانلىقىنى مۆلچەرلەپ يېتىدۇ. نۆۋەتتىكى سايلام ئاشكارا ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇنداق سايلام ئېلىپ بېرىلسا ئەلۋەتتە يۈەن شىكەي تەختكە چىقىپ، يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچ قۇدرىتى قايتا نامايان بولاتتى.

كۆپچىلىك سايلىغۇچىلار ئۆز رايلىرى بويىچە سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى سايلاش غەرىزىدە بولسىمۇ، سايلام رايونىنى قامال قىلغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ هەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە ئاۋاز بېرىشتىن ئەندىشە قىلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشقانىدى.

سايلام مەيدانىدا غۇلغۇلا كۆچىيىپ، بىرىنىڭ مەقسىتىنى بىرى ئۇقالمايدىغان مالىمانچىلىق تۈسىنى ئالغانىدى.

مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، قادىر هاجى هەمراهلىرىغا:

«بىزچە بولغاندا سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى سايلىساق بولاتتى.
لېكىن، ئۇنى سايلاپ قويىدىغان بولساق، بۇ يەر كۆزنى يۇمۇپ
ئاچقىچە بىر جەڭگاھقا ئايلىنىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قېنى
تۆكۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۈەن شىكەينى نامزاتلىققا كۆرسى-
تەيلى، شۇنداق قىلغاندىلا قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى،
بۇگۈنكى قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ» دەپ تەكلىپ
بېرىدۇ. بۇ تەكلىپكە باشقا ۋەكىللەرمۇ دەرھال قوشۇلىدۇ. قادىر
هاجى ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن سۆزگە چىقىپ، يۈەن شىكەي-
نى نامزاتلىققا كۆرسىتىش ھەققىدە نۇرغۇن داۋلى سۆزلەپ ۋە-
كىللەرنى قايىل قىلىدۇ، نەتىجىدە يۈەن شىكەي سايلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن جىددىي ۋەزىيەت پەسىيىپ، بىھۇدە قان تۆكۈ-
لۈشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پومبېشچىك، دەللال سىنىپىنىڭ ۋەكىلى يۈەن
شىكەي ھاكىمىيەتنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. سايلامدىن
كېيىن، يۈەن شىكەي ئابدۇقادىر ھاجىنى ئالدىغا چاقىرتىپ قو-
بۇل قىلىدۇ. قالغان ۋەكىللەرنى قايتۇرىۋېتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ
مۇئاۋىن زۇڭتۇڭىغا قوشۇپ، خىبي ئۆلكىسىگە ئېلىپ بېرىپ،
ئۇ يەردە15 كۈن سەيلە قىلدۇرىدۇ. ئۇمۇمىي ۋەزىيەت پەسەيگەن-
دىن كېيىن بېيجىڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر خەنزۇ قىزغا
ئۆيلەندۇرۇپ قويىدۇ.

نۆۋەتتىكى سايلام ئارقىلىق چىڭ خاندانلىقىنىڭ 300 يىل-
لىق فېئوداللىق مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلغاندەك
بولسىمۇ، يەنىلا جۇڭگونىڭ پۈتكۈل ۋەزىيىتى ئاۋۋالقىدەكلا جا-
ھانگىرلىك، فېئوداللىزم زۇلۇمى ئاستىدا قېلىۋېرىدۇ. خەلق
يەنىلا بۇرۇنقىدەك زۇلۇم ئاستىدا ئىڭرايدۇ.

قادىر ھاجى بېيجىڭدا 3 يىل تۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭغا
قايتماقچى بولغاندا، يۈەن شىكەي ئۇنىڭغا ئەمەلدارلىق نىشانى بول-
غان نىمچە (كەنجازا) كەيدۇرۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن تار-



تۇقلاپ ئۆز ئىشەنچىسىنى بىلدۈرىدۇ.

قادىر ھاجى يۈەن شىكەي بەرگەن ئەمەل بىلەن چوقۇم ئۆل-
كىدە تۇرۇش كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ، ئۆلكە مەركىزى بولغان
ئۈرۈمچىدە ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي بيۇ-
روكراتلار ئارىسىغا كىرگەندە، ئۆز ئىستىقبالىنىڭ كۆرەلمەس-
لىك ۋە سۇيىقەستلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات
قىلغانىدى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭدىن: «ساڭا نېمە ئەمەل
بەرسەم مۇۋاپىق بولار؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئىككىلەنمەي كۇ-
چارغا بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئە-
مەل ۋە ئىمتىيازغا مۇھتاج ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن قادىر ھاجىنى كۇچانىڭ «توڭلىك» لىقىغا بەلگىلەپ يارلىق
چۈشۈرىدۇ.

قادىر ھاجى تۇڭلىك كۇچاغا بارغاندىن كېيىن، كۇچانىڭ
ۋەزىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى
تەتقىق قىلىپ، يېڭىچە بىر يول تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى
يېتىدۇ.

ئۇ، ئۆز ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن بەگلەر، يەرلىك فېئو-
دال مۇشتۇمزور كۇچلەرنىڭ تارىختىن بۇيان مېڭىپ كېلىۋاتقان
ئىستىبدات يولىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن تولغان
تۇرمۇش ئادەتلىرىگە نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرى،
چوڭ ـ چوڭ زىياپەت ۋە كۆتۈرۈپ كېلىشكەن ھەرقانداق سوۋغى-
لارنى قوبۇل قىلماي، خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقى ۋە ئىشەن-
چىسىگە ئېرىشىدۇ. كۇچا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى قارى بائىزى
دېگەن كىشى يۈرەكلىك ھالدا تۆۋەندىكى شىكايەتنى شېئىرى
ئۇسۇل بىلەن يېزىپ ئۇنىڭغا سۇنىدۇ:

# شىكايەت:

ئاجايىپ بولدىلەر ئاخىر زامانە،
يامانلارغا تولا بولدى باھانە.

ئەجەپ بىدئەد كۆپەيدى ئۇشبۇ يۇرتتا،
قاباھەت ئىچكى ھەسرەت ھەر مىنۇتتا.
ئۇمىد بىلەن بۇ تەكلىپ - ئەل ۋە يۇرتتىن،
كۇچادا ھاجى تۇغلۇقنىڭ ھەزرىتىمدىن.
تەلەپ: تۇرلۇك يامان ئىشلار توسالسا،
خالايىق ئەھلى يۇرتنىڭ كۆڭلى تىنسا.
كۆپەيدى ئوغرى، ئەلنى قىلدى تاراج،
ھېسابسىز كىشىلەر قالدى يالاڭئاچ.
گۆدەكلەر بولدى بىھەد، ئەسكى بەتخۇي،
جالاپ بولدى خوتۇنلار، ئەرلىرى گۇي.
«ھايا» ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر بۇزۇلدى،
«بوياپ» يۈز ئۇپا - ئەڭلىكلەر سۇرۇلدى.
قىمارغا تولدى رەستە سىيادا تاۋكا،
ئېچىپ مەيدان، چىكىپ بەڭ بولدى كالۋا.
شەھەرگە تولدى لۇكچەك، ئەلنى ئۇردى،
تۆمۈر مۇشتى بىلەن بۇزەكنى ئەزدى.
تۆكۈپ قان، ئۆلتۈرۈپ بىر - بىرلىرىنى،
تىقىپ بەڭگە پارا (ئاقلار ئۆزىنى).

مازارۇ - خانىقا ھەم «تىنىچ» ئەمەستۇر،
ساۋاپلىق جايدىمۇ جەڭگى - جىدەلدۇر.
كۆپەيدى بىرگە ئۇن سەيسى - بۇ ئالۋان،
غېرىپ يوقسۇل بولۇپ قالدۇق يېرىم جان.



تىگىپ قاتتىق كېسەل، يۇرت قالدى خەۋپتە،
قىرىلدى چارۋامال، جۇدۇنى - جۇتتە.
ئېگىسىز قالدى ھالا يۇرت جامائەت،
نە ئىشلەيدۇ ھۆكۈمەت، بۇ شەرىئەت.
غىرىبلارنىڭ سوغۇقتا قاتتى باشى،
ئۇتۇن يوق، يىمەككە ئاشى.
خەلقىنىڭ يوقمىدۇر پۇشتى پاناھى،
بېشىغا سايىبان بىر دادىخاھى.
ئۇلۇغ ھاجى ھەرەم، يۇرتنىڭ چوڭىسىز،
ئۇمىدتە كۆز تىكىپ ئەرزنى يېزىپمىز.
رەھىم قىلىپ يۇرت بېشىنى سىلىغايلا،
يامان ئىشنى توساپ ھەم ئوڭشىغايلا.

قادىر ھاجى تۇغلۇقنىڭ شائىر قارى بائىزنىڭ «شىكايەت» نامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بۇ شېئىرنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ، ئۇنىڭدا بايان قىلغان ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەن كۇچا زېمىنىدا يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، خەلقنىڭ، كۇچانىڭ كېلەچىكى ئۈستىدە چوڭقۇر باش قاتتۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۇ كۇچادىكى قارى بائىزغا ئوخشاش دانا پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بايانلىرى، كۆز قاراشلىرى تەدبىرلىك پىكىرلىرىنى ئاڭلايدۇ.

قادىر ھاجى تۇغلۇقنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق كۇچا خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كەسكىن تەدبىر قوللىنىدۇ. شۇ چاغلاردا كۇچا ياملىنىڭ لوزوڭ بېگى زايىت زومىگەرلىكتە ئۈچىغا چىققان بولۇپ، خەلققە ھەددى ھېسابسىز سېلىقلارنى سېلىپ، زار - زار قاقشاتقان، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭ شەنىگە تېگىدىغان بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ ئاڭلاپلا قالسا، بۇنداق كىشىلەرگە

قىلچە رەھىم شەپقەت قىلماي، ئۇرۇپ، قىيناپ، ئازابلاپ تۇرمىـ
لەرگە تاشلايتتى ۋە ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، ھەتتا ھەددىدىن ئاشقان
ئالۋان سېلىقلارنى ئازايتىش ئۈچۈن دېھقانلارغا ۋەكىل بولۇپ
ئەرز ئېيتىپ يامۇلغا كىرگەن دانىيال ھاجى دېگەن كىشىنى
ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ، پۇخادىن چىقماي دەسسەپ چەيلەپ ئۆلتۈـ
رۈۋەتكەنىدى. بۇ ھالدىن نارازى بولغان كۇچا خەلقى بىر قانچە
كۈن نامايىش قىلىپ، يۇقىرىغا ئەرز سۇنغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى
ھەل قىلىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. قادىر ھاجى تۇڭلۇك كۇچاغا
كەلگەندىن كېيىن كۇچا خەلقى زايىت ئۈستىدىن قايتا ئەرز سۇندىـ
دۇ، ئابدۇقادىر ھاجى توڭلۇك ئەھۋالنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقـ
لاپ، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ خەلقنىڭ
دەردىگە يېتىش ئۈچۈن، ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، زايىتـ
قا مەيداندا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، خەلقنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ
بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان 5 خىل تەلىپىـ
نى ھەل قىلىپ، خەلقنى رازى قىلىدۇ. ئىجتىمائىي تەرتىپنى
مۇقىملاشتۇرىدىغان بىر قاتار نىزاملارنى بەلگىلەپ، خەلققە جاـ
كارلايدۇ. خەلقنىڭ تىنچ ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا ئېرىشىشى ئۈچۈن
كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. ئۇ، شەھەر ئىچىدە سۇ قىسلىـ
قىدىن چاڭ ـ تۇزان كۆتۈرۈلۈپ، ھەر يەردە ئەخلەت ـ دۆۋىلەرـ
نىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەينەت ـ پاسكىنىچىلىقتا يول قويۇلۇۋاتقانـ
لىقىنى كۆرۈپ، تۇرپان، پىچاندىن كارىز چاپىدىغان ئۇستىلارنى
ئالدۇرۇپ كېلىپ، كۇچانىڭ ساقاغۇ دېگەن يېرىدىن باشلاپ كاـ
رىز قازدۇرىدۇ ۋە شەھەر ئىچىگە سۇ باشلاپ، يېڭى ـ يېڭى
رەستىلەرنى، مەسچىت، خانىقا، مەدرىسە ۋە كۆۋرۈكلەرنى سالـ
دۇرۇپ، بازار قىياپىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. قادىر ھاجى ھەر قانداق
ئىشنى قىلىشتا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئۇلار
بىلەن بار مەسلىھەتتە بولۇپ، ئاندىن ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.
كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن دەۋا ـ دەستۇرلارنى بىجىرىشتە
ھەق ـ ناھەقلىق چەك ـ چېگرىسىنى توغرا ئاجرىتىپ،



ھۆكۈمەت ـ شەرىئەتنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىـ
دۇ. مانا شۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق كۇچادا ئادىللىقنى يولغا
قويۇپ، خەلقنىڭ ئارىسىدىكى يامان ئىللەتلەرنى چەكلەپ، ئۇنى
تەنقىد قىلىپ تۈگىتىدۇ. خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈـ
چۈن قالايمىقان ھاشار قىلدۇرۇش، قالايمىقان باج ئېلىشنى چەكـ
لەيدۇ. خەلققە نىجاتلىق، ئاسايىشلىق ئاتا قىلىپ، ئىلىم مەرىـ
پەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كىشىلەرنى نادانلىقتىن قۇتۇـ
لۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. بىز شائىر قارى بائىزىنىڭ «مىڭ تەن
ئاتا» ناملىق شېئىرىدىن، قادىر ھاجى تۇڭلۇكنىڭ ياخشى پەزىلەتـ
لىرىنى قانداق جارى قىلدۇرغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز:

## مىڭ تەن ئاتا[1]

يا ھەزرىتى ئادەم ئاتا، نەۋرىلىرى مىڭ تەن ئاتا،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ۋەلى، جەننەت گۈلىنىڭ بۇلبۇلى،
تۇڭلۇك كەلدى شەھرى كۇچا، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا،
كۆرسە بۇ يۇرت سۇ قىس مانا، دائىم ئۇقار خەلق رەببىنا.
بەل باغلىدى تۇڭلۇك مانا، كولاتتى كارىزنى قاتار،
سۇ چىقتى مەرۋايىت گويا، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.
كولاپ ساقاغۇ باشىدىن، سۇ چىقتىلەر كۆك تاشىدىن،
كارىز ئېگىز ساي قېتىدىن، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.
ئېرىق ئېلىپ قىياس بىلەن، كارىز قېزىپ ئىخلاس بىلەن،
خىزىرىم كېلىپ ئىخلاس بىلەن، قىلغاچ مەدەت مىڭ تەن ئاتا.
سۇ چىقتىلەر پىلىق ـ پىلىق، قىلدى بۇ يۇرت تېرىقچىلىق،
ساڭلار تولدى ئاشلىققا جىق، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.
.........
قۇرۇپ كېتىپ ئەردى بۇ يۇرت،

① «مىڭ تەن ئاتا» ـ كۇچا يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىدىكى بىر مازارنىڭ نامى.

تىرىلدىلەر ئۆلگەن قۇرۇت،
ياغلاشتىلەر ساقال بۇرۇت،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

يەر ئاچتى دېھقان پەم بىلەن،
كەتمەن چېپىپ غەيرەت بىلەن،
تېرىپ قوغۇن بۇغداي بىلەن،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

قويۇپ دەرەخلەر ئانچىنىسان.①
ئۆرۈك، شاپتۇل ئۈزۈم چىلان،
ئىككى قانات باغۇ بوستان،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

قىلىپ بىنا قويدى تېرەك،
مۇنداق قىلىشقا «ئەركېرەك»،
ئەھلى كۇچا يارى يۆلەك،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

سۇكىرمىگەن ئەزەل ئەبەت،
قاقاس يەرگە كەلدى نۆۋەت،
تۈگىلىڭ قىلدى باغۇ جەننەت
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

............................................................

... باغ چۆرىدەپ سېپىل سالدى،
تۆت تەرەپكە ئۆستەڭ چاپتى،
ئاشلىق تېرىپ توگمەن قۇردى،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا...

... كارىز ئۇچۇن نەزىر بېرىپ،
يول ئۈستىگە شەھەر سېلىپ،
مەشرەپ قىلىپ يۇرت قىنچقىرىپ،

---

① بەك نۇرغۇن.



يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا...

............................................................

... يولنىڭ چېتى قاتار دۇكان،
ئەھلى كەسىپ ئورۇنلاشقان،
كارىز گۇزەر بازار بولغان،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا...

چۆل زېمىننى ئاۋات قىلىپ،
مەسچىت، مەدرىس، مەكتەپ سېلىپ،
مەرىپەتكە كەڭ يول ئېچىپ،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

كارىز كۇچا شەرەپشانى،
تەرەققىيات تۇپ نىشانى،
پارلاق بولسۇن ئىستىقبالى،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا!

قادىر ھاجى تۈگىلىڭ شۇ چاغدا ھازىرقى كۇچا يېڭى شەھەر كوچىلىرىنى پىلانلاپ يېڭى - يېڭى رەستىلەرنى بەلگىلەيدۇ. رەستىلەرنىڭ 2 قاسنىقىغا ئېرىق چاپتۇرۇپ، دەل - دەرەخ تىكتۈرىدۇ ھەمدە رەستىلەرنىڭ يان قىسمىغا ئازادە ماگىزىن - ئىش دۇكانلىرى سالدۇرىدۇ، ھۈنەرۋەن تىجارەتچىلەرنى بۇ يېڭى بازارغا كۆچۈپ كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كۇچارنىڭ يېڭىشەھەر رەستىلىرىدە مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا ۋە تىجارەتچىلەر، كاسىپلارنىڭ ھەر خىل دۇكانلىرى، ساماۋەرخانا، ناۋايخانا، ساتىراشخانا، ئاشخانىلار ئېچىلىپ، شەھەر ئىچى ھاياتى كۈچكە تولىدۇ.

ئۇ يەنە ساقاغودىن ئېقىپ كېلىدىغان كارىز سۈيىگە ئىككى تاشلىق تۈگمەن ماڭغۇزۇپ، بۇرۇنقىدەك كىشىلەر ئاشلىقلىرىنى يىراق جايدىكى تۈگمەنلەرگە ئېلىپ بېرىپ، ھەپتە 10 كۈن نۆۋەت كۈتىدىغان ئىشلارغا خاتىمە بېرىدۇ. كارىز سۈيى بىلەن بازار

ئىچى، باغلار، ئېتىزلىقلارنى سۇغۇرۇشتىن تاشقىرى، سۇ دىدا-
رى كۆرمىگەن قاقاسلىقلارغا سۇ باشلاپ، ئۇ يەرلەرنى بوستانلىققا
ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

قادىر هاجى تۇڭلىك ئۆز قول ئاستىدىكى چىرىكلەرنى ىىكار-
دىن بىكار كۇچا خەلقىگە باقتۇرماي، ئەنئەنىۋى تۇزۇمنى بۇزۇپ
تاشلاپ، ئۆگەن دەرياسىدىن باشلاپ تۆۋەنگە قارتىپ «چېرىك
ئۆستەڭ» دېگەن بىر ئۆستەڭنى چاپتۇرۇپ سۇ باشلاپ، بىكار
ياتقان بوز يەرلەرنى ئېچىپ، بۇ يەرلەرگە ئاشلىق تېرىپ چېرىك-
لەرنى ئۆز - ئۆزىنى بېقىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ ئىشلارنى شائىر
قارى بائىزى ئۆزىنىڭ «مەدھىيە» ناملىق شېئىرى ئەسىرىدە
مۇنداق بايان قىلىدۇ:

## مەدھىيە

خۇداغا شۇكۇر، بۇ يۇرتتا ئەجەپ بەرىكەت «نەما» بولدى،
بۇ تۇڭلىك - «دىيانەت»، «ئەدلى» دىن خەلقىم رىزا بولدى.
دىيارىم ئىچىدە هەر ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەر ئالقاپ،
ئۆزىنىڭ ياخشى ئىقبالى خەلققە باشپاناھ بولدى.
كۇچاردا نەچچە خىل ئالۋان ياساقلار مەنئىي بولدىلەر،
بۇ ئىشلار يۇرتقا كۆيگەن چوڭ شاپائەتتىن بانا بولدى.
بار ئەردى شەهدۇ - سەهرادا يامانلار هەر ئەمەلداردىن،
ئەدەپ بەردى يامانغا، كەمبەغەللەرگە ئاتا بولدى.
خۇسۇسەن يوقىتىلغاچ، زومىگەر-زايىت قاۋان،[1] قاتىل...
كۇچا خەلقى يېڭىباشتىن يورۇقلۇققا چىقار بولدى.
كۇچادا قانچە يىللاردىن بۇ بەگلەر بەك جاپا سالغان،
رەئىيەت[2] بولدى خاتىرجەم بۇ يۇرتمۇ كەڭتاشا بولدى.

---

① يامول لوزوڭ بىگى زومىگەر زايىت.
② رەئىيەت - پۇقرا - خەلق.



كۇچادا يېڭىلىقلارنى زەهۇر[1] غا كەلتۇرۇپ پات - پات،
تەرەققىياتقا يول باشلاپ، خەلققە رەهنىما بولدى.
نىزام مەكتەپ[2] ئېچىلدى ئۇلگە بوپ «شويە»[3] نى بەردى،
روناق تاپقاچ بۇ تون ئىلمى قۇياشتەك نۇر چاچار بولدى.
ياساتتى شەهىرى سايغا تۇۋرۇكى يوق قۇيما بىر كۆۋرۈك،
2 قاسىناق دۇكاندا كېچە ۋە كۇندۇز بازار بولدى.
هورۇن باغدىن سېلىنغان دەل - دەرەخ سايىباغقا يەتكۇچە،
سۇ ئاپەتكە مۇداپىئە، شەهەرگە زىننەت ساپ هاۋا بولدى.
ئۆزى هاجى هەرەم، كۆپ ئەلنى كۆرگەن پىكىرلىك دانا،
ساقاغو باشىدىن كارىزنى كولاپ سۇ چىقار بولدى.
شېغىل تاشلىق قاقاس چۆلگە، ياساپ جەننەت كەبى باغنى،
«كارىز» ناملىق گۈزەل بازار، كۇچاخانىدا بىنا بولدى.
ياسالدى خانىقا، مەدرىس، مەكتەپ، زەپ ئەجەپ كۆركەم،
هۇنەرۋەنلەر يىغىلدى، بولدى ئاۋات چوڭ بازار بولدى.
ئېچىلدى ئاشخانا هەمدە ساماۋەر نەغمە، ئۇسسۇل قايناپ،
بولۇپ دار ئويۇنى، خەلق سەلدەك ئاقار بولدى.
بۇلۇقلاپ چىقتى كارىزنىڭ سۈيى ئۆركەشلىنىپ ئاقتى،
بازادۇ - باغدىن ئاشخانىنى ساقاغولۇق تۇتار بولدى.
بۇكارىزنىڭ سۇيىدە چۆرۈلۈپ هەم ئىككى تاش تۇگمەن،
قىش - ياز ئەلگە ئۇن تارتىپ كىشىنى خۇش قىلار بولدى.
چېرىكلەرنى بىكار باقماي، ئېچىپ بوز يەر، تېرىپ ئاشلىق،
ئۆگەن دەرياسىدىن چاپقان چېرىك ئۆستەڭ بىنا بولدى.
بۇ قىلغان ئىشلىرى ئەهلى كۇچاغا تۆهپە دەۋر بىلسەڭ،
خەلقلەرگە كوشايىش،[4] يۇرتقا زىننەت يادىكار بولدى.

---

① زەهۇر- پەيدا بولغان، بارلىققا كەلگەن.
② نىزام مەكتەپ - 1918 - يىلى كۇچادا يېڭى پەننىي مەكتەپ تەسىس قىلىنغان.
③ «شويە» - قادىر هاجى توڭلىكنىڭ ئوغلى هەمدۇلنىڭ ئۇنۋانى.
④ كوشايىش - ئاسانچىلىق.

## مىلادىيە 1921 ـ يىلى

قادىر ھاجى تۇڭلىك يۇقىرىدا بائىزى تۇردى مەدھىيىلىگەندەك كۇچا دىيارىدا ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلىپ، خەلققە توغرا نىشان كۆرسىتىپ، خەلقنى ئالغا يېتەكلىگەن. ئۇ كۇچادا ئادالەتپەرۋەرلىك، ھۆررىيەت ۋە دىيانەتلىكنى 1 ـ بولۇپ تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇنى يولغا قويغان ئادەم. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى پەزىلىتى بىلەن كۇچا خەلقىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ، كېيىنكى چاغلاردا يۇقىرىغا ئۆزىنىڭ كۇچادىن يۆتكىلىش ئۈمىدى بارلىقىنى ئىزھار قىلىپ ئىلتىماس سۇندۇ. ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ كۇچادىن يۆتكىلىشىگە قوشۇلمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياڭ زېڭشىن ئۇچىغا چىققان ھىيلىگەر ـ تۈلكە ئادەم بولغاچقا، ئۆزىدىن ئۆزگە بىلىملىك، ئاق ـ قارىنى ئىلغىيالايدىغان ئادەملەرنى ئاسانلىقچە ئۆز يېنىغا يولاتمايتتى. ئۇ، ئەينى چاغدا ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ئادەم كەلتۈرمەسلىك، شىنجاڭلىقنى چەتكە چىقارماسلىق، ئىچكى جەھەتتە باشقۇرۇش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن مىللەتلەر ئارىسىدا: «بىرىنى بىرىگە باغلاپ كونترول قىلىش»، «قارىمۇ ـ قارشى قويۇش» ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەندى. قادىر ھاجى كۇچادىن قايتىپ كەلسە ئۇنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئەمەل بەرمەي بولمايتتى. ئۇنداق بولغاندا ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلغانلىق بولۇپ، ئۆزىگە يەنە بىر خەۋپلىك ئادەم يېقىنلاشقان بولاتتى.

دەرۋەقە قادىر ھاجى تۇڭلىكنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىدا ئوينىغان رولى، ھەمدە كۇچادىكى تۆھپىلىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ كۇچادىن قوزغىلىپ كىتىشىگە يول قويمىغانىدى. ياڭ زېڭشىنىنىڭ تاكتىكىسى شۇنداق ئىدىكى، ئۇ ئۆزى «خەۋپلىك» دەپ تونىغان ئادەملەرگە ساختا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئەمەل بېرىپ ئىشەنچىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئاندىن



جايلىشۋېتەتتى. ئۇ، بۇنداق تاكتىكىنى قادىر ھاجى تۇڭلىكىغا ئىشلىتەلمەيتتى. ئۇ، بىلىملىك، كۆپنى كۆرگەن، زىرەك، يىراقنى ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن تونۇلغان خەلقپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ كۇچادىن ھالقىپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان زات بولۇپ، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭدىن قۇسۇر تېپىش ياكى ئۇ، بۇ سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ جايلىشۋېتىشكە كۆزى يەتمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىماي ئۆز ئورنىدا قالدۇردى.

1927 ـ يىلىغا كەلگەندە جۇڭگونىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتى كەسكىنلەشتى. قادىر ھاجى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئەمدى ھۆكۈمەت ئىشىدىن ئىستىپا بېرىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى دىيانەت بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراپ قايتا ئىلتىماس سۇندۇ. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ تۇرپانغا يۆتكەشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قادىر ھاجى كۇچادىن تۇرپانغا يۆتكىلىدۇ. كۇچار خەلقى ئۇنى يول ئۈستىگە چىقىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويىشىدۇ. ئابدۇقادىر ھاجى تۇڭلىك تۇرپانغا يۆتكىلىپ بىر يىلدىن ئارتۇق بۇ يەرگە تۇڭلىك بولۇپ يۇرت سوراپ ئۆتىدۇ. بەختكە قارشى ئۇنىڭ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ ئەل ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئاجىز كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆكۈمەت ئىشىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قول ئۈزۈپ، ئۆز يۇرتى توقسۇنغا قايتىپ، ھۆكۈمەت ھاۋالىق جايغا سالدۇرۇپ بەرگەن ئاستى ـ ئۈستى ئايۋانچىلىق 72 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان «گۇڭگۈەن» قورۇغا ئورۇنلىشىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزۈپ، 1930 ـ يىلى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

(ئاپتور: توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **دىلدار ئەزىز**

# ياڭ زېڭشىنىڭ ئەسكەر باشقۇرۇش «تەدبىرى»

ئەركىن ئەرشىدىن

مىنگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۆلكە دەرىجىلىك
ئەمەلدارلارنىڭ نامىنى ئاتاشتا مەمورىي ساھەدىكىلەر ئىلگىرى ـ
كېيىن بولۇپ خەلق ئىشلىرى نازىرى، مۇپەتتىش ئەمەلدارلار،
ئۆلكە باشلىقى، ئۆلكە رەئىسى دەپ ئاتىلاتتى. ھەربىي ساھەدىكى-
لەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۇتۇق ۋالىي، جاڭجۈن،
گېنېرال ـ گوبىرناتور، دۇبەن، گارنىزون باش قوماندانى دەپ
ئاتالدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى
مەزگىلدە ئىككى چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھەربىي
مەمورىينى تەڭ باشقۇرغاچقا، ئۇنىڭ نام شەرىپى بىلەن ئەمىلىنى
قوشۇپ ئاتاشتا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلار كېلىپ چىققانىدى. ئەمما
كېيىن ئاۋام پۇقرالار ئۇنىڭ نام شەرىپى بىلەن ئەمىلىنى ئىخچام-
لاپ قىسقىغىنە قىلىپ ياڭ جاڭجۈن دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى.
جاڭجۈن (گېنېرال) دېسە نەچچە تۈمەن ئەسكەرلەرگە قوماندان-
لىق قىلىۋاتقان بەك ھەيۋەت گېنېرالنىڭ ئوبرازى كىشىلەرنىڭ
كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭ ياڭ جاڭجۈن
بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، قوشۇنلارنى كۆچەيتىش، قوشۇننىڭ
جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشنى ئەسلا ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ھەربىي
ئىشلارغا دائىر كىشىلىك پەلسەپىسى «شىنجاڭنىڭ خەۋپسىزلى-
كىنى ئەسكەرگە تايىنىپ قوغدىغىلى بولمايدۇ، ئەسكىرىي كۈچ
بىلەن چەت ئەلگە تاقابىل تورۇش توغرا كەلسە ئەنگلىيە ۋە رۇسى-



يە ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يەڭگىلى بولمايدۇ،
جايلارغا قارىتا ئەسكەر ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، جايلاردىكى
مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسيان كۆتۈرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا
بىرنەچچە بىرگادا خەنزۇ قوشۇنى ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا نەچچە
يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنمۇ ھېچنېمىگە كار قىلمايدۇ. شىنجاڭ-
نىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا سىياسىي يولنى تۇتۇش كېرەك»
دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كىشى-
لەرگە دائىم «مەن شىنجاڭدا 10 نەچچە يىل شەھەرنى قوغداش
ھېيلىسى» بويىچە ئىش كۆردۈم دەيتتى.

ئەمما، ياڭ زېڭشىن تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىل-
دە، ئىلىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇنلارنىڭ قارشىلىقىنى، قومۇل
دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى، گېلاۋخۇيچىلارنىڭ قارشىلىقى ۋە
شىمالىي شىنجاڭدىكى قوبدۇ ۋەقەسى قاتارلىقلارغا دۇچ كەلگەچكە
ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغانىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا
ئۇ دەرھال ئەسكىرىي كۈچنى تولۇقلاپ ۋە كېڭەيتىپ ئىلىدىكى
ئىنقىلابچىلارنى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ۋە جەنوبىي شىن-
جاڭدىكى گېلاۋخۇيچىلارنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىش جەريانىدا
ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. كېيىن
قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلغاندىن كې-
يىن، ئاندىن ئۇ «ئاجىز قوشۇن بىلەن ئىدارە قىلىش سىياسى-
تى» نى كۈچەپ يۈرگۈزدى. ياڭ زېڭشىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلدىكى قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىش، جەڭگىۋار-
لىقىنى يوقىرى كۆتۈرۈش، قوراللاندۇرۇش مەسىلىلىرى ئۈستى-
دە باش قاتتۇرماستىن، ئەكسىچە پۈتۈن زېھنىنى قوشۇنلارنىڭ
توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مەركەزلەشتۈردى. ئۇ-
نىڭ بۇ جەھەتتە قوللانغان تەدبىرى مۇنداق: «قوشۇنلارنى بۆلۈپ
باشقۇرۇش» ئارقىلىق قوشۇنلارنى ئاسانلىقچە بىر يەرگە توپلى-
شىپ ئىسيان كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىش؛ يېڭى قوشۇن

«خۇيزۇ قوشۇنى » نى تايانچ قىلىش، ھەممە مىللەتنى تەڭ ئىشقا
سېلىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى ئىسكەنجىگە ئالىدىغان ھالەتنى
شەكىللەندۈرۈش؛ « شىنجاڭ يەرلىك ئاھالىلىرىدىن ئەسكەر ئې-
لىش » ۋە «مېھمان ئەسكەرلەرنى ئىشلەتمەسلىك » .
ياڭ زېڭشىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن « سەرگەردانلا-
ر» دىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى باشقۇ-
رۇش تەس، ئاسانلار چاتاق چىقىرىدۇ، دەپ ئۇلاردىن قاتتىق
ھەزەر ئەيلىدى. شۇڭلاشقا بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى قوشۇنلاردا
بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن شتاب يوق دېيەرلىك ھالدا ئىدى. لى
كې ئۆزىنىڭ «ياڭ زېڭشىن توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا ياڭ
زېڭشىن «ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى يامۇلنىڭ سەنتاڭ ھو-
جۇرىسىدا تۇرۇپ قوشۇنغا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. «بىر پارچە يار-
لىق بىلەن نەچچە مىڭ قوشۇننى تارقىتىۋېتەلەيتتى» دەپ توختال-
غانىدى. بۇنىڭدىن ياڭ زېڭشىننىڭ ھوقۇقىنىڭ قانچىلىك چوڭ
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ يىلى
(1928 ـ يىلى) شىنجاڭدا 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بار
دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتىكى ئەسكەرنىڭ سانى 10 مىڭ ئەتراپىدىلا
ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى يالغان مەلۇم قىلىپ
«كەم شتات تەمىناتىنى يېيىش» ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىدى.
شىنجاڭنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرى نامدا 3 دېۋىزىيە
دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جاڭ سۇڭلىننىڭ بىر دېۋىزىيەسى، يەنى
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مەزكۇر دېۋىزىيەنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
قالغان 2 دېۋىزىيە ئىسمى بار، جىسمى يوق دېۋىزىيەلەر ئىدى.
ياڭ زىڭشىن ئۆزىنى دېۋىزىيە كوماندىرى دەپ ئاتىۋالغان بىلەن
دېۋىزىيە شتابىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتى. جاڭ سۇڭلىن دېۋىزد-
يەسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ باتالىيون، روتىلىرىدىكى ئەس-
كەرلىرىنىڭ سانىمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
جاڭ سۇڭلىننىڭ بىۋاستە باشقۇرىدىغان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى



ئاران 300 كىشى ئىكەن.
شىنجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى بوش، يامان
ئىللەتلەر ئەۋج ئالغان، ئەسكەرلەرنىڭ ياش پەرقى چوڭ،
كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل بولغاچقا، يەرلىك خەلقلەر
بۇ قوشۇننى «قەلەندەرلەر قوشۇنى» دەپ ئاتىغانىدى. ياڭ زېڭ-
شىن قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ 2 قورالى بار، بىرى مىلتىق
يەنە بىرى بولسا ئەپيۇن غاڭزىسى دېگەن گەپلەر خېلى كەڭ
تارقالغانىدى. ئەپيۇن چەككەن كوماندىر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەم-
مىسى دېگۈدەك لايغەزەل بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق «نامى ئۇلۇغ،
سۈپراسى قۇرۇق» قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن سۆز ئېچىش
زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا شي بېيلىن «دۆلەت
مۇداپەسى ۋە دېپلوماتىيە» ناملىق كىتابىدا «شىنجاڭ قوشۇنلىرى
چىرىكلىكتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ» دەپ
ئوچۇق يازغانىدى. دېمەك، شىمالىي مىللىتارىستلار دەۋرىدە
ئۆلكىلەر ئىچىدە شىنجاڭ ئەسكىرىي كۈچى ئەڭ ئاز، ئەڭ ناچار
ئۆلكىلەرنىڭ بىرى ئىدى.
ياڭ زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇننى ئېلىپ ئېيت-
ساق، ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى مەينەت، كىيىنىشى، يۈ-
رۈش ـ تۇرۇشى رەتسىز ئىدى.
ياڭ زېڭشىننىڭ قورۇسى ئالدىدا پوستتا تورىدىغان مۇھاپى-
زەتچى ئەسكەرلەر قورال ئىرىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، يەرگە تاش-
تىن قاتار تىزىشىپ ئويناتتى. ئۇلار ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەن-
لىكتىن ياڭ زېڭشىننىڭ كىرىپ ـ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەز-
مەي قېلىشاتتى. ياڭ زېڭشىن پوۋسكا بىلەن شەھەر سىرتىغا
چىققان ۋاقىتلىرىدا موھاپىزەتچىلىرى ھەيۋە كۆرسىتىپ ئەگە-
شىپ مېڭىشاتتى. بىرئاز ئەگىشىپ مېڭىپ پوۋسكىغا يېتىشەل-
مەي قېلىشسا، شۇئان ئەگەشمەيلا قويۇپ، يول بويىغا چىقىشىپ
ئارام ئېلىشاتتى ياكى قىمارغا چۈشۈپ كېتەتتى. ياڭ زېشىن

قايتىدىغان چاغ بولغاندا دەرھال قىمار ئويۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قورالىرىنى كۆتۈرۈشۈپ شاپاشلاپ ئالدىغا چىققان بولۇۋالاتتى. ياش زېڭشىن ئۇلارغا كايىغان ھېسابتا بىر ئاز گەپ قىلىپ قوياتتى - دە، بولدى قىلاتتى.

ھەربىي قوماندانلارنىڭ كەم شتات تەمىناتى يېيىشكە قارىتا ياش زېڭشىن ئۇلاردا باشقىچە غەرەز بولمىسىلا سۈكۈت قىلاتتى. ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، ھەرقايسى باتالىئون، روتىلاردىكى ئەسكەرلەر ئەتىياز، ياز پەسلى كېلىش بىلەنلا ئۇنلاپ، سىرتلارغا ئوقەت قىلغىلى چىقىپ كېتىشىپ، مەدىكارچىلىق قىلىش، ئەپيۇن تېرىش، ئوت ئورۇش، ئوتۇن كەسلەش، سېۋەت - زەمبىل توقۇش ئارقىلىق پۇل تاپاتتى.

كۆز ۋە قىش پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن قوشۇنغا قايتىپ كېلىشەتتى. بۇلارنى يۇقىرى ئانچە بەك سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيتتى. چۈنكى، ھەربىي قوماندانلار كەم شتات تەمىناتىنى يېيىش ئۈچۈن، ئەسكەرلەرنىڭ ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە سىرتلارغا چىقىپ ئوقەت قىلىشىغا ئاسترىتتىن يول قوياتتى. بۇنداق قىلىش ئۆزىگىمۇ، ئەسكەرلەرگىمۇ پايدىلىق ئىدى.

بىر يىلى ئەتىيازدا مەلۇم روتىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئاساسلىقى سىرتلارغا ئىشلەمچىلىككە چىقىپ كېتىپ، گازارمىدا قېرى - ئاجىز، ئاقساق - چولاقلارلا قالىدۇ. روتا كوماندىرى بۇ ئىشتىن چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال ياش زېڭشىننىڭ ئالدىغا بېرىپ «ئالىيلىرى، چاتاق بولدى، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، قانداق قىلىمەن» دەپ دوكلات قىلىدۇ. ياش زېڭشىن قىلچە ئەجەپلەنمەستىن تەسەللى ئاھاڭدا: «ھەممىسى قېچىپ كەتتىما؟ ئۇنداق ئەمەستۇ. ئەتىياز كېلىپ قالدى، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلى تۇرسا، سىرتلارغا چىقىپ بىر ئاز پۇل تاپاي دېگەندۇ. بۇنىڭ نېمىسى يامان، قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى



كۈتكىن، كۈز پەسلى كىرگەندە ھەممىسى قايتىپ كېلىدۇ» دەيدۇ. بۇ بىر قالتىس يېڭىلىق بولۇپ، ھەربىي ئىشلار تارىخىدىمۇ بۇنداق ئەسكەر باشقۇرغان قوماندان كۆپ ئۇچرىمىسا كېرەك، ئېھتىمال.

ھەربىي گازارمىلار بوش قالغان بىلەن رەسمىيەتچىلىك توختاپ قالمايتتى. ھەر كۈنى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە چوقۇم بايراق چىقىرىپ، ھەربىي كانايلارنى چېلىپ، يالغاننى راس قىلىپ، خۇددى گازارمىدا ئەسكەرلەر نورمال پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك كەيپىياتنى پەيدا قىلاتتى.

بەزى ۋاقىتلاردا ياش زېڭشىن تۇرۇپلا غەلىتە قىلىق چىقىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى. تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى يېرىم ئاي بۇرۇن ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ تەييارلىق كۆرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغان گازارمىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئوغرى - قىمارۋاز، بىكار تەلەپلەرنى يىغىپ، بۇلارغا ھەربىي فورما كەيگۈزۈپ قورال تۇتۇشنى، سەپتە تۇرۇشنى، راھەت، دىققەت قاتارلىقلارنى ئۆگىتىپ ناھايىتى تېزلىكتە يېڭى بىر قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇپ چىقاتتى. پاراتنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان كۈنى ياش زېڭشىن تولۇق ھەربىي قوماندان بىلەن مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەيۋەت بىلەن گازارما مەيدانىغا كېلەتتى. ئۇ مۇنبەردە تۇرۇپ قاتار تىزىلىپ تورغان قوشۇننىڭ مېڭىش - تۇرۇش ۋە ساناق - ساناشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مەمنۇن بولغان ھالدا: «مەشقىڭلار يامان ئەمەس بوپتۇ. ياخشى! ياخشى!» دەپ ماختاپ قوياتتى. ھەمدە ئۇلارغا ئىلھام بولىدىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەرنى قىلىپ، بۇ كۆزدىن كەچۈرۈش مۇراسىمىنى ئاياقلاشتۇراتتى. مۇھاپىزەتچى قوماندانىنىڭ ھىمايىسى بىلەن «مەھكىمە» سىگە قايتىپ كېلەتتى. ياش زېڭشىن مەيداندىن ئايرىلىش بىلەنلا بۇ ۋاقىتلىق يالاپ كېلىنگەن «ئەسكەرلەر»

ئالدىن كېلىشكىنى بويىچە ئىش ھەققىنى ئېلىپ قايتىشاتتى. قىمارۋازلار قىمارخانىغا چېپىشاتتى. ئەپيۇنكەشلەر ئەپيۇنخانىلارغا يۈگۈرۈشەتتى. بىكار تەلەتلەر يەنىلا كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. ھەربىي گازارمىلار ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ گۆرىستاندەك جىم - جىتلىققا پاتاتتى. پەقەت ھەربىي كانايلار ۋاقتى - قارارىدا چېلىنىپ تۇراتتى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1) سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 1 - قىسىم، ئۇيغۇرچە.
2) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 3 - قىسىم.
3) «غەربىي دىياردا ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلار»، خەنزۇچە نەشرى.
4) «جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخىدىن لېكسىيە».

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)
جاۋابكار مۇھەررىر: **دىلدار ئەزىز**



# يەكەننىڭ 1910 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان يېرىم ئەسىرلىك تارىخىغا دائىر ئەھۋاللار①

ئى. ئەسقەرى

12. يەكەندە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ خەلققە زۇلۇم سېلىشى، زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەنلەرنى دەھشەتلىك باستۇرۇشى ئارقىسىدا، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئوتتۇرىلىرىغىچە يەكەن دىيارىدىمۇ تۈرلۈك ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن. بۇ ۋەقەلەرلەرنىڭ مۇھىمراقلىرى تارىخىي خاتىرىلەردە تۆۋەندىكىچە خاتىرىلەنگەن:

## 1930 - يىلىدىن ئىلگىرى بولغان ۋەقەلەر

ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋىلايىتىدە 1890 - يىلى چاررۇسىيە پادىشاھىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، 1905 - يىلى چار پادىشاھ گېنېرالى كائوفمان تەرىپىدىن باستۇرۇلغانغا قەدەر 15 يىل داۋام قىلغان. بۇ قوزغىلاڭغا «يېڭى ئىشان» دېگەن كىشى باشچىلىق قىلغانلىقتىن، «يېڭى ئىشان قوزغىلىڭى» دەپ ئاتالغان. قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇشقا باشلىغاندىن

① بېشى ئۆتكەن ساندا

كېيىن ئەنجان، نامانگان، ئۇش قاتارلىق جايلاردىن بىرنەچچە مىڭ قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرى (ئۆزبېكلەر) ئەركەشتام ئارقىلىق جەنوبىي شىنجاڭغا، جۈملىدىن يەكەنگە قېچىپ كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇ، ئۆزبېكلەرنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تۈركۈملەپ كېلىشى ئىدى.

1912 - يىلى يەكەن مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ناھىيىلەردىن قىلىپ بېكىتىلىپ، ھۆكۈمەت خىراجىتى ئۈچۈن ھەر ئېيىغا 600 سەر كۈمۈش بەلگىلەپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن سېلىق چېچىش، قوشۇمچە ياردەم ئېلىش قاتارلىق تۈزۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شۇ يىلى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلۇس يەكەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، چاررۇسىيە مۇھاجىرلىرىنى كۆپەيتىشتەك قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. يەكەندە بۇنىڭغا قارشى كۈرەشلەر بولغان. شۇ يىلى 6 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىگە تەۋە چىرا ناھىيىسىدىمۇ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرەش پارتلاپ، بۇ كۈرەشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەردىكى گىلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقلىرى بىيەن يۈڭفۇ، ۋې دېشىلار چىراغا ئادەم ئەۋەتكەن.

1913 - يىلى چاررۇسىيە خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى مالوف تىلشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىش باھانىسى بىلەن يەكەنگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە ئاخبارات توپلىغان. شۇ يىلى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى، قەشقەر مۇپەتتىشىنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن يەكەن تەۋەسىدىكى ئەنگلىيە مۇھاجىرلىرىنى تەكشۈرۈپ ، ھەقىقىي مۇھاجىرلارنى تىزىملىغان ۋە ئۇلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەرگەن. مۇھاجىرلىق پاسپورتى يوق ۋە جۇڭگو تەرەپتىن چېگرىغا كىرىش قەغىزى بېرىلمىگەنلەرنى تىزىملىمىغان.

1914 - يىلى ئەنگلىيە دائىرىلىرى يەكەندە ئۆز ئالدىغا سودا ئاقساقىلى ۋە مۇھاجىرلار ئاقساقىلى تۇرغۇزغان. مۇھاجىرلارنىڭ



مۇتلەق كۆپچىلىكى ئافغان ۋە ھىندىلاردىن ئىبارەت بولغان. شۇ يىلى 6 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەكەننىڭ ئورۇنباسار سانغۇنى شىن چۈنى «ياشىنىپ قالدى» دەپ ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سى شىڭنى ئورۇنباسار سانغۇن قىلىپ تەيىنلىگەن.

1914 - يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى «سىبىرىيىگە ئەسكەر ئالىمىز» دېگەن نام بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئاھالە ئائىلىلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن ياشنى (16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلارنى) ئەسكەرلىككە ئېلىشنى يولغا قويغاندا، ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. مۇنداق ئەسكەر ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن «مەدىكارلار قوزغىلىڭى» 1916 - يىلىغىچە داۋاملىشىپ، قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەر (تەخمىنەن 10 نەچچە مىڭ بولۇپ، تولىسى ئۆزبېك) ئۆز ۋاقتىدا قەشقەر، يەكەنلەردىن ئەنجانغا ئىشلىگىلى چىققان ئىشلەمچىلەر بىلەن بىللە ئۇلۇغچات چېگرىسى ئارقىلىق قەشقەر، يەكەنلەرگە قېچىپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان. بۇ، ئۆزبېكلەرنىڭ يەكەنگە 2 - قېتىم تۈركۈملەپ كېلىشى ئىدى.

1915 - يىلى 9 - ئايدا، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مىشكىن قەشقەرنىڭ دوتىيى چاڭ × ×گە نوتا تاپشۇرۇپ، جۇڭگو زېمىنىدا چارۋا بېقىۋاتقان روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ جۇڭگو پۇقرالىرىغا ئوخشاشلا يايلاق بېجى تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇ جۈملىدىن يەكەن تەۋەسىدە تۇرۇۋاتقان چاررۇسىيە مۇھاجىرلىرىمۇ بۇ بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلغان. شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمدارى ياڭ زېڭشىن يەكەننىڭ ئامبىلىغا چارلىغۇچى ساقچى ئەترىتى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇيرۇقتا، بۇ ئەترەتكە يەرلىكتىن ئىشەنچلىك 30 ئەسكەر ئېلىپ، ئەستايىدىل تەربىيىلەش؛ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغان-

لارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولۇش؛ ئەسكەر سانى كەم بولۇپ قالماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن بولۇپ قالماسلىقى لازىملىقى ئېيتىلغان.

يەكەن ئامبىلى لىۋ رىنيەنىنىڭ باشلامچىلىقىدا، 1917-يىلى 7-ئايغىچە يەكەننىڭ شىڭلۇچى يېزىسىدا ئۇزۇنلۇقى 260 چاقىرىم كېلىدىغان بىر ئاساسىي ئۆستەڭ، ئۇزۇنلۇقى 50 چاقىرىمدىن 70 چاقىرىمغىچە كېلىدىغان 2 تارماق ئۆستەڭ، 4 زەيكەش چېپىلغان؛ بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ 2 قېشىغا جەمئىي 50 مىڭ تۈپچە سۆگەت ۋە سۇۋادان تېرەك تىكىلگەن. بۇئۆستەڭلەر بىلەن 199 مىڭ مو يەر سۇغىرىلغان. ئۆلكە ھۆكۈمدارى ياڭ زېڭشىن لىۋ رىنيەنىنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ئالاھىدە ماختاپ «3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئالغان ۋە بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ، ئوردېن تەقدىم قىلدۇرغان. شۇ يىلى ئەنگلىيىلىكلەر «يەكەنلىك لىۋ سۇنتاڭ ئەپيۇن ساتتى» دەپ غەۋغا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ 400 سەر كۇمۇشىنى بۇلاپ كەتكەن. ياڭ زېڭشىننىڭ يەكەن ئامبىلى لىۋ رىنيەنگە تېلېگرامما بىلەن ئەۋەتكەن بۇيرۇقىغا بىنائەن، مەزكۇر ئەپيۇن تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلۈپ، قەشقەر دوتەيىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن؛ جۇڭگولۇق ئەپيۇنكەشلەر يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇلغان، چەت ئەللىك ئەپيۇنكەشلەر ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇلغان .

1918 - يىلى 2 - ئايدا، شىنجاڭ ھۆكۈمدارى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللاپ، رۇسىيىدىن قەشقەر ۋە يەكەنگە كېلىدىغان رۇسىيە مۇھاجىرلىرىغا پاسپورت بېرىشنى بىردەك توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغان؛ يەنە شۇ يىلى 6 - ئايدا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تېلېگرامما يوللاپ، رۇسىيە ئەلچىسىنىڭ رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ يەكەنگە كېلىپ، زاۋۇت قۇرۇپ مەھسۇلات



ئىشلەپچىقىرىشقا يول قويۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ يەكەندە زاۋۇت قۇرۇش پائالىيىتى توختاپ قالغان.

1920 - يىلى ياڭ زېڭشىن يەكەن ئامبىلىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، رۇسىيە تەۋەلىكىگە كىرىۋالغان 260 يەكەنلىك ئائىلىنىڭ جۇڭگو تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى؛ شۇنىڭدەك ئەنجانغا بېرىپ رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن جۇڭگولۇقلار يەكەنگە كەلگەندە ئۇلارغا جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ ئەنجاندا تۇرۇۋاتقانلارنى جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈشنى ئاستا - ئاستا بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرۇغان.

## خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ يەكەنگە تەسىرى

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇرپان، قومۇل ۋە ئاقسۇ - كۇچالاردا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭچىلىرى رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تۆمۈر سىلىڭ ( تۆمۈر سىجاڭ ) باشچىلىقىدىكى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن تەشكىلىي جەھەتتە بىرلىشىپ، شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىمۇ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ، قوزغىلاڭنىڭ دائىرىسى تېزلا كېڭەيدى. مەمتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى بۇ قوزغىلاڭ ئېزىلگەن خەلقنى ئۆزىگە كۆپلەپ جەلپ قىلالىغانلىقتىن، تېز سۈرئەت بىلەن غەلىبە قىلىپ، خوتەن، گۇما، قاغىلىق، پوسكاملارنى پەتھ قىلغان ۋە ئۇ ناھىيىلەردىن نۇرغۇن پىدائىيلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ چوڭ ئىنىسى

ئەمىر ئابدۇللا[1] 2000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى بىلەن يەكەننى
پەتھە قىلىشقا ئەۋەتىلدى. بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى
پاۋان مىلتىقى ياكى ئاددىي قىلىچ بىلەن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى-
لىرى چوماق، كالتەك، پالتا بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئۇلار
توسالغۇسىز ئىلگىرىلىگەن پېتى يەكەن دەرياسى بويىغا يېتىپ
كەلدى. شەرقىي شىمال تەرەپتىن قومۇل قوزغىلاڭچىلىرى،
جەنۇب تەرەپتىن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قىستاپ كېلىشى
يەكەندىكى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن زور تەھدىت ئىدى.
خەلق ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قېلىشتىن قاتتىق ئەنسىرەپ، شەھەر
ئىچىدە ئۇرۇش بولماسلىقنى تىلىدى. جىن شۇرېننىڭ يەكەندىكى
ھەربىي كۈچلىرى بولسا، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ھەربىي تەييارلىق ۋە مۇداپىئەنى كۈچەيت-
سە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىي تەييارلىق ۋە قوزغىلاڭچىلارنى
باستۇرۇشنىڭ ھەر خىل چارە - تەدبىرلىرىنى ئىزدىدى. ئۇلار
ئەڭ ئاۋۋال قوزغىلاڭچىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ۋە ماسلىشىش
ئېھتىمالى بار دەپ قارالغان ئەمەت جۇۋاز، خوجىنىياز ھاجى
(يەكەنلىك) قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى قولغا ئېلىپ قامىدى؛
مۇھەممەت رېھىم ئاققاش قاتارلىق بىر نەچچە كىشىنى چەت ناھى-
يىگە سۈرگۈن قىلدى. ئۇلار ھەربىي تەييارلىقنى كۈچەيتىش
جەھەتتە، يىغىدىن قورال - ياراق توپلىيالىسىمۇ، لېكىن يەكەن
پېغىشەھەردىكى ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئاشلىق، ياغ، كۆكتات،
ئوتۇن، بىدە - سامان قاتارلىق ھەر خىل ماددىي نېمەتلەرنى
كۆپلەپ توپلىۋالدى ۋە كۆللەرگە سۇ توشقۇزۇۋالدى؛ شەھەر
كوچىلىرىنى چارلاپ تۇرۇشقا ئادەم تەيىنلەپ، گۇمانلىق كىشى-

[1] مەتىمىن ھەزرەتنىڭ ئىككى ئىنىسى بار بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئاكىسى بىلەن بىللە قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ئەمىر (قوماندان) بولغان. كېيىن قوزغىلاڭ جەريانىدا خەلق تەرىپىدىن چوڭ ئىنىسى ئابدۇللا «شاھ مەنسۇر» دەپ، كىچىك ئىنىسى نۇرمۇھەممەت «ئەمىر ساھىب» دەپ ئاتالغان.



لەرنى نەزەربەنت قىلدى؛ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دوتىيى (ۋالىي-
سى) ماشاۋۇ (خۇيزۇ) نىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەردىن 300
گە يېقىن قىرغىز ۋە خۇيزۇلاردىن تەشكىللەنگەن بىر پولك
قوشۇننى يەكەنگە يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا يەكەندە ئولتۇرۇشلۇق
خۇيزۇ مۆتىۋەرلەردىن خەن جەنشى[1] نى تۇەنجاڭلىققا، خې جى-
چۈەن[2] نى مۇئاۋىن تۇەنجاڭلىققا تەيىنلەپ، ئۇلارنى يەكەننىڭ
شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل قىلدى. قاراقاشتىن باشلانغان خو-
تەن قوزغىلىڭىنىڭ ۋەزىيىتىدىن ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىلگىرى-
لەش ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان گۇما، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت
ناھىيىلىرىدىكى جىن شۇرېن ئەمەلدارلىرى ۋە گۆرەكەش، تىجا-
رەتچى خەنزۇلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن يەكەنگە قېچىپ كېلىپ،
پېغىشەھەرگە توپلىنىپ، خېلى چوڭ مۇداپىئە قوشۇنىنى شەكىل-
لەندۈردى. يەكەندىكى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە ئاكتىپ خىز-
مەت قىلغان ۋە خەلق ئالدىدا ئەندىشىسى بار بىر بۆلەك يەرلىك
ئەمەلدارلار بولسا، يىراق يېزىلار ۋە باشقا ناھىيىلەرگە قېچىپ
كېتىشتى. شۇ يىللاردا، جىن شۇرېننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى
ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى كۈمۈش
ۋە مىس پۇللارنىڭ ئۈستىگە قەغەزدىن «سىڭ پياۋ» (ئۆلكە
پۇلى) تارقاتقانىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، قەشقەر دوتىيى ئۆز
ئالدىغا يەنە قەغەزدىن «خاپياۋ» (قەشقەر پۇلى) تارقاتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئۆلكە بويىچە (جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ) پۇل-
نىڭ تۈرى كۆپىيىپ، پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىققان ۋە مال
باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلەپ كەتكەنىدى، ھەر مىللەت خەلقى
بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق نارازى بولدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قۇ-

[1] خەن جەنشىنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى «جالالىدىن خەلپە» بولۇپ، كېيىن خەلق ئارىسىدا «خەن دارىن» دەپ ئاتالغان.

[2] خې جىچۈەننىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى «ئىلى ئاخۇن باي» بولۇپ، يەكەننىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدا نۇرغۇن يەر - زېمىنلىرى بولغان.

مۇل ۋە خوتەنلەردىن قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇ-
رۇش يولىدا قوللانغان زوراۋانلىق تەدبىرلىرى يەكەندىمۇ مال
باھاسىنى تازا ئۆرلىتىپ، ئاۋام پۇقرانى تېخىمۇ نارازى قىلىۋەت-
تى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ
بېشىدا، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، سۇڭ
تۇڭلىڭ①باشچىلىقىدا قەشقەر ۋە يەكەندىن خوتەنگە قوشۇن ماڭ-
دۇرغانىدى. دەل شۇ چاغدا، قاغىلىقتىمۇ سابىرخان خوجا باش-
چىلىقىدا بىر توپ كىشىلەر قوزغىلىپ چىقىپ، قاغىلىقنى ئىگى-
لەپ تۇرغاچقا، جىن شۇرېن قوشۇنى قاغىلىقنىڭ ناھىيە ئىچىدىن
ئۆتەلمەي، كۆكيار، شىخشۇ، چىپان قاتارلىق چەت - ياقا جايلى-
رىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يەكەن تەۋەلىكىدىكى چىمدۇ دېگەن
يەرگە چۈشىدۇ؛ ئاندىن يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تۇمشۇقساراي
دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر
تاپقان ياقۇپ يىگىتبېشى، ھەسەنبەگ، مۇھەممەت رېھىم ئاققاشلار
باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ
ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. لېكىن، بىر نەچچە تال پاۋان مىلتىقى-
دىن باشقا پۈتۈنلەي كالتەك، چوماق، پالتا بىلەنلا قوراللانغان
قوزغىلاڭچىلار رەسمىي مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەرگە
تەڭ كېلەلمەي، يېڭىلىپ قېلىپ قىرىلىپ كېتىدۇ. ئەسكەرلەر
كالتىلا دېگەن يەرگە كەلگەندە، كالتىلا بازىرىغا سودا - سېتىق
ئۈچۈن توپلاشقان 300 - 400 دەك بىگۇناھ خەلقنى «بىزنىڭ
ئالدىمىزنى توسقىلى كەلگەنلەر ئىكەن» دەپ، پۈتۈنلەي قىرىپ
تاشلايدۇ. بۇ زالىملار يەنە كالتىلادىن يەكەن شەھەر ئىچىگە
كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى پۇقرانى ياش -
قېرى، چوڭ - كىچىك دېمەي ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ ماڭىدۇ.

سۇڭ تۇڭلىڭ باشچىلىقىدىكى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى

① تۇڭلىڭ - شۇ زاماندا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچى ھەربىي باشلىق.



يەكەن يېڭىشەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندە
شەھەر خەلقى ناماز بامداتقا تۇرغاندا، مەسچىتلەرگە بېرىپ، مۇ-
سۇلمانلارنى ناماز ئۈستىدە قىرىپ تاشلاش، گەيشەڭ ۋە كوناشە-
ھەرلەردىكى خەلق ئولتۇراقلاشقان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوت
قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى مۇزاكىرىلىشىدۇ. ئەمما، مۇشۇ سۆھ-
بەتكە قاتناشقان مۇسۇلمانلاردىن بىرسى بۇ گەپنى يەكەننىڭ ئەلدى-
مى سابىق ئاخۇنۇمغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. سابىق ئەلەم ئاخۇنۇم
يەكەن خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئۈچۈن، ئەتىسى سەھەردە بىر قانچە ئۆلىمالارنى يىغىپ،
يېڭىشەھەرگە (سۇڭ تۇڭلىڭنىڭ ئالدىغا) بارىدۇ. سۇڭ تۇڭلىڭ
بۇ ئۆلىمالارنىڭ خەلققە ۋەكىل بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ،
يېڭىشەھەردىكى بارلىق خەنزۇ ئەمەلدارلارنى يىغىدۇ. سابىق ئە-
لەم ئاخۇنۇم بۇ ئەمەلدارلارغا: «ھەر بىرلىرى بۇ چاققىچە يەكەن
خەلقىگە ياخشى رەھبەرلىك قىلىپ كەلگەن، يەكەن خەلقىمۇ ھەر
بىرلىرىگە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ، بۇيرۇق - پەرمانلىرىنى
ئادا قىلىپ كەلگەن. ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىرلىرىگە ھېچقانداق
يامان نىيىتى يوق. يەكەن خەلقى ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، بىگۇ-
ناھ، ياۋاش خەلق. مۇنداق بىگۇناھ پۇقرادىن گۇمانلىنىپ ئۇلار-
نى قىرغىن قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، بەلكى ئىنتا-
يىن خەتەرلىك، بۇ نىيەتلىرىدىن يانسىلا، يەكەن خەلقىدىن ھەر-
گىز چاتاق چىقمايدۇ. بۇنىڭغا بىز كېپىل. ئەگەر بىرەر چاتاق
چىقىپ قالىدىغان بولسا، مەسئۇلىيەتنى بىز ئۈستىمىزگە ئالى-
مىز» دەيدۇ. سۇڭ تۇڭلىڭ باشلىق ئەمەلدارلار بۇنى ئاڭلاپ،
ئۇلارغا: «كوناشەھەردىكى گۆرەكەش خەنزۇلارغا چېقىلماسلىق
ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈكىگە كېپىللىك قىلىش، ھۆكۈ-
مەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرمەسلىك ۋە قوزغىلاڭچىلارغا قو-
شۇلماسلىق» دېگەنلەرنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. ئۆلىمالار بۇ
شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، قەتئىي ئەمەل قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ.

بۇنىڭغا بىنائەن، ئەمەلدارلار يەرلىك خەلقلەرگە دۈشمەنلىك ھەرىكەتتە بولۇش پىلانىنى بىكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكەن خەلقى (ئاساسەن مۇسۇلمانلار) بىر قېتىملىق قىرغىن قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغىچە، سابىرخان خوجا باشچىلىقىدىكى قاغىلىق قوزغىلاڭچىلىرى ھەربىي يۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئۇلارمۇ يەكەن دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىدۇ. خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغان يەكەندىكى جىن شۇرېن قوشۇنى ھەربىي تەييارلىقنى جىددىيلەشتۇرۇپ، يېڭىشەھەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن، شەھەر دەرۋازىلىرىنى چىڭ تاقاپ، شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى خەندەكلەرگە سۇ توشقۇزۇپ، خەندەكلەرنىڭ كۆۋرۈكلىرىنى تارتىۋېتىدۇ؛ شەھەر دەرۋازىسى ۋە سېپىلنىڭ ئۈستىگە قۇم قاچىلانغان تاغارلارنى دۆۋىلەپ، ئىستېھكامنى مۇستەھكەملەيدۇ؛ يېڭىشەھەرگە توپلاشقان ئەمەلدارلار ۋە ھەممە خەنزۇ پۇقرالارنى قورالالاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يېڭىشەھەر تۈرمىسىگە قامالغان ئەمەت جۇۋاز، خوجنىياز ھاجى، يۇنۇس قازى قاتارلىق مۆتىۋەر كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. شەھەر ئىچى قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالىدۇ.

## خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يەكەنگە كېلىشى

شاھ مەنسۇر (ئەمىر ئابدۇللا) باشچىلىقىدىكى 200 دىن ئارتۇق خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە يەكەن كوناشەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، كوناشەھەرنىڭ يامۇل مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ مۇنتىزىم ئەسكەرلەرنى قەشقەرنىڭ دۇتيىي (ۋالىيسى) قوشۇمچە دېۋىزىيە باشلىقى ما شاۋۋۇ ئەۋەتكەنىدى. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى سان جەھەتتە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن زامانىۋى قورالنىڭ ئازلىقى (مۇتلەق كۆپ



قىسمى كالتەك، چوماق، قىلىچ ۋە نەيزە بىلەنلا قوراللانغانلىقى)، تۇرغان ئورنىنىڭ قۇلايسىزلىقى ۋە ئۇرۇش قىلىش تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبلىك، دەسلەپكى جەڭدىلا ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىدىن سوپىتىللا مەۋلىۋى[1] باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار تامامەن ئۆلۈپ كەتتى، يامۇل مەھكىمىسىنىڭ ئالدى شۇلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن توشۇپ كەتتى. ھايات قالغان قوزغىلاڭچىلار شەھەرنىڭ سىرتىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ئافغانىستان، كەشمىرلەر (مۇشۇ ئەسلىمىنىڭ 8 ـ بابىدا ئېيتىلغاندەك، يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئافغانىستان، كەشمىرلەر) دىن 150 نەچچە كىشى ئۆزلىرى ساقلاپ كەلگەن ھەر خىل مىلتىقلار بىلەن قوراللىنىپ، «ئىسلامغا ياردەم بېرىمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا، شەھەر سىرتىغا چېكىنگەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن كۈچەيگەن قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزە ۋە بالىخانىلىرىغا تارقاق ئورۇنلىشىپ، مۆكۈنۈپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى خېلى بەك ھالسىزلاندۇردى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئاخىرى كونىشەھەرنى تاشلاپ يېڭىشەھەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما بۇ جەڭدە ئافغان ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى مەددەمىن ھاجى ۋاپات بولدى. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى غەلىبە قىلىپ، يەكەن كوناشەھەرنى ئىشغال قىلدى ۋە يامۇل مەھكىمىسىنىڭ ئۈستىگە «نەسرۇن مىنەللاھى ۋە پەتھۇن قەرىب»[2] دېگەن خەت يېزىلغان ئاق بايراقنى ئاستى.

يەكەن كونىشەھەر ئىشغال قىلىنىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى شاھ مەنسۇر خوتەنگە قايتىپ

① مەۋلىۋى ـ دىنىي ئىلىمدە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ئۆلىما.

② بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى: «پەتىھ قىلىشىمىزغا ئاللا يېقىن ئارىدا نۇسرەت بەرگەي» دېگەن بولىدۇ.

كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئەمىر نۇرمۇھەممەت (ئەمىر ساھىب) كەلدى. ئۇ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ۋە يەكەندە مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ۋە ئەسكەرلىرى توپلىنىۋالغان يەكەن يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، يېڭىشەھەرنىڭ مۇداپىئەسى ناھايىتى كۈچلۈك، قوراللىرى خىل بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار يېڭىشەھەرگە كىرەلمىدى. چۈنكى، يەكەن يېڭىشەھەردە، سۇڭ تۇڭلىڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك ئەسكەردىن باشقا خوتەن ۋە قاغىلىقلاردىن قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى، مارالبېشىدىن قېچىپ كەلگەن ياڭ چىڭمىن تۇەنجاڭنىڭ 3 روتا ئەسكىرى بولۇپ جەمئىي 3 پولكقا يېقىن مۇنتىزىم قوراللىق كۈچ بار ئىدى. ئۇلار ساپ 9 ئاتار، 11 ئاتار زامانىۋى مىلتىقلارغا ۋە بىر نەچچە زەمبىرەككە ئىگە ئىدى. قىسقىسى، جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل ۋە خوتەنلەردىن كۆتۈرۈلگەن ئومۇمىي خەلق قوزغىلىڭىدىن قورققان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچلىرى قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن يەكەن شەھەرىگە توپلىنىۋالغانىدى. شۇڭا، ئىمىر ساھىب يەكەن يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، جىن شۇرېن دائىرىلىرى تەرىپىدىن يەكەننىڭ شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل قىلىنغان، يېڭىشەھەر بىلەن كوناشەھەر ئوتتۇرىسىدا قوزغىلاڭچىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈپ يۈرگەن خۇيزۇ قوشۇنىنى بويسۇندۇردى. بۇ قوشۇننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خې جىچۈەن (ئېلى ئاخۇنباي) نى يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن تېپىپ كېلىپ قولغا ئالدى، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ قوراللىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

شۇ پەيتتە، خوتەنگە قايتىپ كەتكەن شاھ مەنسۇر (ئەمىر ئابدۇللا) ئېلى ئاخۇن داموللا، قادىر بەگ ھاجى، غۇلام قادىرخان، ئابدۇلھېمىت داموللا، ئوبۇلخەيرى داموللا، ئابدۇغېنى داموللا، ئىبراھىم مەۋلىۋى، تۇرسۇنباقى خوجا قاتارلىق 10



نەپەر ئەمىرى بىلەن بىللە 8000 كىشىلىك پىدائىي قوشۇنىنى باشلاپ، يەنە يەكەنگە كەلدى. ئۇ، ئىنىسى ئەمىر ساھىبنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە يېڭىشەھەرگە بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، يەكەن يېڭىشەھەرنى يەنىلا ئالالمىدى. ئىككى تەرەپتىن قاتتىق تىركىشىپ تۇرغان ۋاقىتتا، قەشقەرنىڭ دوتىيى ما شاۋۇ ئىككى تەرەپنى مۇرەسسە قىلىش ئۈچۈن، قەشقەردىكى ئاپاق خوجىنىڭ ۋارىسى باش شەيخ ئابدۇللاخان خوجا (بېيجىڭدا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، خەنزۇ تىلىنى ئوبدان ئۆگەنگەن) بىلەن قەشقەرنىڭ قازى رەئىسى ئابدۇغوپۇر ھاجى (لەقىمى شاپتۇل) نى يەكەنگە رەسمىي ئالاقە خەت بىلەن ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بۇلار يەكەنگە كېلىپ، ئاۋۋال شاھ مەنسۇر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئابدۇللاخان خوجا مادوتەينىڭ خېتىنى ئېلىپ يېڭىشەھەرگە كىرىدۇ. يېڭىشەھەردىكى خوتەن دوتىيى يەن ××، ھەربىي باشلىق سۇڭ تۇڭلىڭ ۋە باشقا ئامباللار ما دوتەينىڭ مۇرەسسەگە كېلىش توغرۇلۇق يازغان خېتىنى كۆرۈپ، خەتنى يىرتىپ تاشلاپ ئابدۇللاخان خوجىنى نەزەربەنت قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن ئابدۇغوپۇر ھاجى دەرھال قەشقەرگە قايتىپ، ئەھۋالنى مادوتەي بىلەن تۆمۈر سىجاڭغا مەلۇم قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، قەشقەر كوناشەھەردە تۇرۇۋاتقان تۆمۈر سىجاڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى، ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قىرغىز قوشۇنى، سېتىۋالدىجان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇنى، قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇۋاتقان ما جەنساڭ (چولاق زىخۇي) باشچىلىقىدىكى خۇيزۇ قوشۇنىدىن ئىبارەت 4 تەرەپ مۇرەسسەگە كېلىپ، بىرلەشكەنىدى. دوتەي ما شاۋۇ بىلەن لۇيجاڭ ماجەنساڭ يەكەننىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ما جەنساڭ قىسمىدىن ما رۇلۇڭ ئىسىملىك بىر تۇەنجاڭنى بىر روتا ئەسكەر بىلەن يەكەنگە ئەۋەتىدۇ. ما رۇلۇڭ چوڭ يول بىلەن ماڭماي خانئېرىق، ياغاچ ئاۋان، بوغۇرقۇم قاتارلىق ئارقا يوللار

بىلەن يەكەنگە باردۇ. ئۇ، ئۇدۇل يەكەن كوناشەھەرگە كېلىپ، شاھ مەنسۇر بىلەن كۆرۈشۈشكە ئادەم كىرگۈزىدۇ. شاھ مەنسۇر بۇنىڭغا خۇشال بولۇپ، ھەممە قوشۇنىنى ئېلىپ جاھانباغقىچە[1] ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. ما رۇلۇڭ شاھ مەنسۇرغا: «بىز سىزلەرگە ياردەم بېرىشكە كەلدۇق» دەيدۇ. شاھ مەنسۇر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ يېنىدىكى قاسىم مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغلىرىنىڭ خىللىقىنى كۆرۈپ، «يېڭىشەھەرنى ئەمدى چوقۇم ئالىدىغان بولدۇق» دەپ ئويلايدۇ؛ لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، سىنالمىغان بۇ قوشۇنغا گۇمان بىلەن قارايدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ يەكەننىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىمۇ 1933 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يەكەنگە ھاپىز لۈيجاڭ باشچىلىقىدا بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىدۇ (ئابدۇغوپۇر ھاجىممۇ بىللە باردۇ). بۇ قوشۇن ئورازبېك (قىرغىز)، جانبېك (قىرغىز)، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، يۇسۇپجان قۇربېشى قاتارلىقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بولۇپ، ھاپىز لۈيجاڭنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇنىڭغا شاھ مەنسۇرنىڭ قوشۇنى قوشۇلۇپ، يەكەندىكى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ يەكەنگە بارغاندىن كېيىن، شاھ مەنسۇر ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق كۆرۈشۈپ قارشى ئالغان بولسىمۇ، بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ 2 قوماندانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: (1) شاھ مەنسۇر يەكەن كوناشەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى خەلققە بەك زۇلۇم سالغان مىشا يېزىسىنىڭ بېگىنى قولغا ئېلىپ، خەلقنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنىكەن. ھاپىز لۈيجاڭ بۇنى ئاڭلاپ: «بۇ ئىشنى

[1] جاھانباغ - يەكەن كوناشەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي سىرتىدىكى چوڭ مەيدان ئىدى.



تۆمۈر سىجاڭنىڭ رۇخسىتىسىز قىلىپسىلەر» دەپ ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ۋە خەت ئارقىلىق تۆمۈر سىجاڭغا مەلۇم قىلىدۇ. شاھ مەنسۇر بولسا: «بىزمۇ خوتەندىن ئىنقىلاب قىلىپ كەلدۇق، بىزنىڭ رەھبىرىمىز خوجىنىياز ھاجىم، ئۇ كىشىدىن بىزگە: تۆمۈر سىجاڭغا بويسۇنۇڭلار دەيدىغان يوليورۇق يوق»، دەپ ھاپىز لۈيجاڭنىڭ نارازىلىقىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ؛ (2) ھاپىز لۈيجاڭ يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، يېڭىشەھەرگە بولغان مۇھاسىرىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ؛ (3) ما جەنساڭ قەشقەردىن ئەۋەتكەن ما رۇلۇڭ 200 دەك ئەسكىرى بىلەن شاھ مەنسۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان جايدا تۇرماي، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا غىپپىدە يېڭىشەھەرگە چىقىپ، ئۇ يەردىكى جىن شۇرېن قىسىملىرىغا قوشۇلۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭىشەھەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى 600 گە يېتىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنى توسماي بەلكى «ئۇلار بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان شاھ مەنسۇر: «ئۇلار بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز بىلەن بىرلىشىۋالغان تۇرسا، قانداقمۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز بولالايدۇ» دەپ ھاپىز لۈيجاڭ بىلەن تىركىشىپ قالىدۇ. ئۇ، بۇ توغرىدا بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن، ھاپىز لۈيجاڭدىن يوشۇرۇن ھالدا تۆمۈر سىجاڭغا ئادەم ئەۋەتىدۇ.

## ساۋۇت داموللىنىڭ يەكەنگە كېلىشى ۋە ما رۇلۇڭنىڭ ھىيلىسى

يەكەندىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەكەن يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇشى بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، خوتەن ۋاقىتلىق ئىسلام ھۆكۈمىتى يەكەندىكى ئىككى ئەمىرنىڭ تەجرىبىسىزلىكى سەۋەبلىك كۆپ چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەن-

سىرەپ، 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ شەيخۇلئىسلامى
ساۋۇت دامولla[1]نى يەكەنگە ئەۋەتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ ۋەزىپىسى
شاھ مەنسۇر بىلەن ھاپىز لۇيجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى ھەل
قىلىپ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇش ئىدى. ساۋۇت دامولىنى قارشى
ئېلىش ئۈچۈن، شاھ مەنسۇر ھەممە ئەمىرلىرىنى ئېلىپ، بىر
نەچچە مىڭ خەلق بىلەن بىللە يەكەن دەرياسى بويىغا چىقىپ
كېتىدۇ (ھاپىز لۇيجاڭ قارشى ئېلىشقا چىقمايدۇ). ما رۇلۇڭ
مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يېڭىشەھەردىن كوناشەھەرگە كى-
رىپ، شاھ مەنسۇرنىڭ قاراۋۇللىرىغا: «ئاتلىرىمىز كۆل سۈيى-
نى ئىچمىدى، مىشا (شەھەر سىرتىدىكى چوڭ بىر ئۆستەڭ)
بويىغا بېرىپ ئاتلارنى سۇغىرىپ كېلىمىز» دېگەن باھانىنى كۆر-
سىتىپ، شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تېرەكباغ دەرۋازىسىدىن
ھەزرىتى پىر[2]دېگەن كەنتكىچە ئايلىنىپ بارىدۇ. ئاندىن يېڭىشە-
ھەرگە قايتىپ كىرىپ، جىن شۇرېن قىسىملىرىغا «خوتەنلىك
قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى ئاز ئىكەن، پات ئارىدا مازىخۇي (ما
جۇڭيىڭنى دېمەكچى) كۈچلۈك بىر قوشۇن بىلەن يەكەنگە كېلى-
دۇ، سىلەر قورقماڭلار» دەپ بۇرۇنلا تەسلىم بولۇشقا تەييارلان-
غان جىن شۇرېن قىسىملىرىنى تەسلىم بولۇشتىن يالتايتىدۇ.
يېڭىشەھەردىكى جىن شۇرېن قىسىملىرى ئەسلىدە قەشقەردىن
ھاپىز لۇيجاڭنىڭ خېلى جىق قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن، قەشقەردىن ئۆزلىرىگە ياردەم كەلمەيدىغانلى-
قىنى بىلىپ، كوناشەھەردىكى قوزغىلاڭچىلارغا تەسلىم بولۇشقا
تەييارلانغان. ما رۇلۇڭ ئۇلارنى تەسلىم بولۇشتىن يالتايتقاندىن

① ساۋۇت دامولla 1922 ـ يىلى 12 ـ ئايلاردا ھەرەمدىن قايتىپ قاغىلىققا كېلىپ، ئاندىن خوتەنگە بارغان؛ 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قاراقاشتا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكتىن خەۋەر تېپىپ، قوزغىلاڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان. خوتەن قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، خوتەن ۋاقىتلىق ئىسلام ھۆكۈمىتى ئۇنى «شەيخۇلئىسلام»لىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرگەن.

② ھەزرىتى پىر ـ تارىختا ئۆتكەن خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ قەبرىسى ئورۇنلاشقان كەنت.



كېيىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارغا «خۇش خەۋەر» سۈپىتى-
دە ئېيتقان سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، بىر
پەيشەنبە كۈنلىكى (بازار بولغان كۈنى) كوناشەھەرگە تۇيۇقسىز
باستۇرۇپ كىرىپ، شاھ مەنسۇر تۇرۇۋاتقان جاينى قورشىۋالى-
دۇ. شاھ مەنسۇر ئۇلار بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىدۇ.
ئۇنىڭ ئەمىرلىرى بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ ما
رۇلۇڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر
خەلقىنى مەسچىتلەرگە يىغىپ تەسىر كۈچىنى ئۇلغايتىدۇ. ھەر
بىر مەسچىت ۋە كوچىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان «ئاللا! ئاللا!» دې-
گەن قاتتىق ئاۋازنىڭ ۋەھىمىسىدىن چۆچۈگەن ما رۇلۇڭ قوشۇنى
ئۆزلىرىنى زور مۇھاسىرە ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىپ، يېڭى-
شەھەرگە چېكىنىدۇ. ئەمما، چېكىنىش جەريانىدا، ئالدىغا ئۇچ-
رىغانلىكى ئادەملەرنى ئېتىپ ـ چېپىپ، گەيشەڭ[1]كوچىسىغا
ئوت قويۇپ، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ ماڭىدۇ. كوناشەھەردىكى
ئۇرۇش مەيدانىدىن يېڭىشەھەر دەرۋازىسىغىچە بولغان ئارىلىق
ئىس ـ تۈتەككە تولىدۇ، كوچىلار جەسەت ۋە يارىدارلار بىلەن
توشۇپ كېتىدۇ؛ ساق قالغان كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ،
جېنىنى قۇتقۇزۇش ھەلەكچىلىكىدە قالىدۇ. شەھەر ئىچى بىر
نەچچە كۈنگىچە ناھايىتى ئەنسىزلىك ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتىدۇ.
ساۋۇت دامولla يەكەنگە كېلىپ شاھ مەنسۇر بىلەن كۆرۈش-
كەندىن كېيىن، شاھ مەنسۇر بىلەن ھاپىز لۇيجاڭ ئوتتۇرىسىد-
كى زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى يەكەن يېڭىشەھەردىكى مادوتەي ئەسكەر-
لىرى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ مەن-
سۇر، ھاپىز لۇيجاڭ ۋە ئۇلارنىڭ چوڭراق ھەربىي ئەمەلدارلىرى-
نى بىر يەرگە يىغىپ، كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ. كېڭەشكە ئابدۇغۇپۇر
ھاجى (شاپتۇل) نىمۇ قاتناشتۇرىدۇ. كېڭەشتە ساۋۇت دامولla:

① كوناشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇدۇل بىر كوچا بولۇپ، ئۈستى ياغاچ ۋە بورىلار بىلەن يېپىلغان بازار ئىدى.

«يەكەندىكى مادوتەي ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇش ياكى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ، يەكەننى تىنجىتىپ، ئۈرۈمچى تەرەپتە جەڭ قىلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىشىمىز كېرەك. مادوتەي ئەسكەرلىرىنى بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ، ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتكىلى بولمايدۇ. ھەر قايسىڭلار بۇنىڭغا قانداق قارايسىزلەر»، دەيدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ: «خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەم ئەۋەتىشكە مېنىڭ باشقىچە پىكرىم يوق، بۇ توغرىدا تۆمۈر سىجاڭ قانداق بويرۇق قىلسا شۇنداق قىلىمەن. لېكىن، يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز، ھازىر ئۈرۈمچى تەرەپتە خوجىنىياز ھاجىمۇ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز بۇ يەردە ما جەنساڭنى قورالسىزلاندۇرۇپ قويساق، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، خوجىنىياز ھاجىمدىن بىرەر خەۋەر بولمىغۇچە يېڭىشەھەردىكىلەرگە تەگمەسلىكىمىز كېرەك. بۇ توغرىدا ھەر بىرلىرى تۆمۈر سىجاڭغا خەت يېزىشاملا ياكى داموللام ئۆزلىرى قەشقەرگە بارامىلا، شۇ كىشىدىن سوراپ ئىش قىلىشارلا»، دەيدۇ. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ پىكىرگە قوشۇلماي: «يەكەن ۋە قەشقەرلەردىكى مادوتەي، ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرماي تۇرۇپ، خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەنۇب تەرەپ ئازاد بولۇپ بولدى. بىز قەشقەردە ‹شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى› قۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى يېنىكلىتىشىمىز، كونا تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ھەرگىز پۇل - مال مەسىلىسى ئەمەس، خەلقنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار مۇھىم زور مەسىلە، چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىنقىلاب قىلىپ نېمە قىلاتتۇق»، دەيدۇ. كېڭەشتە بولۇنغان بۇ سۆزلەردىن تۆمۈر سىجاڭنى خەۋەردا قىلىش تەكىتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن



كېڭەش ئاياغلىشىدۇ. كېڭەشتىن قايتقاندىن كېيىن، ئابدۇغۇپۇر ھاجى مېھمانخانىلاردا ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلارغا: «ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇمىز دېگىنى نېمىسى، ما جەنساڭلارغا كۈچى يېتەمتى؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ساۋۇت داموللا ۋە شاھ مەنسۇرلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىدۇ. بۇنى مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىلىرىدىن بىرسى ئاڭلاپ قېلىپ، شاھ مەنسۇرغا ئېيتىپ قويىدۇ. ئابدۇغۇپۇر ھاجى ۋە باشقىلار قەشقەرگە قايتىدىغان چاغدا، شاھ مەنسۇر ئابدۇغۇپۇر ھاجىنى تۇتۇپ قېلىپ، نەزەربەنت قىلىپ قويىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە قايتىپ بارغانلاردىن يەكەندىكى كېڭەشتە بولۇنغان گەپلەرنى ۋە ئابدۇغۇپۇر ھاجىنىڭ تۇتۇپ قېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئابدۇغۇپۇر ھاجىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەر ئۆلىمالىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى يەكەنگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شاھ مەنسۇر ۋەكىللەرگە: «ئابدۇغۇپۇر ھاجىنى قايتۇرۇپ بەرسەك بېرەيلى، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق پىتنە - ئىغۋا تارقاتقۇچى بولمىسۇن!»، دەپ جېكىلەيدۇ.

## يەكەن يېڭىشەھەرنىڭ ئىشغال قىلىنىشى

يەكەن يېڭىشەھەرگە توپلانغان جىن شۇرېن كۈچلىرىنىڭ ئەسكەر سانى (ما شاۋۇ ۋە ما جەنساڭلارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 600 دىن ئاشمايتتى. ئۇلار خوتەن ۋە قەشقەردىن يەكەن كوناشەھەرگە كېلىپ، يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ما رۇلۇڭنىڭ «قەشقەردىن ياردەمگە ئەسكەر كېلىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، يېڭىشەھەرنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا قوزغىلاڭچىلارغا تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولۇپ، ئاق باي-

راق چىقارغانىدى. ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىپ ئوتتۇرىدا كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن، كېلىشىم شەرتلىرىنى بېكىتىشكە قوزغىلاڭچىلار تەرەپتىن ھاپىز لۇيجاڭ باشلىق تۆت كىشى يېڭىشەھەرگە كىردى؛ يېڭىشەھەردىن تۆت ئامبال كونىشەھەرگە (شاھ مەنسۇرنىڭ ئالدىغا) كىردى. ئىككى تەرەپ سۆزلىشىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدى: (1) يېڭىشەھەر تەرەپ پۈتۈنلەي قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش؛ (2) تەسلىم بولغانلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈكى ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئامانلىقىغا ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى كاپالەتلىك قىلىش؛ (3) يېڭىشەھەردىكى خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇش؛ (4) يېڭىشەھەردىكى خەنزۇ، خۇيزۇ قوشۇنلىرى قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ، قەشقەرگە ئاپىرىپ قويۇش.

مۇشۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، شاھ مەنسۇر ئەلچى بولۇپ كىرگەن تۆت نەپەر ئامبالنى ئىمان ئېيتقۇزۇپ ۋە ئۇلارغا زىياپەت بېرىپ، يەنە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن تون، سەللە ۋە مەسە - كېپىش تەقدىم قىلىپ، مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن يېڭىشەھەرگە ئۇزىتىپ قويىدۇ. يېڭىشەھەردىكىلەر 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قورال - ياراغ ۋە باشقا غەنىيمەتلەرنى ئىسلام قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ. بىراق، ما رۇلۇڭنىڭ قۇترانقۇلۇق قىلىشى بىلەن سانى كۆپ، سۈپىتى ياخشى قورال - ياراغ ۋە بىر قىسىم غەنىيمەتلەرنى ھاپىز لۇيجاڭ قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؛ شاھ مەنسۇر قوشۇنىغا سۈپىتى ناچار بىر قىسىم قورال - ياراقلار قالىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر قىسىم ياخشى قوراللار ۋە بىر بۆلەك خەزىنىنى مادوتەي قوشۇنى بىلەن ما رۇلۇڭ قوشۇنىنىڭ قەشقەرگە يوشۇرۇن ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقى پاش بولۇپ قالىدۇ. شاھ مەنسۇر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر



تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدۇ. دەل شۇ چاغدا، قەشقەردىكى ما شاۋۋۇ بىلەن ما جەنساڭ يەكەن يېڭىشەھەردىكى قوشۇنلىرىنى قەشقەرگە ئەكىلىۋېلىشنىڭ ئامالىنى مەسلىھەتلىشىپ، تۆمۈر سىجاڭغا: «يەكەندىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى ھەر قايسىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرسەك» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بۇ تەكلىپنى دەرھال ماقۇل كۆرۈپ، قول ئاستىدىكى يۈسۈپجان قۇربېشى، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلارنى 200 ئەسكەر بىلەن يەنە يېڭىساردا تۇرۇۋاتقان ئەخمەتجان لۇيجاڭنىمۇ 200 دەك ئەسكەر بىلەن يەكەندىكى مادوتەي (ما جەنساڭ) ئەسكەرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، تۆمۈر سىجاڭ يەكەندىكى ھاپىز لۇيجاڭ ۋە شاھ مەنسۇرلارغا يەكەن يېڭىشەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئۇ يەردە قامىلىپ ياتقان ئەسكەرلەرنى مۇھاسىرىدىن بوشىتىپ، قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويۇش، ئۇلارغا چېقىلماسلىق توغرىسىدا خەت يازغانىكەن. خەت يېتىپ بارغان كۈنى مۇھاسىرىدىن بوشىتىلغان 600 دەك ئەسكەر ئات بىلەن، ئۇلارنىڭ 400 دەك بالا - چاقا ۋە قېرى - چۆرىلىرى ھارۋا بىلەن يولغا چىقىدۇ ۋە شۇ كۈنى كۆكراۋات دېگەن يەرگە بېرىپ قونىدۇ. ئۇلار ئەتىسى يېڭىسارغا قاراپ يولغا چىقىپ ھىمىتنىڭ سېيىغا بارغاندا، شاھ مەنسۇرنىڭ ئىنىسى ئەمىر ساھىب 1000 دەك خوتەن پىدائىيلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىدۇ. قەشقەردىن تۆمۈر سىجاڭ ئەۋەتكەن 400 ئەسكەر، مادوتەي (ما جەنساڭ) ئەسكەرلىرى قىزىلغا ئاز قالغاندا، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ مېڭىشتىن توختاپ قالىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ قورقماي ئالدىغا مېڭىۋېرىشىنى ئېيتىپ ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار «ئالدىمىزدىمۇ قوشۇن بار ئىكەن، كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. بىز قورشاۋدا قالغان

ئوخشايمىز» دەپ چۈشىنىپ، ئالدى تەرەپكە ئات چاپتۇرىدۇ. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرىپىدىن ئوق ئېتىلىدۇ. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ، ئالدى تەرەپكە چېپىپ كېتىۋېتىپ تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىغا ئوق چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىلدا ئىككى ئوتتۇرىدا بىر قەپەس جەڭ بولىدۇ. مادوتەي (ماجەنساڭ) ئەسكەرلىرى ئوق تەگكەنلەرىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ، ساق قالغانلىرى (200 دەك ئەسكەر) يېڭىسارغا قاراپ قاچىدۇ. ئەمىر ساھىب پىدائىيلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنى ئۇلارنى قوغلىماي، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان بالا - چاقا ۋە قېرى - چۆرىلىرىنى ئۆز ھارۋىلىرى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ قەشقەرگە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئەمىر ساھىپ پىدائىيلىرى قاچقانلاردىن 100 دەك قورال - ياراغنى غەنىيمەت ئېلىپ يەكەنگە قايتىپ كېتىدۇ. مادوتەينىڭ يېڭىسار تەۋەسىگە قېچىپ بېرىۋالغان 200 چە ئەسكىرى يېڭىسارنىڭ قايىراق دېگەن يېرىگە بارغاندا، ئەخمەتجان لۇيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلىنىدۇ.

1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، يەكەن يېڭىشەھەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭىشەھەرنى ھاپىز لۇيجاڭ قوشۇنى، كوناشەھەرنى شاھ مەنسۇر قوشۇنى بازا قىلىدۇ. شاھ مەنسۇر كوناشەھەرگە مۇقىم ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىر قىسىم بەگ ۋە بايلارنىڭ خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قولغا ئالىدۇ. ئۇلاردىن ئاقساقال ئىمىن بەگ، ئىسلام خاڭتۇ دېگەن كىشىلەرنى كوناشەھەردىكى جامە مەسچىتىنىڭ ئالدىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ؛ سەيدۇللا قارى، ئابدۇللاخان خوجا، تۇردى شاڭيو، شېرىپ سەيپۇڭ، ئۆمەر بەگ قاتارلىق كىشىلەرنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ يەكەندىكى ھاكىمىيىتى بىر قەدەر مۇستەھكەملىنىپ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى يەكەندىن خاتىرجەم بولىدۇ.



شاھ مەنسۇر بىلەن ساۋۇت داموللا يەكەن ئەھۋالىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەردىكى تۆمۈر سىجاڭغا: «بىز سىلەرگە ياردەملىشىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ، ما شاۋۇ قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، خاتىرجەم بولۇپ، ئاندىن سىزلەر بىلەن بىرلىشىپ خوجىنىياز ھاجىغا ياردەم بېرىشكە بارىمىز» دەپ خەۋەر ئەۋەتىدۇ ۋە ئارقىدىنلا 2000 دەك قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئىشەنچلىك كوماندىرى ھاپىز لۇيجاڭ 500 دەك ئەسكىرى بىلەن يەكەندە قالىدۇ. شاھ مەنسۇر بىلەن ساۋۇت داموللا يېڭىسارغا يېتىپ بارغان كۈنى، تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىققان قىياپەتتە يېنىك ئاپتوموبىل بىلەن يېڭىسارغا بارىدۇ (يولغا چىقىش ئالدىدا قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭىدۇ). تۆمۈر سىجاڭنىڭ يېڭىسارغا كېلىشى ئەمەلىيەتتە، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، شاھ مەنسۇر ۋە ساۋۇت داموللىلار بىلەن چىرايلىق كۆرۈشكەن بولسىمۇ، سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە «يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ، ما شاۋۇ قوشۇنلىرىنى يوقىتىشقا كۈچۈم يېتىدۇ. ئىچكى تازىلاشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن خوتەن قوشۇنى بىلەن قەشقەر قوشۇنىنى بىرلەشتۈرۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرساق» دەپ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قەشقەرگە كىرىشىنى توسىدۇ؛ يەنە: «ھازىرچە يېڭىساردىكى شانىياز ئۆستەڭى بىز ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا پاسىلى بولۇپ تۇرسۇن» دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. شاھ مەنسۇر بىلەن ساۋۇت داموللا ئۆز سۆزلىرىدە، تۆمۈر سىجاڭغا يازغان خېتىدىكى پىكىرلىرىنى تەكىتلىگەندىن باشقا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، كونا ھۆكۈمەت تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىچە مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يېڭىچە غەللە - پاراق ئېلىش، بايلارنىڭ يەرلىرىنى قايتا ئۆلچەش،

كەمبەغەللەرگە غەمخورلۇق قىلىش، شەھەرلەرنى ئىسلاھ قى-
لىش» دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بۇ
پىكىرلەرگىمۇ قوشۇلمايدۇ ۋە: «ھازىر خوجىنىياز ھاجىم ما
جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش
قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز بۇ يەردە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قورال-
سىزلاندۇرۇپ قويساق، خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ
ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ، ئىشىمىزغا تەسىر يېتىدۇ»، دېگەن پىكىر-
دە چىڭ تۇرىدۇ (ئەمەلىيەتتە، ئۇ چاغلاردا خوجىنىياز ھاجى
بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ، بىر -
بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان؛ ئاقسۇدا باي سىجاڭ[1] ما جۇڭ-
يىڭ قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ بولغان؛ ھەتتا قەشقەردى-
كى ما جەنساڭ قىسمىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش توغرىسىدا خوجى-
نىياز ھاجىدىن توقسۇنلۇق شېرىپ ئاخۇن ئارقىلىق تۆمۈر سى-
جاڭغا بۇيرۇق كېلىپ بولغان چاغلار ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ بۇنى
يوشۇرغان). لېكىن، تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش
ئۈچۈن: «ئەگەر ھەر بىرلىرىڭلار قەشقەرگە بېرىش ئارزۇلىرى
بولسا، مۇنداق كۆپ ئەسكەرنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلماق قىيىن،
ئىككىلىرى ئازراق ئادەم بىلەن بېرىپ زىيارەت قىلىپ قايتىشسى-
لا بولىدۇ»، دەيدۇ. ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇر ئۆز
پىكىرىدە قېلىپ، قەشقەرگە چوقۇم بارىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرى-
دۇ.

شۇنداق قىلىپ، ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇر
1933 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ
ئارقىسىدىن قەشقەرگە بارىدۇ. ئۇلار قەشقەر تەۋەسىگە كىرگەن
كۈنى ناھايىتى داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىستىق-
بالىغا ھامۇتخان، ھەمدەمبەگ ھاجى، ئوسمان ئېلى لۈيجاڭلار

① «باي سىجاڭ» — ئەسلى ئىسمى «ئىسمائىل» بولسىمۇ، كېيىن «باي سىجاڭ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان.



ۋە سېيىتۋالدىجان، كىچىك ئاخۇن، ئۇرازبېك تۈەنجاڭلار بولۇپ،
جەمئىي 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن چىققاندىن باشقا،
شەھەردىنمۇ سانسىزلىغان ئادەملەر چىقىپ، سەككىزتاش ۋە قال-
ماق كۆۋرۈك دېگەن 2 جايغا چوشكۇن راسلايدۇ. ساۋۇت داموللا
بىلەن شاھ مەنسۇر بۇ چوشكۇنلەردە ئىستىقبالغا چىققان لۈيجاڭ،
تۈەنجاڭلار ۋە خەلق مۆتىۋەرلىرى بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشۈپ، ئەھۋاللىشىدۇ؛ بىر ئاز ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن،
قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىدىن چىقىرىلغان پوچتىغا چوشۇپ شە-
ھەر ئىچىگە كىرىدۇ. شەھەر ئىچىگە كىرگەندە، ئۇلارنى تېخىمۇ
كۆپ شەھەر ئاھالىسى چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىزىلىپ
تۇرۇپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە «ئامىن!» دەپ تۇۋلاپ، ھۆر-
مەت بىلدۈرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەن-
سۇرنىڭ ئۆزى بىلەن پىكىردە بىرلىككە كەلمىگەننىڭ ئۈستىگە،
قەشقەردە مۇنداق داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ،
قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، 2 تەرەپ ھەر جەھەتتىن
زىتلىشىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن يەكەندە تۇرۇۋاتقان ھاپىز
لۈجاڭ بىلەن ئەمىر ساھىب ئوتتۇرىسىدىمۇ سۈركىلىش پەيدا
بولىدۇ. زىددىيەتنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىشىغا باھانە ئىزدەپ يۈرگەن
تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 8 - ئاينىڭ 15
- كۈنى تارقاق ئورۇنلاشقان خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا ئۇشتۇم-
تۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرىدۇ؛ ساۋۇت دا-
موللا بىلەن شاھ مەنسۇرنى قولغا ئېلىپ، نەزەربەنت قىلىپ
قويىدۇ؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى قەشقەردىن
ھەيدەپ چىقىرىدۇ. قورالسىزلاندۇرۇلغان بۇ قوزغىلاڭچىلار ئىگە
- چاقىسىز، تەمىناتسىز قېلىپ، تەرەپ -تەرەپكە تارقىلىپ
كېتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ شۇ چاغدا يەنە، يەكەندىكى يېقىن ئادىمى
ھاپىز لۈيجاڭغا مەخپىي خەت يېزىپ، «ئەمىر ساھىبنى دەرھال
قولغا ئېلىش، ئۇنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇ-
رۇش، ئاندىن خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، خوتەننى ئىشغال قىلىش»

توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ھاپىز لۆيجاڭ 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەمىر ساھىبنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەمىرلىرىنى «زىياپەتكە چاقىرىش» ئۇسۇلى بىلەن قولغا ئالىدۇ؛ ئۇنىڭ قوشۇننى قورشاپ، قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمىر ساھىپ قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى قورال تاپشۇرىدۇ، يەنە بىر قىسمى قورال تاپشۇرماي ئەتراپقا قاچىدۇ. قاچقانلارنى ھاپىز لۆيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئېتىپ تاشلايدۇ. ھاپىز لۆيجاڭ يەكەن كوناشەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇلغان خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى ئاشۇنداق تارمار قىلغاندىن كېيىن، مۇئاۋىنى سىيىت نىياز بىلەن ئوغلى يۇسۇپنى يەكەندە قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر قىسىم قوشۇن بىلەن قاغىلىققا يۈرۈش قىلىدۇ ۋە قاغىلىقنى ئىشغال قىلىپ، گۇمىغا ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ھاپىز لۆيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گۇمىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، خوتەن قوشۇنلىرىنى قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگىچە ھېچقانداق قارشىلىقسىز قوغلاپ بارىدۇ. خوتەن قوشۇنلىرىنىڭ قاراقاشتا تۇرۇۋاتقان باش قوماندانى مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، بارلىق ھەربىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، زاۋادىكى ھاپىز لۆيجاڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ ياكى يارىدار قىلىپ، ئاز قىسمىنى ئەسىرگە ئېلىپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك تارمار قىلىدۇ؛ قاغىلىقنى قارشىلىقسىز قايتۇرۇۋېلىپ، پوسكام تەرەپكە ئىلگىرىلەيدۇ. ھاپىز لۆيجاڭ ھايات قالغان بىر نەچچە ئەسكىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن يەكەنگە قېچىپ كېلىۋالىدۇ.

بۇنىڭدىن بۇرۇن (شۇ يىلى 8 ـ ئايلاردا) قەشقەردىكى ماجەنساڭنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئوسمان ئېلى (ئوسمان سىجاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتى قىلۋويغا كەتكەنىدى. تۆمۈر سىجاڭ بۇنى ئاڭلاپ، قول ئاستىدىكى ھامىتخان لۆيجاڭنى 600 چە ئەسكەر بىلەن ئوسمان ئېلىنى قوغلاشقا ئەۋەتىدۇ. بۇلار يېتىپ بارغىچە،



ئوسمان ئېلى مىڭيول تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۆمۈر سىجاڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ما جانساڭدىن بىر تۈمەن ئەسكەر ياردەم بېرىشنى سورايدۇ. ماجەنساڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، تۈەنجاڭ كاڭ مازا باشچىلىقىدا بىر تۈمەن ئەسكەر ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىن ئاپتوموبىل بىلەن يولغا چىقىپ، قىلۋوي بىلەن مىڭيول ئوتتۇرىسىدىكى لەنگەر دېگەن يەرگە بېرىپ، ھامىتخان لۆيجاڭ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىغاچ، ياردەمگە بىر تۈمەن ئەسكەر كېلىدىغانلىقىنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئېيتىپ ۋە باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، سەمەننىڭ توغراقلىق مازار دېگەن يېرىگە كەلگەندە، كاڭ مازا باشچىلىقىدىكى بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. كاڭ مازا تۆمۈر سىجاڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن قىياپەتتە ئەسكەرلىرىنى ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇپ، ئۆزى بىر نەچچە ئەسكەر بىلەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارنىڭ دەرھال لەنگەرگە يېتىپ بېرىشىنى تاپشۇرۇپ، ئاپتوموبىلغا چىقاي دېگەندە، كاڭ مازىنىڭ يېنىدىكى ئەسكەرلەردىن بىرى ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن تۆمۈر سىجاڭنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى تۆت كىشىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. كاڭ مازا تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، قەشقەر شەھىرىدە سازايى قىلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھاپىز لۆيجاڭ يەكەندىن دەرھال قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ؛ ئۇنىڭ مۇئاۋىنى سىيىت نىياز يەكەندە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئەمىر ساھىبنى قويۇپ بېرىدۇ؛ قەشقەردە نەزەربەند قىلىپ قويۇلغان ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇرمۇ نەزەربەندلىكتىن ئازاد بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ؛ ئوسمان ئېلى قىلۋويدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئورنىغا سىجاڭ بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# 1946 - يىلىدىكى بىر ۋەقەدىن ئەسلىمە

ياسىن زۇنۇن

## ئوقۇشقا يېزىلىش

1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلۇمى ئېغىرلىشىۋاتقان، ئايىغى ئۈزۈلمەس ئالۋان - ياساق ۋە باج - سېلىقلار دەستىدىن خەلقنىڭ كۈن كەچۈرۈشى بارغانسېرى تەس بولۇۋاتقان، زۇلۇمغا قارشى ئاز - تولا ئاڭغا ئىگە كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار «كوممۇنىست»، «قىزىل پاچاق» ياكى «تاشقورغان ئوغرىلىرى» دېگەن يوقىلاڭ بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىۋاتقان، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىڭلىغان ئۆسمۈرلەر ئىستىقبال تاپالماي، كوچىلاردا تېڭىرقاپ يۈرۈۋاتقان كۈنلەردە، قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچىلىرىغا «خۇش خەۋەر» دېگەن ماۋزۇدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى چاپلاندى. ئېلاندا ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىلەن كەسىپنىڭ تۈرى بولمىسىمۇ، لېكىن «ئۈرۈمچى»، «ئوقۇش» دېگەن سۆزلەر مېنى بەكمۇ قىزىقتۇرغانلىقتىن، دوپپامنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە قارىماي، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئارىپ بۆلۈمىگە بېرىپ ئۆزۈمنى تىزىملاتتىم. 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، نەچچە يۈزلىگەن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر تۆت ئەمەل، تىل، جۇغراپىيە، سىياسەت قاتارلىق دەرسلەردىن ئىمتىھان بەردۇق. مەن ئىمتىھاندىن ئالدىنقى قاتاردا ئۆتكەنلىكىم ئۈچۈن، بەكمۇ خۇش بولۇپ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە بېرىپ، ئانامغا «خۇش خەۋەر» يەتكۈزدۈم ۋە ئانامنىڭ باغرىغا



ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئەمما، ئانام دەرھال چۈشەنمەي، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. مەن ئۆپكەمنى بېسىۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا يېزىلغانلىقىمنى ۋە ئىمتىھاندىن ئالدىنقى قاتاردا ئۆتكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈۋېدىم، ئانام يىغلاپ، ئوقۇشقا بېرىشىمغا زادى قوشۇلمىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي، ئانامنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ، يىغلاپ كەتتىم. ئاندىن ئىسەدەپ تۇرۇپ: «جېنىم ئانا، مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتىپىنى ئەلا پۈتتۈرگەن تۇرۇپ، كۆرۈۋاتقان كۈنۈم مۇشۇ، ھەر كۈنى چۈشتە ئۇستام بېرىدىغان ئۆينىڭ كۆزىدەك بىر زاغرا ئۈچۈن بامدات ۋاقتىدىن تارتىپ نامازشامغىچە چوڭلار بىلەن تەڭ ئىشلەيمەن، ئۇ ھەپتىدىن بۇ ھەپتىگىچە بىر تىيىن بەرمەيدۇ. جېنىم ئانا، مەن بۇ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە چىدىيالمىدىم. ھازىرغۇ كۈنۈم كېتىۋاتىدۇ، سىلەردىن كېيىن قالسام قانداق كۈن كەچۈرىمەن، سىلەر ھايات ۋاقتىدا ئوقۇۋالاي، ئاكاممۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كېلىپ ئوبدان كۈن كەچۈرۈۋاتىدىغۇ، خۇش بولاي جېنىم ئانا، ماڭا رۇخسەت قىلسىلا» دەپ يالۋۇردۇم. مېنىڭ بۇ يالۋۇرۇشلىرىمدىن تەسىرلەنگەن ئانام ئاخىر ئۈرۈمچىگە بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىپ: «بوپتۇ بالام، ئوقۇپ كەل. خۇدا بېشىڭنى ئامان قىلسۇن»، دېدى. مەن خۇشاللىقىمدىن ئانامنى تېخىمۇ بەك قۇچاقلاپ، ئانامنىڭ يۈز كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتىم. كېيىن ئۇقۇشۇمچە، مۇنداق ئەھۋال ئىمتىھاندىن ئۆتكەن باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ئائىلىسىدىمۇ بوپتۇ. ئاشۇ مۇدھىش يىللاردا ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بېرىشنى بىزدەك ياشلار «بېشىمىزغا دۆلەت قۇشى قونغانلىق» دەپ بىلەتتى.

ئوقتۇرۇشقا ئاساسەن، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يۈك - تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ ھېيتگاھدىكى تىياترخانا زالىغا جەم بولدۇق. چۈش بولغاندا ھەر بىرىمىزگە 1دىن ئاق نان ۋە 1 كۇرۇشكىدىن قايناق

سۇ بەرگەندە، تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلىق نىيىدىن بەھرىمەن
بولغانلىقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ خۇشاللاندۇق. چۈشلۈك تاماقنى
يەپ بولغاندىن كېيىن، تىياتىرخانىنىڭ ئىشىكى بىلەن دەرىزىسى
تۈۋىگە گومىنداڭنىڭ قوراللىق ئەسكىرى پەيدا بولۇپ قالدى ـ
دە، بىزدىكى خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى ئەنسىزلىك ئالدى. ئۇلار
بىزنىڭ سىرتقا چىقىشىمىزنى چەكلىدى. بىز بىر ـ بىرىمىزگە
ھەيران بولۇپ قاراشتۇق. شۇ ئەسنادا سىرتتا يىغزارى بولدى.
بىز نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ تۇرغان پەيتتە،
بىر نەچچە مەمۇرىي ئەمەلدار بىلەن بىر نەچچە ھەربىي ئەمەلدار
كىرىپ، بىزنى تىزىملىك بويىچە قاتارغا تىزدى؛ ئاندىن پەيلەرگە
ئايرىدى. مەن بار رەتنى «1 ـ پەي» دەپ ئاتاپ، مەخمۇتجان
دېگەن ئوفىتسېرنى پەينىڭ باشلىقى، كىچىك ئاخۇن دېگەن ئو-
فىتسېرنى 2 ـ پەينىڭ باشلىقى دەپ ئېلان قىلدى (3 ـ پەي
خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، قەشقەر يېڭى شەھەردە ئىكەن).
تەشكىلى تۈزۈلمىمىز ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەمۇرىي
ئەمەلدارلار چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي گومىنداڭ ئەسكەرلى-
رى تاغارلاردا بىرنىمىلەرنى كۆتۈرۈپ كىردى. بىزنى يېڭىۋاش-
تىن قاتار قىلىپ، ھەر بىرىمىزگە بىر قۇردىن شىرەك ماتادا
تىكىلگەن ھەربىي كىيىم، لاتا خەي، بەل تاسمىسى ۋە پاقالچاقچا
ئورايدىغان گوجەي (لاتا تاسما)، ئاق ماتادىن تىكىلگەن پايپاق
تاقىتىپ بەردى. بىز بۇ كىيىملەرنى قولىمىزدا تۇتقان پېتى
ھەيرانلىق بىلەن گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدۇق. كىيىم تارقىتىلىپ
بولغاندىن كېيىن، كىيىملەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىرىنى ئۆز ـ
ئارا تەڭشەپ راۋ ـ رۇس كېيىنىپ تەييارلىنىشىمىزنى ئۇقتۇر-
غاندا، تەڭلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتۇق؛ كىيىملەرنى يەرگە
ئېتىپ، تىياتىرخانا كارىدورىغا ئېتىلىپ چىقىپ قوراللىق ھەر-
بىيلەرنىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئىشىك ۋە دەرىزىلەرگە ئۆزىمىزنى
ئېتىپ يىغلىدۇق. سىرتتىكىلەر بىزنىڭ يىغىمىزنى ئاڭلاپ،



ئۇلارمۇ يىغزارى قىلىشىپ، ئىشىك ۋە دەرىزىنىڭ يېنىغا توپ-
لاشتى. سىرتتىكىلەرنى ھەربىيلەر ۋە ساقچىلار مىلتىقنىڭ پاي-
نىكى ۋە بەل تاسمىسى بىلەن ئۇرۇپ قوغلىسا، بىزنى كارىدوردى-
كى ھەربىيلەر دۈشكەللەپ زالنىڭ ئىچىگە سولاپ، زالنىڭ ئىشى-
كىنى ئېتىۋالدى ۋە ھەربىي كىيىم كېيىشكە مەجبۇر قىلدى.
بىز پەقەت بىزگە مەسئۇل بولغان مەخمۇتجان ئاكا بىلەن كىچىك
ئاخۇن ئاكا مۇلايىم سۆزلەر بىلەن تەربىيە بەرگەندىن كېيىنلا
كىيىملەرنى كىيدۇق. ئۈن سېلىپ يىغلاپ، «ئەسكەر بولماي-
مىز» دەپ 2 ـ قېتىم ئۆزىمىزنى كارىدورغا ئاتتۇق. بىزنىڭ
يىغىمىز بىلەن تەڭ سىرتتىكىلەرنىڭ يىغزارىمۇ يەنە بىر قېتىم
كۆتۈرۈلدى. ھەربىيلەر زالنىڭ ئىشىكىنى تېخىمۇ چىڭ تاقاپ،
بىزنى سىرتتىكىلەرگە كۆرسەتمىدى.
كەچقۇرۇن يەنە ھەر بىرىمىزگە بىردىن نان، بىر كورۇشكىدى-
دىن قايناقسۇ بەردى. لېكىن، گېلىمىزدىن ھېچ نەرسە ئۆتمى-
دى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ساقچىلىرى ئەسكىلىكتە داڭ
چىقارغاچقا، ئەسكەر بىلەن ساقچىنى ھەممىمىز يامان كۆرەتتۇق.
شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ يامانلار قاتارىغا كىرىپ قالغانلىقىمىز-
دىن تولىمۇ ئۆكۈندۇق. كەچ كىرگەندە، ئۇخلاشقا بۇيرۇق بېرىل-
دى. ھەممىمىز ئېسەدەپ يىغلىغان پېتى غەم ـ قايغۇ بىلەن داق
يەردە قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. ئەتىسى ئەتىدى-
گەندە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغاندۇق. يۇز يۇ-
يۇشقا يېرىم كورۇشكىدىن سوغۇق سۇ، ئاندىن بىردىن نان ۋە
بىر كورۇشكىدىن قايناقسۇ بەردى. نېمە قىسمەتلەرگە دۇچ كېلى-
دىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتۇق. كۈنىمىز غەم ـ قايغۇ بىلەن ئۆتەت-
تى. چۈش بولغاندا يەنە بىردىن نان، بىر كورۇشكىدىن قايناقسۇ
بېرىپ، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقىمىزنى
ئۇقتۇردى. بۇيرۇق بويىچە، يۇك ـ تاقلىرىمىزنى يۇدۇپ، تۆت-
تىن قاتار تىزىلىپ تەييار بولدۇق. ھەممىمىز سىرتقا چىقىپ

بىزنى كۆرۈپ تۇرغان ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز بىلەن
كۆرۈشۈشكە ئالدىرايتتۇق. سىرتقا چىقساق، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق
ـ تۇغقانلىرىمىز بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلىنىپ، كۆڭـ
لىمىزنىڭ بىر يېرىدە خۇشاللىقمۇ بار ئىدى. لېكىن، ھەر تۆت
ئوقۇغۇچىنى ئىككى ساقچى يالاپ ئېلىپ ماڭدى. 1 ـ بولۇپ مەن
بار قاتارغا نۆۋەت كەلگەن ئىدى. تىياتىرخانىنىڭ ئىشىكىدىن
چىقىپ سىرتقا قارىسام، ۋالىي مەھكىمىنىڭ يېنىدىكى يولدا بىر
ئاتلىق سايىۋەنلىك ھارۋىلار قاتار تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. كوچىنىڭ
ئىككى تەرىپى بالىلىرىنى ئۇزاتقىلى كەلگەن ئاتا ـ ئانىلار، تاماشا
كۆرگىلى كەلگەن ئادەملەر بىلەن توشۇپتۇ. ھارۋا كالونىسى
بىلەن ئادەملەر توپى ئارىلىقىدا، خەنجەرلىك مىلتىق كۆتۈرگەن
ئەسكەرلەر ماڭدامدا 1دىن پوستا تۇرۇپتۇ. قولىدا غەلىتە قامچا
تۇتقان ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن بەل تاسمىسى كۆتۈرۈۋالغان
ساقچىلار خەلق توپىدىكىلەرنى «ئارقاڭغا يان» دەپ ئۇرۇپ ۋار-
قىرىشىۋېتىپتۇ. تۆتىمىزنى ئېلىپ ماڭغان ھەربىي ۋە ساقچىلار
بىزنى دولىمىزدىن ئىتتىرىپ ھارۋىغا چىقارغاندىن كېيىن، كەيـ
نىمىزدىكىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى. بىز ھارۋىنىڭ ئۇستىـ
دە خاتىرجەم بولالماي، بىردەم ھارۋىنىڭ ئالدىغا، بىردەم ھارۋىـ
نىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئاتا ـ ئانىمىزنى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىـ
مىزنى ئىزدەيتتۇق. مەن ھارۋىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا كۆز
سالسام، ئانام ئەلچىخانا كوچىسىنىڭ ئاغزىدا ناھايىتى پەرىشان
ھالدا تۇرۇپتۇ، ئىككى قولتۇقىدىن ئاچىلىرىم يۆلىۋاپتۇ. بۇنى
كۆرۈپ، «ئانا!» دەپ توۋلاش بىلەن تەڭ ھارۋىدىن ئۆزۈمنى
توپ ئىچىگە ئاتتىم. خەلق توپى ماڭا ئىچ ئاغرىتتىمۇ ـ قانداق،
ماڭا يول بەردى. بەزىلەر «ئاپلا، يامان بولدى!» دېسە، بەزىلەر
«تېخى كىچىك بالا ئىكەن» دەيتتى. مەن ئانامنىڭ باغرىغا ئۆ-
زۈمنى ئېتىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ: «جېنىم ئانا، مېنى قۇتۇلـ
دۇرۇۋالسىلا، مەن ئەسكەر بولمايمەن، مۇندىن كېيىن گەپلىرىـ



دىن ھەرگىز چىقمايمەن» دەپ يالۋۇرۇپ يىغلىدىم. ئانام ۋە
ئاچاملارمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈپ ئەتراپتىكى
كىشىلەرمۇ يىغلاشتى. شۇئارىدا ئىككى ھەربىي بىلەن بىر ساقچى
كېلىپ، ئىككىسى يېنىمدىكىلەرنى مىلتىقنىڭ پايىنىكى ۋە بەل
تاسمىسى بىلەن ئۇرۇپ، بىرسى چاپىنىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ
ئالدىغا تارتتى. مېنى ئاجرىتىۋالمىغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئەسكەر
ئانامنى ئىتتىرىۋېتىپ، مېنى ئانامنىڭ باغرىدىن يۇلۇپ ئالدى
ـ دە، دۆشكەللەپ ئالدىغا سېلىپ مېڭىپ ھارۋىغا چىقاردى.

ھېيتگاھ جامەسىدىن نامازدىگەرگە ئەزان چىقىشى بىلەن تەڭ بىز
چۈشكەن ھارۋىلار يولغا چىقتى. ھارۋىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
يىغى زارى بىلەن ھېيتگادىكى نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ دەت ـ
پەريادى مەئەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەنىدى. خەلق
توپى ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ توسقۇنىغا قارىماي، ھارۋىغا ئەگە-
شىپ ماڭدى. قۇم دەرۋازىغا بارغاندا ساقچىلار ھارۋىغا ئەگىشىپ
كېلىۋاتقان خەلق توپىنى قاتتىق توستى، قۇم دەرۋازىنىڭ سىرتىـ
دىمۇ ساقچىلار تەرىپىدىن توسۇلۇپ تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار
ئىكەن. دەرۋازا سىرتىغا چىققاندا پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىنى
ئاتلىق ئەسكەر ئىگىلىدى. بىز ھارۋىدا كېچىلەپ ئېسەدەپ يىغلاپ
كېتىۋاتىمىز. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن ئۆتكەنلىكىمىزنى ھارۋىـ
كەشتىن ئۇقتۇق. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدۇقكى، ئۇيقىدىن ئويـ
غانساق تاڭ ئېتىپتۇ، يامان يار دېگەن مەنزىلگە كېلىپ قاپتىـ
مىز.

## سەپەر ئۈستىدىكى ئويغىنىش

سەپەرگە چىققان ساۋاقداشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز
يۇرتىمىزدا زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىقنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغان

بولساقمۇ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھەرگىز چۈشەنمەيتتۇق. كاللىمىزدا
«ھەممە ئىش ھەربىر كىشىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنچە بولىدۇ»
، دەيدىغان خۇراپىي قاراش ھۆكۈمران ئىدى. ئارىمىزدىكى مۇ-
ئەللىملىكتىن كەلگەن يېشى چوڭ بىر نەچچە كىشى جەمئىيەتتى-
كى ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى بىزگە چۈشەندۈردى.
ھەممىمىز كەلگۈسىدە قانداق كۈن كۆرۈدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ،
ناھايىتى غەمكىن ئىدۇق. ئەتىگەنلىك چايمۇ گىلىمىزدىن ئۆت-
مىگەن ئىدى. ئارىمىزدىكى يېشى چوڭراق بىر كىشى: «ئۇكىلى-
رىم، مۇنداق غەم قىلىۋەرسەڭلار ئاغرىپ قالىسىلەر، ھەممىمىز
سەپەرداش بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا تونۇشايلى. مەيەرگە يىغى-
لىڭلار، مەن سىلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرەي» دەپ توۋلىدى.
ھەممىمىز سارايىنىڭ پېشايۋانلىق سۇپىسىغا سېلىنغان ئەسكى
پالاسنىڭ ئۈستىگە يىغىلدۇق. ئۇ كىشى بىزگە ئوچۇق چىراي
بىلەن مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىمىز جەزىملەش-
تى. ئۈرۈمچى ـ ئۆلكىنىڭ مەركىزى، بەزى جەھەتلەردە يۇرتى-
مىزدىن كۆپ ياخشى. ھەممىمىز ئۈرۈمچىگە بارغۇچە سەپەرداش،
ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ساۋاقداش بولۇپ قالىمىز. ئەگەر
بىز يولبويى مۇشۇنداق غەم قىلىپ كېسەل بولۇپ قالساق، بىزگە
كىم قارايدۇ؟ بىزنىڭ سەپىرىمىز ناھايىتى يىراق. بولار ئىش
بولدى، ئەمدى غەم قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. بىز ئۆزدى-
مىزنى ئاسرىشىمىز، ئالدىنقى ئىككى كۈندە بولغان كۆڭۈلسىز-
لىكلەرنى ئۇنتۇپ خۇشال ـ خورام يۈرۈشىمىز كېرەك. مېنىڭ
ئىسمىم ئىبراھىم قۇربان، ئوقۇشقا يېزىلىشتىن ئىلگىرى باشلان-
غۇچ مەكتەپ مۇئەللىمى ئىدىم» دەپ، ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە
ھەممىمىزنىڭ ئىسىم فامىلىسى، يېشى، ئوقۇغان مەكتىپى،
ئوقۇشقا يېزىلىشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىز، دا-
دىمىزنىڭ تىرىكچىلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سوراپ بولغاندىن
كېيىن: «ھەممىمىز ئەمگەكچى خەلقنىڭ باللىرى ئىكەنمىز،



تەقدىرىمىز بىر ئىكەن، شۇڭا، چوڭلار كىچىكلەرنى ئۆز ئىنى-
مىزدەك كۆرۈپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى، ھەممىمىز بىر ـ بىرى-
مىزگە كۆيۈنۈپ ئىناق ئۆتىشىمىز كېرەك» دېدى. ئارقىدىن
ئىبراھىم قۇربان «ئايرىلغاننى بۆرە يەر» دېگەن ھېكايىنى، ئە-
مەت ھاشىم دېگەن سەپەردىشىمىز «چىن تۆمۈر باتۇر» دېگەن
ھېكايىنى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ، ئىتتىپاقلىق، قەي-
سەر ئىرادىلىك ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ،
بىزنى مەلۇم تونۇشقا ئىگە قىلدى. ھەممىمىز روھى جەھەتتە
خېلى تېتىكلىشىپ قالدۇق. ئۆدەكلىك دېگەن ئۆتەڭگە بارغاندا،
ئىبراھىم قۇربان ئاكا: «مەن 3 - پەيدىكى خەنزۇ ساۋاقداشلار
بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرچە سۆزنى ياخ-
شى سۆزلەيدىكەن، ھەممىسى دېگۈدەك تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇ-
رىي خادىملار ۋە ئاددىي پۇقرالارنىڭ باللىرى ئىكەن. بىز خەنزۇغا
قارشى ئەمەس، گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىغا قارشى. ھەر قانداق
مىللەتتە ياخشى ئادەملەر كۆپ، خەلققە زۇلۇم سالىدىغان ئەسكى
ئادەملەر ئاز بولىدۇ. گومىنداڭ ھەرقايسى مىللەتتىن چىققان
ئەسكى ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى. شۇڭلاشقا، بىز ئۆز ـ ئارا ئىناق
ئۆتكەندىن تاشقىرى، خەنزۇ ساۋاقداشلار بىلەنمۇ ئىناق ئۆتۈشى-
مىز كېرەك. قانداق دەيسىلەر؟» دېدى. بۇنىڭغا ھەممىمىز
بىردەك قوشۇلدۇق ۋە ئۇ كىشى بىلەن بىللە خەنزۇ ساۋاقداشلار
چۈشكەن سارايغا باردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز ئارا ئىتتىپا-
قىمىز ۋە خەنزۇ ساۋاقداشلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقىمىز بارغان-
سېرى ياخشى بولدى. مۇنداق ئىتتىپاقلىقنىڭ پايدىسىنى كېيىن-
كى تۇرمۇشىمىز ۋە كەسكىن كۈرەشلەردە كۆردۇق. مەسىلەن،
ئاقسۇ تەۋەسىنىڭ قارا يۇلغۇن دېگەن ئۆتىڭىگە كەلگەندە، سۇ
تۇزلۇق بولغانلىقتىن ھېچ قايسىمىز ئىچەلمىدۇق. ئۇستىن ئا-
تۇشلۇق بىر ساۋاقدىشىمىز دادىسىنىڭ زورلىشى بىلەن بىر خالتا
سېغىز ئېلىۋالغان ئىكەن، ئۇ، سېغىزنى تۇزلۇق قايناقسۇغا

ئازراقلا قىرىپ سېلىپ تىندۇرۇۋىدى، تۇزلۇق سۇ تاتلىق سۇغا ئۆزگەردى. ئاندىن ئۇ ھەر بىرىمىزگە سىغىز بەردى، خەنزۇ ساۋاقداشلارغىمۇ سىغىز ئاپىرىپ بەردى ۋە ئۆزى تەجرىبە قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن خەنزۇ ساۋاقداشلار ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. بىز ھەر مىللەتتىن بولغان 100 نەچچە ساۋاقداش ئۈرۈمچىگە كەلگىچە ئارىلىقتىكى ئۈچ ئايلىق سەپەردە بىر - بىرىمىز بىلەن جىدەللىشىپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا گەپ تالىشىپ قالىدىغان ئىشمۇ بولمىدى. ئاقسۇ، قارا شەھەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى جىددىي پەيتلەردە، خەنزۇ ساۋاقداشلار ئۆزلىرى ئاڭلىغان خەۋەرلەرنى بىزگىمۇ يەتكۈزۈپ تۇردى.

ئىبراھىم قۇربان ئاكا تا ئاقسۇغا كەلگۈچە ھەربىر ئۆتەڭدە بىزگە قىزىقارلىق ۋە مەنىلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەندىن تاشقىرى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىزم جەمئىيىتى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى، كوممۇنىزم جەمئىيىتى، باي بىلەن كەمبەغەل، ئېزىش بىلەن ئېزىلىش، سوۋېت بولشېۋىكلەر پارتىيىسى، لېنىن باشچىلىقىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، گومىنداڭ پارتىيىسى، ئىچكى ئۆلكىلەردە كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان كۈرەش، شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى زۇلۇمى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە 7 ۋىلايەتتىكى زۇلۇم قاتارلىق تېمىلاردا ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئىبراھىم قۇربان ئاكىدىن باشقا، مۇئەللىملىكتىن كەلگەن ئەمەت ھاشىم، ھېكىمجان، قادىر قاسىم، ھەسەن ئوسمان قاتارلىق ساۋاقداشلار ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ، ئىبراھىم قۇربان ئاكىنىڭ سۆزىنى بېيىتىپ بېرەتتى. بىز ئىبراھىم قۇربان



ئاكا باشلىق بۇ چوڭلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۇقىرىدىكى تېمىلار توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىمىزنىڭ سىياسىي ئېڭىمىز مەلۇم دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئاق بىلەن قارىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى، دوست بىلەن دۈشمەننى دەسلەپكى قەدەمدە پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدۇق. شۇ ۋاقىتتىكى چۈشەنچىلىرىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا سىياسىي مەيدانىم بىلەن ئىدىيىۋى نۇقتامىنى بەلگىلىشىمدە مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇ چاغلاردا بىزنىڭ سىياسىي كۆزىمىزنى ئاچقان بىر قانچە كىشى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

ئىبراھىم قۇربان ئاكا، ئەسلى قەشقەردىن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىر قاراردا ئىلگىرى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، مەكتەپ ئىچىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىلغار كىشىلەردىن چوڭقۇر تەسىر ئالغان، تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە تەقسىم قىلىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قەشقەر گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. كېيىن سىياسىي جەھەتتە بېسىمغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئوقۇشقا يېزىلىپ بىز بىلەن بىللە يولغا چىققان. ئەمەت ھاشىم، قادىر قاسىم، غۇپۇر رېھىم، ھېكىمجان، ھەسەن ئوسمانلار قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەر، ئاتۇش، پەيزىۋات قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە مۇئەللىملىك قىلغان. كېيىن ئۇلارمۇ سىياسىي جەھەتتىكى بېسىم تۈپەيلىدىن، ئوقۇشقا يېزىلىپ بىز بىلەن بىللە يولغا چىققان.

# ئاقسۇدا كۆرگەنلىرىمىز

1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىز ئاقسۇغا چۈشسەك، 3 ۋىلايەت پارتىزانلىرىنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن ئىلىغا چېكىنىپ كەتكىنىگە يېرىم يىلچە بولغان، ئىنقىلابچىلارنىڭ تۆكۈلگەن قېنى تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەنىكەن. بىز ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ، قىزىل كۆۋرۈكنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سارايلارغا چۈشتۇق. يۈز - كۆزىمىزنى يۇيۇپ بولۇشىمىزغا ئىبراھىم قۇربان ئاكا ھەممىمىزنى يېنىغا يىغىپ، ئەتىگەنلىك تاماق تەييار بولغىچە ئۆزىنىڭ ل. مۇتەللىپ بىلەن ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە بىر سىنىپتا ئوقۇغانلىقى، ل. مۇتەللىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال «شىنجاڭ گېزىتى»دە، ئاندىن ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا ئىشلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئېلان قىلغان شېئىرلىرىنى؛ ئۇنىڭ ئاقسۇدىكى ئىنقىلابى ياشلار بىلەن بىرلىكتە «ياش ئۇچقۇنلار» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ گومىنداڭغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى، غۇلجا پارتىزانلىرى ئاقسۇغا كىرىش ھارپىسىدا تەشكىلاتقا يوشۇرۇنۇۋالغان جاسۇسلارنىڭ مەلۇمات بېرىشى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ل. مۇتەللىپ باشلىق «ياش ئۇچقۇنلار» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئېلىپ، خەلققە «ئىبرەت» قىلىش ئۈچۈن، سېپىلنىڭ ئۈستىدە جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكى؛ ل. مۇتەللىپنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا دۈشمەنگە تىز پۈكمەي، باشقا سەپداشلىرى بىلەن بىرگە ياڭراق ئاۋاز بىلەن «زۆھرە جانىم ۋەسلىڭنى ئىزلەپ» دېگەن ناخشىسىنى ئوقۇغانلىقى، ناخشىدىن كېيىن يەنە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن «ياشىسۇن خەلق!»، «يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى!» دەپ



شوئار توۋلىغانلىقى قاتارلىق ئىنقىلابىي جاسارىتىنى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى. ھەممىمىز ل. مۇتەللىپ باشلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ياپ - ياش تۇرۇپ قۇربان بولغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆز يېشى قىلىشتۇق؛ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىمىز، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان قەھرى - غەزىپىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى. ئىبراھىم قۇربان ئاكا ھەسرەت بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، قولىغا دۇتار ئېلىپ، «زۆھرە جانىم ۋەسلىڭنى ئىزلەپ» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق ۋە جاراڭلىق ئاۋازى ھەممىمىزنىڭ يۈرەك تارىمىزنى تىترەتتى. ئۇ، ناخشىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ناخشا تېكىستىنى ئېيتىپ بەردى. ھەممىمىز كۆچۈرۈۋېلىپ ئاندىن ئىبراھىم قۇربان ئاكىغا ئەگىشىپ بىر قانچە قېتىم تەكرار ئوقۇپ، بۇ ناخشىنى ئۆگىنىۋالدۇق. ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئىبراھىم قۇربان ئاكا بىلەن بىللە قىزىل كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئاقسۇنىڭ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق. سېپىل ئەتراپىدا بىرەر ئېغىز ئۆي ياكى بىرەر تۈپ دەرەخ يوق، تۈپ - تۈزلەڭ ئىكەن. كېيىن ئۇقساق، غۇلجا پارتىزانلىرى ئاقسۇغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى، ھەيۋىسى بار، مادارى يوق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پارتىزانلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن، سېپىل ئەتراپىدىكى بارلىق ئۆيلەرنى چېقىپ تۈزلەپ، دەل - دەرەخلەرنى بىرنى قويماي قومۇرۇپ تاشلىغان ئىكەن. كۆرۈمسىز ھەربىي كىيىم كىيگەن بىز 30، 40 تەك ئوقۇغۇچى پاراڭ بىلەن كېتىۋاتاتتۇق، ئىبراھىم قۇربان ئاكا بىردىنلا توختاپ، سېپىل دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى كۈنگۈرىنى كۆرسىتىپ: «قاراڭلار، ئۇكىلىرىم، ل. مۇتەللىپ باشلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاققان قېنى تېخى ئۆچمەپتۇ» دېدى. بىز شۇئان قاراپ، سېپىل كۈنگۈرىسىنىڭ تۆۋىنىدە 7، 8 ئورۇنغا ئېقىپ چۈشكەن قانلارنىڭ جىگەررەڭگە ئۆزگىرىپ، كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئارىمىزدا

بىرەيلەن ئۆزىنى تۇتتۇۋالالماي: «يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چىلىرى! » دەپ شوئار توۋلىغانىدى، ئىبراھىم قۇربان ئاكا: «بۇ
يەردە شوئار توۋلىماڭلار» دەپ توسىۋالدى. ئاندىن ئارىمىزدىن
بىرەيلەن زىل، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن قىرائەت قىلدى. ھەممىـ
مىز مۇسىبەتلىك ھېسسىياتىمىز بىلەن بېشىمىزنى تۆۋەن سېلىپ
ئولتۇردۇق. قىرائەت ئاخىرلاشقاندا شېھىدلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ
دۇئا قىلدۇق. دۇئادىن كېيىن ھەممىمىز قايغۇلۇق ھېسسىياتىـ
مىز بىلەن مېڭىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندە، بەدەنلىرىمىز
تىكەنلىشىپ كەتتى. شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم تولىمۇ شالاڭ
ئىكەن. ئۇيان ـ بۇيان ئۆتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايى غەمكىن،
روھى چۈشكۈن ئىدى. ماڭدامدا بىر ئاچ ـ يالىڭاچلار، دەرۋىش
سۇپەتلەر، ئەر ـ ئايال دىۋانىلەر ئۇچراپ تۇراتتى. شەھەر دەرۋاـ
زىسىدىن كىرىپ ئۇزاق ماڭمايلا، ئىبراھىم قۇربان ئاكا چوڭ
بىر دەرۋازا ئالدىدا توختاپ: «بۇ ـ ل. مۇتەللىپ ھايات ۋاقتىدا
ئىشلىگەن ئاقسۇ گېزىتخانىسى، يۇرۇڭلار، كىرىپ زىيارەت قىـ
لىپ چىقايلى» دېدى. ھەممىمىز بىللە كىردۇق. چۆلدەرەپ قالـ
غان ئاقسۇ گېزىتخانىسى بىزگە گويا تۇرمىدەك بىلىنىپ، ھەمـ
مىمىزنى سۈر بېسىپ كەتتى. قورۇ ئىچىدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنـ
مەيتتى. قورۇ ئىچىدە بىردەم ئۇياق ـ بۇ ياققا قاراپ تۇرغاندىن
كېيىن، «ئاشخانىغا كىرىپ باقايلى» دەپ ماڭدۇق. دەرۋازىنىڭ
سول تەرەپىدىكى ئىشىكى ئۇچۇق بىر ئۆيگە كىرسەك، 7، 8
دەك ئادەم ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ
تۇرۇپلا قالدى. ئارىدىن بىرەيلەن ئىبراھىم قۇربان ئاكىنى تونـ
نۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئىبراـ
ھىم قۇربان ئاكا ئۇ كىشىگە: «نىمانچە قۇرقۇپ كېتىسىلەر،
بىز ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كېتىۋاتىمىز. سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ
ئۆتەيلى دەپ كىردۇق» دېگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىرايى ئېـ
چىلدى ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىـ



شىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئىبراھىم قۇربان ئاكىنىڭ تونىشى:
«ھازىر خىزمەت ۋاقتى، ئىشخانىدا ھەممىڭلار ئولتۇرغىدەك ئوـ
رۇنمۇ يوق، سىرتقا چىقايلى» ، دەپ ئىبراھىم قۇربان ئاكىنى
سىرتقا باشلاپ ماڭدى، بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سىرتقا چىقـ
تۇق. ئىبراھىم قۇربان ئاكىنىڭ تونىشى ئەتراپقا سەپ سېلىپ
قارىۋالغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا: «ئىبراھىم، ئاقسۇنىڭ
ئەھۋالى باشقا جايلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، سېنى ئۆيگە باشلاپ
بارالمايمەن، قېشىڭغا ئىزدەپمۇ چىقالمايمەن، مېنى كەچۈر.
ئاقسۇدائۇزاق تۇرماڭلار، شەھەر ئىچىگىمۇ كۆپ كىرمەڭلار،
جەمئىيەتتىكىلەر بىلەنمۇ ئۇچراشماڭلار. ھازىر كىشىلەرگە ئىـ
شەنگىلى بولمايدۇ. بىز خوشلىشايلى» ، دەپ ئىبراھىم قۇربان
ئاكا بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ
كەتتى. بىز گېزىتخانىدىن چىقىپ شەھەرنى بىر ئايلىنىپ، شەـ
ھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختىدۇق.
ئىبراھىم قۇربان ئاكا: «بۇ ل. مۇتەللىپ دائىم تاماق يەيدىغان
ئاشخانا ئىدى. يۇرۇڭلار، مۇشۇ يەردە تاماق يەپ ماڭايلى» ،
دېدى. ئاشخانىغا كىرسەك، 8، 10 دەك ئادەم تاماق يەۋاتقانىـ
كەن. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قېلىشتى، دۇكان خوجايىـ
نى بىلەن ئىمكارلارمۇ ھودۇقۇپ قاراپ قېلىشتى. تاماق يەۋاتقانـ
لار يەۋاتقان تامىقىنى تاشلاپ قويۇپ، پۇلىنى تۆلەپ چىقىپ
كېتىشتى. بىزمۇ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتۇق. ئىبراھىم
قۇربان ئاكا دۇكان خوجايىنىغا: «ئۇستام، قورقمىسىلا، بىز
ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كېتىۋاتىمىز. دوستۇم ل. مۇتەللىپ تاماق
يەيدىغان بۇ ئاشخانىلىرىدىن بىر ۋاق تاماق يەپ ئۆتەيلى، دەپ
كىرىپ قالدۇق» دېۋىدى، خوجايىن ئىمكارلار بىلەن ئۇستەللەرنى
تازىلىۋېتىپ، ھودۇققان قىياپەتتە: «مېھمانلار، بىز ئۇششاق باـ
لىلىق بىچارىلەر، مۇشۇ تىرىكچىلىكىمىز بىلەن ئاران جان بېقىـ
ۋاتىمىز، بىزنى كۆن كۆرگىلى قويۇپ، ھېلىقى كىشى (ل.

مۇتەللىپ)نىڭ ئىسمىنى چىقارماي، خالىغان تاماقلىرىنى بۇيرۇشسىلا» ، دېدى. بىز بىر تەخسىدىن لەغمەن يەپ، دۇكاندىن چىقىپ تۇرالغۇمىزغا كەتتۇق.

بىز كونا شەھەر ناھىيىسىدە بىر كۈن تۇرۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىزنى سېپىل ئىچىدىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە كۆچۈردى ۋە دەرۋازىغا پوست قويۇپ، بىزنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ئۈزۈپ تاشلىدى. لېكىن، ئۆزىنى «ل. مۇتەللىپنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى» دەپ ئاتىۋالغان گۇمانلىق بىر ئادەم مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئىختىيارىي كىرىپ چىقاتتى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، بىز يولغا چىقىدىغان كۈنى ھېكىم نۇر كەلمىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، ئىككى نەپەر خەنزۇ ساۋاقدىشىمىز بىزنىڭ ياتىقىمىزغا كېلىپ: «ئاڭلىغان خەۋەردىن قارىغاندا، ئاراڭلاردا ئىشپىيون بار ئىكەن. بۈگۈن سىلەردىن بىر نەچچە كىشىنى قولغا ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، سىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشقا كەلدۇق، دىققەت قىلارسىلەر» ، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بىز تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدۇق. لېكىن، ئىبراھىم قۇربان ئاكا ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن: «بۇ خەۋەر راست بولىشىمۇ مۇمكىن، يالغان بولىشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر راست بولۇپ قالسا، مېنى قولغا ئېلىش ئېھتىمالى چوڭراق، شۇڭا، كۆپچىلىك تەشۋىشلەنمەي، ئۆزۈڭلەرنى تۇتىۋېلىڭلار. دۈشمەن ئالدىدا ھەرگىز ھودۇقماسلىق كېرەك. قانچە ھودۇقساق، ئۇلار شۇنچە قورقىتىدۇ؛ قانچە ھودۇقساق، ئۇلار شۇنچە كۆرەڭلەيدۇ. ئۆزىمىزنى دۈشمەن ئالدىدا ئاجىز كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، سالماق ۋە جەسۇر بولىشىمىز كېرەك. بۇ سۆزۈمنى ئېسىڭلەردە چىڭ تۇتۇڭلا» ، دېدى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن: «ئەگەر قايسىمىزنى قولغا ئالىمىز دېسە، ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلىلى، ساۋاقداشلار قوشۇلامـ



سىلەر؟» دېۋىدى، ئىبراھىم قۇربان ئاكا يەنە تەمكىنلىك بىلەن: «بىز سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشالمىدۇق. چىقىمنى ئارايىتىپ كۈچ ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇلار بىلەن ئېلىشساق، بىز زىيان تارتىپ قالىمىز. بىراق، مەيلى قايسىمىزنى قولغا ئالسۇن، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ دۈشمەنگە تىز پۈكمەيدىغان ۋە ئۆلۈمدىن قورۇقمايدىغان روھىنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. ئالدىنقىلارنىڭ قان ئىزىغا ھەرگىز داغ كەلتۈرمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇلار سىلەردىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ـ بۇنى سورىسا، ھېچنېمىنى بىلمەيمىز دەپ جاۋاب بېرىڭلار» ، دېدى. ئاندىن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئالدىراش شېئىر يازدى. بىز ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىكى شېئىرلىرى بىلەن يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈۋالدۇق. ئىبراھىم قۇربان ئاكىنىڭ چىرايىدا ھودۇقۇش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ۋاقىت بولسىلا بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئادەم بولىشىمىز توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى كەچلىك تاماق يەۋەتساق، مەكتەپ قورۇسىغا يار ـ يار ھارۋىلار كىرىشكە باشلىدى. مەكتەپ قورۇسى بىلەن ئۆگزىلەرگە گومىنداڭنىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرى يېغىپ كەتتى. ئۇلار پىلىموت، مىلتىق ۋە ئاپتوماتنىڭ ئۇچىنى بىزگە قاراتقان ئىدى. شۇ پەيتتە ئىبراھىم قۇربان ئاكا بىزگە: «ئۇكىلىرىم، ھەرگىز قورقماڭلار. بىز ھەممىمىز جىددىي سىناققا دۇچ كېلىۋاتىمىز. گومىنداڭنىڭ بىر قانچىمىزنى قولغا ئېلىشى بىزنى قورقىتىش ئۈچۈن. بىز قورقساق، ئۇلار خۇش بولىدۇ، مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ. بىز ئۇلارنى خۇش قىلماسلىقىمىز كېرەك! » دەۋاتقاندا، نەدىندۇر ئىككى ساقچى بىلەن پۇقراچە كېيىنگەن بىر ئەبلەخ پەيدا بولدى، پۇقراچە كېيىنگەن ئەبلەخ ھېجىيىپ تۇرۇپ: «بۇ مېھمان قارىماققا خېلى يۈرەكلىكتەك قىلىدۇ. بۇ راست دەيدۇ، قورۇققۇدەك ھېچ ئىش يوق. ھەممىڭلار ھارۋىغا چىقىڭلار، بىز

سىلەرنى ئۈزۈتۈپ قويغىلى كەلدۇق» ، دېدى. بىز ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، بىرئاز جىم تۇردۇق. ئىبراھىم قۇربان ئاكا شۇئان: «بۇ جاناب راست ئېيتىدۇ. بۇلار قولىدىكى قۇرالغا تايىنىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى يوق تالاي ئىنقىلابچىلارنى بۈگۈنكىدەك مېھمانلاپ ئۈزۈتۈپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ھەممىڭلار يۈك ـ تاقاڭلارنى ھارۋىغا سېلىپ، بۇ جانابلارنىڭ قانداق ئۈزۈتۈپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قويۇڭلار» دېدى. بىز ھارۋىغا چىقتۇق. لېكىن، ئىبراھىم قۇربان ئاكا مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈك ـ تاقلىرىنىڭ يېنىدا تەمكىن تۇراتتى. شۇ ئارىدا، مەكتەپ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ئىككى ساقچى ئەمەلدارى بىلەن يەنە بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. ئارقىدىن ئاق ئات قوشۇلغان كونا بىر مەپە كىردى، مەپىنىڭ ئارقىسىدىن 5، 6 ساقچى كىردى، مەكتەپ دەرۋازىسى ئېتىلدى. ساقچى ئەمەلدارى ئىبراھىم قۇربان ئاكىنى ساقچى مەپىسىگە چىقىشقا مەجبۇرلىدى. ئىبراھىم قۇربان ئاكا ساقچى ئەمەلدارىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارىدى ـ دە: «ئالدىرماي تۇرۇش!» دەپ، يانچۇقىدىن ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ياڭراق ئاۋاز بىلەن ئاخىرقى شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇدى. بۇ شېئىردا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغانىدى. ئۇ، شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ يېنىدىكى ساقچىغا: «مە، بۇ گۆھەرنى خوجايىنىڭغا بەرسەڭ، نۇرغۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن» ، دەپ ساقچىغا بەردى. ساقچى شېئىرنى قولىغا ئېلىپ، باشلىقىغا تەڭلىۋىدى، ساقچى ئەمەلدارى ساقچىنىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇرۇپ، يۈزىگە تۈكۈردى، شېئىر يېزىلغان قەغەز يەرگە چۈشتى. ھېكىم نۇر دېگەن ساتقىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، گۆھەر تېپىۋالغاندەك شېئىرنى قولىغا ئېلىپ، تۆت قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. شۇ ئەسنادا ساقچى ئەمەلدارى ئۆپكىسىنى باسالماي بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ساقچىلار ئىبراھىم قۇربان ئاكىغا ئېسىلدى. ئىبراھىم قۇربان ئاكا ساق-



چىلارنى كۈچ بىلەن سىلكىۋېتىپ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چوقۇم گۇمران بولىدۇ!» ، «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىدىن چوقۇم قۇتۇلىدۇ!» ، دەپ توۋلىدى. ئاندىن «خەير ـ خوش، مېنى ئەسلەپ تۇرارسىلەر» ، دەپ مەپىگە سەكرەپ چىقتى. مەپە دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى، 10، 15 مىنۇتلاردىن كېيىن بىزمۇ قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە يولغا چىقتۇق. شەھەر كوچىلىرىغا چىقساق، ھەر 10، 15 قەدەمدە بىر دېگۈدەك قوراللىق ئەسكەرلەر تۇرۇشۇپتۇ، باشقا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. شەھەر كوچىلىرى كەچلىك مەنزىرىنىڭ جىمجىتلىقىدا تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كوناشەھەر تەرەپكە ماڭدۇق. غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان ئىكەنمىز. تاڭ ئېتىپ ھارۋا توختىغاندا قارىساق، جام ئۆتەڭگە كەپتىمىز. ھارۋا كالونىسىنىڭ ئارقىسىدا ماڭغان خەنزۇ ساۋاقداشلارنىڭ ئېيتىشىچە، جامغا كەلگىچە بىزنى بىر پەي ئاتلىق ئەسكەر نازارەت قىلىپ كەلگەنمىش.

## قارا شەھەردىكى خۇش خەۋەر

بىز 1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قارا شەھەرگە كېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى سارايغا چۈشتۇق. ساقچى تەرەپ بىزنىڭ كوچىغا چىقىشىمىزنى قاتتىق چەكلىدى. بۇ ئەھۋالدىن بىر ئاز چۆچۈدۇق. بىزنىڭ باشلىقىمىز مەخمۇتجان ئاكا بىزگە: «ئۈرۈمچىگە سالامەت بېرىۋالغۇچە چىداڭلار» دەپ تەسەللى بەردى. قارا شەھەرگە كېلىپ 4 ـ كۈنى خەنزۇ ساۋاقداشلاردىن بىرى بىز چۈشكەن سارايغا كېلىپ، خوتەن، يەكەن ۋە ئاقسۇدىن كەلگەن ساۋاقداشلارنىڭ قارا شەھەرگە كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىبراھىم قۇربان ئاكىنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتتى. بىز ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، تۇسىغانغا قارىماي، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا

بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدۇق. لېكىن، مەھمۇتجان
ئاكا قاتارلىق باشلىقلارنىڭ قائىدە سۆزلەپ تەربىيە بېرىشى ئارقى-
سىدا، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي تۇرساق، گومىنداڭ ساقچى
ئىدارىسىدىن 3 كىشى كېلىپ، سارايدىن سىرتقا چىقماسلىقىمىز-
نى ۋە دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلماسلىقىمىز-
نى ئۇقتۇردى. كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان چاغدا،
ساۋاقداشلىرىمىزدىن ئەمەت ھاشىم بىلەن قادىر قاسىم مېنىڭ
يېنىمغا كېلىپ: «ساڭا بىر ۋەزىپە تاپشۇرساق ئورۇنلىيالامسەن؟
» دېدى، مەن: «نېمە ۋەزىپە» دەپ سورىسام، «دەريانىڭ ئۇ
تەرىپىگە بېرىپ ئىبراھىم قۇربان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ تۇر-
مىدىن قانداق چىققانلىقى ۋە نېمە گەپ - سۆزى بارلىقىنى ئۇقۇپ
كېلىسەن» دېدى. مەن خۇشاللىقىمنى باسالماي، قۇلۇمدىكى
تاماق قاچىسىنى هارۋىنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىۋېتىپ: «بولىدۇ،
هازىرلا باراي» دېدىم. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ
كېتىپ: «يارايسەن، بىراق، هازىر ئەمەس، كەچلىك تاماقنى
يەپ، كۆڭۈل ئېچىش تازا قىزىغاندا بارىسەن» دېدى. كۈن ئولتۇ-
راي دېگەن چاغدا، ئۇلار كېلىپ مېنى لاپاسقا يۆلەپ چىقاردى.
مەن كۆرسەتمە بويىچە مېڭىپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ دەريانىڭ
نېرىقى قېتىدىكى 1 سارايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىزگە ئوخشاش
ماش رەڭ ھەربىي كىيىم كەيگەنلەردىن ئىبراھىم ئاكىنى سورى-
سام، ئۇلار مېنى ئىبراھىم قۇربان ئاكا چۈشكەن سارايغا باشلاپ
باردى.

ئىبراھىم قۇربان ئاكا بىر پارچە خەت يېزىپ، ماڭا تۇتقۇز-
دى.

سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىبراھىم قۇربان ئاكى-
نى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: خوتەن ۋە
يەكەن ۋىلايەتلىرىدىن ئاقسۇغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى بارغان
مىللىي ئوفىتسېرلار ئوقۇشقا يېزىلغان ئاقسۇلۇق مىللىي ئوقۇ-



غۇچىلار ئارقىلىق خوتەن ۋە يەكەندىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە
ئاقسۇدىكى ياشلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئىبراھىم قۇرباننىڭ قولغا
ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى يۇشۇرۇن ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ.
ئاقسۇ، خوتەن ۋە يەكەنلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇرۇمچىگە يولغا چىقى-
دىغان كۈنى چۈشتىن كېيىن كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ،
ئاۋۋال ساقچى ئىدارىسىغا، ئاندىن ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىپ،
ئىبراھىم قۇرباننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلارنى ۋالىي
مەھكىمىسى ئالدىدا ھەربىي ۋە ساقچىلار قورشىۋاپتۇ. ئۇلارنى
كۆرۈپ ئاقسۇ ياشلىرى ۋالىي مەھكىمىسى ئالدىدىكى كوچىغا
يىغىلىپتۇ. ساقچى ۋە ھەربىيلەر ئۇلارنى تاسما ۋە قامچا بىلەن
ئۇرۇپ ھەيدەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ئوقۇغۇچىلار: «ۋا-
لىي ئالدىمىزغا چىقسۇن» دەپ تەلەپ قىلسا، ۋالىي چىققىلى
ئۇنىماپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ۋالىي مەھكىمىسى ئىچىگە باستۇرۇپ
كىرمەكچى بولغاندا، ھەربىي، ساقچىلار ئۇلارنى توسۇۋاپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھەربىي ۋە ساقچىلار ئوتتۇر-
سىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، 2 ئوقۇغۇچىنىڭ بېشى يېرىلىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەربىيلەر بىلەن ساقچىلارنى ئۇرۇپ-
تۇ. «تاماشا» كۆرگىلى كەلگەنلەرمۇ ۋالىي مەھكىمىسى ئىچىگە
باستۇرۇپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەدەت بېرىپتۇ. ئاخىرى ۋا-
لىي چىقىپ، نامايىشچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تەھدىت ئارىلاش
سۆز قىلغانىكەن، ئوقۇغۇچىلار قاتتىق رەدىيە بېرىپ ئېغىز ئا-
چۇرماي: «ئىبراھىم قۇرباننى قويۇپ بېرەمسەن - يوق؟ ئەگەر
قويۇپ بەرمىسەڭ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە مەسئۇل
بولالامسەن؟ » دەپ كۆزىگە كىرىۋاپتۇ ۋە ۋالىينى ئارىغا ئېلىۋاپ-
تۇ. بۇ ئەھۋال 1 - 2 سائەتتەك داۋاملاشقاندىن كېيىن، ۋالىي:
«سىلەر يولغا چىقىۋېرىڭلار، ئارقاڭلاردىن ئەۋەتىپ بېرىمىز»
دېگەنىكەن، ئوقۇغۇچىلار: «ئۇنداق بولسا، سەن بىز بىلەن بىر-
گە ماڭىسەن، ئىبراھىم قۇربان، قاچان قويۇپ بېرىلىپ، ئارقى-

مىزدىن يېتىپ بارسا، شۇ چاغدا سىنى قويۇپ بېرىمىز» دەپ
قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ. ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن قورۇققان
ۋالىي ئىبراھىم قۇرباننى قويۇپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈ-
رۈپتۇ. ئىبراھىم قۇربان تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ساۋاق-
داشلار ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، يول ئۈستىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىنى
قىسقارتىپ، ئارقىمىزدىن قارا شەھەرگە يېتىشىپ كەلگەنىكەن.
مەن بۇ گەپلەرنى ئوبدان ئاڭلاپ، ئېسىمگە ئېلىۋالدىم. ئىبراھىم
قۇربان ئاكا ماڭا يەنە بىر پارچە خەت بېرىپ: «بۇ خەتنى ئەمەت
ھاشىمغا بېرىسەن، ئەگەر بىرەر پالاكەتكە يولۇقساڭ، بۇ خەتنى
ئۈششاق يىرتىپ تاشلىۋەت ياكى چايناپ يۇتۇۋەت. لېكىن، بايىقى
خەتنى ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ يوقاتمايسەن» دېدى. مەن شەپكەم-
نىڭ ئەستىرىنى ئازراق كېسىپ ئىككى پارچە خەتنى ئەستەرنىڭ
ئىچىگە تىقتىم ـ دە، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتىم،
ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى. تېز قايتىپ غىپپىدىلا ساراي
ئىچىگە كىرىۋالدىم. ئىككى پارچە خەتنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي
ئەمەت ھاشىمغا بېرىپ، ئاندىن كىچىك ئۆيدىكىلەرگە ئىبراھىم
قۇربان ئاكىنىڭ گومىنداڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى
سۆزلەپ بەردىم، ئۇلار ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئەتىسى ئەتىد-
گەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ تۇرساق، سودىگەر سۈپەت 1 كىشى
كىرىپ، ھەممىمىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، گومىنداڭ مەر-
كىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى ئوتتۇرىسىدا
سۆھبەت ئېلىپ بېرىلغانلىقى، نەتىجىدە 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزا-
لانغانلىقى، ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى، 3 ۋىلا-
يەت تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىشقا چۈشكەنلى-
كى، ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بى-
تىمدىكى بەلگىلىمە بويىچە 7 ۋىلايەتتە سايلام ئېلىپ بېرىلغانلى-
قىنى سۆزلەپ بەردى. بىز خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ چىقمىغان بۇ
خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، تولىمۇ ھاياجانلىنىپ، بىر ـ بىرىمىزنى



قۇچاقلاپ سەكرىشىپ كەتتۇق. ئاندىن ئۇ كىشى بىزگە 11 ماددى-
لىق بىتىم ھەققىدىكى ماتېرىيالنى بەرگەنىدى، بىز ئۇنى تەقەز-
زالىق بىلەن ئوقۇپ كەتتۇق. ئۇ كىشى بىز بىلەن خوشلىشىپ
چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىزمۇ «سىرتقا چىقمىشقا بولمايدۇ»
، «دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا بولمايدۇ»
دېگەن گومىنداڭ رېجىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا
بېرىپ خۇش خەۋە يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدۇق. بىز بارساق ئۇلارمۇ
بۇ خۇش خەۋەرنى يېڭىلا ئاڭلاپ تۇرۇشقانىكەن.

## ئارىمىزغا يوشۇرۇنغان ئىشپىيوننى
## تۆۋە قىلدۇرۇش

قارا شەھەردىن يولغا چىقىپ كۆمۈشكە كەلگەندە، ئەمەت
ھاشىم «يېزىق ئويۇنى» ئويناشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەممىمىز-
گە كاتەكچە دەپتەر ۋارىقىدىن يېرىم ۋاراقتىن قەغەز تارقاتتى،
ئاندىن ئۇ: «مەن ئېيتىپ بېرىمەن، سىلەر يازىسىلەر، تېز ۋە
چىرايلىق يېزىشتا بەسلىشىمىز»، دېدى. ھەممىمىز قېرىنداش
قەلەملىرىمىزنى تەييارلىدۇق. ئەمەت ھاشىم ئالدىن تەييارلىۋال-
غان، لېكىن بىر ـ بىرىگە باغلاشمايدىغان جۈملىلەرنى ئېيتىپ
بەردى، بىز يازدۇق. يېزىپ بولغانلىرىمىز قەغەزنى ئەمەت ھا-
شىمغا تاپشۇردۇق، ئاندىن بىز باشقا ئويۇن باشلاپ كەتتۇق.
يېشى چوڭ ساۋاقداشلاردىن بىر نەچچىسى «يېزىق ئويۇنى»غا
قاتناشقانلارنىڭ پوچېركىسىنى مەن دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىن
ئېلىپ كەلگەن خەتنىڭ پوچېركىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئارد-
مىزدىكى ئىشپىيوننى جەزىملەشتۈرۈپتۇ. مەن دەريانىڭ نېرىقى
قېتىدىن ئېلىپ كەلگەن 2 ـ خەت ئارىمىزدىكى ئىشپىيوننىڭ
ئاقسۇ گومىنداڭ ساقچىسىغا بەرگەن مەلۇماتى ئىكەن. ئىبراھىم
قۇربان ئاكا تۈرمىدىن چىقىش ئالدىدا، مەلۇم بىر ساقچى ئۇنى

«ئاراڭلاردا ئىشپىيون بار، ئۆزۈڭلار ئېنىقلىۋالارسىلەر» دەپ، ئىبراھىم قۇربان ئاكىغا يوشۇرۇنچە بەرگەنىكەن. بىز توقسۇن ناھىيىسىگە كەلگەندە، باشلىقىمىز مەھمۇتجان ئاكا×× دېگەن ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرىدى. مەن××نى چاقىرىپ، مەھمۇتجان ئاكىنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىرسەم، ياتاقتا مەھمۇتجان ئاكىدىن باشقا، ئەمەت ھاشىم، قادىر قاسىم، ھەسەن ئوسمان، سۇلتان هاموت، ھېكىمجان قاتارلىق 6 كىشى بار ئىكەن. ×× ئۆيگە كىرگەندە، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن قارىدى، ×× بۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ، پەگادا ئۆرە تۇراتتى. مەھمۇتجان ئاكا خىتاب تەلەپپۇزى بىلەن: «سەن يولدا كەلگۈچە قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى، بۇنداق جىنايەت يولىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىڭنى، قانچىلىغان ياخشى كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىڭنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلە، ساڭا ھازىر ئىككىلا يول بار. بىرى ـ جىنايىتىڭنى ئىقرار قىلىپ، جىنايەتتىن قول ئۈزۈپ ياخشى ئادەم بولۇش؛ يەنە بىرى ـ جېنىڭدىن ئايرىلىش، بىز سېنى خېلىدىن بېرى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز. قېنى سۆزلە» دېدى. مەھمۇتجان ئاكا سۆزلەۋاتقاندا، ئۆزىنى تۇتالماي لاغىلداپ تىترەپ، رەڭگى تاتىرىپ، پېشانىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقىپ كەتكەنىدى. مەھمۇتجان ئاكا سۆزىنى توختاتقاندا، ئۇ كېكەشلەپ ئاران گەپ قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى ئىقرار قىلدى:

ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تاكى دارىلمۇئەللىمىنگىچە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە، سىنىپتىكى كەپسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەپسىزلىكلىرى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىپ تۇرىدىغان سىنىپ مۇخبىرى بولغان (شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ دەۋرىدە بۇ تۈزۈم بار ئىدى). خىزمەتكە چىقىپ 2، 3 ئايدىن كېيىن، قەشقەر ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىشپىيونلۇققا تارتىلغان



(مەخپى ئىسمى بىلەن نومۇرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ). ئۇ، مەكتەپتىكى ۋە جەمئىيەتتىكى زىيالىيلار ئۈستىدىن ماتېرىيال بېرىپ، ئىشپىيونلۇق ھەققىنى ئېلىپ خەجلەپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى ئوقۇشقا ئۇمۇ يېزىلىپ، مەخپىي ساقچى ئىدارىسىغا بارغاندا، ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا رۇخسەت قىلغان ۋە يول بويى ئىبراھىم قۇرباننى نازارەت قىلىشنى، بايقىغان ئەھۋاللارنى يول ئۈستىدىكى ساقچى ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى، ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىشنى تاپىلاپ، يول خىراجىتى ئۈچۈن پۇل بەرگەن. ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يامانيار ساقچىخانىدىن تاكى ئاقسۇغا كەلگۈچە ئىبراھىم قۇربان ئۈستىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرغان، لېكىن، ئاقسۇدا ئىبراھىم قۇرباننى قولغا ئالغاندا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ساقچى ئورۇنلىرىغا مەلۇمات بەرمىگەن. مەھمۇتجان ئاكا ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق پەسكەش جىنايەتتىن قەتئىي قول ئۈزۈش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى ۋە بۈگۈنكى ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش چاندۇرماي يۈرۈۋېرىشنى، مۇندىن كېيىن كوچىغا ئۆزى يالغۇز چىقماسلىقنى، بايىقى تۆۋىسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ ياخشى ئادەم بولۇشنى تاپىلاپ چىقىرىۋەتتى. مەھمۇتجان ئاكا بىزگە ئابلىمىتنىڭ مۇنداق رەزىل يولغا مېڭىشى ھەرگىز ئۆزلىكىدىن بولغان ئىش ئەمەسلىكىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىكى مۇستەبىتلىك سىياسىتىنىڭ كاساپىتى ئىكەنلىكى، ئۇنى ياخشى ئادەم قىلىپ ئۆز سېپىمىزگە قوشۇۋېلىش لازىملىقى ھەققىدە سۆزلەپ، تەربىيە بەردى.

# توقسۇن ناھىيىسىدە قورالسىزلاندۇرۇلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن دوستلىشىش

1946 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، توقسۇندا ھەپتىدەك تۇرۇپ قالدۇق. توقسۇننىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، توقسۇنغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا، چۈشلۈك يەيدىغىنىمىزنى ئېلىۋېلىپ، توقسۇن بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان بوستانلىقتا بېرىپ سۇغا چۆمۈلگەچ ئارام ئېلىۋاتساق، دېھقانلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدە قىيا - چىيا ۋە يىغا - زار پەيدا بولدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن 7، 8 مىز يۈگۈرۈپ مەھەللە ئىچىگە بارساق، 50، 60 تەك دېھقان، 7، 8 دەك گومىنداڭ ئەسكىرى تۇرۇشۇپتۇ. 5، 6 ئايال يەردە ياتقان بىر كىشىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، يىغا - زار قىلىشىۋېتىپتۇ. بىز يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىچارە دېھقانلار ئۈستىمىزدىكى ھەربىي كىيىمگە قاراپ، تېخىمۇ ھودۇقۇپ، ئالاقزادىلىشىپ كەتتى ۋە بىر نەچچە ياشانغان كىشى ئالدىمىزغا كېلىپ: «خوجىلىرىم، بىز قېرىلارنىڭ يۈزىنى قىلىپ بالىلارنى كەچۈرۈم قىلىشسىلا، ياش بالىلار گۆدەكلىك قىپتۇ. مۇندىن كېيىن باغ - ۋارانلىرىمىزغا كىرىپ قانداق يېيىشسىلە كۆز قىرىمىزنى سالمايلى»، دەپ يېلىنغىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا كەينىمىزدىن ئەمەت ھاشىم، قادىر قاسىم باشلىق 5، 6 ساۋاقدىشىمىز كېلىپ، دېھقانلاردىن نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى باشتىن سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. قېرىلاردىن بىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ (ھەممىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئىكەن): «بۇ بەگلىرىمىز قوغۇنلۇقتا كىرىپ قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ پىلىكىنى دەسسەپ، تۈك - پىششىق دېمەي ئۈزگىلى تۇرۇپتىكەن. ماۋۇ ياتقان بالا بۇلارنىڭ



ئالدىنى توساپ: پىلەكلەرنى دەسسىمەڭلار، يەيدىغان بولساڭلار پىششىقىنى مەن ئۈزۈپ بېرەي دېسە، بۇلار بالىمىزنى ئۇرۇپ، باش - كۆزىنى قان قىلىپ سۆرەپ ماڭغانىكەن، مەھەللىدىكى ياش بالىلار بۇنىڭغا چىدىماي، كەتمەن - گۈرجەك كۆتۈرۈپ چىقىپ، جودا چىقارماقچى بوپتۇ. بۇ تۇرغانلىرىمىز بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، بالىلارنى كەم ئەقىللىق قىلماڭلار دەپ توسۇپ، بەگلىرىمىزدىن كەچۈرۈم سورىساق، بالىمىزنى ئېلىپ كېتىمىز دەيدۇ. شۇ تالاشنىڭ ئۈستىگە ھەر بىرلىرى يېتىپ كېلىشتىلە، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بالىلىرىمىزنى بۇ نۆۋەت كەچۈرگەن بولۇشسىلا» دەپ يېلىنىپ، كۆز يېشى قىلدى. دېھقانلار بىزنىمۇ ئاشۇ بۇلاڭچى ئەسكەرلەرنىڭ شېرىكى دەپ بىلگەن ئىكەن. قادىر قاسىم ھېلىقى بۇلاڭچى ئەسكەرلەرگە قاراپ: «ھەي ئاغىنىلەر، ئەگەر مەن خاتالاشمىسام، سىلەرمۇ دېھقان بالىلىرى، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلار ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ، بۇلاپ - تالاۋاتىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاشۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەن بولساڭلار، سىلەرمۇ كالتەك - چوماق كۆتۈرۈپ چىقىپ بۇلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرغان بولاتتىڭلار. بۈگۈنكى ئىشتا گۇناھ سىلەردىن ئۆتۈپتۇ. بىچارە دېھقانلار مىڭبىر جاپادا يەر تېرىپ ئاران جان باقىدىغان ئۈستىگە، ھۆكۈمەتنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئالۋان - ياساق، باج - سېلىقلىرىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتسا، بۇنى ئاز دەپ، سىلەر بۇلاڭ - تالاڭ قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ سىلەرمۇ مۇسۇلماننىڭ پەرزەنتىغۇ! نېمە ئۈچۈن مۇنداق يولسىزلىق قىلىسىلەر؟ قولۇڭلاردىكى قوغۇن - تاۋۇزلارنى يەرگە قويۇپ، ياخشىلىقچە كېتىۋېلىڭلار. ئەگەر نەسىھەتىمىزگە كۆنمىسەڭلەر، بىزدىن رەنجىمەڭلار»، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان دېھقانلار ناھايىتى خۇشال بولۇپ، جانلىنىپ كەتتى. گومىنداڭنىڭ ھەيۋ-

سى چۈشكەن بۇلاڭچى ئەسكەرلىرى سولاشقان پېتى قاراپ تۇردـ
شاتتى. قادىر قاسىم: «بۇ يەردىن كەتمەي، يەنە نېمىگە قاراپ
تۇرىسىلەر!» دەپ توۋلىغاندىن كېيىن، ئۇلار قوللىرىدىكى قوـ
غۇن ـ تاۋۇزلارنى يەرگە قويۇپ قايتىپ كېتىشتى. دېھقانلار
بىزنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ مىننەتدارلىق
بىلدۈرۈشتى. بىز دېھقانلار بىلەن خوشلىشىپ كەتمەكچى بولۇۋـ
دۇق، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، دىلى سۇنۇق بىچارە دېھقانلار
بىزنى قويۇپ بەرمەي، ئۆيىگە كىرىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ قاتتىق
تۇرىۋالدى. بىز بىر موينىسپىت دېھقان باشلىغان ھويلىغا كىرىپ
كېتىۋېتىپ، ھېلىقى 25 ياشلار چامىسىدىكى ياردار دېھقان
يىگىتنى يۆلەشتۇرۇپ ھويلىغا بىللە ئېلىپ كىردۇق. باشقا دېھـ
قان ياشلىرىمۇ ياردەملەشتى. ئۇ يىگىت بىزنى ئۆيىگە باشلىغان
دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەن. ئارىمىزدىن بىرەيلەن قول ياغلىقىنى
نەملەپ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىدىكى قاننى سۈرتتى، ئاندىن ئۇنى
ھويلىدىكى سۇپىغا راسلانغان ئورۇنغا ياتقۇزدۇق. باشقا چوڭ ـ
كىچىك، ئەر ـ ئايال جامائەتمۇ بىزگە ئەگىشىپ ھويلىغا كىرگەن
ئىدى. ئۆي ئىگىسى توسقىنىمىزغا ئۇنىماي، داستىخان سېلىپ،
ھېلىقى بۇلاڭچى ئەسكەرلەر قويۇپ كەتكەن قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى
پىچىپ، قېتىپ كەتكەن جىرىس نان بىلەن ھويلىسىدىكى ئۈزۈمـ
لەردىن ئالدىمىزغا ئەكەلدى. ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشـ
كەچ، دېھقانلار بىلەن پاراڭلاشتۇق. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، گوـ
مىنداڭ ئەسكەرلىرى مەھەللىلەرگە 5 ـ 10دىن نۆۋەت بىلەن
كېلىپ، باغ ـ ۋارانلارغا خالىغانچە كىرىپ، مېۋىلەرنى بۇـ
زۇپ ـ چېچىپ يېگەندىن تاشقىرى، باراڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ
نەشە چېكىپ، قىمار ئوينايدىكەن ۋە مەھەللىدىكى ياشلارنى،
ھەتتا ئۆي ئىگىسىنىمۇ قىمار ئويناشقا مەجبۇر قىلىدىكەن؛ قىمار
ئويناشقا ئۇنىمىغانلارنى تىللايدىكەن، ھەتتا ئۇرىدىكەن؛ كەچتە
قايتار چېغىدا، باغدىكى مېۋە ـ چىۋىلەر ۋە قوغۇن ـ تاۋۇزلاردىن



خالىغانچە ھەقسىز ئېلىپ كېتىدىكەن. بۇنى ئاز دېگەدەك، تېخى
پۇرسەت تاپسىلا خوتۇن ـ قىزلارغا چاقچاق قىلىپ، ئۇلارنى ئاياق
ئاستى قىلىدىكەن. ئۇلار يەنە ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن تەمىناتنىڭ
سىرتىدا، ئۆز ئالدىغا ئۇن، ماي، تۇخۇم، توخۇ ئالۋانلىرىنى
سالىدىكەن. قىسقىسى، توقسۇن دېھقانلىرىنىڭ ئۇستىدىكى زۇـ
لۇم چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن ئىكەن. بىز دېھقانلارغا سەۋرى
قىلىپ چىداپ تۇرۇشنى، ئۇزۇنغا قالماي زۇلۇمدىن قۇتۇلىدىغان
كۈنلەر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەسەللى بېرىپ قويدۇق. ساـ
رايغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كۆرگەنلىرىمىزنى مەھمۇتجان
ئاكا ۋە باشقىلارغا ئېيتىپ بەردۇق. مەھمۇتجان ئاكا: «بۇلاڭچى
ئەسكەرلەرگە قول تەككۈزمىگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. بىر نەچچىدـ
ىسنى ئۇرۇش بىلەن مەسىلە ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەڭ ياخشىـ
سى، ئۇ ئەسكەرلەر بىلەن دوستلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى
تونۇشىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش كېرەك»،
دېدى. بىز ئەتىسى 2، 3 تىن دوستلىشىش گۇرۇپپىسى بولۇپ
تەشكىللەندۇق. ئەمەت ھاشىم بىلەن قادىر قاسىم ئۇلارنىڭ ئوـ
فىتسېرلىرى بىلەن دوستلاشىدىغان بولدى، قالغانلىرىمىز ئەسـ
كەرلىرى بىلەن دوستلىشىدىغان بولدۇق. بىز سارايدىن چىقىپ،
گومىنداڭنىڭ قۇرالسىزلاندۇرۇلغان ئەسكەرلىرى تۇرۇۋاتقان ئوـ
رۇنغان بارساق، ئۇلار ئەتتىگەنلىك تاماق يېيىشىۋاتقانىكەن. بىز
ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، ئۇلارمۇ بىزنى
قىزغىن قارشى ئالدى. ھەر 1 كىچىك گۇرۇپپا تاماق يەپ بولغانـ
لارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشتۇق. ئۇلار جەنۇبىي
شىنجاڭ يېزىلىرىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئالتاي
سوقۇشىغا سېلىنغان، كېيىن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشقا سېلىنغان سوپاخۇن قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئوفىتسېرلار
ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى
تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندە، بۇلاردىن گۇمانلانغان گومىنداڭ دائىرـ

لىرى تەرىپىدىن قۇرالسىزلاندۇرۇلۇپ توقسۇن، تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىگە تارقىتىۋېتىلگەن قوشۇن ئىكەن. توقسۇندىكى شۇلارنىڭ بىر باتالىيونى بولۇپ، بىر قانچە خەنزۇ ئوفىتسېردىن باشقا، ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىكەن. ئۇلارنىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدىكى تونۇشى خېلىلا مۇجمەل ئىكەن. لېكىن، بىز ھە دېگەندىلا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن گەپ ئاچماي، 1 - قەدەمدە 7 ۋىلايەتتىكى خەلق تارتىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملار، بولۇپمۇ دېھقانلار ئۈستىدىكى ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئالۋان - ياساق، باج - سېلىقلار ۋە جايلاردا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە بەگ - بوجاڭلارنىڭ زۇلۇملىرىنى، مۇشۇنداق ئېغىر زۇلۇملار دەستىدىن بەزى پۇقرالارنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردۇق. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاقسۇ، يەكەن ۋە خوتەندىن كەلگەن ساۋاقداشلارمۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە قوشۇلۇپ، دوستلىشىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بىز 2 - قەدەمدە ئۇلارغا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزالانغانلىقى، ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى ۋە 7 ۋىلايەتتە سايلام ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلاردا سۆزلەپ بەردۇق. ئاندىن نەشە چېكىش، قىمار ئويناشنىڭ زىيىنى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ، توقسۇندىكى دېھقانلارنى ئۆز ئاتا - ئانىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قاتارىدا كۆرۈش ھەققىدە نەسىھەت قىلدۇق. بىزنىڭ بۇ 10 كۈنلۈك دوستلىشىش پائالىيىتىمىز ئوبدان ئۈنۈم بەردى. خېلى كۆپ ساندىكى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى توغرا قىلمىغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن خەلققە زۇلۇم سالىدىغان، خەلقنى بوزەك ئېتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىققا ۋەدە بەردى ۋە بىزدىن مىننەتدار بولدى. باتالىيون-



نىڭ ئۇيغۇر ئوفىتسېرلىرى بۇندىن كېيىن ئەسكەرلەرنى قاتتىق باشقۇرىدىغانلىقى، خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان، نەشە چېكىپ، قىمار ئوينايدىغان، ئاياللارغا چېقىلىدىغان ئىشلارغا يول قويمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. بىز ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىدىغان كۈنى ئەسكەرلەر تۇرۇۋاتقان ئورۇنغا بېرىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۆتەر يولىمىزدا ھېلىقى دېھقانلار بىلەنمۇ خوشلاشتۇق. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، قۇرالسىزلاندۇرۇلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ مەھەللىگە ئىككىنچىلەپ كەلمەپتۇ. بىز ئېلىپ بارغان دوستلىشىش پائالىيىتىمىزدىن دېھقانلارنى خەۋەرلەندۇرۇپ، ئەگەر يەنە ئىلگىرىكىدەك ئەھۋال تەكرارلانسا، باتالىيون باشلىقىنى ئىزدەشنى، بۇنى باشقا مەھەللىلەرگىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلاپ قويدۇق.

## باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈش

بىز توقسۇندىن ھارۋا بىلەن داۋانچىڭغا كەلگەندىن كېيىن، داۋانچىڭدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، 10 - ئاۋغۇست كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 7، 8 لەردە ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. ياڭخاڭ (ھازىرقى غالىبىيەت كوچىسى) دىكى رۇس كۇلۇبى (ھازىرقى دوستلۇق كىنوخانىسى) نىڭ ئالدىغا كەلگەندە، كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدە ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىن كېلىشىۋالغان مەسلىھەت بويىچە، ئىبراھىم قۇربان ئاكا ئاپتوموبىلدىن سەكرىلىپ چۈشۈپ قالدى، يۈك - تاقىنى بىز تاشلاپ بەردۇق. ئاپتوموبىل ئۇدۇل ئىچىگە كىرىپ، 1 كاتتا قورۇنىڭ بۇرجىكىدىكى ئىسلىنىشىپ كەتكەن 1 قەۋەتلىك كونا ياتاق ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى. بىز يۈك - تاقلىرىمىزنى چۈشۈرۈپ تۇرىشىمىزغا بىرسى كېلىپ: «مۇشۇ ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ تۇرۇڭلار» دەپ، زالغا

ئوخشاش يوغان بىر ئۆينى كۆرسەتتى. بۇ ئۆينىڭ تاملىرى ئىس-
لىشىپ قارىداپ، تورۇستىكى قەغەزلەر يامغۇر سۇيىدىن ئۆتمۇ
- تۆشۈك بولغان، ئۆمۈچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن بولۇپ، يىل
بويى سۇپۇرگە تەگمىگەندەك قىلاتتى، دىماققا سىبىسىق بەتبۇي
پۇراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇزۇنسىغا 2 قاتار قىلىپ تىزىلغان شالىلار
قېيىپ، ئېگىز - پەس بولۇپ كەتكەنىكەن. ھەممىمىز بۇ ئۆيدىن
سەسكەندۇق ۋە قاتتىق مۇساپىرچىلىق ھېس قىلدۇق. قاراڭغۇ
چۈشەي دېگەندە، بىردىن بازار نېنىنى تارقىتىپ بەردى. ئاندىن
ساقال - بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن، بۇرنىدىن پوتلىسى ئېقىپ
تۇرىدىغان، كىيىملىرى جۇلجۇل، ئالدىغا قاسماق بىر پەشتاما
تارتىۋالغان خەنزۇ ئاشپەز پاسكىنىلىشىپ كەتكەن بىر يۇندا چې-
لىكىدە قايناقسۇ كۆتۈرۈپ كىردى. كېيىن ئۇقساق، قايناقسۇ
ئېلىپ كەلگەن ئۇ ئادەم ھەربىي مەكتەپنىڭ چوشقا باققۇچىسى
بولۇپ، قايناقسۇ قاچىلانغان يۇندا چېلىكى چوشقىغا يەم بېرىدى-
غان چېلەك ئىكەن. قايناقسۇنىمۇ چوشقىغا يېمەكلىك قايىنتىدى-
غان قازاندا قايناتقانىكەن. ياتقىمىزنىڭ يېنىدىلا چوشقا قوتىنى
بار ئىكەن. دېمەك، بىزگە نان بەرگەندىن باشقا مۇئامىلىسى
چوشقىلارغا قىلىنغان مۇئامىلە بىلەن ئوخشاش بولدى، ئەتىسى
ئۇقساق، بىز بىلەن بىللە كەلگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىزنىڭ
ياتقىمىزدىن يىراق، پاكىزە ۋە ئازادە ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپتۇ؛
كۆنگە نەچچە خىل قورۇما، گاڭپەن ۋە ئاق موملار بىلەن
كۈتۈلۈپتۇ؛ ھەتتا ھەربىي مەكتەپ دائىرىلىرى ئۇلاردىن ھال
سوراپ، ياتقى بىلەن تاماقخانىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. بىز
1 - قېتىم مىللىي خورلىنىشنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ، گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي كەمسىتىشكە غەزەپ - نەپرى-
تىمىز قوزغالدى. بىز سەپەر جەريانىدا ھېرىپ كەتكەن ۋە قور-
سىقىمىز ئاچ بولغاچقا، ئامالىنىڭ يوقىدىن ناننى تەسلىكتە قورۇق
يەپ، يۇك - تاقلىرىمىزغا يۆلەنگەن پېتى ئۇخلاپ قالدۇق.



ئەتىسى ئەتىگەندىلا يۈزىمىزنىمۇ يۇماي، 8، 10 بىمىز مەك-
تەپتىن چىقىپ شەھەر ئىچىدىن ئۆتۈپ، نەنىڭ (جەنۇبى دەرۋا-
زا) نىڭ سىرتىدا ئەتراپىمىزغا قاراپ كېتىۋاتساق، بىزنى كۈتۈپ
تۇرغان ئىبراھىم قۇربان ۋە يەنە تونىمايدىغان بىر قانچە ياش
بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ باشلىشى بىلەن ئۆلكىلىك
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى بىر
قانچە كىشى بىلەن كۆرۈشتۇق ۋە ئاخشام مەكتەپتە كۆرگەن
ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردۇق. ئۇلار يۈز يۇيۇشقا سۇ ئەكىلىپ
بەردى ۋە چاي قۇيدى. ئاندىن ئىبراھىم قۇربان ئاكا بىزنى بازارغا
باشلاپ چىقتى، ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن،
كەچ سائەت 6 دە 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلى-
قىمىزنى ئېيتتى. شۇ خۇشاللىقىمىزدا، سائەت توشقىچە بازار
ئايلانغاچ سابىق رۇس كۇلۇبىنىڭ ئالدىدىكى «خان تەڭرى ژۇرنى-
لى» تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىپ، ژۇرنالنىڭ بىنتىم ھەققىدىكى
ماتېرىياللار بېسىلغان سانلىرىنى ۋە غۇلجىدا چىقىدىغان گېزىت
- ژۇرناللارنى كۆرۈپ، كۆپ تەسىرات ئالدۇق. سائەت 4 بولغان-
دا، ژۇرنال بۆلۈمىدىكىلەرگە رەھمەت ئېيتىپ ۋە ئۇلار بىلەن
خوشلىشىپ، بازاردا چۆشلۈك تاماق بىلەن كەچلىك تاماقنى بى-
راقلا يەپ، 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭدۇق.
3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى ھازىرقى مالىيە قورۇسى (سابىق ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت) نىڭ ئۇدۇلىدىكى 2 قەۋەتلىك بىنادا ئىكەن.
بىزنى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە 25 ياشلاردىكى، مىللىي ئارمىيە
فورمىسىدا پۇزۇر كىيىنگەن ياش ئوفىتسېر كۈتۈۋالدى ۋە نېمە
ئىش بىلەن كەلگەنلىكىمىزنى سوراپ، ئىچكىرىگە خەۋەر قىلغىلى
كىرىپ كەتتى. ئۇ، بىردەمدىن كېيىن چىقىپ، بىزنى 2 -
قەۋەتتىكى دىۋان قويۇلغان ۋە گىلەم سېلىنغان ئازادە مەجلىسخا-
نىغا باشلاپ كىرىپ چاي قۇيۇپ قويدى. بىز ئەخمەتجان ئەپەندىم
بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدۇق، دەپ ناھايىتى خۇشال ئىدۇق.

بىر دەمدىن كېيىن، ئوتتۇرا بوي، سېمىز غىنا، كۆزلىرى چوڭ، بۇرۇت قويغان، ماپىۇ دوپپا ۋە كاستيۇم - بۇرۇلكا كەيگەن، خۇشخۇي بىر باشلىق كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇردۇق. باشلىق ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھەممىمىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، باشلىق بىزگە: «يولدا كۆپ جاپا چېكىپسىلەر، شۇنچىۋالا ئۇزۇن يولنى ھارۋا بىلەن باسماق ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس، كېيىن ئۆلكىمىزدىمۇ ئاپتوموبىل، پويىز، ھەتتا ئايروپىلان قاتنىشى بولىدۇ. بىزنىڭ قۇربان بېرىپ ئىنقىلاب قىلىشىمىز كېيىنكىلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن، ئۇ كۈنلەرگە ئانچە ئۇزۇن قالمىدى»، دېدى. ئاندىن بىزنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمىزنى سورىغاندىن كېيىن: «قەشقەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟» دەپ سورىدى. ئىبراھىم قۇربان ئاكا قەشقەر خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى جەبىر - زۇلۇمنى تەرتىپلىك ۋە قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇمىساق، غۇلجىغا بېرىپ مىللىي ئارمىيە مەكتىپىدە ئوقۇساق دېگەن تەلىپىمىزنى ئېيتتى. باشلىق: « بۇنداق ئوقۇش پۇرسىتى ئاسان قولغا كەلمەيدۇ. بىزگە مىڭلاپ - ئونمىڭلاپ بىلىم ئەھلى كېرەك. ھەربىي بىلىممۇ ناھايىتى مۇھىم. ئوقۇشقا كەلگەن ئىكەنسىلەر، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئوقۇغۇنۇڭلار ياخشى» دېۋىدى، ئىبراھىم قۇربان ئاكا: «ئەپەندىم، بىز گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇپ، خەلققە زۇلۇم سالىدىغان ۋە خەلقنى باستۇرىدىغان جاللاتلاردىن بولغىمىز يوق، ئەگەر جەننەتنىڭ ئاچقۇچى گومىنداڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ قولىدا دېيىلسە، بىز دوزاققا كىرىشكە رازىمىزكى، گومىنداڭنىڭ جەننىتىگە كىرىشكە ھەرگىز رازى ئەمەس»، دېدى. شۇ ئارىدا، ھېلىقى ياش ئوفىتسېر باشلىققا ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئابباسوفتىن تېلېفون كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۈگۈن ئاخشام قايتالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. باشلىق:



«ئەپسۇس، ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بۈگۈن كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇڭلار. گومىنداڭ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تۈزۈلگەن بىتىم بار. سىلەر ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ كىچىك ئىش ئەمەس، مەن سىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئەخمەتجان ئەپەندىم كەلگەندە تەلىپىڭلارنى يەتكۈزەي، ئەخمەتجان ئەپەندىم بىلەن باشقا بىر كۈنى كۆرۈشەرسىلەر»، دېدى. بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ھەيران بولدۇق، بىزنىڭ ھەيران بولغانلىقىمىزنى سەزگەن باشلىق كۈلۈپ كېتىپ: «مەن سىلەرگە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماپتىمەن، كەچۈرۈڭلار، مەن ئەخمەتجان ئەپەندى ئەمەس، مەن قاسىمجان قەمبىرى، ۋاقتىڭلار يەتسە، تارتىنماي كېلىپ تۇرۇڭلار»، دەپ ئورنىدىن تۇردى. بىزمۇ خۇشاللىق بىلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، خوشلىشىپ ياندۇق. ھېلىقى ئوفىتسېر يىگىت بىزنى دەرۋازىغىچە قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى.

## ئۈرۈمچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «12 - ئاۋغۇست» نامايىشى

بىز قاسىمجان قەمبىرىنىڭ يېنىدىن ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن، ئىبراھىم قۇربان ئاكا بىلەن خوشلىشىپ ھەربىي مەكتەپكە قايتتۇق. مەكتەپكە بېرىپ، شۇ كۈنى كۆرگەن - بىلگەنلىرىمىزنى باشقا ۋىلايەتلەردىن كەلگەن ساۋاقداشلارغا سۆزلەپ بەردۇق. ئۇلاردىن ئۇقۇشىمىزچە، شۇ كۈنى بىزدىن كېيىن ئاز بىر قىسىم ساۋاقداشلار سىرتقا چىققان بولسىمۇ، قالغان ساۋاقداشلارنى دەرۋازىدىن چىقارماپتۇ. ئەتىسىگىنى سائەت 11 لەردە بىردىن چالا پىشقان نان، كەچتە قۇرۇق سۇغا سالغان كەسمە چۆپ سۇيۇق ئېشى بېرىپتۇ. بىز بىلەن بىللە كەلگەن خەنزۇ ساۋاقداشلارنىڭ 3 ۋاخ تامىقىنىڭ ھەر ۋاخلىقىغا 5، 6 خىل قورۇما، ئاق موما ياكى گاڭپەن بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە يېڭى

يوتقان ـ كۆرپە، ئەدىيال، كىيىم ـ كېچەك تارقىتىپ بېرىپتۇ.
بۇنى ئاڭلاپ، ھەممىمىزنىڭ قورسىقىمىز كۆپتى. ئەمەت ھا-
شىم، قادىر قاسىم قاتارلىق يېشى چوڭ ساۋاقداشلار خوتەن،
يەكەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭلىرى
بىلەن سۆزلىشىپ، ئەتە مەكتەپ دائىرىلىرى بىلەن سۆزلىشىش
قارارىغا كېلىشتى. ئۇ كۈنى كەچتىمۇ كىيىملىرىمىزنى سالماي،
يۇڭ ـ تاقلىرىمىزغا يۆلىنىپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئەتىسى
ئەتتىگەنلىك تامىقىمىزغا بىردىن كىپەك نان ۋە يەنە ھېلىقى يۇندا
چېلىكىدە قايناق سۇ ئەكىرىپ بەردى. بۇنى كۆرگەن چوڭ ساۋاق-
داشلاردىن 8، 10 نەپەر خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشخانىسىغا
باستۇرۇپ بېرىپ، بىر جوزىدىكى 5، 6 خىل قورۇما ۋە ئاق
موملارنى ياغاچ پەتنۇسقا سېلىپ ئېلىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ
بىر نەچچە 100 مىللىي ساۋاقداشنىڭ غەزىپى تاشتى. ئەمەت
ھاشىم سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قەھرى ـ غەزەپ بىلەن: «سا-
ۋاقداشلار، بىز ھەربىي مەكتەپكە ئالداپ ئېلىپ كېلىنىپتۇق.
ھەربىي مەكتەپكە كەلگەن كۈندىن باشلاپ كەمسىتىلىپ، خورلان-
دۇق. بۇغداينى مەن تېرىسام، يېتىپ يەيدۇ خىمۇزا دېگەندەك،
بۇ ئاق موملىنىڭ بۇغدىيىنى، بۇ قورۇمىلاردىكى كۆكتاتلارنى
بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمىز تېرىغان، قورۇمىلاردىكى گۆشلەرنىڭ
قوي ـ كالىلىرىنى ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بېقىپ سەمرىتكەن. بىزمۇ
ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن خەن-
زۇ ساۋاقداشلار بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولمايمىز؟
بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بىز قانچانغىچە كەمسىتىلىپ خورلىنىمىز؟
بۇ خورلۇققا قاچانغىچە چىدايمىز؟ ئەمدى ھەرگىز چىداپ تۇرۇشقا
بولمايدۇ. ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقى-
رىپ، يۇرت ئايرىماي ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.
بۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن ھەممىمىز مەكتەپ دائىرىلىرىنى ئىزدەپ
تېپىپ سۆزلىشىشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا بىزدە مۇستەھكەم ئىرادە



ۋە تەشكىللىي ئىنتىزام بولۇشى كېرەك. بۇ تەكلىپكە قوشۇلامسى-
لەر؟» دېۋىدى، ھەممىمىز: «قوشۇلىمىز!» دەپ ۋارقىرىدۇق.
ئەمەت ھاشىم يەنە: «ئۇنداق بولسا، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قارا
شەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن كەلگەن ساۋاقداشلار
بىردىن ۋەكىل ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا مەسئۇل
بولىدىغان ئۈچتىن باشقۇرغۇچى سايلاپ بېرىڭلار»، دېدى. ھەم-
مىمىز ئۇلارنى سايلاپ چىقتۇق. ئاندىن ئەمەت ھاشىم ھەر قايسى
ۋىلايەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىر نەچچە مىنۇت
باش قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ھەممىمىز بىر يەرگە يىغىلدۇق.
ئەمەت ھاشىم ئوقۇغۇچىلارنى ۋىلايەت بويىچە ئۈچتىن تىزىلىشقا
بۇيرۇدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا 2 ئوقۇغۇچى 2 ياغاچ پەتنۇستا بىر
ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان 2 خىل تاماقنى كۆتۈرۈپ ماڭ-
دى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەمەت ھاشىم باشلىق ھەر بىر ۋىلايەت-
نىڭ ۋەكىللىرى ئۈچتىن تىزىلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن
ھەر قايسى ۋىلايەتنىڭ ئىش بېجىرگۈچىلىرىگە ئەگىشىپ ئوقۇغۇ-
چىلارمۇ ئۈچتىن قاتار بولۇپ ماڭدى. مەكتەپ دائىرىلىرى بار
بىناغا يېتىپ بارغۇچە «ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا تەڭ ـ
باراۋەر مۇئامىلە قىلىسۇن!»، «مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئوخشاش قىلىپ بەرسۇن!
»، «مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرايلى!»، «مىللىي خورلاشقا
يول قويمايمىز!» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، ھەربىي مەكتەپنىڭ
ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈردۇق. مەكتەپ دائىرىلىرى بار بىناغا
بارساق، بەزى ئىشخانا ئېتىك، بەزى ئىشخانا ئوچۇق بولسىمۇ
ئادەم يوق. ھەيۋىسى بار، مادارى يوق بۇ ھەربىي مەكتەپ باشلىق-
لىرى بىزنىڭ بىردەك شوئارىمىزدىن قورقۇپ، بىراقلا تىكىۋې-
تىپتۇ. ئەمەت ھاشىم ھەرقايسى ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن قىس-
قىلا باش قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق دې-
دى: «ھەممىڭلار كۆردىڭلار، ئەلپازى يامان بۇ ياغاچ گېنېراللار

ئىشخانىسىنى تاشلاپ تىكىۋېتىپتۇ. بىز كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىمىز. ھەممىمىز ھازىر كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بارىمىز. مەن تۆۋەندە نامايىشنىڭ ئىنتىزامىنى ئېلان قىلىمەن: 1) ھەممەيلەن مېنىڭ قوماندانلىقىمغا بويسۇنىسىلەر؛ 2) رەتنى ھەر قانداق ئەھۋالدا بۇزمايسىلەر؛ 3) يۇرتۋازلىق قىلىشقا، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ؛ 4) قۇرۇق پوپوزىدىن قورۇقمايسىلەر، ئالدايدىغان ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشەنمەيسىلەر؛ 5) ئادەم ئۇرۇش، تىللاشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ؛ 6) نامايىشچىلار بىلەن قىلىنىدىغان سۆھبەت ۋەكىللەر ئارقىلىق بولىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ باشقىچە پىكىرى بولسا، ئۆزلىرى سايلىغان ۋەكىللەرگە ئېيتىدۇ؛ 7) توۋلىنىدىغان شوئارلارنى ۋەكىللەر بەلگىلەيدۇ؛ ھەر كىمنىڭ خالىغانچە شوئار توۋلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ 8) بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقساق، ئۆزىمىز سايلاپ بەرگەن ۋەكىللەر بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىمىز. قوشۇنىدىن قېچىپ كېتىشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. كىم خىلاپلىق قىلسا، تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ. ھەممىڭلار ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بۇنىڭغا قوشۇلامسىلەر؟»، ھەممىمىز: «ئاڭلىدۇق، قوشۇلىمىز!» دەپ جاۋاب بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن، رەتلىك تىزىلىپ، جاراڭلىق شوئارلارنى توۋلاپ، مەكتەپ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدۇق. دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا، دەرۋازىنىڭ 2 تەرىپىدە خەنجەرلىك مىلتىق تۇتقان 8، 10 دەك ئەسكەر پوستا تۇرۇپتۇ. بىر ئوفىتسېر بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، تاپانچىسىنى چىقىرىپ ھەيۋە قىلدى. ئەمەت ھاشىم: «قورقماڭلار، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، ئۇلار بىزنى ھېچ نېمە قىلالمايدۇ» دەپ كۆپچىلىككە مەدەت بەردى. بىز بىر نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى يەنە جېنىمىزنىڭ بېرىچە شوئار توۋلاپ دەرۋازىغا يېقىن كەلگەندە، ھېلىقى ئەلپازى يامان ئوفىتسېر ساغىرىپ - تاتىرىپ ئارقىسىغا داجىپ بىر چەتكە



چىقتى. مىلتىقلىق پوستلارمۇ مىلتىقنىڭ ئۇچىنى ئاسمانغا قارىتىپ، بىزگە يول بەردى. مۇنداق ھالەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، بەلكىم مەنمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم. ھەممىمىز: «ياماندىن قورقىدۇ، بوزەكنى بوزەك ئېتىدۇ» دېگەن شۇدە، دېيىشىپ، كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بۇ، 1946 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىدى. بىز شوئار توۋلاپ ھەربىي مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندا، كوچىدىكى كىشىلەر ھەيران بولۇپ، بىزگە قارىشىپ تۇراتتى. ئەمەت ھاشىم مەن بىلەن ياقۇپنى چاقىرىپ: «ئىككىڭلار ئالدىمىزدا بېرىپ، ئىبراھىم قۇربانغا خەۋەر قىلىڭلار» دېدى. ئىبراھىم قۇربان ئاكىنىڭ بىزنى نەنمىڭدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئالدىدا ساقلايدىغانلىقىنى مەن بىلەتتىم. بىز يۈگۈرگەن پېتى نەنمىڭغا قاراپ چاپتۇق. ئىبراھىم قۇربان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ ئالدىدا 4، 5 كىشى بىلەن بىللە بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلارمۇ بىز بىلەن بىللە شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدى. شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ چوڭ بانكىنىڭ ئالدىغا بارساق، نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئالدى تۆت كوچا ئېغىزىغا (داشىزىغا) كېلىپ بولغانىكەن. كوچىنىڭ ئىككى چېتى ھەيران قالغان خەلق ئاممىسى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، بىزمۇ نامايىشچىلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، قاتتىق شوئار توۋلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا قاراپ ماڭدۇق. شۇ ئارىدا، ئىبراھىم قۇربان ۋەكىللەر بىلەن قىسقىچە پىكىر ئالماشتۇرۇۋالدى. بىز ھۆكۈمەت قورۇسى ئالدىدىكى ھەربىي پوست ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي، قورۇ ئىچىگە كىرىپ رەتلىك تىزىلىپ تۇردۇق ۋە «بىزگە باراۋەرلىك كېرەك!»، «بىزگە ھۆرلۈك كېرەك!»، «بىزگە دېموكراتىيە كېرەك!»، «شىنجاڭدىكى زۇلۇم ئاخىرلاشسۇن!»، «11 ماددىلىق بىتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن!»، «جاڭ جىجوڭ بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندىم سادايىمىزنى ئاڭلىسۇن!» دەپ شوئار توۋلىدۇق. ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر

خەنزۇ ئەمەلدار بىر تەرجىمان بىلەن چىقىپ: «سىلەر نەدىن
كەلدىڭلار؟ نېمە پىكىرىڭلار بولسا ماڭا دەڭلار» دېدى. ئىبراھىم
قۇربان ئۇنىڭغا: «بىزگە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان
ئەپەندى كېرەك، سىز ئاۋارە بولماڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىمىز
يوق» دېۋىدى، ھەممىمىز: «بىزگە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن
ئەخمەتجان ئەپەندى كېرەك!» دەپ توۋلىدۇق. بۇ ئەمەلدار كى-
رىپ كېتىپ، 10، 15 مىنۇتلاردىن كېيىن، سالاپەتلىك 2
كىشىنى باشلاپ چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان ئەپەندى ئىكەن، يەنە بىرسى ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە تەمىرات نازارى-
تىنىڭ نازىرى مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت ئىكەن. بۇ 2 كىشىنى
بىزنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشىمىز ئىدى. بۇرھان ئەپەندى بىزگە:
«ھازىر مۇھىم مەجلىس ئېچىلىۋاتاتتى، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى
بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندى ئىككىمىزنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ
چىقاردى. ھەر قانداق تەلىپىڭلار بولسا ئىككىمىزگە دېسەڭلار»
دېۋىدى، ئىبراھىم قۇربان توپنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ: «ھەر بىرلى-
رىگە كۆپ رەھمەت، لېكىن بىزنىڭ تەلىپىمىزنى ئىككىلىرى
ھەل قىلىشالمايلا. بىز تەلىپىمىزنى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن
ئەخمەتجان ئەپەندىدىن باشقا كىشىگە ئېيتالمايمىز. بىز 7 ۋىلايەت-
كە ۋاكالىتەن سۆزلەيمىز. شۇڭا بىزنى 7 ۋىلايەت ۋەكىللىرى
دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇلار يىغىن ئېچىۋاتقان بولسا، يىغىن تۈگى-
گىچە ساقلايمىز. ئىككىلىرى بىزدىن خاپا بولۇشمىسىلا، بۇ
نامايىشچىلار قوشۇنى تۈنۈگۈن قۇرۇق سۇيۇق ئاش ئىچكەنچە
ھازىرغىچە ئاغزىغا قاقتەك بىر نەرسە سالغىنى يوق. جاڭ جىجۇڭ
ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندى بىزنىڭ تەلىپىمىزنى ئاڭلاپ
جاۋاب بەرمىگۈچە، بىز ھېچ نەرسە يېمەيمىز ۋە ھۆكۈمەت قورۇ-
سىدىن چىقمايمىز. بىزنىڭ ئىككىلىرىگە دەيدىغان گېپىمىز شۇ»
، دېدى. ئاندىن بىز: «بىزگە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى كېرەك!



» ، «بىزگە ئەخمەتجان ئەپەندى كېرەك!» دەپ تەكرار - تەكرار
شوئار توۋلاپ، ئۇلارنى گەپ قىلدۇرمىدۇق. ئاخىر بۇرھان ئە-
پەندى بىلەن مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت كەينىگە يېنىپ كىرىپ
كەتتى. بىز يەنە توختىماي شوئار توۋلاپ تۇردۇق. بەلكى بارغان-
سېرى ئۈنلۈك توۋلىدۇق. 15، 20 مىنۇتلاردىن كېيىن، 20،
30 دەك كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇلار بىزگە يېقىن كەلگەندە،
بۇرھان ئەپەندى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەڭ ئالدىدىكى ئىككى كىشىنى
جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندى دەپ تونۇشتۇر-
دى. ئۇلار بىزدىن 20 قەدەمچە نېرىدا توختىدى. ئۇلارنىڭ كەي-
نىدىن كەلگەن 20 نەچچە كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت
ئەزالىرى ئىكەن. ئۇلار جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندىدىن
5 قەدەمچە نېرىدا توختىدى. ئەڭ ئاۋۋال بۇرھان ئەپەندى ئېغىز
ئېچىپ: «بىز ھازىر مۇھىم مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق. تەلىپىڭ-
لارنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئەخ-
مەتجان ئەپەندى يىغىننى توختىتىپ قويۇپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرى-
نى باشلاپ ئالدىڭلارغا چىقتى. ئەمدى قانداق پىكىر - تەلىپىڭلار
بولسا ئوتتۇرىغا قويساڭلار بولىدۇ» ، دېدى. شۇ ھامان ئىبراھىم
قۇربان توپ ئىچىدە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئۈس-
تىگە چىقىپ: «جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندى
باشلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ جەبرى - زۇلۇم ماكا-
نىدىن كەلگەن 7 ۋىلايەت ئوغلانلىرىنى كۆزگە ئىلىپ، تەلىپى-
مىزنى ئاڭلىغىلى چىققانلىقىغا كۆپچىلىك نامىدىن رەھمەت ئېيى-
تىمەن» دەپ سۆز باشلاپ، 7 ۋىلايەت خەلقى تارتىۋاتقان دەرت
- ئەلەم ۋە چىدىغۇسىز زۇلۇملارنى؛ ئۇرۇمچىدىكى ھەربىي مەك-
تەپ دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇ-
چىلارغا 2 خىل مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ تاماق، ياتاق، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا جەھەتلەردە
بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تۇرمۇشتا

ئۆتۈۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى خىل تائامنى كۆرۈپ بېقىشسىلا» دېدى. شۇ ھامان تۆت نەپەر ساۋاقداش ئىككى پەتنۇستىكى قاپقارا نان بىلەن 5، 6 خىل قورۇما ۋە ئاق مومىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندىگە، ئاندىن ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىغا بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى بۇنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم قۇربان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى، سىز بىزنىڭ خورلىنىش ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان بۇ ئەھۋالىمىزنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ سىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن 11 ماددىلىق بىتىمگە قويغان ئىمزايىڭىزنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلامدۇ - يوق؟، ئەگەر ئېتىراپ قىلغان بولسا، 11 ماددىلىق بىتىم نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟ 11 ماددىلىق بىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتىكى تالاش - تارتىش نېمە ئۈچۈن تۈگىمەيدۇ؟ ھازىر 7 ۋىلايەتنىڭ ناھىيىلىرىدىكى تۈرمىلەر سىياسىي مەھبۇسلار بىلەن تولۇپ كەتتى. قولغا ئېلىش تېخى داۋاملىشىۋاتىدۇ. جاڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئورناتماقچى بولغان يېڭى تەرتىپ مۇشۇمۇ؟ ھازىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ‹ئەدەب، ئىنساب، دىيانەت› دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى، ساقچى ۋە ئىشپىيونلار زۇلۇمغا قارشى چىققان پۇقرالارنى باستۇرۇش باھانىسى بىلەن كىشىلەرنى بۇلاپ - تالاۋاتىدۇ. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىزلەر؟ 11 - ماددىلىق بىتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، مىللىي كەمسىتىش ئەدەب كەتتى. سىز بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز؟ بۇ سوئاللىرىمىزغا



بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىشىڭىزنى ۋە تۆۋەندىكى تەلەپلىرىمىزگە 24 سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمىز:

1) 11 ماددىلىق بىتىمگە قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەر خىل يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلغان ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى جازالاش ھەققىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت نامىدىن قانۇن ۋە سىياسەت بەلگىلەپ، جايلاردىكى پىرقە دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ھەربىي، ساقچى ئورگانلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈلسۇن؛

2) 7 ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ تۈرمىلىرىدىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار ۋە بىگۇناھ خەلقلەر دەرھال قويۇپ بېرىلسۇن؛

3) 7 ۋىلايەتتىكى ۋە ناھىيىلەردىكى بارلىق ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن؛

4) قان قەرزى بار ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلار، ساقچى ۋە ئىشپىيونلار قاتتىق جازالانسۇن؛

5) خەلقنىڭ ئۈستىدىكى تۈرلۈك ئالۋان - ياساق ۋە باجلار 3، 5 يىلغىچە بىكار قىلىنسۇن؛

6) ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسۇن؛ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم فورمىسى مىللىي ئارمىيىنىڭ فورمىسى بويىچە بولغاندىن تاشقىرى، تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىمۇ مىللىي ئارمىيە ھەربىي مەكتىپىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسۇن ھەم مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى دەرس ئۆتسۇن. بىزنىڭ يۇقىرىدىكى تەلەپلىرىمىزنىڭ بىرسى ھەل بولمىسا، بىز ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇمايمىز. بۇ تەلەپلىرىمىز ھەل بولغۇچە، بىرىنچىدىن، تۇرمۇشىمىزدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەۋەر ئالسۇن؛ ئىككىنچىدىن، بىخەتەرلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلسۇن.»

ئىبراھىم قۇربانىڭ سۆزىنى مەخسۇس بىر تەرجىمان جاڭ جىجۇڭغا، يەنە بىر تەرجىمان ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدىكى خەنزۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بەردى، بىر خەنزۇ، بىر ئۇيغۇر كاتىپ خاتىرىلەپ تۇردى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرگە جاۋاب بەرمەستىن: «بۇ ھەربىي مەكتەپنىڭ باشلىقى جاڭ ۋېيېنجاڭ، مۇئاۋىن باشلىقى گېنېرال سۇڭ شىليەن، ئۇ كىشى ھازىر ئۈرۈمچىدە يوق، مەركەزگە كەتكەن. شۇڭا، ئاخىرقى تەلىپىڭلارغا مەن جاۋاب بېرەلمەيمەن. سۇڭ شىليەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇزاكىرە قىلىپ بىر نېمە دەيلى. ئۇ يەنە 2 ھەپتىلەردىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭغىچە، مەكتەپ ئىچىدە تۇرساڭلارمۇ بولىدۇ، بۈگۈندىن باشلاپ تۇرمۇش شارائىتىڭلار ياخشىلىنىدۇ؛ سىرتتا ساقلاپ تۇرساڭلارمۇ بولىدۇ، تۇرمۇشۇڭلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوف مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دېدى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ سۆزى تۈگىگەن ھامان، مىللىي ئارمىيە فورمىسىدا ماش رەڭ كىيىم كىيگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھەيئەت ئەزالىرى سېپىدىن ئالدىغا چىقىپ، بىزگە: «قورسىقىڭلار ئاچقاندۇ، جاپا چېكىپسىلەر، ھازىر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا بېرىڭلار، ئاۋۋال تائام يەڭلار» دېدى ـ دە، يېنىدىكى 35 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىگە: «سىز ئالدىدا بېرىپ تاماق ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇڭ، چىقىم ھۆكۈمەت نامىدىن بولىدۇ. مەن ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن»، دەپ تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدىن قايتىپ، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قاراپ ماڭدۇق. يەنىلا رېتىمىزنى بۇزماي كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن شوئار توۋلاپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىغا كەلسەك، ئۇيۇشما ئالدىغا توپلانغان بىرەر مىڭدەك ئۈرۈمچى ياشلىرى ئوتتۇرىدىن يول ئېچىپ، بىزنى قىزغىن چاۋاك ۋە «جەنۇبتىن كەلگەن دوستلارنى قارشى ئالىمىز!»، «جەنۇبتىن كەلگەن دوستلارنىڭ



ھەققانىي كۆرىشىنى قوللايمىز!»، «جەنۇبتىن كەلگەن دوستلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز!»، «جەنۇبتىن كەلگەن دوستلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلايلى!» دېگەن ياڭراق شوئارلار بىلەن قارشى ئالدى. بىزمۇ «ئۈرۈمچىدىكى ياشلارغا زۇلۇم ئوتتىدا كۆيۈۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭ ياشلىرىدىن سالام!»، «ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ كۈرىشىمىزنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت!» دېگەن شوئارلار بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردۇق. شۇ كۈنكى نامايىشتا بىز مەنىۋى جەھەتتىن بولسىمۇ غەلىبە قىلغاندۇق. ئۇيۇشما ئالدىدىكى كەيپىياتتىن بىز ئۆزىمىزنىڭ يالغۇز ـ يېتىم ئەمەسلىكىمىزنى، ھەممە جايدا بىزنى قوللايدىغان دوستلار بارلىقىنى ھېس قىلىپ، جاسارىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى. بىز تەنتەنە بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما زالىغا كىرىپ، ئۇلار تەييارلىغان قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم ۋە مىزىلىك قاتلىما نانلار بىلەن مېھمان بولدۇق ۋە تازا بىر تويۇندۇق. بىزنى ئۈرۈمچىلىك ياشلاردىن 20، 30 كىشى مېھمان قىلدى. ئۇلار ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە ئىشلەۋاتقان ياشلار ئىكەن. شۇ ئەسنادا، زالنىڭ سەھنىسىدە ھۆرمەتلىك ئابدۇكېرىم ئابباسوف پەيدا بولدى. ئۇ كىشى: «مەن سىلەرنى تاماق يېگىلى قويماي مالال قىلىدىغان بولدۇم. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئەخمەتجان ئەپەندىم باشلىق رەھبەرلەرگە ۋەكالىتەن سىلەردىن ھال سورىغىلى كەلدىم، سىلەر تامىقىڭلارنى يەۋېرىسىلەر، مەنمۇ سۆزۈمنى قىلىۋېرىمەن. شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟» دېگەندە، بىز: «بولىدۇ!» دەپ ۋاقىراش بىلەن تەڭ، قىزغىن چاۋاك چېلىپ ھۆرمەت بىلدۈردۇق. ئاندىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف مۇنداق دېدى: «بىز سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەرنى چۈشىنىمىز. بىراق، بىزنىڭ خەلقىمىز ئىلىم ـ پەنگە موھتاج، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئىلىم ـ پەن خادىملىرىغا موھتاج، ھەربىي ئىلىممۇ بىر پەن، سىلەر ئۈچۈن مۇنداق پۇرسەتنىڭ كەلمىكى

ئاسان ئەمەس. بىزنىڭ پىكرىمىز: بىر نەچچە كۈن ئۇرۇمچىنى
تاماشا قىلىپ، ھەربىي مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇغىنىڭلار ياخشى.
جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلاپ بېرىشكە ۋەدە
بەردى». ئابباسوفنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، ئىبراھىم قۇربان
ئاكا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئورۇندۇققا چىقىپ مۇنداق دېدى:
«يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف، بىز سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن
مۇنداق گەپ چىقار دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمىز. ھازىرقى سۆزـ
ڭىزنى ئاڭلاپ، تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمىز. يۇرتىمىزدا گومىنـ
داڭ بىزنى ئالداپ ھەربىي كىيىم كىيگۈزۈپ ئەكەلگەنلىكىدىن
ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز قان ـ زار يىغلاپ قىلىشقاـ
نىدى. بۇنىڭغا خەلق ئاممىسى ئەپسۇسلاندى ۋە كۆپ ئېچىندى.
بۇ ـ سىزگىمۇ ئايان. بىز سىزگە شۇنى كېسىپ ئېيتىمىزكى،
بىز قويغان تەلەپلەرنىڭ بىرسى ھەل بولمايدىكەن، بىز گومىنـ
داڭنىڭ ھەربىي مەكتىپىدە قەتئىي ئوقۇمايمىز. ئەگەر جەننەتـ
نىڭ ئاچقۇچى گومىنداڭنىڭ قولىدا بولىدىغان بولسا، بىز دوـ
زاققا كىرىشكەرازىمىزكى، گومىنداڭنىڭ جەننىتىگە كىرىشكە
رازى ئەمەس. بىز گومىنداڭنىڭ خەلقنى ئېزىپ ۋە باستۇرۇپ
قۇل قىلىدىغان قول چوماقى بولۇشنى ھەرگىز خالىمايمىز.
مېنىڭ گېپىم توغرىمۇ؟» دېدى، ھەممىمىز: «توغرا» دەپ
ۋارقىرىدۇق ۋە چاۋاك چالدۇق. ئابدۇكىرىم ئابباسوف گەپ ـ
سۆز قىلماي، بىر تال پاپىرۇس چېكىپ، سەھنىدە ئۇياققا ـ
بۇياققا ماڭغاندىن كېيىن ھەممىمىزگە قاراپ چىرايىنى ئېچىپ:
«مېنىڭ گېپىمنىڭ قۇلىقىڭلارغا ياقمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بىـ
راق، بىز گومىنداڭ تەرەپ بىلەن 11 ماددىلىق بىتىمگە ئىمزا
قويغان، 11 ماددىلىق بىتىمنى پۈتۈن شىنجاڭدا ئەمەلگە ئاشۇـ
رۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. مەن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ۋە باشقا
ئەپەندىلەرنىڭ قايتا ـ قايتا تەكىتلىشى بىلەن، سىلەرنى ھەربىي
مەكتەپتە ئوقۇشقا نەسىھەت قىلغىلى كەلگەنىدىم، نەسىھىتىمنى



ئاڭلىمىدىڭلار. مەن سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنى يەتكۈزىمەن. مىـ
نىڭ يەنە ئازراق ۋاقتىم بار. مەن سىلەرگە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى،
11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزالىنىش جەريانى ۋە ھازىرقى ۋەزىيەت
ئۈستىدە سۆزلەپ بەرسەم، ئاڭلايدىغانسىلەر؟» دېۋىدى، ھەممىـ
مىز گۇلدىراس ئالقىش ياڭراتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇكىرىم
ئابباسوف 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ
جەريانى، ئىنقىلاب جەريانىدا خەنزۇ مىللىتىگە قارشى تەتۈر شاـ
مال پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇ خاتالىقنىڭ تۈزىتىلىش ئەھۋالى،
كېيىن گومىنداڭ تەرەپنىڭ تەلىپىگە بىنائەن تىنچلىق سۆھبىتى
باشلانغانلىقى، 8 ئاي سۆھبەتلىشىش ۋە كۆرەش قىلىش ئارقىلىق
ئاخىر 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلگەنلىكى؛ 3 ۋىلايەتتە يېڭى ئىنقىـ
لابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدە يۈز بەرـ
گەن كۆرەشلەر ۋە ھاكىمىيەت ئىچىنىڭ تازىلىنىش جەريانى قاتارـ
لىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرـ
دى. ئاندىن: «ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ يىغىنى چۈشتىن
كېيىنمۇ داۋاملاشماقچى، مەن قاتناشمىسام بولمايدۇ. سىلەرنىڭ
تۇرمۇشىڭلارغا ئالاقىدار ئىشلارنى ۋەكىلىڭلار ئىبراھىم قۇربانغا
ئورۇنلاشتۇردۇق، خەير ـ خوش»، دەپ قايتىپ كەتتى. ئابباـ
سوف زالدىن چىقىپ كەتكىچە ھەممىمىز ئۆرە تۇرۇپ قىزغىن
چاۋاك بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇق.
ئۇ كىشى كەتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم قۇربان ئاكا مۇنداق
دېدى: «بىزنىڭ گومىنداڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇماسلىق كۈـ
رىشىمىزنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالـ
دى. بىزنىڭ بۇ كۈرىشىمىزنى 7 ۋىلايەت خەلقى، جۇملىدىن
ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قوللايدۇ، جەمئىيەتتىكى ئىلـ
غار كۈچلەر ۋە ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى ئىچىدىكى ئىلغار كۈچلەرـ
مۇ قوللايدۇ. بىز ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن،
يەنىلا بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، يەنىمۇ

ئىتتىپاقلىشىپ قاتتىق كۈرەش قىلىشىمىز لازىم بولىدۇ. شۇندـ
مۇ كۈرۈشىمىز كېرەككى، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە يامان
غەرەزلىك كىشىلەر ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئىرادىسى
ئاجىزلارنى ئازدۇرۇپ، ھەتتا پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ، ھەققانىي
كۈرىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھۇشيارلىقـ
نى ئۆستۈرۈپ، ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەرگە رەددىيە بېرىشىمىز
ۋە ئۇلارنى پاش قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر بۇ 2 نۇقتىغا دىققەت
قىلمىساق، گومىنداڭچىلارنى خۇشال قىلىپ، گومىنداڭنىڭ
كەتمىنىنى چاپىدىغان قولچوماقچىلارغا ئايلىنىپ قالىمىز. بۇـ
گۈن چۈشتىن كېيىن ھەربىي مەكتەپكە كىرىپ يۈك ـ تاقاڭلارنى
قايتۇرۇپ چىقىپ، سائەت 4 تىن ئىلگىرى مۇشۇ زالغا يىغىلىڭـ
لار. بىز ياتاق ۋە تۇرمۇشۇڭلارنى ئورۇنلاشتۇرىمىز. ھەربىي
مەكتەپكە كىرىشتە ياكى كوچىلارغا چىقىشتا ھەرگىز يالغۇز ماڭـ
ماڭلار، شەھەر سىرتىغا ھازىرچە چىقماي تۇرۇڭلار، كوچىلاردىـ
كى ماجىرالارغا ئارىلىشىپ قالماڭلار، تۇرمۇشتىن ھەرگىز غەم
قىلماڭلار. ھەر بىر كىشىنىڭ كۈندىلىك راسخوتىغا 5 سومدىن
پۇل بېرىلىدۇ (شۇ چاغلاردا 5 سوم بازاردىن تاماق يېيىش، مېۋە
ـ چېۋە ئېلىپ يېيىش ۋە كىنو كۆرۈشكە كەڭ كۇشادە يېتەتتى)
. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 30 : 7 دا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا جەم
بولۇپ كۈندىلىك تۇرمۇش راسخوتى ئالىسىلەر ۋە مۇھىم ئۇقتۇـ
رۇشلارنى ئاڭلايسىلەر. تۇرمۇش راسخوتىنى ھەر قايسى ۋىلايەتـ
نىڭ ۋەكىللىرى تارقىتىدۇ». شۇ كۈنى ھەممىمىز ھەربىي مەكـ
تەپكە قاراپ ماڭدۇق. مەكتەپ دەۋازىسىدا بىز بىلەن ھېچكىمـ
نىڭ كارى بولمىدى. يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئېلىپ يېنىپ چىقـ
تۇق ۋە قايتىپ كېلىپ قونالغۇلارغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

## ياشلارنى تاللىشىش كۈرىشى

بىز ھەربىي مەكتەپتىن قايتىپ چىقىپ 3، 4 كۈندىن



كېيىن بىر ئەتىگىنى ھەممىمىز يىغىلغاندا، ئىبراھىم قۇربان
ئاكا بىزگە: «ساۋاقداشلار، بىر قىسىم ساۋاقداشلار گومىنداڭ
ئىشپىيونلىرى ۋە يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئازدۇرۇشى بىـ
لەن ھەربىي مەكتەپكە قايتىپ كېتىپتۇ. بۈگۈن ھەممىڭلار ھەرـ
بىي مەكتەپكە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى
بىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپ چىقساڭـ
لار. ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى سىلەرنى ئۇيغۇر ئۇـ
يۇشمىسىدا ساقلايمىز. ئۇقۇقان ئەھۋالنى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋەكىللىـ
رىگە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىڭلار»، دېدى. بىز ئەتىگەنلىك تاماقـ
تىن كېيىن ھەربىي مەكتەپكە بارغاندۇق، دەرۋازىدىن توسمىـ
دى. مەكتەپ ئىچىگە كىرسەك، ھەربىي مەكتەپكە قايتىپ كەتـ
كەنلەرنىڭ ياتاق شارائىتىنى ياخشىلاپ، يېڭى يوتقان ـ كۆرپە،
ئەديال ۋە كىيىم ـ كېچەك تارقىتىپ بېرىپتۇ، تاماقلىرىنى
ياخشىلاپ بېرىپتۇ ۋە تۇرمۇش خىراجىتىگە پۇل بېرىپتۇ. بىز
چۈشلۈك تاماقنى شۇ يەردە يېدۇق. تاماقنىڭ سۈپىتى ناھايىتى
ياخشى ئىكەن. ھەربىي مەكتەپكە قايتىپ كەتكەنلەر بىلەن سۆزـ
لەشسەك، ئۇلار: «بىز ئوقۇش ئۈچۈن كېلىپ ئوقىماي كەتسەك،
يۇرتىمىزغا نېمە دەپ بارىمىز، ئەگەر يۇرتقا قايتمىساق، ئاتا ـ
ئانىمىز بىزنىڭ كاشلىمىزغا ئۇچراپ قالسا قانداق قىلىمىز؟...
» دېگەندەك ئەندىشىلەردە بولۇۋاتقانلىقلىرىنى ئېيتتى. شۇنداقـ
تىمۇ، بىز ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ ۋە ئۆز ئەھۋالىمىزغا سېلىشـ
تۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ، 20 دىن ئارتۇق ساۋاقداشنى قايتۇرۇپ
چىقتۇق ۋە ئەھۋالنى ۋەكىللىرىمىزگە دوكلات قىلدۇق. ئەتىسى
ئەتىگەندە يەنە بېرىپ، 10 نەچچە ساۋاقداشنى قايتۇرۇپ چىقـ
تۇق. شۇ كۈنى ۋەكىللىرىمىزنىڭ ئۇقۇشۇپ كۆرىشىچە، پانتۇرـ
كىست مەسئۇد، ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئابدۇقادىر ئەپەندى
قاتارلىق كىشىلەر بۇ ئىشقا باش قاتۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئاز
سانلىق قوللىغۇچىلىرىنى ۋە ئۈرۈمچى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشـ

پىيونلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي مەكتەپكە قايتۇرۇپ كىرىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. بىز 3 - كۈنى ئەتىگەندە ھەربىي مەكتەپكە بارساق، ئىككى نەپەر زىيالىي سۈپەت ئۇيغۇر ھەربىي كىشى مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. ئۇلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ، خۇرسەن بولغان ھالدا: «سىلەرنى ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئېلىپ كېلىشنى مەسئۇد ئەپەندىم، ئەيسا ئەپەندىم ۋە مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەتلەر جاڭ ۋېيىۋەنجاڭغا تەكلىپ بېرىپ تەستە ھەل قىلغان. سىلەر قىزىل پاچاقلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىكاردىن بىكار نامايىش قىلىپ، ئۈچ ئەپەندىمنى يەرگە قاراتتىڭلار. بىراق، ئۈچ ئەپەندىم ھەرگىز سىلەردىن ئاغرىنمايدۇ. چۈنكى سىلەر ياش، تەجرىبىسىز، قايتىپ كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. بىز سىلەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىڭلارنى ئۈچ ئەپەندىمگە مەلۇم قىلىمىز. مەسئۇد ئەپەندىم سىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە كېلىپ قالىدۇ. تۇرمۇشڭلار ھازىرقىدىنمۇ ياخشىلىنىدۇ»، دېدى. ئارىمىزدىكى يېشى چوڭ ساۋاقداشلار ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى زۇلۇملارنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئۈچ ئەپەندىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن جاڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئالدىدا ھۆرمىتى شۇنداق چوڭ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن 7 ۋىلايەتتىكى زۇلۇملارنى توختىتىش ھەققىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدۇ؟»، «مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى قول قويغان 11 ماددىلىق بىتىمدىكى ماددىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشماي، نېمە ئۈچۈن تالاش - تارتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟»، «ئۈچ ئەپەندىم مىللەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن مىللەت ۋە خەلق تەرەپتە تۇرماي، گومىنداڭ تەرەپتە تۇرۇپ گومىنداڭنىڭ كەتمىنىنى چاپىدۇ؟»، «بىزنى ئوبدان كۈتكىسى بولسا، نېمە ئۈچۈن يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدا ھازىرقىدەك كۈتمەي، چوشقا ئېغىلىدا



ياتقۇزۇشقا، قاپقارا خام نان ۋە يۇندا چېلىكىدە قايناقسۇ بېرىشكە يول قويىدۇ؟ سىزنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق، سىزنى كىم ئەۋەتتى؟ قانچە پۇلغا سېتىلدىڭىز؟» ئۇلار مۇشۇنداق سوئاللار ئالدىدا دىر - دىر تىترەپ: «بىزمۇ ئۆزلىكىمىزدىن كەلمىدۇق، رەنجىمەڭلار»، دەپ تەستە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى. ھەممىمىز ئۇلارنىڭ ھالىغا كۈلۈشتۇق. بۇ مۇنازىرىمىزنىڭ ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن بىز شۇ كۈنىمۇ ساۋاقداشلاردىن 20 نەچچىنى قايتۇرۇپ چىقتۇق. ھەربىي مەكتەپتە يەنە 40، 50 تەك ساۋاقدىشىمىز قالغانىدى. 6 - كۈنىدىن باشلاپ بىزنى ھەربىي مەكتەپكە كىرگۈزمىدى، مەكتەپ ئىچىدىكىلەرنىمۇ سىرتقا چىقارمىدى، شۇنداقتىمۇ، ماڭا ئوخشاش يېشى كىچىكلەردىن 4، 5 مىزنى تاللاپ ھەربىي مەكتەپكە يەنە ئەۋەتتى. ئەمما، ئۇ كۈنى 4، 5 تەك ساۋاقداشنى گەپكە كۆندۈرۈپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارساق، بىزنى دەرۋازىدىن چىقارمىدى. بىزمۇ ئۇلار بىلەن تاكاللاشماي، ئارقىمىزغا يېنىپ، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، كەچتە تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇق. بىراق، ئەتراپقا پوست قويۇلغانلىقتىن چىقىپ كېتەلمەي، بىر كېچە ھەربىي مەكتەپتە قونۇپ قالدۇق. بۇ كۈنى بىزنى دەرۋازىدىن چىقارمىغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. بىز باشقا ساۋاقداشلارغا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى خېلى قايىل قىلدۇق. ئەتىسى ئويلىشىپ بىر چارە تاپتۇق. خەنزۇ ساۋاقداشلاردىن بىرنى تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە كۆندۈرۈپ، بىز بىلەن 20 دەك ئوقۇغۇچى 2 دىن قاتار بولۇپ مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «سىرتتىكىلەر ئەركىن يۈرۈيدۇ، بىزنى سىرتقا چىقارمىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلىرىمىز بىلەنمۇ كۆرۈشەلمەيۋاتىمىز. شۇڭا، بىزگە چۈشلۈك تاماقچە رۇخسەت بەرسەڭلار، ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپلا ۋاقتىدا قايتىپ كەلسەك» دېدۇق.

ئۇلار بىزگە رۇخسەت قىلىپ، دەرۋازىدىن چىقىرىپ قويۇشقا بىر
ئادەم قوشتى. بىز دەرۋازىدىن چىقىۋېلىپلا، شەپكىمىزدىكى 12
يۇلتۇزلۇق بەلگىنى ئېلىۋېتىپ، شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈگۈر-
دۇق. ۋەكىللىرىمىز بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى ساۋاقداشلار
بىزنى كۆرۈپ خۇرسەن بولۇشتى.

## گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇماسلىق كۈرىشىمىزنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشى

1946 - يىلى سېنتەبىرنىڭ بېشىدىكى بىر كۈنى، ئەتىسى
ئەتىگەندە ئۆلكىلىك گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمىگە بېرىشىمىزنى
ئۇقتۇردى. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 8 دىن ئىلگىرى رەتلىك
تىزىلىپ، شوئار توۋلىماي، ھازىرقى خەلق مەيدانىنىڭ يېنىدىكى
«تيانشان» مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان ئۆلكى-
لىك گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمىنىڭ چوڭ زالىغا كىردۇق. ھەربىي
مەكتەپتىن چىققىلى ئۇنىمىغان 30 دەك ئوقۇغۇچى زالغا بىزدىن
بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ خىجىللىقتا
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇشتى. بىز كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن
ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ زالدىن ئورۇن ئالدۇق ۋە ئۇ ساۋاق-
داشلاردىن ھال سوراپ، بىز تەرەپكە كېلىپ ئولتۇرۇشنى تەك-
لىپ قىلدۇق. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، بىر قانچە گومىن-
داڭ ئوفىتسېرى زالدا ۋە سەھنىدە پەيدا بولدى. ئارقىدىن بويى
ئېگىز، ئورۇق، قارا پەلتۇ كىيگەن ۋە ھاسا تۇتقان، بېشىغا
تۇركچە سوقا قالپاق كەيگەن 60 نەچچە ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر
كىشى بىلەن ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇرا ھال سېمىز، دوغىلاق يۈز-
لۈك بىر ھەربىي ئەمەلدار سەھنىگە كىرىپ كەلدى. ھېلىقى
قېرى ئۇيغۇر ئادەم ھەربىي ئەمەلدارغا خوشامەت قىلىپ ئۇنى
يۆلەنچۈكلۈك يالغۇز ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۆزد-



نى «ئابدۇقادىر ھاجى ئەپەندى» دەپ، ھەربىي ئەمەلدارنى «شىن-
جاڭ گارنىزون سىلىڭبۇسىنىڭ سىلىڭى گېنېرال سوڭ شىليەن
جانابلىرى» دەپ تونۇشتۇردى ۋە قىزغىن قارشى ئالايلى، دەپ
ھاسا تۇتقان قولى بىلەن چاۋاك چېلىپ، سۇڭ شىليەنگە خوشا-
مەتكويلۇق بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېگىلدى. ئەمما، ھېچقايسىمىز
چاۋاك چالمىدۇق. ھەربىي مەكتەپتە قېپقالغان ئوقۇغۇچىلار ئا-
رىسىدىن شالاڭ چاۋاك ئاۋازى چىققان بولسىمۇ، بىزنىڭ چاۋاك
چالمىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ دەرھال توختىۋالدى. شۇ
پەيتتە، سۇڭ شىليەن ئابدۇقادىر ئەپەندىگە بىر قاراپ قويۇپ،
ھاكاۋۇرلۇق بىلەن مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرغان پۇتىنى چۇشۇرۇپ
تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. ئابدۇقادىر ئەپەندى 1 - 2 يۆتىلىۋال-
غاندىن كېيىن، سۇڭ شىليەننىڭ كۆزىگە قايتا - قايتا قاراپ
قويۇپ، ھاسىسىغا تايىنىپ سۆز باشلىدى: «سىزلەر جياڭ ۋېي-
يۈەنجاڭ جانابلىرى بىلەن گېنېرال سۇڭ شىليەن جانابلىرىنىڭ
غەمخورلۇقى، مەسئۇد ئەپەندىم، ئەيسا ئەپەندىم ۋە مۇھەممەت
ئىمىن ھەزرەتنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئوقۇشقا ئېلىپ كېلىن-
گەن. بۇ، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر ئۈچۈن چوڭ غەمخور-
لۇق. بىراق، ئوقۇشماسلىق تۇپەيلىدىن، مۇھىمى گېنېرال سۇڭ
شىليەن جانابلىرىنىڭ ئورۇمچىدە يوقلۇقىدىن، سىلەرنى ياخشى
كۈتمەي، رەنجىتىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن گېنىرال سۇڭ
شىليەن جانابلىرىغا ۋاكالىتەن سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن.
بىراق، بەزى يامان غەرەزلىك ئادەملەر بۇ ئازراق ئۇقۇشماسلىقنى
باھانە قىلىپ، سىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، كوچىدا نامايىش قىلدۇ-
رۇپ، يوقىلاڭ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەزى كۆڭۈلسىز-
لىكلەرنى پەيدا قىلدى...» سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىبراھىم
قۇربان ئاكا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «بولدى، ئەپەندىم، سىزنىڭ
باياتىن بېرى كۆزىڭىزنى گېنېرال جانابلىرىدىن نېرى قىلالماي،
گىدىيىپ ئولتۇرغان گېنېرال جانابلىرىغا خوشامەت قىلىپ بولال-

مىغان بىچارە ھالىتىڭىزنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. سىز-
نىڭ ھازىرقى كۈنىڭىزدىن كوچىدىكى ئىشسىز مەدىكارنىڭ كۈنى
مىڭ ياخشى ئىكەن. بۈگۈن بىز سىزنىڭ قۇرۇق گېپىڭىزنى
ئاڭلىغىلى كەلمىدۇق، گېنېرال سۇڭ شىلىيەندىن جاڭ جىجۇڭ
ئەپەندىگە قويغان تەلىپىمىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغىلى كەلدۇق.
بىز سىزگە شۇنى قايتا ئېيتىپ قويىمىزكى، بىزنىڭ جاڭ جى-
جۇڭ ئەپەندىگە قويغان تەلىپىمىزنىڭ بىرەرسى ھەل بولمايدى-
كەن، بىز ھەربىي مەكتەپتە قەتئىي ئوقۇمايمىز»، دېدى. بۇ
سۆزنى ئاڭلاپ، ئابدۇقادىر ئەپەندى خوجاينىنىڭ ئالدىدا مەسخى-
رىگە قېلىشتىن قورقتىمۇ ـ قانداق، ئەسەبىيلىكى قوزغالغان
بىماردەك ئوڭايسىزلىنىپ، بىردەم بىزگە قارىسا، بىردەم سۇڭ
شىلىيەنگە قاراپ، بەكمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى. تەرجىمان ئىبرا-
ھىم قۇربان ئاكىنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن،
گىدىيىپ ئولتۇرغان سۇڭ شىلىيەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:
«ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار شەرقىي شىمالدىكى ئىشىكتىن،
ئوقۇمايمىز دېگۈچىلەر غەربىي شىمالدىكى ئىشىكتىن چىقىپ
كەتسۇن!» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، زالدىن قىيدىغىنىچە چىقىپ
كەتتى. بىچارە ئابدۇقادىر ئەپەندىمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي،
ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ تەمتىرىگىنىچە سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى.
زالدىن چىقىپ، خۇشال كەيپىيات بىلەن ئۇدۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمى-
سىغا قاراپ ماڭدۇق. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان
نەچچە يۈزلىگەن ياشلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۇلار بىزنىڭ
غەلىبىمىزنى تەبرىكلىدى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ ھەربىي
دائىرىلىرى بىلەن پانتۇركىست ئەپەندىلەرنىڭ 3 ۋىلايەتكە، خەلققە
قارشى يۈرەك ـ باغرىنى سەرپ قىلىپ پىلانلىغان «مىللىي
ئوفىتسېر تەربىيىلەش» پىلانى بىتچىت بولدى.



# يۈرتقا قايتىش

بىزنىڭ گومىنداڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇماسلىق كۈرىشى-
مىز غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھەممىمىز دېگۈدەك غۇلجىغا
كەتمەكچى بولدۇق. ئەمما 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈقتۇ-
رۇشقا ئاساسەن، ئۇيغۇر ئۇيۇشما زالىغا يىغىلغاندۇق. زالنىڭ
سەھنىسىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 3 ۋىلايەت تەرەپتىن قاتناش-
قان ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ
نازىرى سەيپىدىن ئەپەندى پەيدا بولدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىز-
غىن ئالقىش ساداسىدىن كېيىن، سەيپىدىن ئەپەندى سۆز باش-
لاپ: «سىلەر كۆپ جاپا چەكتىڭلار ۋە ئاخىر كۈرەشتە غەلىبە
قىلدىڭلار. مەن ئەخمەتجان ئەپەندىم باشلىق رەھبەرلەرگە ۋاكالى-
تەن سىلەردىن ھال سورايمەن. ئەسلىدە ئەخمەتجان ئەپەندىمۇ
سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشمەكچى ئىدى، لېكىن بەك ئالدىراش
بولغانلىقى ئۈچۈن كېلەلمىدى. سىلەرگە مەن ئارقىلىق سالامنى
يەتكۈزدى» دېدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۇزۇنغا سو-
زۇلغان چاۋاك بىلەن رەھبەرلىرىمىزگە ھۆرمەت بىلدۈردۇق.
ئاندىن سەيپىدىن ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 3 ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشى ۋە تېز غەلىبە قىلىشىنىڭ سەۋەبى، 3
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى
بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزا-
لىنىشى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت قاتارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلىي
سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن: «ئاڭلىساق، ھەممىڭلار غۇلجىغا
كەتمەكچى بولۇۋېتىپسىلەر، بۇ روھىڭلار ياخشى، 3 ۋىلايەت
خەلقى نۇرغۇن قان تۆكۈش بەدىلىگە ئازادلىققا ئېرىشتى. ئەمما،
7 ۋىلايەت خەلقى ھازىرغىچە چىدىغۇسىز زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتى-
دۇ. 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغان بولسىمۇ لېكىن گومىنداڭ
جاھىل گۇرۇھى 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا چىش

ـ تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. 7 ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ خېلى بىر قىسمى گومىنداڭنىڭ ماھىيىتى بىلەن 3
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنى تېخى سىلەرگە ئوخشاش چۈشىد-
نىپ كەتكىنى يوق، بەزىلەر گومىنداڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ گومىند-
داڭنىڭ كەتمىنىنى چاپسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گاڭگىراپ
قېلىۋاتىدۇ. بۇ يىل 10 ـ ئايدىن كېيىن پۈتۈن شىجاڭدا سايلام
ئېلىپ بېرىلىدۇ. سايلامدا خەلق ھىمايە قىلىدىغان خەلقپەرۋەر
كىشىلەر ھاكىملىققا سايلانسا، گومىنداڭنىڭ 7 ۋىلايەتتىكى زۇ-
لۇمىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، خەلقنى باراۋەرلىككە ۋە ھۆر-
لىككە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ھاكىملىققا ئەسكى ئادەملەر
سايلىنىپ قالسا، گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىنى ئوخشاشلا ساقلىنىپ
قېلىۋېرىدۇ. شۇڭا، خەلقنى ئويغىتىپ ئۇلارغا ئۆز ھوقۇقىنى
تونۇتۇش، ئاساسي قاتلاملاردىكى سايلامنى 11 ماددىلىق بىتىم-
نىڭ روھى بويىچە ئېلىپ بېرىش سىلەرگە ئوخشاش مىڭلىغان،
ئون مىڭلىغان ئىلغار ياشلارغا موھتاج. شۇڭا ئەخمەتجان ئەپەندىم
باشلىق رەھبەرلەر مۇزاكىرە قىلىپ، ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆز يۇر-
تىغا قايتىشىنى ۋە 7 ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلامغا ئاك-
تىپ قاتنىشىپ، خەلقنى ئويغىتىشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئۈستۈڭ-
لارغا ئېلىشىڭلارنى قارار قىلدۇق. سىزلەرنىڭ تەشەببۇسىمىزغا
ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدىغانلىقىڭىزلارغا ئىشىنىمىز»، دېدى. ھەم-
مىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۆزۈڭغا سوزۇلغان ئالقىش بىلەن
ئىپادە بىلدۇردۇق. سەيپىدىن ئەپەندى ئاخىرىدا: «ھەر قايسى
ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى يولداشلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلىپ مائا-
رىپ نازارىتىگە بېرىپ، خىزمەت تەقسىماتى ھەققىدىكى ئالاقە
بىلەن يول راسخوتىنى مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئېلىپ
بولۇڭلار» دېدى ـ دە، خوشلىشىپ ماڭدى. يەنە ئۆزۈڭغا سوزۇل-
غان ئالقىش بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇق.
ئەتىسىدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا مېڭىشنىڭ تەييارلىقى-



غا كىرىشىپ كەتتۇق. ساۋاقداشلارنىڭ بىر قىسمى غۇلجىغا
كەتكەنىدى، قالغان 30 دەك ساۋاقداش تۆركۈمگە بۆلۈنۈپ «گو-
مىنداڭنىڭ جۇڭشۇن تۇەن مەكتىپىدە ئوقۇپ قايتتۇق» دېگەن
نىقاپ بىلەن (ئەمەلىيەتتە قولىمىزدا ھېچقانداق ئاساس يوق ئى-
دى.) ھەر بىرىمىز 11 ماددىلىق بىتىمنى ۋە بىتىمگە ئالاقىدار
تەشۋىق ۋەرىقىلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتۇق. خەنزۇ ۋە ئورۇس
شوپۇرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن تەشۋىق ۋەرىقىلىرىنى يۈك ئاپتو-
موبىلىنىڭ كوزوپى ئاستىغا يوشۇردۇق. قەشقەرغە بارغىچە قارا
شەھەر، باش ئەگىم، ئاقسۇ ۋە يامانيار دېگەن يەرلەردە قاتتىق
تەكشۈردى. بىزمۇ ئۈستىلىق قىلىپ، ئاغزىمىزدىن «گومىنداڭ
پىرقە مەكتىپى جۇڭشۇن تۇەننى پۈتتۈردۇق، مائارىپ نازارىتى-
دىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىندۇق»، دېگەن گەپنى ئاغزىمىزدىن
چۈشۈرمىدۇق. ئاقسۇغا كەلگەن كۈنىمىز ھېلىقى ئىشپىيون XX
بىزنى تونۇپ قالغانىدى. ئارىمىزدىكى قادىر قاسىم يۈرەكلىك ۋە
تەدبىرلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ: «ئۇرۇم-
چىگە بارساق، بىتىم ئىمزالانغان ئىكەن، ھەممىمىزنى ئۇرۇمچى-
نىڭ سىرتىدىكى يىراق بىر ئورۇنغا چۈشۈردى. «جۇڭشۇن
تۇەن»، مەكتىپى ئىكەن، بىزنى سىرتقا چىقارمىدى، ئۇرۇمچى-
لىككلەر بىلەنمۇ ئۇچراشمىدۇق. 3 مەسلەكتىن دەرس ئۆتۈپ
بولغاندىن كېيىن، ھەممىمىزنى جايلاردىكى «داڭبۇ» (پىرقە
بۆلۈمى) لەرگە بېرىپ ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلىسىلەر دەپ يولغا
سېلىپ قويدى. يولدا كەلگۈچە ماشىنىدىن چاتاق چىقىپ، ئاقسۇ-
غا ئاران كېلىۋالدۇق، شوپۇرلار بىزنى سارايغا چۈشۈرۈپ قو-
يۇپ، 4، 5 كۈندىن كېيىن كېلىمىز دەپ ماشىنىلارنى رېمونت
قىلغىلى كەتتى. ماشىنىلار تۈزەلگۈچە ئاقسۇدا 4، 5 كۈن تۇرۇپ
قالىدىغان ئوخشايمىز» دېدى. بۇ گەپكە ئىشپىيون XX ۋە ئۇنىڭ
بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى ساقچى ئىشەندى. ئۇلار ئەتە ئەتىگەن
كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز دەرھال ئۆزئارا
مەسلىھەتلىشىپ، ئاقسۇدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بارلارنىڭ كوچى-

لارغا كۆپ چىقماسلىقنى تاپىلاپ قويۇپ، قادىر قاسىم، ھەسەن ئوسمان، مۇھەممەت ھۆسىيىن، سۇلتان مامۇت ۋە مەن بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قەشقەرغە قاراپ تىكىۋەتتۇق. سارايۋەنگە: «ئەتە ئەتىگەن ئەگەر بىرسى كېلىپ سوراپ قالسا، تۆنۈگۈن كەچتە مەپىگە چۈشۈپ كونا شەھەرگە كىرىپ ئۆگۈنلىككە قايتىپ چىقىمىز دەپ مېڭىشتى» دەپ قويۇشنى تاپىلاپ قويدۇق. يولنى تېز يۈرۈپ، 2 ھەپتىلەردە قەشقەرغە سالامەت يېتىپ باردۇق. قولىمىزدىكى تەشۋىق ۋەرىقىلىرى بىلەن ژۇرناللارنى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز ۋە مەھەللىدىكى تونۇشلارغا تارقىتىپ بەردۇق. ئۇلارغا يەنە ئۈرۈمچىدىكى كۆرگەن، بىلگەنلىرىمىزنى، ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇماسلىق ئۈچۈن قىلغان نامايىشىمىز ۋە كۈرىشىمىزنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا ئابدۇكېرىم ئاباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە قاسىمجان قەمبىرىلەرنىڭ سۆزلىرىنى، يېقىن ئارىدا سايلام ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى كەڭ - كۇشادە سۆزلەپ بەردۇق. خۇددى ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگەن كىشىلەردەك بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز ناھايىتى چوڭ بولدى، بىزنى خېلى چوڭ كىشىلەرمۇ ئىزدەپ كېلىپ كۆرۈشتى.

لېكىن، بىر كۈنى ھېيتگاھتا ساۋاقدىشىمىز سۇلتان مامۇت بىلەن ئابدۇكېرىمنى ساقچى ئىدارىسى چاقىرىپ ئاپىرىپ ئۇنى - بۇنى سورىغانلىقى ۋە بىز ئېلىپ كەلگەن تەشۋىق ۋەرەقچىسىنى سۈرۈشتە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر ئاز ئەندىشە قىلىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتىمىزنى بىر قىلىپ، مائارىپ نازارىتى يېزىپ بەرگەن قولىمىزدىكى ئالاقىنى ئەتىسى ئەتىگەندە سۇلتان مامۇت، ئابدۇكېرىم ۋە مەن ئۈچىمىز ۋالىي مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ئابلىز مۇھەممەدى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ كىشىگە ئالاقىنى كۆرسىتىپ، ساقچىلارنىڭ كەينىمىزدىن سۈرۈشتە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتۇق. ئابلىز مۇھەممەدى بىزگە ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە



قىلىپ، بىزنى ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. ئابلىز مۇھەممەدىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىز سالام بەرگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم ئورنىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھە، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن كىچىك ئەزىمەتلەر سىلەرمۇ؟ ياخشى كەلدىڭلارمۇ؟»، دەپ بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىز بارلىق ئەھۋاللارنى قىسقىچە سۆزلەپ بولۇپ، ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىزنىڭ كەينىمىزگە چۈشكەنلىكى ۋە ساۋاقدىشىمىز ئابدۇكېرىمنى چاقىرتىپ ئاپىرىپ، بىز ئېلىپ كەلگەن تەشۋىق ۋەرىقىلىرىنى تاپشۇرۇشنى تاپىلىغانلىقىنى ئېيتتۇق. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم كېيىنكى سۆزىمىزنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ كەتتى ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئابلىز مۇھەممەدىگە: «ھازىرلا تېلېفون بېرىڭ، مۇختار دەرھال كەلسۇن» دەپ بۇيرۇدى (مۇختار - ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ چوڭ ئوغلى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى). ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى، 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا بىلىشىمىزچە جاۋاب بەرگەندىن كېيىن: «يارايسىلەر، كىچىك بولساڭلارمۇ جىگىرىڭلار بار ئىكەن. ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرۈۋاپسىلەر. مەنلا بولىدىكەنمەن ھەرگىز قورقماڭلار، بۈگۈندىن باشلاپ ھېچكىم مويۇڭلارغا تېگەلمەيدۇ. قولۇڭلاردىكى تەشۋىق ۋەرىقىلىرىنى تارقىتىپ بولمىغان بولساڭلار، قورقماي تارقىتىۋېرىڭلار. كۆرگەن - بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىڭلارنى قورۇنماي سۆزلەۋېرىڭلار»، دەپ بىزگە ئىلھام بەردى. دەل شۇ چاغدا مۇختەرجان كىرىپ كەلگەندى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم: «مەن ساڭا ئىشپىيونلىرىڭنى تارقىتىۋەت دېسەم، نېمە ئۈچۈن تارقىتىۋەتمىدىڭ، بۇ ئەزىمەتلەر تۆنۈگۈن ئۈرۈمچىدىن خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلسە، سېنىڭ ئادەملىرىڭ ئۇلارنى ساقچىغا چاقىرتىپ سوراپتۇ. مۇندىن كېيىن مەيلى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ياكى باشقا يەردىن كەلگەن بولسۇن، مەيلى شەھەر خەلقى بولسۇن ساقچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ

كەينىگە كىرىۋېلىشىغا، ئۇلارنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن قولغا
ئېلىشىغا قەتئىي رۇخسەت يوق. بولدى چىقىپ ئادەملىرىڭگە
مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى يەتكۈز، ئىجرا قىلسۇن»، دېدى. ئاندىن
ئابلىز مۇھەممىدنىگە: «سىز مائارىپ ئىدارىسىگە ئېيتىڭ، مائا-
رىپ نازارىتىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىغانلارنى 10 - ئاينىڭ
ئاخىرىغىچە ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان مەكتەپلەرگە تەقسىم قىل-
سۇن» دەپ بۇيرۇق بەردى. بىز رازىمەنلىك بىلەن خوشلىشىۋات-
قاندا، مەخسۇم يەنە: «ئەگەر بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىساڭلار،
دەرھال ئابلىز مۇھەممىدنى تېپىڭلار» دېدى. بىز ئىنتايىن
خۇشال كەيپىياتتا يېنىپ چىقتۇق. قولىمىزدىكى تەشۋىق ۋەرىقى-
لىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا تارقاتتۇق ۋە ئۇرۇمچىدە كۆرگەن -
بىلگەنلىرىمىزنى كىشىلەرگە قورقۇنماي سۆزلەپ بەردۇق. شۇ-
نىڭدىن باشلاپ، تا گومىنداڭ 1947 - يىلى يازدا 11 ماددىلىق
بىتىمنى بۇزغانغا قەدەر ئارىلىقتا بولغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر-
دە، بۇ ساۋاقداشلار بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشتى. بىتىم
بۇزۇلغاندىن كېيىن، ساۋاقداشلارنىڭ بىر قىسمى خىزمەتتىن
قوغلىنىپ مەلۇم سىياسىي بېسىمغا ئۇچرىدى؛ خېلى كۆپ قىسى-
مى 1948 - يىلى ئۇرۇمچىدىكى سابىق دارىلفۇنۇنغا ۋە ئۆلكىلىك
تىل مەكتىپىگە ئوقۇشقا يېزىلىپ كەتتى. مەيلى ئۇرۇمچىدىكى
يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار بولسۇن ياكى جەنۇبىي شىنجاڭدا
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بېسىمى ۋە زۇلۇمىغا ئۇچرىغان
ساۋاقداشلار بولسۇن، ھەممىسى ئازادلىقتىن كېيىن كوممۇنىس-
تىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ،
ھەر قايسى ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

(ئاپتور: سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەتقىقاتى
ئىشخانىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# 1933 - يىلى چۆچەكتە بولغان ۋەقەلەردىن ئەسلىمە

## ئابدۇقادىر روزى

## ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋاللار

تارباغاتاي ئەزەلدىن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونى بو-
لۇپ، كېلىماتى سوغۇقراق، يېزى قىسقا، قىشى ئۇزۇن.
1930 - يىللاردىكى چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرا ۋە
تاغلاردىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاساسەن ئۇي-
غۇر، قازاق، موڭغۇل، خەنزۇ، شىبە، داغۇر، ئۆزبېك، تاتار
قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى يەر ئىگىلىرى ۋە
بايلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. تۆۋەن قاتلامدىكى دېھقان - چارۋىچى-
لارنىڭ بىر قىسمى ئاشۇلارغا ئىشلەيتتى. شەھەر ئىچىدە 1910
- 1920 - يىللاردىن تارتىپلا كۆزگە كۆرۈنگەن ھەر مىللەت
سودىگەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانلىرى
چاررۇسىيە بىلەن سودا ئالاقە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدى ياۋروپا
(موسكۋا)، كەينى شەمەيگىچە بېرىپ، بەزىلىرى تيەنجىن، شاڭ-
خەيلەردىن مال ئەكىلىپ سودا قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
شەھەر ئىچىدە كاتتا ماگىزىنلىرى بولۇپ ئۆزئارا رىقابەتلىشەتتى
يەنى بازار تالىشاتتى، خام ماللارنى مونوپول قىلىشاتتى. مەمۇرىي
جەھەتتە مەنسەپ تالىشىپ بىر - بىرىنى يىقىتىشنىڭ كويىدا،
تەرەببازلىق قىلىپ جەڭگى - جېدەل قىلىشاتتى. ھەتتا يېڭىپ
چىققان تەرەپ يېڭىلگەن تەرەپنى شەھەردىن پالاندى قىلىپ، باشقا

شەھەرلەرگە ھەيدىۋېتەتتى.[1] مەنسەپ تالىشىش ئاساسەن
ئۇيغۇرلار ئىچىدە شاڭيو ـ شاڭزۇڭلۇق، قازاقلار ئىچىدە ئۈكۇر-
داي ـ زەڭگىلىك، شىبە، داغۇرلار ئىچىدە غالدايلىق، خەنزۇلار
ئىچىدە لۇڭگۇەنلىكنى تالىشىش ئىدى. رۇسىيەدە ئۆكتەبىر ئىن-
قىلابى غەلىبە قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، چۆچەكنىڭ ئاھالە
نوپۇس سانى بىراقلا كۆپىيىشكە باشلىدى. مەسىلەن، چاررۇسى-
يىنىڭ چۆچەككە قېچىپ كەلگەن بىر قوماندانى ـ باچىچ باشچى-
لىقىدىكى ۋە باشقا تۆۋەن دەرىجىلىكلەر باشلاپ كەلگەن 10 نەچچە
مىڭ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك قوراللىق ئەسكەردىن باشقا،
ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىپ (قوراللىقلار ئالتاي ۋە تاشقى موڭغۇل-
يە تەرەپكە كەتكەندە) چۆچەكتە قېلىپ ماكانلاشقان رۇس ئائىلى-
لىرى نۇرغۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپرەكى قىزبېيىت، چاغانتو-
قاي، قىرىق ئوچاق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چەتتەرەك (شەھەردىن
نېرى) يەرلەرگە جايلاشقان. يەنە خېلى كۆپ بىر قىسمى چۆچەك-
نىڭ ئۆزىدە قالغان. بۇلاردىن باشقا ئۆزبېكىستان، تاتارىستان
ۋە قازاقىستانلاردىن قېچىپ كېلىپ ماكانلاشقان ھەر مىللەت
پۇقرالىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭىچە بىلىملىكلەر،
موللا، ئىشان، قارىلار ۋە ھەر خىل ئادەملەر بولۇپ، يۇقۇرىدى-
كىلەرنىڭ ھەممىسى ھەر خىل ئىدىيە ـ كۆز قاراشلارنى ئېلىپ
كېلىپ تارقاتتى. شۇنىڭدەك، ئۇلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك رۇسىيەدە
غەلىبە قىلغان يېڭى ھۆكۈمەت توغرىسىدا غەيۋەت ـ شىكايەت
قىلىشاتتى. مەسىلەن، ئۆزبېك بايلىرى قوشاق قېتىپ: «نىكو-
لاينىڭ ۋاقتىدا لەمپە ئېردى جايىمىز، پالچىۋەك زامانىسىدا كەپە
بولدى جايىمىز»، دەپ ئۆزلىرىنىڭ جەننىتىدىن ئايرىلىپ قالغان-
لىقىدىن زارلانسا؛ قازاقلار چېخوسلوۋاكىيەدىن كېلىپ، چار

[1] مەخسۇت ھاجى شۇنداق رىقابەت تۈپەيلى قەشقەرگە پالىنىپ، 1933 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۆرۈمچىدە شۆھرەت قازىنىشقا باشلىغاندا، شۇنىڭ بىر پارچە خېتى (گۇڭشىسى) بىلەن چۆچەككە قايتىپ كەلگەنىكەن.



پادىشاھقا ھەربىي خىزمەت قىلغان چېخ ئاتامانى باچىچنى «بە-
كىش» دەپ خاتا ئاتىۋېلىپ، ئۇنى «قازاق قوماندان، ئۇ قىزىللار
(بولشېۋىكلار) بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ئوقى تۈگەپ قالسا، ئىر-
غايدىن ئوق ياساپ، تۆگىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بىر ئېتىپ،
بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بىر ئېتىپ، باتۇرلۇق كۆرسەتكەن» دەپ
ئۆلەڭ توقۇپ، ھېكايە سۆزلەيتتى. تۈركچە كىيىنگەنلەر پان
تۈركىزم ۋە پان ئىسلامىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىپلا قالماي، ياش-
لارغا ـ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارغا تۈرك تىلىدىكى ناخشا ـ
مارشلارنى ئۆگەتتى. بۇ مەزگىلدە «چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ
چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دىروبچېفمۇ بىكار تۇرمىدى»[1]،
ئۇ چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلى-
كىگە ئىشەنمەي، بەلكى ئۇنى چۆچەكتە تۇرۇپ قوغداشقا ئۇرۇ-
نۇپ، بىر قاتار ھەرىكەتلەردە يەرلىك سودىگەر بايلارنى «ئىسلام
بايرىقى» بويىچە مۇستەقىل ھاكىمىيەت تىكلەشكە قۇتراتتى. نە-
تىجىدە ياڭ، جىن دەۋرىدىكى قاراڭغۇلۇقتا غەپلەتتە ياتقان تارباغا-
تاينىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسى مۇرەككەپلىشىپ، ئۇيغۇر ۋە قا-
زاقلارنىڭ كاللىسى ئىشلەيدىغان كىشىلىرى ھېسابلانغان سودىگەر
ـ بايلاردا «ئىسلام ئېچىش» خاھىشى پەيدا بولدى. ئۇلار: «ھا-
كىمىيەت جەھەتتە پەقەت شاڭيو ـ شاڭزۇڭ، ئۈكۇرداي ـ زەڭ-
گىلىكتىن باشقا ھېچنىمىگە ئىگە قىلماي، ئۈستىمىزدىن بېسىپ
تۇرغان ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا ئىشنى چۆچەكتىن باش-
لاپ، ‹مۇسۇلمان دۆلىتى› قۇرغاندىلا ئاندىن ھەممىگە ئىگە
بولالايمىز» دەيدىغان بىر خىل خام خىياللار بىلەن ئاۋارە بولۇش-
تى ۋە شۇ مەزگىللەردە ھەر تەرەپلەردە يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقان-
چىلىقتىن پايدىلىنىپ، «ھايت ـ ھۇيت بىلەن ھاكىمىيەتنى
تىكلەپلا ئالساق ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ» دەپ مەسىلىگە بالىلارچە

[1] بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 82 ـ بەت.

قاربدى[1] . تۇرمۇش جەھەتلەردە، قېچىپ كېلىپ ئورۇنلىشۋال-
غانلارنىڭ ھەر قايسىسى خالىغان - بىلگەن كەسىپلەرگە كىرىش-
تى. سودىگەرچىلىك قىلغانلىرى تېزلا بېيىپ، زامانىۋى قۇرۇ-
لۇش - ئۆي - ئىمارەتلەرنى سالدى. ياغاچچى، تۆمۈرچى، موز-
دۇز، سەيپۇڭ قاتارلىقلار ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاۋات-
لاشتۇردى. ساۋاتلىق - بىلىملىكلەر مەدرىسە، رۇسچە تىل كۇر-
سى ۋە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى دەسلەپكى قەدەمدە باشلىدى.
دورىگەرلىكتىن خەۋىرى بارلىرى دورا دۇكانلىرىنى ئېچىشتى[2]
. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر مىللەت كىشىلىرى بىر - بىرى
بىلەن تونۇشۇپ، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلار بىللە بولىدى-
غان، قىز ئېلىپ - قىز بېرىشىدىغان بولۇپ، بۇ كىچىك شەھەر-
دە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا بىر خىل ئورتاق مەنزىرە
پەيدا بولۇشقىمۇ باشلىدى. ئەمما بۇ پەقەت ئىستېخىيىلىك -
ئاساسى ئاجىز كۆرۈنۈش ئىدى خالاس.
1932 - يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاز بولغاچقا، قىش ئۆتۈپ
ياز چىققۇچە ئاشلىق يېتىشمەسلىك ۋە ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ
كېتىش ئەھۋالى يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى
تەرەپتە يۈز بەرگەن قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن، ئەتىيازدىن باشلاپ
تۈركۈم - تۈركۈملەپ قېچىپ كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولغاچقا،
بىردىنلا ئاچارچىلىق بولدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى،
ھەتتا سويۇلغان مالنىڭ قېنىمۇ ئېقىپ يۈرگەنلەردىن ئاشماسلىق-

① شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى مۇناسىۋەتلىك نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ يېزىشقان خەتلىرىنى توشۇغان ئابدۇقادىر (تاش شاڭيۇنىڭ ئوغلى) دېگەن كىشى 55 - يىلى بەزى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگىنىدە: «ھاشىم شاڭزۇڭ خەتتە مىلتىقنى قوي، ئوقنى چاقماق قەنت، ئەسكەرنى يەنە بىر نەرسە دېگەندەك ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتاپ قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى قىلغان، ئۈمىدنى قۇمۇل تەرەپتىكى قوزغىلاڭچىلاردىن كۈتكەن»، دېگەنىدى.

② 20 - يىللاردا جەلەلى ئىسمىلىك تاتار ۋە كالىنكىن (رۇس) ئاچقان ياۋروپاچە دورىگەر-
لىك دوكانلىرى چۆچەكتە مەشھۇر ئىدى.



تەك ئەھۋال كۆرۈلدى[1] . يەرلىك ئاددىي ئاما تالقان، كاۋا
قاتارلىقلارنى يېيەلىگىنىدىن شۈكرى قىلىشتى. يەرلىك ھۆكۈ-
مەت قاچاقلارنى كوچا - كوچىلاردىن يىغىپ، تالاي قېتىم ھاي-
داپ[2] چېگرىدىن ئۆتكۈزىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئازايمىدى، بەل-
كى ئەتىسى يەنە قايتىپ كېلىۋېلىپ، بىر مۇنچىلىرى ھەر يەر-
لەردە ئورۇنلىشىپمۇ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئاچارچىلىق ۋىلايەت
بويىچە كېڭىيىپ، قىيىنچىلىق ھەممىگە بىردەك بولدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرى تىنچ بولماي، ھە دېسە ئۇ-
رۇش خەۋەرلىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تۇردى.

## ماخېيىڭنىڭ چۆچەكتە پەيدا بولۇشى

رىۋايەتلەردە، چۆچەك شەھرى ئاپپاق خوجىنىڭ جەنۇبتىن
شىمالغا يۈرۈش قىلىپ قايتقان ۋاقتىدا، بۇلاق بېشىدا ئۇنتۇلۇپ
قالغان چۆچىكى نامى بىلەن «چۆچەك» دەپ ئاتىلىپ قالغان[3]
دېيىلىدۇ. چۆچەكنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولمىغاچقا، ئېغىزلاردا
سۆزلەنگەنلىرىگە قارىغاندا، ئۆزىنىڭ قىسقا تارىخىدا چوڭ كۆلەم-
لىك ئۇرۇشمۇ بولمىغان شەھەر ئىكەن.
1933 - يىلى 9 - ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن
ماخېيىڭ (ئۇ ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، ما جۇڭيىڭغا ئوخشاش
ئىدراكسىز تەلۋە قاچقۇنىنىڭ بىرسى ئىدى) ئالتايغا ئەسكەر تار-

① قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى قىزلىرىنى ياكى ئوغۇللىرىنى باقالماي (قانداق مىللەت بولۇشىغىمۇ قارىماي)، ئالىمەنلىكى دېگەن كىشىلەرگە سېتىۋەتكەنلەرمۇ بولدى. ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە ياشاۋاتقانلىرى ھەر يەردە بار.

② قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك قازاقلار بولۇپ، باشلىرىغا قارا مەخمەل دوپپا (تاقىيا) كىيەتتى. ئۇلارنى ھايداش ئۈچۈن يىغىۋاتقاندا ئۇيغۇرلار ئەپچىللىك بىلەن بەزىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ دوپپا ياكى تۇمىقىنى كىيگۈزۈپ، بولۇڭ - پۇچقاقلاردا ئۇلارنى قوغداپ قوغلىنىشتىن ساقلاپ قالغان.

③ كېيىنكى ۋاقىتلاردا چۆچەكتە «زەيدىن غوجىنىڭ بۇلىقى»، دەپ ئاتالغان بۇلاق ئەنە شۇ چۆچەك نامىنى ئالغان بۇلاق ئىكەن.

تىپ بېرىپ، ئالتاينى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرالماي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تارباغاتاي تەرەپكە قاچقى-
دۇ. بۇلار قوبۇقسارغا يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، قوبۇقتىكى چىن-
ۋاڭ ئولۇلمۇجاپ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شالۋىن گېگەنلەر خەۋەر
تېپىپ، ۋاڭ ئوردىسىنى تاشلاپ سېمىزتاي ناملىق تاغقا چىقىپ
كېتىدۇ ۋە ئوردىغا قاراپ قالغانلارغا: «ما خېيىڭ كېلىپ نېمە
تەلەپ قىلسا دېگىنىنى تەييارلاپ بېرىڭلار!» دەپ جېكىلەيدۇ.
دېگەندەك، ما خېيىڭ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوردىغا ئورۇنلى-
شىپ، ئەسكەرلىرىگە يېتەرلىك ئوزۇق، قورال ۋە 200 ئات
تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ، مۇڭغۇل ۋە باشقا ئاھالىلار ئۇلار-
نىڭ دېگەنلىرىنى ھەر تەرەپلەرگە قاتراپ يىغىپ تەييارلاپ بېرى-
دۇ. شۇ ئارىدا ما خېيىڭ يەنە: «بىزگە ئەسكەر كېرەك» دەپ
قوبۇق بازىرى ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك ۋە قورامىغا يەتكەنلەر-
دىن 50 - 60 كىشىنى يامۇلغا ھەيداپ كىرىپلا ئەسكەرلىككە
تۇتىۋالىدۇ (شۇ يىللاردا مەرھۇم ئابدۇكېرىم رازىيوف (كۆكقۇ-
مۇش) قوبۇقتا سودا ئىشلىرى بىلەن بېرىپ قالغان بولۇپ،
كوچىدا يۈرگەن يېرىدىن ھايدىلىپ ھېلىقىلار بىللە بىلەن ئەس-
كەرلىككە تۇتۇلغانىكەن. ما خېيىڭ كېرەكلىكلىرىنىڭ ھەممى-
سىنى تەييارلاپ 2 - 3 كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، چۆچەك
تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىدۇ (قوبۇقتىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان-
لارنىمۇ ئېلىپ ماڭىدۇ) ۋە تارباغاتاينىڭ شىمال تەرەپ تاغ ياقى-
سىنى بويلاپ مېڭىپ دۆربىلجىننىڭ قىرىق ئوچاق يېزىسىنىڭ
ساڭ دېگەن يېرىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە يازىچە يىغىپ قويۇل-
غان ئوت - چۆپ ۋە ساڭغا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق، يەم -
خەشەك، قوتانلاردا مال - چارۋىلار بولۇپ، بۇ ما خېيىڭغا تەييار
غەنىيمەت بولىدۇ. شۇ ئارىدا، بۇلارنىڭ قىرىق ئوچاققا كەلگەنلى-
كىنى ئاڭلىغان چۆچەك ۋالىيسى چېن جيىشەن چۆچەكنىڭ ئىنا-
ۋەتلىك بايلىرىدىن مەخسۇت ھاجى، مۇقماخۇنباي، ئەمىر باي



ئاقساقال ۋە چۈيىنچىڭ قاتارلىق 7 - 8 كىشىنى بىر ماشىنىغا
ئولتۇرغۇزۇپ ۋەكىل قىلىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەتكە ئەۋە-
تىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسىي تەلىپى: «چۆچەككە كىرمەي ئۆتۈپ
كەتسىڭىزلەر، كېرەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ بەرسەك»
دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ[1]. ئالتاينى ئالالمىغان ما خېيىڭ ئۇ-
چۇن چۆچەكنى ئېلىش دېگەن پۈتكۈل تارباغاتاي ۋىلايىتىنى ئې-
لىش دېگەنلىك ئىدى. ئۇ بۇ رايوندىمۇ ئالتايدىكىگە ئوخشاش
قارشىلىققا ئۇچرارمەنمىكىن، دېگەن ئەندىشىدە كېلىۋاتقان بىر
پەيتتە، ھېلىقىدەك ۋەكىللەرنىڭ كېلىپ يېلىنىشلىرىدىن،
«چۆچەكنى ئالالايدىكەنمەن» دېگەن خۇلاسىغا كېلىپ: «مەن چو-
قۇم چۆچەككە كىرىمەن» دەپ گىدىيىۋالىدۇ. ۋەكىللەر قايتقان-
دىن كېيىن ما خېيىڭ كېچىكمەي ئاتلىنىپ دۆربىلجىنگە يېتىپ
كېلىدۇ. قىرىق ئوچاقتىن قايتقان ۋەكىللەردىن خەۋەر ئاڭلىغان
دۆربىلجىندىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاللىقاچان ھەر تەرەپكە
قېچىپ كەتكەن بولۇپ، يامۇل بوش قالىدۇ. ما خېيىڭ ئۆز
قوشۇنى بىلەن بىخارامان يامۇلغا جايلىشىدۇ ۋە قازاق ئەل باشلىق-
لىرىدىن تاڭغىت ئۆكۈرداي قاتارلىق ئاقساقاللار بىلەن ئالاقىلى-
شىدۇ. بۇ ئاقساقاللار شۇ ۋاقىتلاردا: «جاڭ پېييۈەن گېنېرال
ئىچكىرىدىن تالاي مىڭ ئەسكەر تارتىپ چىققان ما جۇڭيىڭ گېنې-
رال بىلەن بىرلەشتى، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭنىڭ
ھەر يەرلىرىگە تارقالغان. چۆچەكتىكى ھۆكۈمەتمۇ، خەلقمۇ جاڭ
پېييۈەننى قوللايدۇ. ئۈرۈمچىدىكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى رۇ-
سىيىدىن قېچىپ كەلگەن رۇسلار بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت
بىلەن يېقىنلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئىككى گېنېرالنى يېڭىپ
كېتەلمەيدۇ». دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن جاڭ پېييۈەن
تەرەپتە تۇرۇشقا تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر تەرەپ-

① قوبۇقتىن باشلانغان ئىشلارنى ئابدۇقادىر راخمان ئاكا تەمىنلىگەن. ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانىكەن.

تىن دۆربىلجىن، چۆچەك ھۆكۇمەت دائىرىلىرىنىڭ پات ـ پاراق-
چىلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن، يەنە بىر تەرەپتىن تاڭغىت
ئۆكۇرداي قاتارلىقلار «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەن
كۆز قاراشتا بولۇپ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھاكىمىيەت
بېشىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ مەنسىپى، قاراشلىق ئېلىنى ۋە مال ـ
مۈلكىنى ئېلىۋالماي ئارقا تىرەك بولۇپ بەرسىلا، ئۇنىڭغا بويسۇ-
نىدىغانلاردىن بولغاچقا، ما خېيىڭنى تايىنىشقا بولىدىغان كۈچ،
دەپ قاراپ، ئۇنى قوللاپ بىر مۇنچە چارۋا ـ مال ۋە ئات ئۇلاق
ياردەم قىلىدۇ. چۆچەكتە «ئىسلام ئاچىمىز» دەپ يۈرگەن ھاشىم
شاڭزۇڭ[1] بىلەن ھېكىماخۇن بايلارمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ،
ماخېيىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ. ما خېيىڭ چۆچەكنىڭ ئەھۋالىنى
بۇلاردىن ئۇققاندىن كېيىن، بىر كېچە يول مېڭىپ چۆچەكنىڭ
شىمالى تەرىپى (قارادۆڭ، جاۋۇرتام) بىلەن ئايلىنىپ كېلىپ،
شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كونا يامۇل ئىچىگە كىرىۋالىدۇ ۋە
دەرھال سېپىل ئۈستىگە ئەسكەر چىقىرىپ پوستا تۇرغۇزىدۇ.
بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ھاشىم شاڭزۇڭ، ھېكىماخۇنلار باشچىلىقى-
دا «ئىسلام ئاچىدىغان» بىر تۈركۈم پارتىزان شەكىللىك قورال-
لىقلارمۇ بار ئىدى.

## ما خېيىڭ چۆچەككە كەلگەندىن كېيىنكى قىرغىنچىلىق

بۇ چاغدا چۆچەكتىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەر ۋە ئۇلار
بىلەن مۇناسىۋەتلىك قورallanغان بايلار ئالدىقاچان چۆچەكنىڭ
شەرق تەرىپىدىكى يېڭى ياموۇلغا كىرىۋالغانىدى. ئەھۋالنىڭ بۇز-

[1] ھاشىم شاڭزۇڭ، ئۇيغۇر، ئاتۇش بۇيامەتلىك كىشى بولۇپ، چۆچەكتە سودىگەرچىلىك بىلەن باي بولغان ۋە روسيە تەرەپ بىلەن سودا قىلىپ موسكۋاغىچە بارغان. ئىقتىسادى كۈپ بولغاچقا يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا شاڭزۇڭلۇق مەنسىپىنى بەرگەن.



داق بولۇشى يەرلىك ئاددىي پۇقرالار ئۇچۇن ۋەھىمە ئېلىپ
كەلدى. بولۇپمۇ، چۆچەكنىڭ شەھەر سىرتىدىكى (سەھرالىردى-
كى) دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، ئۇدۇل
كەلگەن يەردىن چېگرا ئاتلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قاچتى
(ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھەتچىلىك ۋە باي دېھقانلارنى
سىنىپ تەرىقىسىدە يوقىتىش كۈرىشىنىڭ كەسكىن ۋەزىيىتىگە
دۇچ كېلىپ، ھەيدەپ ئەكەتكەن چارۋا ماللىرىنىڭ ھەممىسىدىن
ئايرىلىپ، قازاقىستاننىڭ ئۇرجار ـ ماقانچى قاتارلىق يەرلىرىدە
سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، بىر يىل بولاي دېگەندە ئاران قايتىپ
كېلىشتى). شۇنداق قىلىپ چۆچەكتىكى ئىككى سېپىلدىن ئىبا-
رەت ئىككى تەرەپتە ئىككى ئاپەت تىكلىنىپ، ئاددىي ئاھالە ئوتتۇ-
رىدا قالدى. ئەھۋال جىددىي بولۇپ قان تۆكۈلۈش مۇقەررەر
بولۇپ قالدى. ئىككى ياموۇلغا جايلاشقان ئىككى تەرەپ ھە دېگەندە
بىر ـ بىرىنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرىشتى. لېكىن، بۇنىڭدىن
ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى. ما خېيىڭ: «شەھەر ئاھالىسى بىلى-
كىگە ئاق باغلىسۇن، قولىدا قورالى بولسۇن» دەپ ئۇقتۇرۇش
چىقاردى. بۇ ما خېيىڭ تەرەپتە تۇرغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى.
يېڭى ياموۇلغا كىرىۋالغانلار بىلەككە قىزىل باغلاش توغرىسىدا
ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ ما خېيىڭغا قارشى تەرەپنىڭ بەلگىسى
بولۇپ، بۇ بەلگىلەر خەلقنى ناھايىتى قايمۇقتۇردى. نەتىجىدە
بىلىكىگە ئاق ـ قىزىل بەلگە تاقىغان كىشىلەر كوچىلاردا، شە-
ھەر سىرتىدا يۈرۈشتى. يېڭى ياموۇلدىكىلەر جىم بولغانلىقتىن،
ما خېيىڭ ئەسكەرلىرى يالا ـ قۇيرۇقلىرى قىرقىلغان ئاتلىرى
بىلەن سەپ بولۇپ كوچىلاردا چېپىشىپ يۈردى. شۇڭا ئۆيلىرى-
دىن تالاغا چىققان يەرلىكلەرنىڭ ئاق بەلگە تاقىغىنى كۆپرەك
بولدى. سۈلھى پاكى تەسلىم بولۇشلاردىن دېرەك بولمىغاندىن
كېيىن، ئىش ئاخىرى پاڭ ـ پۇڭغا ئايلاندى، ئىككى سېپىلدىن
ئېتىلغان ئوقلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈشكىلى تۇردى.

پۇقرالارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەت تاملىرىدىن ئوق تېگىپ ئۆتمە تۆ-
شۈك بولۇپ كەتكەنلىرى ئاز بولمىدى[1]. بەزى غايىپ ئوقلار
دېرىزىلەردىن كىرىپ، بالا ـ چاقىلارنى ئۆيلىرىدە خاتىرجەم
تۇرغۇزمىدى. ما خېيىڭ سېپىل ئىچىدە ئۇزاق تۇرالمىدى. ئو-
زۇق ۋە يەم خەشەك مەسىلىسى ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆپلەپ
سېپىلنىڭ سىرتىغا چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇلار يېڭى يامۇل
تەرەپكە بارالمىغانلىقتىن، شەھەر سىرتى ۋە كوچىلىرىدا پەقەت
بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئىش قىلالمىدى.
شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا ئاھالىسىنىڭ مال ـ چارۋىلىرى ئاددىي
قوتانلاردا بولغاچقا، كۆزگە ئاسان چېلىقىپ، ما خېيىڭ ئەسكەر-
لىرى كۆرگەن يەردىنلا ھەيدەپ چىقىپ ئات، كالا، قويلارنى
يامۇلغا ئېلىپ كىردى. نەيزىلەر بىلەن يەرلەرنى سانچىپ كۆمۈل-
گەن ئاشلىق، يەم ـ خەشەكلەرنى تاپقان يەردىن يامۇلغا توشۇپ
كەتتى. ئىككى تەرەپ سېپىلدا تۇرۇپ بىر ـ بىرىنى كۆرمىسىمۇ
خېلى ئېتىشتى. يېڭى يامۇل سېپىلىدىن ئېتىلغان پىلتىلىك
زەمبىرەكنىڭ چۆيۈن ئوقى چاغلىق ئىدى. لېكىن، زەمبىرەك-
نىڭ ئاۋازى خېلى يەرگىچە ئاڭلىناتتى. بۇ جەڭنىڭ توققۇزى-
رەڭ بىرى جەڭ بولۇپ، يەتمىگەن يېرىگە يامۇلدىكىلەر يەرگە
دورا كۆمۈپ پو ئېتىپ، ئۇنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى بىلەن ما
خېيىڭ ئەسكەرلىرىنى ئالاقزادە قىلماقچى بولاتتى. قالايمىقان
ئېتىشىش جەريانىدا شەھەردە ئوت كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بې-
رىپ، بىر كوچىدىكى قاتار دۇكانلاردىن بىر نەچچىسى بىراقلا
كۆيۈپ كەتتى. ما خېيىڭنىڭ ھەممە يەرگە تارقالغان ئەسكەرلىرى-
نىڭ ۋەھشىيلىكىدىن قان تۆكۈلۈش كۆپ بولدى) ئۇرۇشتىن

---

[1] يېڭى يامۇلدىكىلەر: «مۇسۇلمانلار ما خېيىڭنى قوللىدى» دەپ مىلتىق ۋە زەمبىرەكنى ھەدەپ چۆچەكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمان مىللەتلەر تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى. ۋەھالەنكى، ما خېيىڭنى قوللىغانلار ئاز ساندىكى بايلار بولۇپ، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي ئامما، ھەتتا ما خېيىڭنىڭ كىم ۋە ئۇنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.



كېيىن بىر ئايال مېنىڭ ئاپامغا: «ئېرىمنى قورۇدا قوغلاپ
يۈرۈپ قېلىچ بىلەن چانىغاندا، مەن ئۆگىزىدە بىر خالتا پۇلنى
قۇچاقلاپ تۇرغانىدىم. ئېرىم يىقىلغاندا ئېسىم چىقىپ ھېلىقى
خالتىنى تۇڭگاننىڭ ئالدىغا تاشلاپتىمەن، تۇڭگان غايىپ بولغان-
دىن كېيىن، ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئېرىمنىڭ بېشىنى قۇچىقىمغا
ئېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ يېرىم كېچىگىچە خاقىراپ يېتىپ ئاندىن
جان ئۈزدى» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى). بۇنداق ۋەھشىيلىك ما
خېيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئالتايدا
پەيدا قىلغان بىر ئۇرۇشتا رۇسلار بىلەن ئۆچەكىشىپ، ئۇلارنىڭ
بالا ـ چاقىلىرىنى قاتتىق قىرغىن قىلغان. ئائىلىدە قېلىپ بىر
ئۆيگە يىغىلغان بوۋاي ـ موماي، ئاياللار ۋە بالىلارنى قىلىچ بىلەن
بىر چەتتىن چاناپ ئۆلتۈرۈۋاتقاندا، ئاخىرىدا قالغان 13 ـ 14
ياشلىق بىر قىز «لايىلا ـ لايىلا» دەپ چىقىراپ كېلىپ يۇسۇپ
دېگەن بىر ئۇيغۇر ئەسكەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ھوشىدىن كېتى-
دۇ. يۇسۇپ باشقىلارغا: «بۇقىز ‹لائىلاھە...› دەپ ئىمان كەل-
تۈردى، مۇسۇلمان بولدى. بۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى سىزلەر-
دىن تىلەپ ئالاي» دەپ يېلىنىپ، قىزنى قىلىچتىن قۇتۇلدۇرۇپ
قالىدۇ. قورقۇپ كەتكەن قىز بىرەر ھەپتە سۆز قىلالماي، تىلى
تۇتۇلۇپ ئاندىن ئوڭشىلىدۇ. كېيىن يۇسۇپ بۇ قىزنى ئۆز نىكا-
ھىغا ئالىدۇ، ئاندىن بۇرتالاغا كېلىپ ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق ۋە
بالىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئوغلى ياسىن ئانىسىدىن ئاڭلىغان
يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى. چۆچەكتە قىر-
غىنچىلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قىزىل بەلگە تاقىغانلار
ياكى بەلگە تاقىمىغانلار بولۇپ، ئاق تاقىغانلار ئەركىنرەك بول-
دى. ئاق تاقىغانلار ئاساسەن چەتتىن كىرىپ ئېقىپ يۈرگەن
(قوللىرىدا نەيزە ـ پىچاق تۇتقان)، ئۇرۇش پۇرسىتىدە ئولجا
ئېلىشنىڭ كويىدا يۈرگەنلەر بولۇپ، ما خېيىڭ بۇلارنى ۋە «ئىس-
لام ئاچىدىغانلار»نى پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر خىل كۈچ ھې-

ساباندى. ئۇ ئوزۇق - تۈلۈكنى راسا قامدىۋالغاندىن كېيىن،
يېڭى يامۇلدىكىلەرنى سېپىل ئىچىدىن چىقارماي، خېلى ئۇزاق
بىر مەزگىل قامال قىلىپ تۇردى. ئەمما، ئۇ ئۈرۈمچىدە شېڭ
شىسەينىڭ سوۋېت كونسۇلى بىلەن ياردەم بېرىشنى كېلىشىپ
بولغانلىقى ھەمدە چۆچەك كونسۇلى ئارقىلىق ھەممە ئەھۋالدىن
خەۋەر تېپىپ تۇرغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. دەل مۇشۇ
پەيتتە، ئۈرۈمچى تەرەپتىن شېڭ شىسەينىڭ ما خېيىڭغا قارشى
ياردەمگە ئەۋەتكەن ياۋ خۇاتىڭ[1] ۋە خىلوۋسكىي[2] باشچىلىقىدىكى
قوشۇننىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى (بۇلار 20 ما-
شىنىغا ئولتۇرغان بولۇپ، ئازراق قىسمى ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس
ئەسكەرلەر، كۆپ قىسمى شەرقىي شىماللىقلار ئىدى). بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلىغان ما خېيىڭ ھاشىم شاڭزۇڭغا: «سەن ئەسكەرلى-
رىڭ بىلەن بېرىپ يول توسۇپ ئۇلارنى ئۆتكۈزمە» دەپ بۇيرۇق
بېرىدۇ. ھاشىم شاڭزۇڭ ئادەملىرىنى باشلاپ چىقىپ دۆربىلجىن
بىلەن چۆچەك ئوتتۇرىسىدىكى دامىلتام دېگەن يەردە يول توسۇ-
دۇ. رۇسلار ئۇلارغا: «بۇنداق قىلماي قايتىپ كېتىڭلار!» دەپ
قايتىشقا دەۋەت قىلسا، ئۇنىماي ئوق چىقىرىشىدۇ، كېيىن رۇس-
لار پىلىموتلاردىن ئوق ياغدۇرغاندا پات - پاراق بولۇشۇپ،
چۆچەككە ئاران يېتىپ كېلىشىدۇ. خىلوۋسكىيلار چۆچەككە
كېلىپ يېڭى يامۇلغا كىرىۋالغانلار بىلەن قوشۇلدى ۋە ما خېيىڭ-
نىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشقا تۇتۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن سېپىل
ئۈستىدە تۇرۇپ كونا يامۇلغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرسا، يەنە بىر
تەرەپتىن ئاتلىق ۋە ماشىنا بىلەن سېپىل سىرتىغا چىقىپ ما

---

① ياۋخۇاتىڭ ئەسلىدە ياپونلار شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغاندا قېچىپ سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، جىن شۇرېن تەختىكە چىققان يىللاردا شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالغان قورالسىز قوشۇننىڭ ئوفىتسېرى ئىكەن.

② خىلوۋسكىي ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا مەغلۇپبولۇپ رۇسىيەدىن قېچىپ كەلگەن ئاق ئورۇس بولۇپ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس ئوفىتسېرى.



خېيىڭنىڭ تارقىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى ئۇچرىغان يەردە يو-
قاتتى (ئېيتىلىشىچە، ما خېيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقى ئاز
بولۇپ، كۆپىنچىسى قىلىچ - نەيزە تۇتقان ئىكەن). ئامان قال-
غانلىرى كونا يامۇلغا قېچىپ ئاران ئۇلگۇردى. يېڭى يامۇل ۋە
ھەر تەرەپلەردە توختىماي ئېتىلغان مىلتىق - پىلىموت ئاۋازلىرى
ما خېيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى قاتتىق چۆچىتتى. شۇڭا
ئۇرۇش جىددىي باسقۇچقا كىرگەن 2 - كۈنى كېچىسى ما خېيىڭ
ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كونا يامۇلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن چى-
قىپ شىخو تەرەپكە قاچتى. ھاشىم شاڭزۇڭ، ھېكىماخۇن،
ئۆمەر ئاخۇن ۋە توختى موللا دېگەنلەر ئۆز باشلىرىنى ئېلىپ ما
خېيىڭ بىلەن بىللە كېتىشتى (ما خېيىڭ شىخو - ماناس تەرەپ-
لەردىكى بىر قۇملۇقتا ياتقان كېچىلەرنىڭ بىرىدە، ھاشىم شاڭ-
زۇڭ، ئۆمەر ئاخۇن ۋە توختى موللا ئۇچەيلەن قېچىپ كېتىدۇ.
ئەتىسى ما خېيىڭ ھېكىماخۇننى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. قاچقان ئۇچەي-
لەن ئالتايغا بېرىپ، بۇرھان شەھىدى بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە
چۆچەك تەرەپتە قىلغان ئىشلىرىنىڭ خاتا بولغانلىقى توغرۇلۇق
تەنقىد ئاڭلايدۇ. كېيىن، ئۇلار بۇرھان شەھىدىنىڭ يېزىپ بەر-
گەن بىر پارچە خېتى بىلەن چۆچەككە قايتىپ كېلىدۇ). ما
خېيىڭ چۆچەكنى پاراكەندە قىلغان بۇ ئۇرۇش كىشىلەر ئاغزىدا
«تۇڭگان يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىپ قالدى.

## ما خېيىڭ قاچقاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار

ما خېيىڭ قوشۇنىنىڭ كېچىلەپ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن
خەۋەرسىز بىلىكىدە ئاق بەلگىسى بار كىشىلەر ئەتىگەندىلا كو-
چىلاردا يامراپ تىمىسقلاپ يۈرۈشتى (ما خېيىڭ قاچقان كېچىسى
ئوق ئاۋازى جىمىققان بولسىمۇ، يەرلىك كىشىلەر ئىچىدىكى
بەزى بۇزۇق كىشىلەر باشقىلارنىڭ قورۇسىغا ياكى ماگىزىنلىرىغا

بۇلاڭچىلىققا كىرگەن، قورۇ ـ ماگىزىنلارنى قوغداش يۈزىسى-
دىن قوشنا ـ قولۇملارنىڭ هايت ـ هۇيت دەپ ۋارقىرىغان
ئاۋازلىرى شەهەرنىڭ هەممە يەرلىرىدىن ئاڭلىنىپ تۇردى. ئې-
قىپ يۈرگەنلەر ئەهۋالنى بىلمىگەچكە هەممىسى دېگۈدەك كۈندۈ-
زى سىرتقا چىقىشقان) . خىلوۋسكىينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى
چىقىپ ئۇلارنى ئۆيلىرىگە قايتىشقا خېلى هەيۋە بىلەن قوغلىغان
بولسىمۇ، ئۇلار پىسەنت قىلىشماي بىر كوچىدىن قوغلىسا يەنە
بىر كوچىغا بېرىۋېلىشتى.①كېيىن، ئۇلار ئۈستىگە ئىستانكىۋاي
پىلىموت ئورنىتىلغان ماشىنا بىلەن كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ
كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇچرىغانلارنىڭ هەممىسىنى پىلى-
موتقا تۇتتى (شۇ چاغدا بىزنىڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ
ئاتقان پىلىموت ئوقىدا ئۆلگەن 10 نەچچە ئادەمنىڭ ئۆلۈكى بىر
نەچچە كۈن تۇرغانىدى) . ئۇزۇن ئۆتمەي شەهەر تىنچلىنىپ ئەل
ئامان بولدى. شەهەر تىنچلانغاننىڭ ئەتىسى خىلوۋسكىي ئاتلىق
ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سىرتقا چىقىپ كۆك كۆۋرۈك كوچىسىدا
كېتىۋاتقاندا، مۆكۈپ ياتقان بىر ماخېيىڭ ئەسكىرىنىڭ چەنلەپ
ئاتقان ئوقى بىلەن ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان كىشى خىلو-
ۋسكىيگە قارىغاندا قاتتىق قول رۇس بولۇپ، ئۇ «شتابنىڭ
بۇيرۇقى» دېگەن نام بىلەن بىر نەچچە ئەسكىرىنى بايلاردىن
ئالۋان يىغىشقا ئەۋەتىدۇ. ئالدى بىلەن مەخسۇت هاجىغا بۇيرۇق
ئەۋەتىپ بىر نەچچە يەشىك چاي، 50 قاپ شېكەر ۋە 200
كىشىلىك ئۆتۈك بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەخسۇت هاجى دەرهال
ئىسكىلاتنى ئېچىپ بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ. هەسەنبايدىن-

① بۇ كۈنى ئوق ئاۋازى تامامەن توختىغان بولۇپ، هەربىي هالەت يۈرگۈزۈلگەن ئىكەن.
بۇ تەرىپىدىن بىخەۋەر بولغان بوتىلاق قارى دېگەن كىشى (ئەسلىدە مەدرىسە مۇئەللىمى ئىدى)
ئۆيىدە يەيدىغىنى قالماي، تۆگمەنگە ئۇگۇت ئەكىتىۋاتقاندا رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ـ توختا! دەپ
ۋارقىرىغان ئاۋازىنى (قۇلىقى ئېغىر بولغانلىقتىن) ئاڭلىماي، رۇسلارنىڭ ئاتقان ئوقى بىلەن شۇ
يەردىلا ئۆلگەن.



مۇ يۈقىرىقىدەك نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. هەسەنباي نارازىلىق
بىلدۈرۈپ هېچنىمە بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ـ دە، ئەسكەر-
لەرنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆزى شۇ خاپىلىق بىلەن روزەمباينىڭ
قورۇسىغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئەنسەر باي، غوپۇر ئىمام ۋە جەنۇب
تەرەپتىن كەلگەن پالاش خەلپىتىم دېگەن كىشىلەرمۇ بار ئىكەن.
هەسەنباي كېلىپ ئۆزىنىڭ خاپىلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرغاندا بىر
نەچچە رۇس ئەسكەر كېلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ هەممىسىنى هەيدەپ
يېڭى يامۇلغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بىر گاچا
تامچى (قازاق يىگىتى) مەخسۇت هاجىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ
ئالدىدا بۇقۇلداپ يىغلايدۇ. مەخسۇت هاجى ئۇنىڭ يىغىسىنى
بېسىپ ئەهۋالنى سورىغاندا، گاچا ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن
بوينىنى كۆرسىتىپ هېلىقى هەيدىلىپ مېڭىلغانلارنىڭ يامۇل
ئىچىدە قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئۇقتۇرى-
دۇ (مەخسۇت هاجى بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئەهۋالنى
ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىگە ئېيتىپ، كېيىن چۆچەككە
هاكىم بولۇپ كەلگەن مەنسۇرنىڭ ۋاستىچىلىق قىلىشى ئارقى-
سىدا، جەسەتلەرنى كۆمۈلگەن يېرىدىن ئېچىپ ئېلىپ چىقىپ
قايتا دەپنە قىلىدۇ①) .

خىلوۋسكىي ئۆلگەندىن كېيىن، ياۋ خۇاتىڭ كونا يامۇلغا
ئورۇنلىشىۋالىدۇ ۋە ئۆزىنى ئەركىن هېس قىلىپ، رەزىللىك
بىلەن مال ـ دۇنيا يىغىشنىڭ كويىغا كىرىدۇ. چۈنكى، رۇسلار-
نىڭ قىلغان ئىشىدىن تەجرىبە توپلىغان بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن
بايلاردىن باشقا هايات قالغان بايلارمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە گويا هېچقان-
داق ئىگە چاقىسى ـ ئارقا تىرىكى يوقتەك كۆرۈنۈپ قالىدۇ.
شۇڭا ئۇ مەخسۇت هاجى، مۇرات ئەپەندى قاتارلىق بىر نەچچە
باينى گەپ سۆزسىزلا ئەسكەرلىرىگە هەيدەتكۈزۈپ ئەكىلىپ ها-

① مەخسۇت هاجى قورۇسىدىن باشلانغان ئەهۋاللارنى ئابدۇقادىر راخمانوف تەمىنلىدى.

كىم يامۇلنىڭ[1]گۇندىخانىسىغا قامايدۇ. باشقىلار بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشىدۇ. بۇ چاغدا چۆچەكتە خەنزۇ تىلى بىلىدىغانلاردىن خەمىت خەكىمنى ياۋ خۇاتىڭ ئۆزىگە تەرجىمان قىلىۋالغانىدى. سولاققا ئېلىنغانلارغا بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغان بىر كۈنى خەمىت خەكىمى مەخسۇت ھاجىمنىڭ قورۇسىدا قالغان مەپىز بايغا: «ياۋ زىخۇي 50 سەر ئالتۇننى 50 زىقچە قىلىپ ئەكىلىپ بەرسۇن، دېدى» دەيدۇ. مەپىز باي كىچىكتۇرمەي تەييارلاپ ئاپىرىپ بېرىدۇ. خەمىت خەكىمى 2 ـ قېتىم كەلگىنىدە مەخسۇت ھاجىنىڭ ياۋروپاچە ئىشلەنگەن قىممەت باھالىق جۇۋىسىنى ۋە «موسكا» ئىسىملىك ئارغىماق ئىتى قېتىلغان پەيتۇن ھارۋىسىنى ياۋ زىخۇي بەرسۇن، دېدى دەيدۇ. مەپىزباي بۇنىمۇ شەرتسىز ئورۇنلايدۇ. ياۋ خۇاتىڭ قاماققا ئېلىنغان باشقا بايلاردىنمۇ شۇنداق يول بىلەن نۇرغۇن بايلىق يىغىۋالغانىكەن. ئەھۋالنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەنلەردىن مەپىز باي باشلىق بىر قانچە كىشى سولاققا چۈشكەنلەرنى قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا ئۇرۇمچىگە ئەرز سۇنۇش نىيىتىگە كېلىپ، ئاۋۋال بىر پارچە ئەرز بىلەن ياۋ خۇاتىڭنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ ۋە قامالغانلارنى بوشىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياۋ خۇاتىڭ ئۇلارغا: «ھېلىغۇ مەن ئۇلارنى قاماپتىمەن، ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ تاشلىسام قانداق قىلاتتىڭلار؟» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ ـ دە، ئىشنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. بۇ ئارىدا ياۋ خۇاتىڭ، چۆچەك ۋالىيسى چېن جىيشەن، خې يىڭجاڭ، جاڭ تۈەنجاڭ قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئىلىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ شىنجاڭنى ماجۇڭيىڭ بىلەن بۆلۈشىۋېلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى جاڭ پېيۈەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىك مەسىلىسى

① كونا يامۇل بۇرۇندىنلا ھاكىم يامۇل، شەڭگەن يامۇل، دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى، يېڭى يامۇلنى دوتەي يامۇل دەپ ئاتىشاتتى.



ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەزگىلدە ياۋشۇڭ، جاۋ دېشۇ ۋە بۇرھان شەھىدىلەر ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن تەدبىر قوللىنىپ، ياۋ خۇاتىڭنىڭ قوشۇنىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئەمەلدارلارنى نەزەربەند قىلىدۇ ياكى رەسمىي قولغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چۆچەكتە يەنە بىر قېتىم يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قانلىق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنىدى ۋە ياۋ شۇڭ چۆچەك گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا، جاۋ دېشۇ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، مەنسۇر (ئۇيغۇر) چۆچەكنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ كەلدى. مەنسۇر ياۋ خۇاتىڭ قاماققا ئالغان بايلارنى قاماقتىن چىقارغۇزۇپ، ياۋ خۇاتىڭنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئۆيلىرىگە ئاپارغۇزدى. ئۇزاق ئۆتمەي، شېڭ شىسەينىڭ جىددىي بۇيرۇقى بىلەن ياۋ خۇاتىڭ، چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سۇن گوخۇا ۋە ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەن ئەۋەتكەن ئەلچى كۆكشىبىن قاتارلىقلار قوماندان ياۋ شۇڭ تەرىپىدىن داۋراڭ سېلىنمايلا ئېتىپ تاشلانغان.

جاۋ دېشۇ قابىلىيەتلىك، بىلىملىك كىشى بولغاچقا، شۇ يىلى قىشتىلا تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ھەر ساھە خىزمەتلەرنى يولغا قويدى. مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ 1934 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىگە ئۈلگۈرتۈپ ھەر مىللەت مەكتەپلىرىنى ئاچقۇزدى. ياۋ شۇڭ كېيىن غۇلجىغا يۆتكەلدى. ئاڭلاشقا قارىغاندا، جاۋ دېشۇ بىلەن ياۋ شۇڭ ئىككىسى كېيىنكى يىللاردا شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

(ئاپتور: «ئىلى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**

# بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە ئۆتكەن ھايات

سۆزلەپ بەرگۈچى: رەجەپ مۇپتۇللا
قەلەمگە ئالغۇچى: ئىمىنجان سادىق

## سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن بالىلىق چاغلىرىم

مەن 1914 ـ يىلى كۈزدە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيە بازىرى-
نىڭ ئېقىن بويى مەھەللىسىدە مۇپتۇللاخۇن ئىسىملىك بىر كى-
چىك گەزمال سودىگىرى ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. ئانامنىڭ ئىسمى
بەختىخان ئىكەن، بىز ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز بولۇپ، مەن
بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىكەنمەن. مەن تەخمىنەن 9, 10 ياش-
لارغا كىرگەندە دادام تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ، ئۆلۈپ كەتتى.
شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 1937 ـ يىلىغىچە ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە
بايلارنىڭ پادىسىنى بېقىپ، ئاش ئورنىغا تاياق ـ توقماق يەپ،
قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ تىرىكچىلىك قىلدىم. 1937 ـ يىلى ئەتى-
يازدا، غۇلجىدىكى مۇسابايوفلارنىڭ ئادەملىرى جەنۇبىي شىنجاڭ-
دىن سېتىۋالغان 5000 تۇياق قوينى ھەيدەپ يۇرتىمىزدىن ئۆت-
كەندە، مەن ئۇلارغا ياللىنىپ، قويلارنى مۇز داۋان ئارقىلىق
غۇلجىغا ھەيدەپ ئاپىرىشىپ بېرىدىغان بولدۇم. بىز مىڭبىر
جاپادا تېكەس ناھىيىسى تەۋەسىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قوي-
لارنى شۇ يەردىكى يايلاقلاردا يەنە بىرەر ئايدەك بېقىپ ئاندىن
ئېگىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە
ئاقسۇدىن غۇلجىغا مەن بىلەن بىللە مال ھەيدەپ چىققان ساۋۇت



بىلەن بىرگە يەنە مۇز داۋان ئارقىلىق پىيادە قايتىپ كەلدۇق.
8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يەنە قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە بۇغداي ئېلىپ
ماڭغان بەختاخۇن ئىسىملىك بىر رەۋەندە (ئېشەكچى) نىڭ ئې-
شەكلىرىنى ھەيدەپ ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىپ، نۇرغۇن يول ئازا-
بى تارتىپ 2 ئايدىن ئارتۇق يول يۈرگەندىن كېيىن، 11 ـ ئاينىڭ
باشلىرىدا توقسۇنغا يېتىپ باردۇق. كىيىم ـ كېچەكلىرىم يې-
لىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل بولمىغاچقا، ھەمراھلىرىمدىن ئايرى-
لىپ، توقسۇن ناھىيە بازىرىدا قېپقالدىم ۋە بۇ يەردە قىشچە
مەدىكار ئىشلەپ، 1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلدىم
ھەمدە بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە كۈنلۈك مەدىكار ئىشلەپ ئاران جان
باقتىم. 1939 ـ يىلى 5 ـ ئايغا كەلگەندە نەپەر يېتىم بالا بىلەن
«چۆچەكتە پۇل تاپماق ئوڭايكەن» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ، چۆ-
چەككە قاراپ پىيادە يۈرۈپ كەتتۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇزامانلاردا
ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت بولغاچقا، چۆچەكتىمۇ كۈن
ئالالماي، كۈزدە يەنە ھېلىقى يېتىمچىلەر بىلەن بىرگە جان
بېقىش ئۈچۈن غۇلجىغا پىيادە مېڭىپ باردىم. ئەمما بۇ يەرگە
بارغاندىن كېيىن، قولۇمدا بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپ ياكى خەت
ساۋادىم بولمىغاچقا، شەھەردىن ئىش تاپالماي، دولان يۈزى قاتار-
لىق يېزىلاردىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە يالىنىپ ئىشلى-
دىم. 1940 ـ يىلى قىشقا كەلگەندە، يەنە غۇلجىدىمۇ تۇرالماي،
يول بويى كۈنلۈك مەدىكار ئىشلىگەچ تۇرپانغا يېنىپ كېلىپ،
شەھەردە ئاچ ـ توق ھالەتتە ئىش ئىزدەپ يۈرەتتىم، بىر كۈنى
شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئالتايغا «ئال-
تۇن قېزىش»قا ئېلىپ چىققان نەچچە مىڭ ئۇيغۇر ياشلىرى
قاتارىدا مېنىمۇ شەرقىي دەرۋازا ئەتراپىدىكى بىر دەڭگە سولاپ
قويدى. مەن بۇ يەردە بەش كۈن سولاقلىق تۇردۇم. بۇ جەرياندا،
خەنزۇ جىياۋلىيەنلەر بىزنى بەن ـ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ،
ھەربىي مەشىق قىلدۇردى. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىگە كۆك

ماتادىن تىكىلگەن ھەربىي كىيىم بەرگەن بولسا، بەزىلىرىگە ھەربىيچە كىيىم بەرمىگەچكە پۇقراچە كىيىم بىلەنلا يۈرەتتى (شۇ قاتاردا ماڭىمۇ كىيىم بېرىشمىگەنىدى). مەن بۇ يەردە ئالتايغا بېرىپ «ئالتۇن قازغۇچىلار»نىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن ئۇققاندىن كېيىن، بىر كۈنى كەچ سائەت 12 لەردە بىز سولاقلىق دەڭنىڭ تېمىدىن ئۆزۈم يالغۇز ئاستا ئارتىلىپ چۈشۈپ، چاتقال يېزىسىغا قېچىپ كەتتىم ۋە 1944 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە شۇ يېزىلىق مۇھەممەتئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە ياللىنىپ ئىشلىدىم. بۇ ئادەم خېلى ئىنساپلىق كىشى بولۇپ، مېنىڭ ھېچقانداق يۆلەنچۈكى يوق قارا يېتىم ئىكەنلىكىمنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇرتۇقتىكى بىر تۇغقىنىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپ، بېشىمنى ئوڭلاپ قويماقچى بولدى. مەنمۇ ماقۇل كۆرۈپ تويغا ئانچە ـ مۇنچە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىدىم. بىر كۈنى مۇھەممەتكام بىلەن ئىككىمىز بۇغداي توپىلاش ئۈچۈن 2 ئات قوشۇلغان كۆتەك ئارۋىدا توپا توشۇۋاتاتتۇق، ئېتىز بېشىغا 40 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى پۇقراچە كېيىنگەن بىر ئادەم خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن سالام ـ سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، ئېتىز قىرىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكەچ، ئۆز ئارا پاراڭلاشتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتەن گۇمىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ماڭا ھېسداشلىق قىلغاندەك قىلىپ، مەندىن ئۇنى ـ بۇنى كوچىلاپ سورىدى. مەنمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئاقكۆڭۈللۈك قىلىپ، ئۇنىڭغا قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتىمەن. ئەمما، ئارىدىن 3 كۈن ئۆتكەندە قارىسام ، 3 نەپەر قوراللىق گومىنداڭ ئەسكىرىنى باشلاپ كېلىپ، مېنى يەنە مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن توي ئىشىممۇ سۇغا چىلاشتى.



## تۇتقۇنلۇقتا ئۆتكەن ياشلىق ھاياتىم

ئۇلار مېنى شەھەرگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، ماڭا كۆك ماتادىن تىكىلگەن بىر قۇر ھەربىيچە كىيىم بەردى، ئاندىن قەشقەرلىق ××× سەنمۇجاڭ (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ) دېگەن كىشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ قەشقەردىن يۆتكەپ كەلگەن 31 ـ تۇەنگە تەقسىم قىلدى، تەلىيىمگە يارىشا ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ئىكەن. يۈرىكىم سەل ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. بىز ئەتىسى تۇرپاندىن پىچان ناھىيىسىگە بېرىپ، شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرماقچى بولۇۋىدۇق، ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى: «پىچان كىچىك يۇرت، بىز سىلەردەك 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باقالمايمىز» دەپ بىزگە سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پىچاندا تۇرالماي، ئۈرۈمچىگە قاراپ پىيادە يۈرۈپ كەتتۇق. ئۈرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن، بۇ تۇەننى پارچىلاپ، بىز بىر تۈركۈم ئادەمنى لومەنچىڭغا ئېلىپ بېرىپ، باشقا يېڭى ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇۋەتتى. مېنىڭ يېشىم باشقىلاردىن سەل كىچىك، بويۇم پاكارراق بولغاچقا، ئاشخانىدا ئىشلەشكە بەلگىلەندىم. يېمەكلىكىمىز ئاساسلىقى قۇرۇق تۇرۇپ سەي بىلەن مومىلا بولۇپ، نامدا «ئەسكەر» بولساقمۇ ئەمەلىيەتتە تۇتقۇن ئىدۇق. تۈزۈملىرىمىز تۈرمىدىكىدىن پەرقسىز ئىدى. يېڭى ئەسكەرلەرگە ئۇزۇن ئۆتمەي قورال تۇتقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ جياۋلىيەنلەر قۇرۇق مىلتىقنىلا كۆتەرگۈزۈپ ئەتىدىن كەچكىچە مەشىكە دەسسىتەتتى. ئارىدىن بىرەر ئايچە ئۆتكەندە (2 ـ ئاي بولسا كېرەك) مەن تۇيۇقسىز ئىلغا كېسىلى بولۇپ قېلىپ، ئاشخانىنىڭ ئامبار قىلغان ئۆيىدە ئۈچ، تۆت كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. بۇ چاغدا ئورۇق، ئاق سېرىق، پاكارراق كەلگەن 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر خەنزۇ لىيەنجاڭىمىز مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مېنى ئاشخانىدىكى

ياتقىمدىن ئۇپچە ياتاققا قايتۇر ۋۇەتتى. ئەمما، ئارىدىن بىر مەز-
گىل ئۆتكەن بولسىمۇ، كېسىلىم ياخشىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن
ئەكسىچە ئىلمىدىن تەرەققىي قىلىپ يۇقۇملۇق قارا كېزىككە
ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، كېسەل يۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپ دەسلەپ-
تە مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى بولمىدى. كېيىن بەزىلەر
مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىش تەكلىپىنى بەرگەندى،
ھېلىقى لىيەنجاڭ قوشۇلمىدى. چۈنكى شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىن-
جاڭ ۋە باشقا جايلاردىن ئۇرۇمچىگە مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇ-
تۇپ كېلىنگەن نەچچە مىڭ ياش ئوز ۋۇقلۇق يېتىشمەسلىك، داۋا-
لاش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، دوختۇر - سىستېرالارنىڭ خىز-
مەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-
نىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى تۈپەيلىدىن ماڭا ئوخشاش يۇقۇملۇق
كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، ياش ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. شۇ-
ڭا لىيەنجاڭ ئۇلارغا: «رەجەپنى دوختۇرخانىغا ئاپارساق، دوختۇر-
لار ئۇنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى يۆتكەپ
يۇرمەي مۇشۇ يەردە ئۆزىمىز يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاپ باقايلى،
ساقىيىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دېدى. شۇ كۈنلەردە تېنىم ئاجىز-
لاپ، گېلىمدىن سۇدىن باشقا نەرسە ئۆتمەيدىغان، بىر تېرە -
بىر ئۇستىخان ھالەتتە خۇداغا نالە قىلىپ ياتاتتىم. ھېلىقى
لىيەنجاڭىمىز بولسا، ئاتايىن بىر يەرلەردىن رىندەن قاتارلىق
دورىلارنى تېپىپ كېلىپ داۋالاپ، ئاشپەزلەرگە ھەر كۈنى بىر
ۋاخ ئۇگرە ئەتكۈزۈپ بېرىپ، ھالىمدىن ناھايىتى ئوبدان خەۋەر
ئالدى. ئۇنىڭ ئىنسانىي شۇنداق كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجى-
سىدە، ئۈچ، تۆت ئايدىن كېيىن ھاسا تاياققا تايىنىپ تالا -
تۈزگە چىققۇدەك بولىۋدىم، لىيەنجاڭ بىر تەرەپتىن مېنى ياتاققا
يالغۇز يېتىۋېرىپ زېرىكىپ قالمىسۇن، يەنە بىر تەرەپتىن ئاز
- تولا بىر نەرسە ئۆگەنسۇن، دەپ ئويلىغان چېغى، ھەر كۈنى
مەشىق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ



قويۇپ، خېلى ئوبدان كۈتكەنىدى، تېزلا ئەكسىمگە كەلدىم. بۇ،
گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى مەن ئۇچراتقان ئەڭ ئىنسانپەر-
ۋەر ۋە ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ
بىز ئۇيغۇر جەڭچىلەرگە ھەرگىز قوپاللىق قىلمايتتى. تۇرمۇش
ۋە باشقا جەھەتلەردە كۆيۈنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ سىماسى كۆز ئالدى-
مىزدىن ھەرگىز كەتمەيدۇ (ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ھەر
قانچە قىلىپمۇ ئەسكە ئالالمىدىم).
شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىز تۇرۇشلۇق گومىنداڭ-
نىڭ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن پىيادە ئەسكەرلەر 38 - تۈەنى (ئەس-
كەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭدىن مەجبۇرىي ئەسكەر-
لىككە تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇرلار، باشلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى
دېگۇدەك خەنزۇلار ئىدى) نى تۈەنجاڭ چىن پىلياڭنىڭ باشچىلىقى-
دا ئات - كالا قوشۇلغان 160 دانە كۆتەك ھارۋىغا ئوق - دورا،
قورال - ياراق ۋە يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلارنى بېسىپ غۇلجىغا
قاراپ ئۇشتۇمتۇت يولغا چىقتۇق. بىز 20 كۈنگە يېقىن جىددىي
يۈرۈش قىلىپ، ئاي ئاخىرىدا كۇرەگە يېتىپ باردۇق. بىر نەچچە
كۈندىن كېيىن، باشقىلار بىزنى پاراتتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەر بىرى-
مىزگە بىردىن ياراملىق ئات بېرىپ (شۇ كۈنلەردە تېكەسلىك
بىر ئۇيغۇر باي بىزنىڭ تۈەنگە 1000 تۇياق ئات ھەدىيە قىلىش
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان ساداقى-
تىنى ئىپادىلىگەنىكەن)، بىزگە ئاتلىق تۈەن دەپ نام بەردى.
بۇ يەردە يەنە بىرەر ئايدەك مەشىق قىلدۇق ۋە بۇيرۇققا بىنائەن
شۇ ئەتراپتا بىر «كۆل» (ئەمەلىيەتتە، بۇ يەرگە باشقىلار تەرىپى-
دىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ما فامىلىلىك بىر خۇيزۇ باينىڭ مال -
مۈلۈكى كۆمۈلگەنىكەن) كولىدۇق. تەخمىنەن 1.5 مېتىرچە
كولىغان چېغىمىزدا «كۆل» نىڭ ئاستىدىن چوڭ جانان چىنە،
پىيالە، بوتۇلكىلىق ئالىي ھاراق ۋە ئېدىش قاتارلىق نەرسىلەر
چىقتى (كېيىن ئۇقساق، باشلىقلىرىمىز ئالتۇن - كۈمۈش چى-

قىپ قالارمىكىن، دەپ بۇ «كۆل»نى كولاتقانىكەن). 7 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى تۇەنجاڭلىرىمىز ھەممەيلەننى ئۇشتۇمتۇت رەتكە تۇرغۇزۇپ، مەن قاتارلىق 60 نەپەر ئەسكەرنى تاللاپ چىقتى (ئۇ چاغدا مەن مەزكۇر تۇەننىڭ 1 ـ يىڭ 1 ـ ليەن 1 ـ پەي 1 ـ بەنىدە جەڭچى ئىدىم). ئاندىن بىر مۇئاۋىن تۇەنجاڭ (خەنزۇ بولۇپ، ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ) بىزنىڭ 1 ـ پەينىڭ جاۋ فامىلىلىك پەيجاڭى، مۇئاۋىن پەيجاڭ مۇھەممەت (كۇچالىق بولۇپ، خەنزۇچىنى پىششىق بىلگەچكە ئۆستۈرۈلگەن)، مەن تۇرۇشلۇق 1 ـ بەننىڭ بەنجاڭى ئابلاخۇن (كورلىلىق) ۋە 2 ـ بەننىڭ بەنجاڭى ئىبراھىمئاخۇن (قەشقەرلىق) لارنىڭ باشچىلىقىدا بىز 60 ئەسكەرنى غۇلجىغا جىددىي يولغا سالدى. بىز 6 ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ مېڭىپ، كەچ پېشىن مەھەلدە باياندايغا يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە يەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئوندەك ئادىمى بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بىزنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ناھايىتى ئېسىل تائاملار ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن ئالاھىدە مېھمان قىلدى. بۇ چاغدا بىز تۇرۇۋاتقان ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپلىرىغا قوراللىق پوست ئورۇنلاشتۇرۇلىۋىدى، بىز يېقىن ئەتراپتا بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىگەن بولساقمۇ، باشلىقلىرىمىزدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشقا پېتىنالمىدۇق. چۈنكى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرى ئەينى چاغدا چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىز مىللىي ئەسكەرلەردىن قاتتىق مەخپىي تۇتىدىغان بولۇپ، ئەگەر بۇ توغرىدا بىرەرسىمىز ئېغىز ئېچىپ قالساق، ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيتتۇق. شۇڭا بىز ئۆزىمىزگە ئارتۇقچە ئىش تېپىۋېلىشتىن قورقۇپ «دا دېسە ئاتتۇق، پا دېسە ياتتۇق» (بۇ، شۇ زامانلاردا گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىنگەن بىز ئۇيغۇر ئەسكەرلەر توقۇپ چىققان قوشاق ئىدى) دېگەندەك پاسسىپ ھەرىكەت قوللىناتتۇق. نامازشام بولـ



غاندا تۇرساق، بىز تۇرغان يەرگە ئۈچ ھەربىي ئاپتوموبىل يېتىپ كەلدى. بىز ماشىنىلارغا يۈك ـ تاق ۋە قورال ـ ياراقلىرىمىزنى بېسىپ غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ، ئاق ئۆستەڭنىڭ بىر كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتساق، مەن ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان 2 ـ ماشىنىنىڭ ئارقا سول چاقى كۆۋرۈكنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىپ، ماشىنا سىڭايان بولۇپ قالغاچقا، ئۈستىدىكى 20 ئەسكەرنىڭ ھەممىسى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىدە ئادەملەر ھېچنېمە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر نەچچە تال مىلتىق ۋە قىلىچ سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى. بىز قاراڭغۇدا ئۇلارنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئىزدەپ تاپالماي، ئاخىرى بۇيرۇق بويىچە يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئويغىتىپ چىقىپ، ئۇلارنى سۇغا چۈشۈرۈپ، ئەتىسى كۈن قىزىل بولغىچە ئىزدەپ ئاران تاپتۇق. شۇنداق قىلىپ تاڭ ئاتقاندا ماشىنىنى تارتىپ چىقىرىپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئاش ۋاقتى بىلەن مازار مەھەللىسىگە يېتىپ باردۇق. بىزنىڭ ھېلىقى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بىلەن جاۋ پەيجاڭ 2 ـ بەننىڭ 10 نەپەر ئەسكىرىنى مۇئاۋىن پەيجاڭ مۇھەممەت بىلەن شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپ، بىز قالغان 50 ئادەمنى ئۈچ ماشىنا بىلەن نىلقا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بىز تاش داۋان دېگەن يەرگە بارساق، داۋاننىڭ يولىنى ياساۋاتقانىكەن. داۋان ئىنتايىن تىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللار ئېگىز ـ پەس كاتالىق بولغاچقا، بىز 50 ئادەم ھەر بىر ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئارغامچا بىلەن تارتىپ تۇرۇپ، داۋاندىن ئامان ـ ئېسەن چۈشۈۋالدۇق. نامازشام بولغاندا، نىلقىغا كىرىپ بىر كېچە قوندۇق. بۇ چاغدا پۈتۈن نىلقا ناھىيە بازىرىنى سېرىق كېيىملىك گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قاپلاپ كەتكەنىكەن. بىز مازارغا كېلىپ 3 كۈن ئىچىدە باشلىقلىرىمىز يەرلىك خەلقتىن بىزگە 20 تۇياق يارامىلىق ئات يىغىپ بەردى. ئات تەييار بولغاندىن كېيىن، يەنە 10 نەچچە نەپەر ساقچى

بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىدىن چىققان ئىككى نەپەر ياشانغان
قوراللىق ئادەم (ئۇيغۇر) نىڭ يول باشلىشى بىلەن، غۇلجا شەھە-
رىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئاچالنىڭ تىغى تەرەپكە قاراپ
يولغا چىقتۇق. يول ئۈستىدە بىر مۇنچە پاراكەندىچىلىككە ئۇچ-
راپ، ئاخىرى مازار يېزىسىدىكى بىر دەڭنى بازا قىلىپ تۇر-
دۇق. بىر كۈنى پەكەنلىك تالىپ دېگەن بەنجاڭ بىلەن ئىككىمىز
چارلاشقا چىقىپ قوراللىق ئادەملەرگە يولۇقۇپ قېلىپ نۇرغۇن
ئاۋارىچىلىققا دۇچ كەلدۇق، تەرەپ - تەرەپتە مىلتىق ئاۋازى
ئاڭلىنىپ ھەممە جاينى ۋەھىمە قاپلىغانىدى. بىز شۇ ئارىدا جان
ساقلاش ئۈچۈن بۆلۈنۈپ قېچىپ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ
قالدۇق. مەن ئۇيان - بۇيان قېچىپ، مۆكۈپ يۈرۈپ ئاخىرى
بىزنىڭ ئادەملەرنى تاپتىم. ئۇلار بىر دەڭنىڭ دەرۋازىسىنى ئىچى
تەرەپتىن قۇم خالتا ۋە تاغارلار بىلەن مەھكەم ئېتىۋالغانىكەن،
دەڭگە كىرىۋىدىم، ھەممەيلەن ھەيران قالدى. قارىسام، باشقا
جايلاردىن بىزگە ياردەمگە كەلگەن 40، 50 چە خەنزۇ ئەسكەرنىڭ
بەزىسى بىر ئۆينىڭ مورىسىغا بىر پىلىموتنى قۇرۇۋاپتۇ، بەزىسى
ئۆگزە ۋە تاملارنىڭ ئەپلىك جايلىرىدىن پايدىلىنىپ، مىلتىق
بىلەن قارشى تەرەپتىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان ئالمىلىق باغقا
قارىتىپ توختىماي ئوق ئېتىۋاتقانىكەن. بىز شۇ تەرىقىدە ناماز-
شام بولغۇچە خېلى قاتتىق سوقۇشتۇق. ئەمما، بىز تەرەپتىن
بىرمۇ ئادەم چىقىم بولمىدى، قارشى تەرەپتىكى ئادەملەرنى قويۇق
ئورمانلار توسۇپ تۇرغاچقا قەتئىي كۆرەلمەيتتۇق. نامازشام بول-
غاندا يېنىمغا مەن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان پاكار بويلۇق بىر
خەنزۇ پەيجاڭ كېلىپ، ئۇچامغا بىر ئاق تېرە جۇۋىنى كىيگۈزۈپ
قويدى. ئاندىن 2 تال توقاچ نان بىلەن 150 تالدەك ئوقنى
بېرىپ، قورۇننىڭ ئېچىدىكى تونۇرنىڭ ئۈستىدە دائىم جەڭگىۋار
ھالەتتە تۇرۇشىمنى تاپىلاپ قويۇپ كەتتى. كېيىن ئۇقسام، ئۇ-
نىڭ مېنىڭ شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن قالايمىقانچى-



لىقتا «ئوغرىلار» غا قوشۇلۇپ كەتمەي، گازارمىغا سالامەت قايـ-
تىپ كەلگەنلىكىمنى مۇكاپاتلىغىنى ئىكەن. ئەتىسى چۈشكە يې-
قىن يەنە ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بىز شۇ ئېتىشقانچە كەچ
پېشىنغىچە سوقۇشتۇق. بۇ كۈنى مەن تۇرغان تونۇر ئەتراپىغا
قىلىنىۋاتقان ھۇجۇم خېلى كۈچلۈك بولۇپ، ئوقنىڭ قەيەردىن ۋە
كىم تەرىپىدىن ئېتىلىۋاتقانلىقىنى قىلچە پەرق قىلالمىساقمۇ،
بۇيرۇق بويىچە ئالمىلىق باغقا قارىتىپ توختىماي ئېتىۋەردۇق.
قىزىق يېرى شۇكى، قارشى تەرەپتىكىلەر بولسا، بىزنىڭ ئادەم
سانىمىز ۋە مىللەت ئايرىمىمىز دېگەنلەرنى خۇددى بەش قولدەك
بىلىپ تۇرغاچقا، ئىلاجى بار بىز ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى ئاتمىغان-
كەن. مەن شۇ كۈنى ئەتىگەندىن بېرى قورسىقىمغا بىر نەرسە
يېمىگەچكە، چىدىيالماي پەسكە چۈشۈپ تامنىڭ دالدىسىدا ئولتۇ-
رۇپ نان يەۋاتسام، مېنىڭ ئورنۇمغا چىقىپ ئېتىۋاتقان توقسۇن-
لۇق ئىسمائىل دېگەن ئەسكەرنىڭ ئوڭ كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ،
تونۇرنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. مەن ئاستا ئۆمىلەپ بېرىپ
ئۇنى دالدىغا ئېلىپ كېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولساممۇ،
دورا- ئوكۇل يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا،
ئۇ يېرىم سائەتتىن كېيىن جان ئۈزدى. شۇ كۈندىكى جەڭدە
بەنجاڭ ئېلاخۇنىڭمۇ ئېغىزىنى ئوق سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەچكە،
يېنىك يارىلاندى؛ يەنە بەش نەپەر خەنزۇ ئەسكەر ئۆلدى. ئىككى
نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەر ئېغىر يارىلاندى. 20 دەك ئاتقا ئوق تېگىپ
ئۆلدى. بىز قارشى تەرەپ بىلەن شۇ ئېتىشقانچە تاكى كەچ
پېشىنغىچە ئېتىشتۇق. كەچتە بىز تۇرغان ھاۋا بوشلۇقىدا گو-
مىنداڭنىڭ بىر ھەربىي ئايرۇپىلانى پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا يەنە
3 ھەربىي ئاپتوموبىلدا 100 دەك خەنزۇ ئەسكەر يېتىپ كەلدى
- دە، ئالمىلىق باغقا قاراپ «سا… سا…» دەپ ۋارقىرىغانچە
چىقىپ كېتىۋىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئېتىش توختاپ قالدى. بىزمۇ
قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ قالدۇق. ئەتىسى ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنى يەر-

لىكىدە قويۇپ، ياردار بولغان ئىككى ئۇيغۇر ئەسكەرنى يەنە بىر كۆچاللىق ئەسكەرگە قوشۇپ ئاپتوموبىل بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتىۋېتىپ، قالغان 16 ئادەم دەڭنىڭ ئىچىدە قالدۇق. بۇ چاغدا بىز ئاتلىرىمىزنى سۇغۇرغىلى سىرتقا چىقماقچى بولىۋىدۇق، بۇ يەرگە يېڭىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلىرى بىزنى «نەدىن كەلگەن ئوغرىلارسەن؟» دەپ تىللاپ سىرتقا چىققىلى قويمىدى. جاۋ فامىلىلىك پەيجاڭىمىز ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋىدى، ئۇلار ئاندىن دەڭنىڭ سىرتىغا چىقىشىمىزغا تەستىرەك رۇخسەت قىلدى. بىز شۇ كۈندىن ئېتىبارەن جاۋ پەيجاڭ باشچىلىقىدىكى 16 نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەر ھېلىقى خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە كىلومېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ ئاتلىق رازۋېتكا قىلىپ ماڭىدىغان، ئۇلار كەينىمىزدە پىيادە يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىدىغان بولدى. بىر كۈنى بىزنىلقا تەرەپكە رازۋېتكا قىلىپ كېتىۋېتىپ تاش داۋان دېگەن يەرگە بارساق، ئۈستىمىزدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا قانىتىنىڭ ئاستىدا 12 شوئار بەلگىسى بار بىر ھەربىي ئايروپىلان پەيدا بولدى - دە، بىزگە قارىتىپ پىلىموتتىن خۇددى يامغۇردەك پاراسلىتىپ ئوق ياغدۇرۋەتتى. بۇ چاغدا جاۋ پەيجاڭ بىر پارچە ئاق لاتىنى مىلتىقنىڭ ئۇچىغا چېگىپ پۇلاڭلىتىۋىدى، ئايروپىلان ئېتىشنى توختىتىپ كېتىپ قالدى. ئەسلىدە ھېلىقى ئايروپىلان خادىملىرى بىزنى خاتا تونۇپ قېلىپ ئوق چىقارغانىكەن. بىز يەنە يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ساسلىقنىڭ ئوتتۇرسىدىكى بىر تۈگمەنگە كىرىپ تۇرىۋىدۇق، غۇلجا تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن بىر تۈەن ئەسكەرمۇ كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. خەنزۇلار تاماق ئېتىپ يەپ قورسىقىنى توقلىدى. بىز ۋە يېڭى قوشۇلغان قىسىمدىكى 50 نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەر بىرلىكتە تاماق ئېتىۋاتساق تۆت تەرەپتىن بىزگە قارىتىپ تۇيۇقسىز ئوق چىقىپ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بىز تۈگمەننىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالدۇق. بۇ يەردە كەچ پېشىندىن ئەل ياتقۇغۇچە



ئېتىشتۇق. بىز تەرەپتىن تەخمىنەن 50 تەك ئادەم ئۆلدى، خېلى كۆپ ئادەم ياردار بولدى. بۇ چاغدا ئارىمىزدىكى بىر خەنزۇ پەيجاڭ تۈەنجاڭغا: «بۇنداق ئېتىشىۋېرىپ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكىچە، ئوغرىلارغا تەسلىم بولۇپ ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالساق بولمامدۇ؟» دېگەنىدى، تۈەنجاڭ شۇ ھامان ئۇنى كۆز ئالدىمىزدىلا ئېتىپ تاشلىدى. بىز خېلى ئۇزۇن ئېتىشقاندىن كېيىن ئەل ياتقۇ بولغاندا، قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى سەل پەسەيگەندەك قىلىۋىدى، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ 1200 دىن ئارتۇق ئادەم قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكىلى تۇردى. بۇ چاغدا كۆچاللىق تۇردى، قەشقەرلىق تۇرسۇن ۋەمەن قاتارلىق تۆت نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەر شاقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي غەرب تەرەپكە قېچىپ مېڭىۋىدۇق، توقسۇنلۇق قاسىم دېگەن ئەسكەر ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بەش ئادەم يەنە بىرەر كىلومېتىرچە مېڭىۋىدۇق، قاش دەرياسىغا كېلىپ توسۇلۇپ قالدۇق. بۇ چاغدا يېتىلىۋالغان ئاتلىرىمىزنى ئۈستىدىكى يۈك - تاقلىرى بىلەنلا ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، قاش دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ بىر قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتۇق. ئەمدى ھاردۇق ئالايلى دەپ قارىساق، قاسىم يوقاپ كېتىپتۇ. يامغۇر تېخىچە توختىماي يېغىۋاتىدۇ. بۇ 9 - ئاي مەزگىلى بولغاچقا، سوغۇقتىن توڭۇپ تىترەپ كەتكەن بولساقمۇ، سېزدىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئوت ياقماي تاڭ ئاتقۇزدۇق. كېچىچە ئەتراپىمىزدا توختىماي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. ھەر بىرىمىزدە بىر تالدىن سانبا مىلتىق (ياپون مىلتىقى)، بىر تالدىن قىلىچ ۋە 300 تالدىن زاپاس ئوق بار ئىدى. بىز ھېچقانداق شەپە چىقارماي چاتقاللىقتا جىمجىت ياتتۇق. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ھېلىقى ئۈچ نەپەر ھەمراھىم مېنى: «رەجەپ، سەن بىزنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىن، بىز بىرەر ئادىمىزات بار يەرنى كۆرۈپ قويۇپ ساڭا خەۋەر قىلايلى» دەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ

كەتتى. كۈن چۈش بولاي دېگەندە، سوغۇق، ئاچلىق، ئۇسسۇز-
لۇق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتا چىدىيالماي جىلى بولۇپ ئولتۇرسام،
تۇردىنىڭ: «رەجەپ، رەجەپ! ...» دەپ پەس ئاۋازدا چاقىرغىنى
ئاڭلاندى. ئۆمىلەپ چىقىپ قارىسام، ئۇچەيلەن سىرتتا مېنى
ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز تۆتەيلەن كۈن پېتىشقا قاراپ سەل
مېڭىۋىدۇق، يەنە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قاش دەرياسىغا توسۇلۇپ
قالدۇق. قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي بېشىمىز قېتىپ تۇرات-
تۇق، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بىر قورۇنىڭ ئارقىسىدا بىر قازاق
قىزچاق پەيدا بولدى. بىزقىزنى چاقىرىپ: «بۇ يەردىن دەريانىڭ
ئۇ قېتىغا كېچىپ ئۆتكىلى بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدۇق، ئۇ:
«مەن ئۇقمايمەن، گېپىڭلار بولسا ئۆيدىكىلەرنى چاقىرىپ قو-
ياي، شۇلار بىلەن سۆزلىشىڭلار» دەپلا كىرىپ كەتتى. ئارىدىن
سەل ئۆتۈۋىدى، ھېلىقى قورۇدىن خەنجەر - قىلىچ ۋە كال-
تەك - چوماق قاتارلىقلار بىلەن قوراللانغان 100دەك ئاتلىق
قازاق چىقىپ كەلدى. ئۇلار ئەسلىدە ئالدىنقى كۈنى كەچتە بىزنى
تۈگمەندە قورشىۋېلىپ سوقۇشقان پارتىزانلارنىڭ بىر قىسمى ئى-
كەن. ئۇلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، بىز بۇ قېتىدا ئۆزئارا
گەپ - سۆز قىلىشماي خېلىغىچە روبىرو قارىشىپ تۇردۇق.
ئۈچىمىزدىكى گومىنداڭنىڭ كۆك پاختەك تۈكى رەڭلىك ماتادىن
تىكىلگەن ھەربىيچە كىيىملە يىرتىلىپ - تىتىلىپ خۇددى ئىت
تالىۋەتكەندەك بولۇپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرىمىزنى چاتقاللار
تىلىپ تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئاخىرىدا ئۇلار:
«سىلەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ؟ قولۇڭلاردا قورال بولغاچقا،
قېشىڭلارغا بارالمىدۇق، قوراللىرىڭلارنى يەردە قويۇپ قويساڭ-
لار، بىز ئاندىن ئۇ قاتقا ئۆتۈپ سىلەر بىلەن سۆزلىشىمىز»
دېدى. بىز ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىۋىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
دەريادىن ئات بىلەن ئۆتۈپ، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى سالدۇ-
رۇۋېلىپ، يېنىمىزدىكى قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلارنىڭ



ھەممىسىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ، بىزنى ئاسما مايكا ۋە كۇسار
بىلەنلا قويۇپ قويدى. ئاندىن ئۇلار يەنە بىزنى ئېتىپ تاشلىماقچى
بولۇپ، ئارقا تەرىپىمىزگە ئۆتۈپ، بىزدىن تارتىۋالغان قوراللار-
نى بىزگە تەڭلەپ ھەيۋە قىلغىنلى تۇردى. بىز ئۇلارغا: «سىلەر
بىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ مەيلى، لېكىن، بىز گومىن-
داڭ تەرەپتىن سىلەر تەرەپكە ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققانىدۇق،
قانداقلا بولمىسۇن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال ئۇ دۇنياغا ئىمانسىز
كېتىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئىككى رەكەت شۇكرى ناماز
ئوقۇۋالايلى» دېدۇق. ئۇلار قوشۇلدى. بىز دەريا سۈيىدە تاھارەت
ئېلىپ ناماز ئوقۇدۇق ۋە ناماز ئوقۇپ بولۇپمۇ ئورنىمىزدىن
قوپماي يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پېتى ئۆلۈمنى كۈتتۇق. شۇ تەرىقىدە
ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلار بىزنى ئاتماي،
مىلتىقلارنى شاراق - شۇرۇق قىلىپ قويۇپلا تۇرۇشتى. ئۇلار
بىزدىن تارتىۋالغان مىلتىقلارغا لىق ئوق سېلىپ قولۇپلاپ قوي-
غانلىقىمىز ئۈچۈن، مىلتىقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچالماي ئاۋارە بول-
دىمۇ ياكى بىزگە ئەتەي ھەيۋە كۆرسىتىپ شۇنداق قىلدىمۇ،
بۇنىسى بىزگە قاراڭغۇ ئىدى. بىر چاغدا قارىساق، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا ئېگىز، ئۇستىخانلىق، 70 ياشلار چامىسىدىكى بىر
قازاق بوۋاي (ئۇ ھېلىقى قورۇنىڭ ئېگىسى بولۇپ، بۇ يۇرتتا
خېلى يۈز - ئابرويى بار چارۋىدار ئىكەن) پەيدا بولدى - دە،
ئەتراپتىكىلەرگە بىرمۇنچە گەپ - سۆز قىلىپ، بىزنى ئېتىشقا
رۇخسەت قىلمىدى. ئاندىن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆيىگە باشلاپ
كىردى ۋە قازان نېنى، بوغۇرساق ۋە ئەتكەن چايلار بىلەن
ئوبدان مېھمان قىلىپ، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى كېلىنلىرىگە
دەپ مەشكە قاقلاپ قۇرۇتۇپ بەردى. تەخمىنەن بىرەر سائەتلەر-
دىن كېيىن ئۇ ھەممىمىزنى بىردىن ئاتقا مىندۇرۇپ، ئۆزى يەنە
بىرنەچچە قازاق كىشى بىلەن بىرلىكتە بىزنى نىلقا ناھىيىسىنىڭ
جەنۇب تەرىپىدىكى بىر قېلىن ئورمانلىق تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

بىر سەل مېڭىۋىدۇق، ئالدىمىزغا قارا خۇرۇم پەلتۇ كىيگەن
ئوسمان ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئادەم قۇيۇندەك ئات چاپتۇرۇپ
كېلىپ، بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى (ئەسلىدە بىزنى باشلاپ
ماڭغان قازاق چارۋىدار ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئالدىن خەۋەر
بېرىۋەتكەنىكەن) ۋە ھېلىقى قازاق پارتىزانلارنىڭ بىزنىڭ قورال-
لىرىمىزنى ئۆز ئىختىيارىچە تارتىۋېلىپ قورقۇتقانلىقىنى ئۇ-
قۇپ، ئۇلارغا قاتتىق كايىدى. ئاندىن ئۇلاردىن قوراللىرىمىزنى
ئالدۇرۇپ بېرىپ، بىزدىن سەممىي ئەپۇ سورىدى، بىز ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ يەنە ئۈچ كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ
تۇرالغۇسىغا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە بىزنى ھوشۇراخۇن قاتار-
لىق كىشىلەر ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئوخشىتىپ پولۇ
ئېتىپ مېھمان قىلدى. قارىساق ئەھۋال باشقىچە، يەنى گومىن-
داڭ ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرى ئۇلارنى كەم سۇندۇرۇپ ئېيتقان-
دەك «ئارانلا ئالتە ئوغرى» ئاددىي ۋە ئاڭسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان
ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى نەچچە يۈزلىگەن قوراللىق پارتىزان-
نىڭ پىلانلىق، تەشكىللىك ئاساستا ئېلىپ بېرىۋاتقان قوراللىق
كۆرىشى ئىكەن. بىز ئەھۋالنى بىلىپ، ئىلگىرى گومىنداڭ
ئارمىيىسى ئىچىدە ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز ھالدا بىھۇدە ئۆتۈپ
كەتكەن ئۆمرىمىزگە تولىمۇ ئېچىندۇق. بىز بۇ يەردە بىرنەچچە
كۈن تۇرۇپ دەم ئېلىۋاتساق، بىر كۈنى ئادەتتىكى ئادەملەردىن
خېلىلا ئېگىز، ئۇستىخانلىق، بېشىغا قارا كۆرپە تۇماق كىيىپ،
بېلىگە يېشىل رەختتىن پوتا باغلىۋالغان 45 ياشلاردىكى بىر
كىشى كېلىپ پېشانىمىزگە سۆيۈپ قوچاقلاپ قىزغىن كۆرۈشتى.
ئۇقساق، بۇ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق پارتىزان باشلىقلىرىنىڭ بىرى
بولغان غېنى باتۇر دېگەن كىش بولۇپ، شۇ تاپتا ئالدىنقى سەپتىن
كېلىشى ئىكەن. ئۇ: «ناھايىتى ئەقىللىق يىگىتلەر ئىكەنسىلەر،
ئەسلىدە بىزنىڭ سېپىمىزگە تېخىمۇ بالدۇر قوشۇلۇۋالىدىغان
گەپ ئىدى. ھېلىمۇ كېرەك يوق. ھازىرچە بۇ يەردە بىرنەچچە



كۈن ئوبدان ئارام ئېلىپ كۈچ توپلاڭلار، پات ئارىدا ئىلىغا
ھۇجۇم قىلىمىز...» دېدى.

## مىللىي ئارمىيە سېپىدە

دېگەندەك ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى
(قۇربان ھېيتنىڭ 1 - كۈنى) فاتىخ مۇسلىموف (تاتار)، ئەك-
بەر (قازاق) ۋە غېنى باتۇر قاتارلىق پارتىزان باشلىقلىرىنىڭ
رەھبەرلىكىدە ئىلىقا ناھىيىسىگە ئۈچ تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇ-
جۇم قىلىپ، كەچتە پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى تەلتۆكۈس ئىشغال
قىلدۇق. مەن شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا غېنى باتۇرنىڭ ئەترىتىدە
ئىدىم، بىز ئەينى ۋاقىتتا غېنى باتۇر قاتارلىق كىشىلەرنى تۇ-
تۇپ، رەھىمسىزلەرچە قىيىنىغان گومىنداڭ ئىلىقا ناھىيىلىك ساق-
چى ئىدارىسىنىڭ سوت (شىبە) ئىسىملىك بىر ئەمەلدارى (ئۇ
بۇ يەرگە ئۇرۇمچىدىن يېقىندىلا يۆتكىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم)
نى يېقىن ئەتراپتىكى قومۇشلۇققا يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن ئىك-
كى دانە تاپانچا ۋە 50 تالدەك ئوق بىلەن تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ،
ئۇلار نەزەربەند قىلىپ قويغان ئوبۇلخەيرى تۆرە (قازاق) ۋە باۋۇ-
دۇن خەلپەت (ئۇيغۇر) قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى قۇتقۇزۇپ
چىقتۇق. شۇ كۈنى ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. دۈشمەن
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ساقچى ئىدارىسى ئەتراپىدىكى بىرقەدەر
مۇستەھكەم پوتەي، ئاكوپ ۋە ئىستىھكاملىرىغا تايىنىپ خېلى
كۈچەپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ چاغدا گومىنداڭ ئۆز ئارمىيە-
سى ئىچىدە بىز بىلەن بىرگە بولۇپ قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئامال
قىلالمىغان ھېلىقى 40تەك ئۇيغۇر ئەسكەرنىڭ قوراللىرىنى تار-
تىۋېلىپ، قولىغا بىردىن كالتەكنى تۇتقۇزۇپ، سېپىل ئۈستىگە
چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرى بىلەن ئىلىقا ناھىيە بازىرى-
دىكى خەنزۇ ئاممىنى قوراللاندۇرۇپ خېلى زور تىرىشچانلىق

كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بىز مىلتىق، قىلىچ ـ نەيزە ۋە كالتەك ـ چوماقلار بىلەن قوراللانغان 500 چە ئادەم سېپىل سىرتىدىن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ، «ھۇررا!» دەپ چۇقان ـ سۈرەن سالغانچە شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتۇۋېدۇق، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇرۇش ئەتتىگەن چاي مەھەلدە باشلىنىپ، كەچتە نامازدىگەر بىلەن ئاخىرلاشتى. ناھىيىنىڭ ھاكىمى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خېلى كۆپ ئادەم ئەسىر ئېلىندى، بىر قىسمى يوقىتىلدى ۋە نۇرغۇن قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلارنى غەنىيمەت ئالدۇق. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدىكى ھېلىقى 40 نەپەر ئۇيغۇر جەڭچى قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە قوشىۋالدۇق. ئۇرۇشتا بىزدىن كۆپ ئادەم چىقىم بولمىدى. بىز نىلقىنى ئېلىپ بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى غۇلجا تەرەپتىن مىناميوت ۋە ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت قاتارلىق ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر تۈەن گومىنداڭ ئەسكىرى (تەخمىنەن 1600 چە ئادەم) نىلقىغا كۈنەس ئارقىلىق ئايلىنىپ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. بۇ چاغدا فاتىخ، ئەكبەر ۋە غېنى باتۇر قاتارلىق پارتىزان باشلىقلىرىمىز ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، دۈشمەن بىلەن نىلقىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلساق كۆپ چىقىم تارتىدىغانلىقىمىز، ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇداپىئەسى ئاجىزلاپ قالغان غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلساق، بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى پەملەپ، دەرھال بىزگە نىلقىنى تاشلاپ، كۈن چىقىشتىكى تاغقا مەخپىي چېكىنىش بۇيرۇقى بەردى. بىز 500گە يېقىن پارتىزان (كۆپلىرىمىز ئاتلىق) تاغ باغرىدىكى ئوغرى يوللار بىلەن ئايلىنىپ مېڭىپ، 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى نامازدىگەر بىلەن غۇلجا توپا دۆڭگە يېتىپ بېرىپ، شەھەرگە شەرقىي شىمال ۋە غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدۇق. بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئايروپىلانلىرى بىزگە تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە توختىماي ھۇجۇم قىلىپ تۇردى.



ئەمما، بىز بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ قالماي، دۈشمەنگە كۈچلۈك ئوت ئاچتۇق. دۈشمەنلەر ھېلىقى ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە بىزگە خېلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى. يېرىم كېچە بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك باش ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدۇق. بۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرى ھەرەمباغ، لەڭشاڭ، ئايرودروم، بۇلاق دادامتۇ، يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى پەنجىملەرگە ئورۇنلىشىۋېلىپ (چېكىنىپ) قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەمما بىز ئۇلارغا بىرنەچچە تەرەپتىن قىستاپ قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئارقىلىق ئالدى بىلەن تۆۋەنكى ۋە يۇقىرىقى ئىككى پەنجىمنى ئىشغال قىلدۇق. بۇ چاغدا غېنى باتۇر نەچچە 100 پارتىزاننى باشلاپ غۇلجىغا ئۈرۈمچى تەرەپتىن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بۆرتالا ئەتراپىغا كېتىپ قالغان بولۇپ، مەن تۇرۇشلۇق پارتىزان ئەترىتىدىكىلەر ھوشۇراخۇن ۋە ئوسمانجان قاتارلىق قوماندانلار يېتەكچىلىكىدە ئۇرۇش قىلدۇق. بۇ چاغدا ئالدىنقى سەپتىكى 800گە يېقىن پارتىزان بىرنەچچە يېنىك تىپتىكى پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىق، تاپانچا ۋە قول بومبىلىرى بىلەن قوراللانغان بولۇپ، قالغان 1000دىن ئارتۇق پىدائىيلار قورال يېتىشمىگەچكە، نەيزە ـ قىلىچ ۋە كالتەك ـ چوماقلار بىلەن قوراللىنىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئارقىدا تۇرۇپ «ھە ـ ھۇ» دەپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ بېرىشەتتى. شۇنداق قىلىپ 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ قاتارلىق جايلىرىدىن باشقا جايلىرى بىز تەرەپتىن ئازاد قىلىندى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئېلىخان تۆرە (ئۆزبېك) رەئىس بولدى. بىزگىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تىكىلگەن قىشلىق ھەربىي كىيىم تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ چاغدا غېنى باتۇر قول ئاستىدىكى

بىر خائىننىڭ ئاسىيلىق قىلىپ ئوق چىقىرىشى بىلەن بۆرتالا
ئەتراپىدا يارىلانغان (ئوڭ تاغىقى) بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
داۋالانغىلى كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇ 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا بىر قىسىم قورال ـ ياراغ ۋە ئوق ـ دورىلارنى
ئېلىپ قايتىپ كەلگىچە ھەرەمباغ قاتارلىق جايلار تېخىچە دۈشمەن
قولىدا تۇرۇۋاتقان ئىدى. ئېلىخان تۆرە ئۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي-
لا خېلى كۆپ پارتىزاننىڭ قوراللىرىنى ئۈشتۈمتۈتلا يىغىۋېلىپ
دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەچكە، بىكارچىلىقتا پارتىزانلارنىڭ جەڭ-
گىۋارلىقى سۇسلىشىپ كەتكەنىدى. غېنى باتۇر بۇ ئەھۋالنى
كۆرۈپ ئېلىخان تۆرىگە خېلى قاتتىق كايىدى ھەمدە 10 ـ ئاينىڭ
29 ـ كۈنى بىزنى يىغىپ ئالاھىدە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.
يىغىندا ئۇ كەسكىن قىلىپ: «بۈگۈن كەچ سائەت 12گىچە ھە-
رەمباغ قاتارلىق جايلارنى چوقۇم ئىشغال قىلىشىمىز كېرەك!
» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى (شۇ مەزگىللەردە تۇرلۇك سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن فاتىغ، ئەكبەر ۋە ئوبۇلخەيرى تۆرىلەر 3 ۋىلايەت
ۋقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەچكە،
يۇرتلىرىغا كېتىپ قالغان بولۇپ، غېنى باتۇر ئاساسلىق پارتىزان
باشلىقلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى). دېگەندەك بىز نامازشام
بىلەن جەڭنى باشلاپ، كەچ سائەت 11گىچە ھەرەمباغ، لەڭشاڭ
ۋە ئايرودروم قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدۇق. شۇ چاغدا مەن
تۇرۇشلۇق پارتىزان ئەترىتىنىڭ باشلىقى ×× (رۇس، ئىسمى
يادىمدا قالماپتۇ) بولۇپ، بىزنىڭ ئەترەت ئاساسلىقى باشقا ئەت-
رەتلەرگە ماسلىشىپ، ھەرەمباغقا تېزدا قار كېچىپ يۈرۈپ ھۇ-
جۇم قىلدۇق. بۇ يەرنى ئىشغال قىلىپ قارىساق، دۈشمەن بۇ
جاينىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئاكوپ ـ خەندەك كولاپ، پوتەي ـ
ئىستىھكام ياساپ، ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى تېشىپ، خۇددى چاشقاندى-
نىڭ ئۇۋۇسىدەك قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۆلگەن ئادەم ۋە ئات ـ
ئۇلاغلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر



قىسمى بىزدىن ئۇلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ پاجىئەلىك تۇردە
ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان ئادەملىرىمىز، يەنە بىر قىسمى ئۇرۇشتا ئوق
تېگىپ ئۆلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن باشقا، خېلى كۆپ
قىسمى غۇلجا شەھىرىدىكى خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تېخى
ئاغزىدىن ئانا سۈتى پوراپ تۇرىدىغان 10 نەچچە ياشلىق ئوقۇغۇ-
چىلىرى بولۇپ، ئۇلار قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي،
تۇرغان جايىدا قوراللىرىنى تۇتقان پېتى خۇددى تاشتەك قېتىپ
قالغانىكەن. بىز بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىچىمىز سىيرىلىپ كەت-
تى. بىز بۇ يەردىكى بىر چوڭ ئۆيدىن يەنە غېمىدە يوق قىمار
ئويناپ ئولتۇرغان گومىنداڭ ئارمىيىسى تەركىبىدىكى 80 نەپەر
قورالسىز ئۇيغۇر ئەسكەر (ئۇلارنىڭ قوراللىرى گومىنداڭچىلار
تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان، ئەلۋەتتە) نى ئەسىر ئالدۇق. ئاندىن
ئۇلارنى ئۈچ دەرۋازىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، بىر دەڭنىڭ ئىچىگە
سولاپ تەربىيە ئىشلەپ، مىللىي ئارمىيىدە قايتا ئىشلەشكە شەرتى
توشمىغانلىرىنى يۇرتلىرىغا قايتۇرۇۋېتىپ، خېلى كۆپ قىسمىنى
ئۆز سېپىمىزگە قوشىۋالدۇق. ئەمما، ياندۇرقى يىلى ئەتىيازغا
چىققاندا، ھەرەمباغ تېخى بىزتەرەپتىن قورشاۋدا تۇرغاندا، ئۇلار
ئاشلىق ۋە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر يېتىشمەي ئات گۆشى
بىلەن كۆممە قوناق ۋە كېپەكنىلا قايىنىتىپ يەۋەرگەچكە، ئۇلار-
نىڭ زور كۆپچىلىكى يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.
1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى
غۇلجا شەھىرى ۋە باشقا ناھىيىلەر پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىپ بولۇن-
غان بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك مېنى خىزمەت ئېھ-
تىياجى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش كومىتېتى-
غا يۆتكىدى. مەن كومىندات باشلىقى مۆيدىن دېگەن كىشىنىڭ
قول ئاستىدا ئىشلىدىم. بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز غۇلجا
شەھىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش بولۇپ، شەھەرنى ھەر كۈنى
سىمىنا بويىچە ئاتلىق يۈرۈپ چارلايتتۇق. ئەينى چاغدا تۇرلۇك

خىزمەتلەر خېلى ياخشى ئىشلەنگەچكە، غۇلجا شەھىرىنىڭ جەمئى-
يەت ئامانلىقى ياخشى بولۇپ، چوڭ مەسىلە كۆرۈلمىگەنىدى.
مەن بۇ خىزمەتنى 1، 2 ئايچە ئىشلىگەندىن كېيىن، تەشكىل
مېنى يەنە غۇلجا زاپاس 4 - پولكقا يۆتكىدى (پولك كوماندىرى
قېيۇمبەك غوجا دېگەن كىشى). 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8
- كۈنى غۇلجىدىكى ۋاڭ قادىرىنىڭ بېغىدا 3 ۋىلايەت مىللىي
ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئېچىلىپ، ھەيۋەتلىك ھەر-
بىي پارات ئۆتكۈزۈلدى. گېنېرال ئىسھاقبېك مۇنۇنوف (قىر-
غىز) مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى، دەلىلقان سۇگۇربايوف
(قازاق) مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىپ، 4 - ئاينىڭ
8 - كۈنى 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بايرام كۈنى قىلىپ
ئېلان قىلىندى. مەن شۇ كۈنكى ھەربىي پاراتقا يىگىدىن تارقىتىپ
بېرىلگەن يازلىق ھەربىي كىيىم ۋە يېڭى مىلتىق بىلەن ئۆزۈم
تۈزۈشلۈق غۇلجا زاپاس 4 - پولكىنىڭ بايرىقىنى قوغدايدىغان
مۇھاپىزەتچىلەر ئىزۋوتىغا قاراشلىق 1 - ئەددىلىنىيىنىڭ بىر
ئاددىي جەڭچىسى سۈپىتىدە قاتناشقانىدىم، شۇڭا ئاشۇ چاغدىكى ئا-
جايىپ مەنزىرىلەر زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، پولكىمىز بۇيرۇققا بىنائەن
جىڭ - شىخولاردىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن غۇلجىدىن
پىيادە يولغا چىقتۇق، تەلكە داۋىنىغا يېتىپ بارغاندا، كەچ كىرد-
شى ھامان قاتتىق يامغۇر يېغىپ، خۇددى گۆردەك قاراڭغۇ بولۇپ
كەتتى. بىز كېچىچە شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي كې-
تىپ باراتتۇق. بىر چاغدا قارىساق، يولنىڭ 2 چېتىدىكى تاغ
ئۈستىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان گومىنداڭنىڭ 700گە يېقىن ئەس-
كىرى بىزگە «سا! سا!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى تۇيۇقسىز ھۇجۇم
قىلدى. بىز بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن دەسلەپتە سەل تەمتىرەپ
قېلىپتۇق، كوماندىرلىرىمىز تەرتىپلىك ھالدا قايتۇرما ھۇجۇم-
غا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى. جەڭ دەسلەپتە ئۆزئارا ئېتىشىش



بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، سەل ئۆتكەندىن كېيىن كەسكىنلە-
شىپ، نەيزىبازلىق ۋە قوچاقلاشما جەڭگە ئايلىنىپ كەتتى. جەڭ
شۇ تەرىقىدە تەخمىنەن بىر، ئىككى سائەتچە داۋاملاشقاندىن كې-
يىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يوقىتىلدى، يەنە بىر قىسمى بىزگە
قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. قارىساق، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق
ئوفىتسېرلىرىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خۇيزۇلار بو-
لۇپ، ئۇلار ئۇرۇمچى تەرەپتىن بىزنى مۇشۇ جايدىلا پاك - پاكىز
يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن كېلىپ ساقلاپ ياتقانلار ئىكەن. ئۇرۇشتا
ھەر ئىككى تەرەپتىن خېلى جىق ئادەم چىقىم بولدى، بىز ئەتىسى
ئۆزىمىز تەرەپتىن قۇربان بولغانلارنى يەرلىكىدە قويۇپ، يارىدار-
لار بىلەن ئەسىرلەرنى غۇلجىغا يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە
يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. داخىيەگىزىغا يېتىپ كەلسەك، گو-
مىنداڭ دائىرلىرى بىزنىڭ قارىمىزنى كۆرە - كۆرمەيلا جىڭغا
قاراپ تىكىۋېتىشكەنىكەن. شۇڭا جىڭغا قاراپ توسالغۇسىز ئىل-
گىرىلەپ، كېيىن سەنتەي - ئۇتەيلەردە زاپاس قىسىم ھېسابىدا
بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردۇق. ئەينى ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيە باش
قوماندانلىق شتابى جىڭ بىلەن شىخونىڭ گومىنداڭ دائىرلىرى
تەرىپىدىن قاتتىق مۇداپىئەگە ئېلىنىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ
ئىككى ناھىيەگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىدىغان، يەنى شىخۇ
ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان قىسىملار گېنېرال
پالىنوف (روس) نىڭ قوماندانلىقىدا چۆچەك ۋىلايىتى ئارقىلىق
ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن (ئۇرۇمچى -
چۆچەك تەرەپلىرىدىن) ھۇجۇم قىلىدىغان؛ بىزنىڭ قىسىم گېنې-
رال ئىسھاقبېكنىڭ قوماندانلىقىدا جىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، پەيتى
كەلگەندە شىخونى ئېلىشقا ماسلىشىدىغان بولدۇق. بىز 8 -
ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جىڭ ئەتراپىغا يېقىنلاپ كەلسەك، گومىنداڭ
دائىرلىرى ئۈچ يىللىق ھەربىي كۈچىنى باجاخۇ قوملۇقى قاتار-
لىق جايلارغا توپلىغان بولۇپ، بۇ يەرلەرگە نۇرغۇن پوتەي ياساپ،

ئاكوپ - خەندەكلەرنى كولاپ، گومىنداڭ 45 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال گوچى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ بىلەن يولىمىزنى توسۇپ ياتقانىكەن. بىز بۇ يەردە 3 كۈن تۇرۇپ دەم ئالغاچ جەڭ تەييارلىقىنى ئىشلىدۇق. بۇ چاغدا بىزگە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تىكىلگەن قىشلىق كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بەردى (گەرچە ياز پەسلى بولسىمۇ، بۇ يەرنىڭ كېچىسى خېلىلا سوغۇق بولغاچقا، ئۇنى يېپىنچا ئورنىدا ئىشلىتىش كۆزدە تۇتۇلغانىدى). بىر كۈنى ئەل ياتقۇ مەھەلدە پولك شتابى ئەتراپىدا ئۆزۈم يالغۇز پوستتا تۇراتتىم، بىرنەچچە ئاتنىڭ دۇپۇرلىگەن تۇياق تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە: «كىم سىلەر، توختاڭلار، نەگە بېرىپ - نەگە كېتىپ بارىسىلەر؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇلار: «ئاداش، بىزمۇ ساڭا ئوخشاش ھەربىي، يۇقىرىنى چارلاپ قايتىپ كېتىۋاتىمىز» دېدى. «توختاڭلار، سىلەر زادى قايسى قىسىمدىن؟» دېۋىدىم، ئۇلار: «ئاداش، بىزنىڭ ئىشىمىز بەك ئالدىراش، سەن بىلەن ئارتۇقچە سۆزلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىمىز يوق، نوچى بولساڭلار ئەتە جەڭ مەيدانىغا بېرىڭلار، قالغان گەپ - سۆزلەرنى شۇ يەردە دېيىشەيلى...» دەپلا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى (كېيىن ئۇقساق، ئۇلار جىڭدىن مەخپىي چارلاشقا چىققان گومىنداڭنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئىكەن). مەن بۇ غەلىتە ئەھۋالنى دەرھال پولك كوماندىرىغا دوكلات قىلىپ قويۇپ، پوست ئالماشقاندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلاپ قالدىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە يۇقىرىدىن پولكىمىزغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. بۇ چاغدا بىز ھېلىقى يېڭىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن ھەربىي كىيىم - كېچەكلەرنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر يەرگە يوشۇرۇپ قويدۇق - دە، دەرھال جەڭگە ئاتلاندۇق. بىزنىڭ جىڭغا ھۇجۇم قىلغان ئوتتۇرا فرونتتا بىزنىڭ غۇلجا زاپاس 4 - پولك، غۇلجا 2 - پولك، تېكەس ئاتلىق 1 - پولك قاتارلىق قىسىملار قوشۇ-



لۇپ ئاران 4000 گە يېقىن ئادەم بار بولۇپ، دۈشمەندىن نەچچە ھەسسە ئاز ئىدۇق. ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىنىپ تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئىسسىقتىن ئۇسساپ ھالىمىزدىن كېتىشكە باشلىدۇق، ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملار 10 نەچچە تۆگە بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى بۇلاقلاردىن سۇ ئەكىلىپ بېرىپ تۇردى. دۈشمەن قۇم تاغلارنىڭ ئۈستىدە، بىز ھەم پەس، ھەم تۈپتۈز كەلگەن ئۇچۇقچىلىقتا جەڭ قىلاتتۇق. يەر شارائىتى دۈشمەنلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئادەم سانى كۆپ ۋە قورال ياراغلىرى بىزنىڭكىدىن خىل بولسىمۇ، غۇلجىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ تەسىرى ۋە دەل شۇ كۈنلەردە شىخو قولدىن كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن ھەمدە ئارقا سەپ (ئاساسلىقى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك سۇ مەنبەسى) بىز تەرەپتىن ئۈزۈپ تاشلانغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن ئاستا - ئاستا ھالسىراشقا باشلىدى. بىز بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چوڭ قۇمتاغنىڭ باغرىغا قىستاپ ئايرىپ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ «ئەڭ مۇستەھكەم» دەپ قارىغان 1 - پوتىيىنى ئىشغال قىلىۋالدۇق، ئومۇمىي سەپ بۇزۇلۇپ، ئۇلار خۇددى ئۈششۈك ھەرىلەردەك تەرەپ - تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە بىزنىڭ ئىسھاقبېك قاتارلىق قوماندانلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئەقىل - پاراسىتى ۋە قوماندانلىق تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، دەرھال دۈشمەننىڭ ناھىيە بازىرىغا قاراپ قاچىدىغان يولىنى بىكارلاپ بېرىشىمىزنى بۇيرۇدى. دېگەندەك دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى ناھىيە بازىرىغا بىر - بىرىنى دەسسەپ، قىيا - چىيا قىلىشىپ، ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قاچقىلى تۇردى. بۇ چاغدا بىز يەنە بىر بۇيرۇق بىلەنلا خۇددى خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغقاندەك مۇھاسىرە جەمبىرىكىنى قايتىدىن دەرھال تارايتىپ،

جىڭغا قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن 200 دىن
ئارتۇق پىلىموت ۋە ئاپتوماتلار بىلەن قىرىپ خۇددى سايىنىڭ
ئىشىدەك ياتقۇزۇۋەتتۇق. شۇ كۈندىكى جەڭدە قورشاۋنى بۆسۈپ
چىقىپ كەتكەن ئازغىنە دۈشمەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى-
نىڭ ھەممىسى تەلتۆكۈس يوقىتىلدى ۋە 3000 غا يېقىن ئادەم
ئەسىر ئېلىندى. بۇ ئۇرۇشتا بىز تەرەپتىنمۇ خېلى كۆپ ئادەم
چىقىم بولغان بولسىمۇ، نۇرغۇن قورال – ياراغ ۋە ئوق دورىلارنى
غەنىيمەت ئېلىپ ئۆزىمىزنى كۈچەيتتۇق. ئەسىرلەر بولسا، غۇل-
جىغا ئامان – ئېسەن ئېلىپ بېرىلىپ، تېرە زاۋۇتىدا ئىشلەشكە
ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. باجاخۇ قۇملۇقىدىكى ئۇرۇش ئاياغلىشىشى
بىلەنلا جىڭ ناھىيە بازىرىغا قاراپ قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ
زەربە بېرىش جېڭىگە ئاتلاندۇق. ناھىيە بازىرىغا دۈشمەنلەر گى-
رانىت تاشلاردىن خېلى كۆپ پوتەيلەرنى ياسىۋالغان بولۇپ، غۇلجا
تەرەپتىن كىرىدىغان يولدا بىر كۆۋرۈك بار ئىكەن، دۈشمەنلەر
ئاشۇ كۆۋرۈك بېشىغا سېلىنغان ناھايىتى مۇستەھكەم بىر پوتەيگە
كىرىۋېلىپ، بىزگە بىرنەچچە پىلىموت بىلەن قارشىلىق قىلىۋۇ-
دى، بىزنىڭ پولكنىڭ مىناميوتچىلىرى چوڭ كالىبىرلىق مىنام-
يوت بىلەن كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ كۈلىنى
كۆككە سورۇۋەتتى. قالغان دۈشمەنلەرنى شىخو ئۇرۇشىغا قاتنى-
شىۋاتقان تارباغاتاي 6 – پولكنىڭ بىر قىسمى بىلەن موڭغۇل
دېۋىزىيونى قاتارلىق قېرىنداش قىسىملار شىخونىڭ غەرب تەرىپى-
دىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىت – چىت قىلىپ، گېنېرال گوچى
قاتارلىقلارنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەنىكەن. بىز ناھىيە بازىرىغا
كىرسەك، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى. دەل – دەرەخلەرنى گومىن-
داڭچىلار كېسىپ تاشلاپ، خېلى كۆپ ئۆي – ئىمارەتلەرنى
چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ. ئېتىزلاردا بۇغدايلار ئورۇپ باغلاپ
قويغان پېتى تاشلاقلىق تۇرۇپتۇ. يەنە بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ
ئىشىك – دېرىزىلىرىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ، ئات – كالا، قوي



– ئۆچكە ۋە توخۇ – ئۆردەك قاتارلىق ھايۋانلارنىمۇ ئېغىل –
قوتانلاردا سولاپ، ئىشىك – تۈڭلۈكلىرىنى كاكىل لاي بىلەن
قېلىپ چاپلاپ تاشلىغاچقا، بىچارە جانىۋارلار ئاچلىق ۋە ئۇسسىز-
لۇق دەستىدە ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قاپتۇ. بىزنىڭ ئۇلارغا ئىچى-
مىز ئاغرىپ، ئۇلارنى بىر – بىرلەپ سىرتقا قويۇپ بېرىپ، 2
كۈن تۇرغان بولساقمۇ، لېكىن بىرمۇ ئادەم قايتىپ كەلمىدى.
قارىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇلارنى يۇرت – ماكانلى-
رىنى تاشلاپ يېقىن ئەتراپتىكى تاغلارغا چىقىپ كېتىشكە مەج-
بۇرلىغاندەك قىلاتتى. بىز 3 – كۈنى دەرھال شىخوغا قايتىپ
بېرىپ، قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ جەڭ قىلدۇق. شىخو-
دا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشمۇ ئىنتايىن كەسكىن بولغان بولۇپ،
بىز مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئۆزئارا زىچ ھەمكارلىشىپ،
غۇلجا ۋە چۆچەك قاتارلىق تەرەپلەردىن ئارقىمۇ – ئارقا ھۇجۇمغا
ئۆتكەن بولساقمۇ، لېكىن دۈشمەن سان جەھەتتىن بىزدىن كۆپ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار «شىخو قولدىن كەتسە، پۈتۈن شىنجاڭ
قولدىن كېتىدۇ» دەپ قاراپ، ئايروپىلان، تانكا ۋە زەمبىرەك
قاتارلىق زامانىۋى قوراللار بىلەن جېنىنىڭ بېرىچە قارشىلىق
كۆرسىتىپ، بىزنى دەسلەپتە خېلى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراتتى.
ئەمما بىز يەر شارائىتى ئەپسىز (بىزتۇرۇشلۇق جايلار ھەم ساز-
لىق، ھەم تۈپتۈز بولۇپ دالدا بولغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى)
بولۇش، ئوق – دورا كەمچىل بولۇش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى
يېڭىپ، ئالدىنقىلار يېقىلسا، كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ، تەككەنلا
نەرسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئوت ئوق ۋە چوڭ
كالىبىرلىق مىناميوتلىرىمىز بىلەن دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە
بەردۇق. 3 كېچە – كۈندۈز ئاشۇنداق قان كېچىپ باتۇرانە جەڭ
قىلىش ئارقىلىق 9 – ئاينىڭ 8 – كۈنى شىخو ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى مايتاغ نېفىت كېنى قاتارلىق جايلارنى پۈتۈنلەي ئازاد
قىلدۇق. بۇقېتىمقى ئۇرۇشتا 1000گە يېقىن دۈشمەن يوقىتىل-

دى، 1200دىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسىر ئېلىندى. نۇرغۇن
قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە باشقا ماددىي ئەشيالار غەنىيمەت
ئېلىندى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدە ئاق بۈتىنىڭ پوتىيىگە
بېكىنىۋېلىپ، ستانكىۋاي پىلىموت بىلەن نەچچە يۈزلىگەن مىللىي
ئارمىيە جەڭچىلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قىرىۋەتكەن ئوتتۇرا بوي،
30 ياشلار چامىسىدىكى، كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرۇـ
دىغان، قاپقارا كەلگەن تۇرپانلىق بىر ئۇيغۇر جاللات (ئىسمى
ئېسىمدە قالماپتۇ) مۇ تىرىك قولغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ
يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلۈم جازاسى بەردۇق. شىخو ئۇرۇشىدا بىزنىڭـ
مۇ 700دىن ئارتۇق ئادەم قۇربان بولدى. نەچچە يۈز ئادەم يارىدار
بولدى. شىخو ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ
ئىككى پولكى ئۈرۈمچى تەرەپكە قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ
كەتتى. بىزنىڭ پولك شىخودا قېلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش، ھەربىي
ھالەت يۈرگۈزۈش، شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋە قىسىمنى
تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىر
ھەپتە تۇردۇق. ئاندىن يەنە بۇيرۇق بويىچە شىخودىن ماناسقا
قاراپ يولغا چىقىپ، يەنسخەيگە بارغاندا، يەنە يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇـ
قىغا بىنائەن يۈرۈشنى توختىتىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قىسىمنى
تەرتىپكە سېلىش، ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىش ۋە ئاكوپ كولاـ
ش قاتارلىق ئىشلار بىلەن تاكى 1946 ـ يىلى ئەتىيازغىچە تۇرۇپ
قالدۇق. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالاـ
غاندىن كېيىن، 7 ـ ئايغا كەلگەندە 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى ئومۇمـ
يۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى. بۇ چاغدا مەن تارباغاتاي پىيادا 3
ـ پولكى (پولك كوماندىرى ئابلاخان دېگەن كىشى) غا يۆتكىلىپ،
4 ـ باتالىيون تاھىروف كوماندىرلىقىدىكى پىلىموتچىلار 4 ـ
روتىسىنىڭ 2 ـ ئىزۋوت (كوماندىرى يۈسۈپجان) 1 ـ ئەددىلىنـ
يە (كوماندىرى ئىمىن دېگەن كىشى) نىڭ پىلىموتچىلىقىغا تەيىنـ
لەندىم. بىز 1300گە يېقىن ئادەم چۆچەككە قاراپ پىيادە يولغا



چىقىپ، يەنسخەيدىن شىخوغا كەلگەندىن كېيىن، ئانچە ـ مۇنچە
تەييارلىق قىلىۋېلىپلا يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، چۆچەك شەھـ
رىگە 9 كۈندە يېتىپ باردۇق. چۆچەكمۇ بىز تەرەپتىن ئازاد
قىلىنىپ بولغاچقا، يول بويى ئۇرۇش بولمىدى. چۆچەككە يېتىپ
بارغان كۈنىمىز چۆچەكنىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى باشباي (قاـ
زاق) دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا نەچچە 1000 ئادەم ئالدىمىزغا
چىقىپ بىزنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. بىز چۆچەككە
يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پولكىمىزنىڭ قايراقباي (قازاق) دېگەن
كىشى باشچىلىقىدىكى بىر باتالىيونى (400گە يېقىن ئادەم)
دۆربىلجىن ناھىيىسىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. بىزنىڭ تالغات (تاـ
تار) ئىسىملىك بىر كىشى باشچىلىقىدىكى 4 ـ باتالىيونىمىز
چۆچەك شەھىرىنىڭ ئۆزبېك مەكتىپىگە، قالغان 2 باتالىيون
چۆچەك گىمنازىيىگە ئورۇنلاشتى. بىزنىڭ روتا بۇ يەردە چۆچەك
شەھىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانـ
دى، بىز بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن، شەھەر خەلقىنىڭ ئامانلىقىغا
كاپالەتلىك قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىي مەشىق قىلىشنى
چىڭ تۇتتۇق. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي، پولك كوماندىرىمىز ئابلاـ
خان ئاينىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى ۋە ئالاقىدار
قائىدە ـ تۈزۈملەرنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە
بولمىغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارغا زەربە بېرىپ ئۆچ ئالدى. بىز
ھەربىيلەرنىڭ تۇرمۇش پۇلىنى تۇتۇپ قېلىش ھېسابىغا چۆچەك
شەھىرىدىن كاتتا بىر قورۇ جاي سېتىۋېلىپ، ھەدېسە ئەيش ـ
ئىشرەت ۋە كەيىپ ـ ساپا بىلەن شۇغۇللانغاچقا، كەڭ
ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر يۇقىرىغا ئۇنىڭ ئۈستىدىن كوللېكتىپ
ھالدا ئەرز قىلدۇق. كۆپلىگەن ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئۇنىڭغا
نارازى بولغاچقا، يۇقىرىدىن ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى
تەكشۈرگۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايلا قالـ
ماي، بەلكى تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قىلغىلى تۇرـ

دى. مەسىلەن، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا (قۇربان ھېيت ھارپىسى)
ئارىمىزدىكى بىرقانچە كىشى خەنزۇ سودىگەرنىڭ ئۆيىگە باستۇ-
رۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ پۇل ۋە مال ـ مۈلۈكىنى بۇلاپ، ئايالىغا
مەجبورىي باسقۇنچىلىق قىلىپ بولۇپ، ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننى
ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ 6، 7 ياشلاردىكى بىرلا قىزىنى ھويلى-
دىكى سۇ قۇدۇقىغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇلارنىڭ بىرنەچچە
ئۇيغۇر قوشنىسى قۇدۇقتىن سۇ ئالغىلى كىرىپ، چېلەكنى قۇ-
دۇققا سېلىشىغا، قۇدۇقنىڭ ئىچىدە بىر كىچىك بالىنىڭ يىغا
ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ ـ دە، دەرھال ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ سەۋەبىنى
سورىغاندا، بالا تۈنۈگۈن كېچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇلارغا
بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئىشنى
دەرھال پولك شتابىغا مەلۇم قىلىدۇ. بۇ ئىش شۇ چاغدا چۆچەكتە
خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاق-
بېك ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق رەھبەرلەرگە ئۇقتۇرۇل-
غاندىن كېيىن، ئۇلار ئىنتايىن خاپا بولىدۇ ۋە ئىشقا ناھايىتى
ئەستايىدىل قاراپ، غۇلجىغا قايتىپ بېرىپلا مىللىي ئارمىيە
ھەربىي سوتىنىڭ باشلىقى پولكوۋنىك ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجى
باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا ئادەمنى بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ بىر
ياقلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار چۆچەكتە بىرەر
ئايدەك ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەھقىقلەش ئارقىلىق ئوددىلكوم،
ئوبۇلقاسىم قاتارلىق بەش نەپەر جىنايەتچىنى ئېنىقلاپ چىقىپ،
چۆچەك گىمنازىيىسىدە بىر كۈنى (11 ـ ئايلاردا بولسا كېرەك)
شەھەردىكى نەچچە 1000 ھەربىي ـ خەلقنى يىغىپ، ھۆكۈم
ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، يۇقىرىقى بەش نەپەر جىنايەتچىگە
ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، نەق مەيداندىلا ئېتىپ تاشلىدى. ئەشۇ
ئىش يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي پولك كوماندىرى ئابلاخاننىمۇ
خىيانەتچىلىك ۋە باشقا جىنايەتلەر بىلەن قولغا ئېلىپ، غۇلجىغا
ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن ئېلىيوۋ



ئىسىملىك ياشقىنا بىر كىشىنى پولك كوماندىرلىقىغا تەيىنلەپ
ئەۋەتتى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، ئىشلارنى بىر قۇر رەتكە سې-
لىپ، توتۇپ قالغان تۇرمۇش پۇلىمىزنى تارقىتىپ بېرىپ،
ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرگە تەربىيىنى كۈچەيتكەچكە، يۇقىرىقىدەك
ئىشلار قايتا يۈز بەرمىدى. ئۇ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كۈنى
كەچتە ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇۋىدۇق، «ۋاي دەلىلقان سۇگۇربايوفلار
كەپتۇ» دېگەن گەپ بولدى. دەرھال ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇپ
سىرتقا چىقساق، ئۇلار راست دېگەندەك، 3 ماشىنىغا لىق قورال
ـ ياراغ بېسىپ كەلگەنىكەن. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە
ئۇ بىزنى پولك شتابىغا يىغىپ يىغىن ئېچىپ، بىزنىڭ پولكنىڭ
پىيادىلەر پولكىدىن ئاتلىق پولكقا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى جاكار-
لاپ، ئوسمان باندىتىنىڭ ئالتايىنى بېسىۋېلىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋات-
قانلىقىنى، بىزنىڭ پولكنىڭ دەرھال ئالتايغا يۈرۈش قىلىدىغانلى-
قىمىزنى ئۇقتۇردى. ئاندىن پولك كوماندىرى ئېلىيوف بىز 100
نەچچە نەپەر جەڭچىنى تاللاپ بىر ئۇدارنى روتا (ئالدىن يۈرەر
روتا) قىلىپ تەشكىللەپ، دۆربىلجىننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قو-
يۇپ، قالغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئالتايغا ئوسمان باندىتىنىڭ
پاراكەندىچىلىكىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. بىز دۆر-
بىلجىننى ساقلاپ ياتتۇق. ئېلىيوفلار ئالتاي ئەتراپىدا لېكسىن
2 ـ پولكى بىلەن بىرلىشىپ جەڭقىلىش ئارقىلىق ئۇزۇن ئۆت-
مەي ئالتاينى ئوسمان باندىتىنىڭ چاڭگىلىدىن قايتۇرۇۋالدى.
1947 ـ يىلى يازدا يۇسۇپخان (ئۇيغۇر) نىڭ ئاتلىق پولكى دۆر-
بىلجىنگە يېتىپ كېلىپ، بىزنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالدى. بىز
ئۇلار بىلەن بىرگە مايتاغقا قايتىپ كەلدۇق. بۇ يەرگە كەلسەك،
مايتاغنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى قارا تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە
گومىنداڭ دائىرىلىرىگە سېتىلغان ساۋەنلىك قالىبەك (قازاق،
ئەينى ۋاقىتتا ساۋەن ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان) ۋە تاكمان (قا-

زاق، ئەينى ۋاقىتتا ساۋەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان) لارنىڭ باندىتلىرى بىلەن بىز تەرەپتىن ئايتۇرغان ئىسىملىك بىر تاتار پولكوۋنىكنىڭ پولكىدىكىلەر كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقانىكەن. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئايتۇرغاننىڭ پولكى بەك ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، ئۇ ئاران بىر روتا ئەسكەر بىلەنلا قاپتۇ. بىزنىڭ پولك ۋە باشقا قېرىنداش قىسىملار دەرھال ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، باندىتلار ئۆزلىرى بىلەن بىرگە مەجبۇرىي ئېلىپ ماڭغان بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار ۋە چارۋا ماللارنى قۇتقۇزۇۋالدۇق. بىز مايتاغدا تاكى قىش چىققۇچە تۇرۇپ، بۇ يەرنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. بۇ مەزگىلدە مەن يەنە ئۈچ نەپەر جەڭچى بىلەن بىرگە دائىم مايتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ ئۈستىدە قاراۋۇللۇق قىلدىم ۋە 1948 ـ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، شىخو ناھىيىسىنىڭ گەڭخېزى يېزىسىغا ئورۇنلىشىپ، شۇ يەردە يېرىم يىلدىن كۆپرەك دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللاندىم. 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مايتاغ كان قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ساپا (قازاق) دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە مايتاغقا چىقىپ نېفىت ئىشچىسى بولدۇم.

## مايتاغ ـ قاراماي نېفىتلىكلىرىدە جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش

مەن مايتاغقا چىقىپ، دەسلەپ ساپانىڭ ئەترىتىدىكى 20گە يېقىن ئۇيغۇر ـ قازاق ئىشچى بىلەن بىرلىكتە كونا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە لاي سېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىم. كېيىن، يەنى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يۇقىرىدىن بىزنىڭ



كان قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى ئىشچىلار ئارىسىدىن 10غا يېقىن ئىشچىنى تاللاپ سېيىتقان سالىقباي (قازاق) دېگەن كىشىنىڭ مەسئۇللۇقىدا مايتاغدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى (ۋاداكاشكا) دا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. بىز بۇ يەردە تاكى 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئىشلىدۇق. بىز ھەر كۈنى كۈيتۇن دەرياسىدىن سۇ پونكىتىغىچە بولغان 2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنىڭ مۇزلىرىنى نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە گىرادۇسلۇق سوغۇقتا قارىماي، سۇ ئۆتكىنى بىلەن سۇنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۇرۇپ لوم ۋە جوتۇلاردا ئۇرۇپ چېقىپ، كۆلنى تولدۇرۇپ، ئاندىن دىزىل ماتور ئارقىلىق مايتاغ نېفىت كان رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدۇق. 3 ـ ئايغا كەلگەندە ساپا قاتارلىق رەھبەرلىرىمىز بىزنىڭ ئارىمىزدىن يەنە مەن (رەجەپ مۇپتۇللا)، ھېساملىدىن (ھازىر قاراماي نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتىدا پېنسىيىدە)، مۇقبىتاي (قازاق، 70 ـ يىللاردا قارامايدا كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى) ۋە ئەرىمبېك (قازاق، قاراماي بۇرغىلاش باشقارمىسىدا دەم ئېلىشتا) قاتارلىق بەش ئادەمنى بۇرغىلاش ئەترىتىگە خىزمەتكە تونۇشتۇرۇپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىلىرى ۋە ئىنژېنېر ـ تېخنىك خادىملارنىڭ زور كۆپچىلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا بورۋاينىڭ ئاستىغا ئىشلىتىپ كىرەكتىن چىققان قېلىن سېمونت تاختايلارنى لوم ۋە بازغانلار بىلەن ئۇرۇپ چېقىشقا سالدى. بۇ زور جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر خىزمەت بولۇپ، ئىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن 1 ـ كۈنىلا قوللىرىمىز قاپىرىپ، ئۈزۈمدەك ئىششىپ چىقتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھېچقايسىمىز قىلچە ۋايسىمىدۇق، ئەكسىچە چىشىمىزنى چىشلەپ ئىشلەپ، ئۇلارنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن قايىل قىلدۇق. ئاشۇنداق بىرەر ئايچە ئىشلەپ

تۇرىۋىدۇق، ماي تاغقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شۇ زامانغا نىسبەتەن
خېلى ئىلغار ھېسابلىنىپ، 1200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق
قازالايدىغان «بۇۋسورك» ماركىلىق 42 مېتىر ئېگىزلىكتىكى
بىر تۆمۈر ۋىشكا كەلتۈرۈلدى (ئەيى ۋاقىتتا مايتاغدىكى ۋىشكىلا-
رنىڭ ھەممىسى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاددىي ۋىشكىلار بولۇپ،
ئاران نەچچە 100 مېتىرلا چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قازالايتتى). بىز
سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇۋىش-
كىنى گېلىن تېغى باغرىدا بىرەر ھەپتىدە پۈتۈنلەي قۇراشتۇرۇپ
بولدۇق. ۋىشكا قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، 4 - ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 50 - نومۇرلۇق نېفىت قۇدۇقىنى قايتى-
دىن قېزىشقا باشلىدۇق. ئەسلىدە 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا
جاللات شېڭ شىسەي كومپارتىيىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز
ئۆرۈپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقاچقا، سوۋېت تە-
رەپ نېفىت قۇدۇقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ياكى بېتون بىلەن قاتۇ-
رۇۋېتىپ چىقىپ كەتكەن. كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى گەن-
سۇدىكى يۈيمىن نېفىتلىكىدىن بىر تۈركۈم تېخنىك خادىم ۋە
ئۈسكۈنىلەرنى ئەكىلىپ نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى قىسمەن
ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، 1944 - يىلى كۈزدە 3
ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىشى بىلەن تەڭ ئۇلار يەنە ئالاقزادە بو-
لۇپ، نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئېغىزىنى سۇۋاركىلاپ ياكى
ئۆرۈپ - چېقىپ كېرەكتىن چىقىرىۋېتىپ، قېچىپ كېتىشكەن-
دى. 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ
8 - كۈنى شىخونى ئازاد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مايتاغنىمۇ
ئىشغال قىلغان بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن 200
گە يېقىن ئۇيغۇر - قازاق ئىشچىنى مايتاغقا يىغىپ، سوۋېت
ئىتتىپاقىلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمى بىلەن نېفىتلىك ئىش-
لەپچىقىرىشىنى قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۈنلۈك نېفىت
مەھسۇلات مىقدارىنى 4 توننا ئەتراپىغا يەتكۈزگەن بولسىمۇ،



لېكىن يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايتتى. 1949 - يىلى 10 -
ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، 1950 - يىلى جۇڭگو
- سوۋېت ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ قۇ-
دۇقلارنى ئاشۇنداق قايتىدىن قېزىشقا باشلىغانىدۇق.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، مەن بۇرغىلاش ئىشچىسى بولغان
كۈنۈمدىن باشلاپلا ھېلىقى 42 مېتىرلىق ۋىشكىنىڭ تەخمىنەن
25 مېتىرگە كەلگۈدەك ئېگىز جايىغا جايلاشقان ئورۇندا تۇرۇپ
ئىشلەيدىغان ۋېر خوۋويلۇق ھاياتىمنى باشلاپ تاكى 1952 - يىلى
ئەتىيازغىچە قېزىلغان 55 -، 45 -، 23 -، ۋە 63- قۇدۇقلار
قېزىلىپ بولغىچە ئىزچىل تۈردە ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ
ئىشلىدىم. ئەسلىدە 2 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دەرەخكە چىقسامۇ
بېشىم قايىدىغان ئادەم تۈزۈم قاتتىق بولغاچقا، دەسلەپ بېشىم
قېيىپ سەل قورققان بولسامۇ، لېكىن بارا - بارا كۆنۈپ
قالدىم. بىز قازغان يۇقىرىقى قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن
نېفىت - تەبىئىي گاز ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپا-
قىلىق مۇتەخەسسىسلەر بىزگە ئىش ئۈستىدە دائىم ئەمەلىي تېخ-
نىكا بىلىملىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈرسە،
ئىشتىن چۈشكەندە نەزەرىيە دەرسى ئۆتۈپ تەربىيىلەيتتى، ئۇلار-
نىڭ ئىچىدە ئېگىز، ئۇستىخانلىق ۋە قاپقارا ساقال قويۇۋالغان
50 ياشلار چامىسىدىكى مېخايلوف ئىسىملىك بىر گىروزىن ئىن-
ژېنېر بولۇپ، ئۇنىڭ كەچ كۈرستا بىزگە نېفىتنىڭ پەيدا بولۇ-
شى، نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالى، بۇرغىلاش
مەشغۇلات قائىدىلىرى ۋە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش ھەققىدە
سۆزلەپ بەرگەنلىرى ھازىرمۇ خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە
تۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىلىق خادىملارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى
ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ياخشى ئىشلىسەڭ مۇكاپاتلايتتى. بو-
شاڭلىق قىلىپ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمىسەڭ ياكى خىزمەتتە
سەل چاتاق چىقىرىپ قويساڭ قاتتىق جازالايتتى. 1952 - يىلى

ئەتىيازدا ئۇلار مېنى خىزمەت ئىپادەمگە قاراپ مۇئاۋىن بۇرۇلشكىلىقتا تەيىنلەپ، ئىش ھەققى دەرىجەمنى 5 - دەرىجىدىن 6 - دەرىجىگە ئۆستۈردى. ئۇ چاغلاردا مەندەك بىر ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ مۇئاۋىن بۇرۇلشىك بولۇپ بۇرغىلاش سۇپىسىغا چىقىپ ئىشلىشى دېگەن ئالاھىدە چوڭ بىر گەپ بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات ئىدى. بۇرغىلاش ئەترىتىمىزدە جۇڭگو تەرەپتىن بىرەرمۇ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئادەم يوق ئىدى. 1951 - يىلى 9 - ئايدا جاڭ يى (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ھازىر پېنسىيىگە چىقىپ قارامايدا تۇرىۋاتىدۇ) ۋە ۋاڭ بىڭجىي (كېيىن سابىق نېفىت مىنىستىرلىكىگە يۆتكىلىپ بېرىپ مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان) قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن بىر نەچچە نەپەر ياش بىزنىڭ ئەترەتكە تەقسىم قىلىنىۋىدى، بىز ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى ئېغىر، پاسكىنا ۋە خەتەرلىك ئىشلارغا سالماي، خۇددى ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدەك ئاسرىدۇق. ئۇلارمۇ بىزنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەمەلىي تېخنىكىلارنى بىزدىن كەمتەرلىك بىلەن سوراپ ئۆگىنىپ، ناھايىتى تېزلا پىشىپ يېتىلدى. 1954 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋە باشقا جايلاردىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئىشچىلار كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ مەن مايتاغ بۇرغىلاش ئەترىتىدە تاكى 1955 - يىلى 11 - ئايغىچە ئىزچىل تۆردە سېمىندا ئىشلىدىم.

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قاراماي 1 - نومۇرلۇق چارلاش قۇدۇقىدىن سانائەت قىممىتىگە ئىگە نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېتىلىپ چىقىپ، قارامايىنىڭ كەلگۈسى ئىستىق-



بالىدىن دېرەك بەردى. رەھبەرلىك شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىزنىڭ بۇرغىلاش ئەترىتىدىن يالغۇزلا مېنى قارامايغا يۆتكىدى. ئۇ چاغدا مايتاغ بىلەن قاراماي ئارىلىقىدا يول ئېلىنمىغان بولغاچقا، ئاران 150 كىلومېتىرچە كېلىدىغان مۇساپىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئون چاقلىق تېرخوۋىسكىي ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ ئوڭغۇل - دوڭغۇل سۆكسۈكلۈكتە 3 كۈندە بېسىپ بولغانىدۇق. مەن قارامايغا كەلگەندىن كېيىن تەشكىل مېنى قاراماي 1 - قۇدۇقتىن چىققان خام نېفىتنى 100 كىلولۇق بوچكا تۇڭلارغا قاچىلاش خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇردى. بىز بۇ يەردە 10 غا يېقىن ئۇيغۇر ئىشچى بەنجاڭ ئىمىن سادىق دېگەن كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خام نېفىتنى كۈندۈزى 60 - 70 تۇڭغا چېلەكلەر بىلەن قاچىلاپ، كەچتە ماشىنىلارغا بېسىپ بېرەتتۇق. بۇ چاغدا يۈز - كۆز ۋە ئۇستىباشلىرىمىز قاپقارا مايغا مىلىنىپ كەتكەچكە، تونۇغۇسىز بولۇپ كېتەتتۇق. ئەمما، تۇرمۇش پاراۋانلىقى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئەمگەك سىجىللىقى ئېغىر، تۇزۇم بەك قاتتىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارامايدا سۇ بولمىغاچقا، نەچچە 100 ئادەم قارامايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ باغرىدىكى بىر بۇلاقتىن ئېلىپ كېلىنگەن ئازغىنا سۇغا تايىنىپ ھايات كەچۈرەتتۇق. شۇڭا ئەينى يىللىرىدا سۇ ئادەمنىڭ قېنى بىلەن تەڭ بولۇپ، ھەر كۈنى تاماقتىن كېيىن، ھەر بىر ئادەمگە ئاران بىر كۇرۇشكىدىن ئىچىدىغان سۇ بېرىلەتتى. يۈز - كۆزلىرىمىزنى ۋاقتى - قەرەلىدە يۇيۇشقا ئامال يوق ئىدى. ئەگەر تەسادىپىي تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ بىرەر جاۋۇر سۇ تاپالىساق، ئۇنىڭ بىلەن يۈز - كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ بولۇپ تۆكۈۋەتمەي، بەلكى بىر نەچچە كۈنگىچە ساقلاپ ئىشلىتەتتۇق. ئۆي يوق، گەمە ئۆيلەردە ياكى ياغاچ بوتكىلاردا 5، 10 دىن، ھەتتا 20، 30 دىن ئادەم بىرگە يېتىپ قوپاتتۇق. كۈنگە دېگۈدەك قاتتىق بوران چىقىپ تۇرغاچقا،

كۆزنى ئاچۇرمايتتى. تامىقىمىزنى چاينىساق گاراچلايتتى، تاماق يەپ بولۇپ قارىساق، قاچىنىڭ ئاستىدا بىر مۇنچە قۇم يىغىلىپ قالاتتى. قىشتا نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە گىرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇق بولسا، يازدا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ 40 نەچچە گىرادۇسلۇق كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقى تۇپەيلىدىن نەپەس ئالالماي ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالاتتۇق. بۇنى ئاز دەپ بىزنى بۇ يەردە پاشا - كۇمۇت، كۆكۈيۈن ۋە يىلان - چايانلار چېقىپ ئارام بەرمەيتتى. بۆرە - قاۋان ۋە تۈلكە دېگەندەك يىرتقۇچ هايۋانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كېچىلىرى يالغۇز - يېرىم تالاغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جەرەنلەر ئەتراپىمىزدا توپ - توپى بىلەن خاتىرجەم ئوتلاپ يۈرۈۋېرەتتى. 1956 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ قارامايدا ئادەم كۆپەيگەچكە، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر سېلىنىشقا باشلىندى، يېقىن ئەتراپتىكى بۇلاق سۈيى ئېهتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، قارامايغا 60 كىلومېتىرچە كېلىدىغان شوگەي دېگەن يەردىن ئاپتوموبىللار بىلەن توشۇپ كېلىپ تەمىنلىدى.

1956 - يىلى 9 - ئايدا قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، مايتاغ نېفىت كان رايونىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، بىۋاستە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى. بىز 1956 - يىلى كەچ كۈزگىچە قاراماي 1 - قۇدۇقنىڭ نېفىتىنى تۆڭلەرگە قاچىلاپ سىرتقا يولغا سېلىش ئىشلىرىنى ئىشلەپ تۇرۇۋەردۇق، نېفىت سىناش ۋە قۇدۇق رېمونت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر يېنىك تىپتىكى 2 پۈتلۈك ۋىشكا قۇراشتۇرۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ ئەترەتتە جەمئىي 20 نەچچە ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر - قازاق ئىشچىلار ئىدى. ئەترەت 2 بەندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىمىن سادىق ئەترەت باشلىقى، مەن 2 - بەنىنىڭ بەنجاڭى بولۇپ تەيىنلەندىم. ئەينى



يىللىرى قارامايدا خېلى كۆپ قۇدۇق قېزىلغان بولۇپ، بىز ۋىشكىلارنى قۇدۇق باشلىرىغا پارچىلاپ ئاپىرىپ قۇراشتۇرۇش، تىكلەش، يېقىتىش ۋە يۆتكەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدۇق. ئۇ چاغلاردا كىران ۋە باشقا ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر كەمچىل بولغاچقا، كۆپلىگەن ئىشلارنى 2 بىلىكىمىزگە تايىنىپ قىلاتتۇق. 1957 - يىلغا كەلگەندە قاراماي نېفىت سىناش دادۈيى قۇرۇلۇپ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا نېفىت سىناش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. بىزمۇ شۇ ئورۇننىڭ قارمىقىدا ئىشلىدۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىش كۆپ، ئادەم ئاز بولۇپ، بىر ئىشقا چىقىۋالساق تاكى ئىش تۈگىمىگىچە ئۇدا بىر نەچچە كۈن قۇدۇق بېشىدىن قايتماي ئىشلەيتتۇق. ئەگەر ئارىلىقتا سەللا بوش ۋاقىت چىقىپ قالسا، تەشكىل بىزنى كەسپىي تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇراتتى. ماڭا ئوخشاش ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر شۇ چاغدا ئېچىلغان ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىدا ئوقۇپ خەت - ساۋاتىمىزنى چىقىرىۋالغاندۇق.

1960 - يىلى يۇقىرىدىن بىزنىڭ نېفىت سىناش باشقارمىمىزنى تارقىتىۋېتىپ، بىر قىسىملىرىمىزنى قاراماي سۇ بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىغا، قالغانلارنى هەرقايسى ئورۇنلارغا قوشۇۋەتتى. مەن قاراماي سۇ بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىدا 1962 - يىلغىچە بىر مەزگىل ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا مەن ئاساسلىقى جەرەنبۇلاقتا تۇرۇپ، يەنىلا نېفىت سىناش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. 1962 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا يۇقىرىدىن بىزنىڭ جەرەنبۇلاقتا تۇرۇشلۇق ئىككى نېفىت سىناش

ئەترىتىنىڭ 200 گە يېقىن ئادىمىنى قارامايى نېفىت ئېلىش 2 - زاۋۇتى قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن يەنىلا ۋىشكا قۇراشتۇرۇش، تىكلەش، يىقىتىش ۋە يۆتكەپ توشۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدىم ھەمدە شۇ يىلى 5 ـ ئايدا تەشكىلنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ۋە خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن يېشىم 50 كە يېقىنلاپ قالغاندا، ئاددىي ـ ساددا توي قىلىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدۇم. 1964 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تەشكىل مېنى يەنە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى قارمىقىدىكى تېخنىكا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش ئىسكىلاتىغا يۆتكىدى. يېشىم چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، مەن بۇ يەردە يۈك قاچىلاش - چۈشۈرۈش ۋە تارتىش دېگەندەك ئېغىر جىسمانىي ئىشلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلدىم. بۇ جەرياندا مەن ئىسكىلاتتىن 7، 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان نېفىت ئۆلچەش پونكىتلىرىغا ھەر كۈنى 200 كىلو سالياركا، زادۋىشكا، ئامبۇر - كۈلۈچ، پەلەي ۋە سوپۇن ـ ماتا قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۆزۈم يالغۇز بىر قول ھارۋىسىغا بېسىپ ئاپىرىپ تارقىتىپ بېرىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، خىزمەتتە خاتالىق سادىر قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، بىر نەچچە قېتىم زاۋۇت (باشقارما) دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندىم. 1965 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەزكۇر ئىسكىلات قۇرۇلۇشىنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىغاندا، تامچىلىق قىلىپ، ۋەزىپىنى ئايمۇ - ئاي ئاشۇرۇپ ئورۇندىدىم. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»



مەزگىلىدە تەرەپبازلىق ئەۋج ئالغاندا، مەن ھېچقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتقا قاتناشماي، خىزمەت ئورنۇمدا چىڭ تۇردۇم. شۇڭا بۇ «ئىنقىلاب»نىڭ شاملى تېگەي ـ تېگەي دەپلا ئۆتۈپ كەتتى، خالاس. 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە يۇقىرىدىن ئىسكىلاتىمىزغا بىر كونا جىپ ماشىنا ھەل قىلىپ بەردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تاكى 1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىققۇچە نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 ـ سېپىگە ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندىم. 1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ نېفىت ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن پوسكام نېفىت بازىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن بالىلىرىمنىڭ يېنىدا ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. تەشكىلدىن ھازىر ماڭا ئېيىغا 1200 يۈەندىن يىلىغا 13 ئايلىق مائاش بېرىۋاتىدۇ.

(ئاپتورلىرى: پوسكام نېفىت بازىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

## 1958 ـ يىل

### 1 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرىنچى 5 يىللىق پىلان غەلىبىلىك ئورۇنلاندى. يېزا ئىگىلىك، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە فاكسىملىق تېلېفون ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 30 نەچچە زاۋۇت، كان، كارخانىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستېل تۈزىتىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم جايلاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ۋە مەيداننى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتى چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈپ، يېزىلارغا چۈشىدىغان 1 ـ تۈركۈمدىكى كادىرلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

### 2 ـ ئاي

12 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: «لەنجۇ ـ



شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ياساش قۇرۇلۇشى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قىزىل يۇلغۇن دەرياسىغىچە كەلدى.

28 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ لىيوتچىكى سۇ چاڭفۇ 380 مىڭ كىلومېتىر بىخەتەر ئۇچۇپ، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئىلغار رېكورتنى ياراتتى.

### 3 ـ ئاي

7 ـ كۈنى، بىڭتۇەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يېپىلدى.

12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا ئىش ۋە مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بىرلەشمە كۆرسەتمە چىقاردى.

20 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: بۇ يىل شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى 541 تۈرگە يەتتى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 20 دېھقانچىلىق مەيدانىنى يېڭىدىن قۇردى، كېڭەيتتى ۋە ئۆزگەرتىپ قۇردى.

### 4 ـ ئاي

3 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئۈرۈمچى ـ كورلا تاش يولى پۈتتى.

4 ـ كۈنى، ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەسىنىڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش چوڭ يىغىنىدا «ئاخبارات ـ نەشرىيات خىزمىتى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك يول كۆرسىتىشى

لازىم»، دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.
8 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جەنۇبىي شىن-
جاڭدا ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئەسۋابلار بايقالدى. بۇ
ئەسۋابلارنىڭ بايقىلىشى رايونلارنىڭ يەر قاتلىمى دەۋرىنى بېكى-
تىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ھەمدە شىنجاڭدا ئىنسانلارنىڭ
پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ زور
ئەھمىيەتكە ئىگە.
19 ـ كۈنى، ئۈرۈمچي ياشلار ئۆستەڭى قۇرۇلۇشى مۇددەت-
تىن بۇرۇن پۈتتى.
28 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن
يىغىنى يېپىلدى. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشتە ھەل
قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. يىغىن ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرى-
جىلىك پارتكوملارنىڭ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشنى
دەرھال قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

## 5 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، ئۆكتەبىر ماشىنا رېمونت زاۋۇتى «سەكرەپ
ئىلگىرىلەش» ماركىلىق تىراكتورنى سىناق قىلىپ ياساپ چىق-
تى.
10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى سۈت پاراشوكى
زاۋۇتى ـ بىڭتۇەن ئۈرۈمچى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى سۈت
پاراشوكى زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، يىللىق مەھسۇلا-
تى 18 تونىنغا يەتتى.

## 6 ـ ئاي

5 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ 97 ـ سانلىق يىغىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي-



لىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزا-
مىنى تەستىقلاپ ئېلان قىلدى.
8 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون-
لۇق كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى باشلاندى. كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ قۇرۇ-
لۇش مەيدانى 3200 نەچچە كۋادرات مېتىر بولۇپ، 500 مىڭ
پارچە كىتاب ساقلىغىلى، 500 نەپەر ئوقۇرمەنلەرنى سىغدۇرغى-
لى بولىدۇ.
28 ـ كۈنى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 5 ـ رايون غـەلىبـە
1 ـ كوپىراتىپىدىكى پېشقەدەم ئەزا قۇربان تۇلۇم بېيجىڭدا ماۋ-
جۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

## 7 ـ ئاي

7 ـ كۈنى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شىنجاڭغا
كىرگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدىن، تۆمۈر يول بويلىرىدا
توققۇز باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلۇشقا باشلىندى.
14 ـ كۈنى، خوتەندە يىپەكچىلىك ھەمكارلىق فابرىكىسى
قۇرۇلدى.
16 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
يېنىك ئاتلېتىكا تەنتەربىيە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.
19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچىدىكى خەلق ئاممى-
سى غەزەپكە كېلىپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ لىۋان ھەم ئىئور-
دانىيىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى، ھەر مىللەت،
ھەر ساھە ئاممىسى كۆنلەپ ئايرىم ھالدا يىغىلىش، نامايىش
قىلىپ ئوتتۇرا شەرق خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشىگە
ئاۋاز قوشتى.
26 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايو-
نىمىزدا 20 گە يېقىن ئورۇندا خرۇستال كېنى بايقالدى. ئۇلار
تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ئالتاي تاغلىق رايونى، پامىر

ئېگىزلىكى ۋە تۇرپان ئويمانلىقى قاتارلىق جايلار.

27 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ بۇ يىللىقى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.

28 - كۈنى، قاراماي شەھىرى رەسمىي قۇرۇلدى.

30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن سۈنئىي نېفىت سانائىتى - تاشكۆمۈر نېفىت سانائىتى قۇرۇلدى.

△ باي، شىخودا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى.

## 8 - ئاي

3 - كۈنى، مەملىكەتلىك سەھىيە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

24 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق قول سانائەت كوپىراتىپ ئەزالىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى: قول سانائەت شەھەرلەردىن چىقىپ تاغ، يېزىلارغا چۈشۈپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

26 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 60 ناھىيە، شەھەردە 1600 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى.

## 9 - ئاي

4 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى خەلق گۇڭشېسى - خوتەن ناھىيىسى قىزىل بايراق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

4 - كۈندىن 25 - كۈنىگىچە، مۇئاۋىن رەئىس جۇدې شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ كېجېن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئەت مۇدىرى بۇرھان شەھىدى،



مۇئاۋىن مۇدىرى گوۋاڭ ھەمراھ بولۇپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى تەييارلىق ھەيئىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋالىبول، ۋاسكېتبول كوماندىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

12 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: تولى ناھىيىسىدە 1 چوڭ قىزىل تۆمۈر كېنى بايقالدى. تۆمۈر ماددىسى 30 - 60 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ، ساقلىنىش مىقدارى 500 مىليون توننىدىن بىر مىليارد توننا ئەتراپىدا.

14 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى رەڭلىك مېتاللورگىيە زاۋۇتى قەشقەردە قۇرۇلۇش باشلىدى.

15 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى: «رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خەلق گۇڭشېلىشىش ھەرىكىتىنى ساغلام قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى.

23 - كۈنى، ئافغانىستان پۇتبول كوماندىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

29 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا خەلق گۇڭشېلىشىش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

## 10 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ 2 - پولات - تۆمۈر بىرلەشمە كارخانىسى - قۇمۇل پولات - تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇلۇش باشلاندى.

6 - كۈنى، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ نەق مەيدان يىغىنى قاراماي كان رايونى جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق سارىيىدا ئېچىلدى، يىغىن مەملىكەت بويىچە نېفىت سانائىتى تەرەققىياتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى.

11 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونىدىكى يەتتە ئوتتۇرا، چوڭ تېپتىكى ماشىنا ياساش
زاۋۇتى ۋە 2 قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئۈرۈمچىدە بىرلا
ۋاقىتتا قۇرۇلۇش باشلىدى.

17 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: پۈتۈن ئاپتونوم
رايون يېزىلىرىدا 542 خەلق گۈڭشېسى قۇرۇلدى، %98 دېھقان
گۈڭشېغا قاتناشتى.

25 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى قۇرۇلدى.

30 ـ كۈنى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئونىۋېرسىتېتى
قۇرۇلدى.

## 11 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، شىنجاڭ مېتاللورگىيە سانائىتى 1 ـ تۆمۈر
قېتىشمىسى زاۋۇتى ئۈرۈمچى شۇيموگودا قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

3 ـ كۈنى، شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇڭغۇلچە
ئاڭلىتىشى رەسمىي باشلاندى.

7 ـ كۈنى، سەڭگىم ئېغىزىدا كۆپ مىقداردا نېفىت چىقتى.
بۇ، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت دېڭىزى
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

10 ـ كۈنى، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون-
نىڭ توپ تۈرلىرى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ كوماندىسى ئەرلەرنىڭ
ۋالېبول، ئەر، ئاياللارنىڭ ۋاسكېتبولدىن ئىبارەت 3 تۈردە چېم-
پىيون بولدى.

11 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە
800 مىڭ كىشىلىك پولات تاۋلاش چوڭ قوشۇنى كېچە ـ كۈندۈز
كۆرەش قىلىپ، كۈندىلىك تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى
560 تونندىن 750 نەچچە توننىغا كۆپەيتتى.

14 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جەنۇبىي شىن-
جاڭدا چوڭ كۆلەمدىكى ئالىيومىن، سىنىك كېنى بايقالدى.



27 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايوند-
ىمىزدىكى تۆمۈرنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارى 16 مىڭ توند-
ىنلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى.

## 12 ـ ئاي

30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەنە 1 پولات چىۋىق
ۋە سېمونت بىلەن ياسىلىدىغان كۆۋرۈك ـ يۇرۇڭقاش كۆۋرۈكى
قۇرۇلۇش باشلىدى.

△ لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا رېلىس ياتقۇزۇلۇپ،
شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى 1 ـ بېكەت ـ تىيەنخۇ بېكىتىگە
كەلدى.

31 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىد-
قى بىلەن، ئۆكتەبىر ماشىنا رېمونت زاۋۇتى شىنجاڭ ئۆكتەبىر
تىراكتور زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنىس-
تىتوتىنىڭ يېقىنقى ـ هازىرقى زامان تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى
تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ هازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر
خاتىرىسى» دىن ئېلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

باش مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
مۇھەررىرلىرى: دىلدار ئېزىز
تۇرغۇن ئۆمەر
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت
جۇرئەت ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتور: تۇرغۇن ئۆمەر

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (41)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچا №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1999 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1999 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3,000
ISBN7—228—05152—1/K · 704
باھاسى: 22.00 يۈەن

主　　编：阿布力孜·穆罕默
　　　　　德·沙依拉米
编　　辑：迪丽达尔·艾则孜
　　　　　吐尔洪·吾买尔
　　　　　阿布都热依木·买买提
　　　　　居来提·阿布力米提
责任校对：吐尔洪·吾买尔
封面设计：穆哈塔尔·艾皮热

ISBN 7-228-05152-1

ZSBN - 228 - 05152 - 1
K·704(民文)定价：22.00 元